ماركس

# فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش

مىللەتلەر نەشرىياتى

پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار!

ماركس

# فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


ف. ئېنگېلس يازغان مۇقەددىمە........................ 1
خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتى باش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ پرۇسسىيە ـ
فرانسىيە ئۇرۇشى توغرىسىدىكى بىرىنچى خىتاپنامىسى...... 27
خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتى باش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ پرۇسسىيە ـ
فرانسىيە ئۇرۇشى توغرىسىدىكى ئىككىنچى خىتاپنامىسى...... 38
فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتى
باش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ خىتاپنامىسى ........................ 57
1 ................................................ 59
2 ................................................ 80
3 ................................................ 96
4 ................................................ 128
قوشۇمچىلار ........................................ 155
1 ................................................ 155
2 ................................................ 157
«فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرى
................................................ 161
«فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»»نىڭ بىرىنچى نۇسخىسى ..... 163
دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتى ............................ 163

گۇڭشې ........................................ 232
1. ئىشچىلار سىنىپى ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىرلەر .......... 232
2. ئىشچىلار سىنىپى ئۈچۈن، لېكىن ئاساسلىقى، ئوتتۇرا سىنىپ ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىرلەر ................ 235
3. ئومۇمىي تەدبىرلەر .......................... 236
4. جامائەت خەۋپسىزلىكى تەدبىرلىرى .................. 239
5. مالىيە تەدبىرلىرى .......................... 244
گۇڭشې ........................................ 245
گۇڭشېنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە جۇڭياڭ ۋېيىۋەنخۇي ......... 245
گۇڭشېنىڭ خاراكتېرى .......................... 252
دىخانلار ........................................ 270
جۇمھۇرىيەتچىلەر بىرلەشمىسى (جۇمھۇرىيەتچىلەر ئىتتىپاقى) ........................................ 277
جەمئىيەتنىڭ باشقىلارنىڭ ئەمگىكىگە تايانماي تىرىكچىلىك قىلىدىغان ھەرقايسى سىنىپلارغا ۋەكىللىك قىلىۋاتقان گۇڭشې ئىنقىلابى ........................ 278
جۇمھۇرىيەت پەقەت سوتسىيال جۇمھۇرىيەت دەپ ئاشكارا جاكالانغاندىلا، ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ ...... 281
گۇڭشې (ئىجتىمائىي تەدبىرلەر) ........................ 284
«پومىشچىكلار يىغىنى»نىڭ جايلارغا بەرگەن ھوقۇقى ۋە گۇڭشې ........................................ 292
*پارچىلار ........................................ 302
«فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ ئىككىنچى نۇسخىسى ........................................ 317

(1) دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتى. پارىژدىكى يىخۇي ئەزالىرى
تروشۇي، فافېر، پىكار، فېرى ........................ 317
(2) تىيېر، دۇفور، پۇيې ـ كېرتىيې ........................ 325
(3) پومىششكلار يىخۇيى ........................ 332
(5) ئىچكى ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى. 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈندىكى
ئىنقىلاپ. كلېمون توما. لېكونىت. ۋاندوم مەيدانى ۋەقەسى
........................................ 338
(6) گۇۋشې ........................ 355
(7) خاتىمە ........................ 367
*پارچىلار ........................ 373
ئىزاھلار ........................ 396

* ئومۇمەن يۇلتۇز (*) بىلەن كۆرسىتىلگەن ماقالىلارنىڭ نامى تەھرىر تەرىپىدىن قوشۇلغان.

# ف. ئېنگېلس يازغان مۇقەددىمە[1]

ئىنتېرناتسونال باش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ خىتاپنامىسى — «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نى قايتا نەشر قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بىر پارچە مۇقەددىمە يېزىپ بېرىش توغرىسىدىكى تەلەپ مەن ئۇچۇن كۇتۇلمىگەن بىر ئىش بولدى. شۇنىڭ ئۇچۇن مەن بۇ يەردە ئەڭ موھىم بىرقانچە نۇقتا ئۈستىدىلا قىسقىچە توختىلىپ ئوتىمەن.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان بەت سانى خېلى كوپ بۇ ئەسەرنىڭ ئالدىغا باش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ پرۇسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشى توغرىسىدا ئېلان قىلغان قىسقىراق ئىككى خىتاپنامىسىنى قوشتۇم. چۇنكى، بىرىنچىدىن، «ئىچكى ئۇرۇش»تا ئىككىنچى خىتاپنامىدىن نەقىل كەلتۇرۇلگەن، بىرىنچى خىتاپنامىدىن پايدىلانمىغاندا، ئىككىنچى خىتاپنامىنى تولۇق چۇشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ماركس يازغان بۇ ئىككى خىتاپنامىمۇ، «ئىچكى ئۇرۇش»قا ئوخشاشلا، ئاپتورنىڭ «لۇئى بوناپارتنىڭ تۇمانلىق ئېيىنىڭ ئون سەككىزى»دە[2] بىرىنچى قېتىم ئايان بولغان كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تالانتىنى يەنى ئۇلۇق تارىخي ئوزگىرىشلەر تېخى ئالدىمىزدا بولۇۋاتقان ياكى ئەمدىلا ئاياقلاشقان ۋاقىتتا بۇ ئوزگىرىشلەرنىڭ خاراكتېرى، ئەھمىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتىنى توغرا بىلىۋالالىغانلىقىنى كارامەت ئىپادىلىگەن. ئۇچىنچىدىن، بىز گېرمانىيىدە ھازىرغىچە يەنىلا ماركس ئالدىنالا

ئېيتىپ ئۆتكەن بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ دەردىنى تارتىشقا مەجبۇر بولماقتىمىز.

بىرىنچى خىتاپنامىدە، ئەگەر گېرمانىيىنىڭ لۇئى بوناپارتقا قارشى مۇداپىئە ئۇرۇشى فرانسىيە خەلقىغە قارشى بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشىغا ئايلىنىپ كېتىدىكەن، گېرمانىيە ئاتالمىش ئازاتلىق ئۇرۇشتىن[3] كېيىن ئۇچرىغان بارلىق بەختسىزلىكلەر يەنە تېخىمۇ دەھشەتلىك تۈردە ئۇنىڭ بېشىغا كېلىدۇ، دەپ ئالدىنالا ئېيتىلغان ئىدى، ئالدىنالا ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر ئىسپاتلانمىدىمۇ؟ بىز يەنە توپ ـ توغرا 20 يىل بىسمارك ھوكۇمرانلىغىنى بېشىمىزدىن كەچۈرمىدۇقمۇ؟ ئىزىقتۇرغۇچىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ[4] ئورنىنى يەنە پەۋقۇلئاددە قانۇن ۋە سوتسىيالىستلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئالمىدىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ساقچىلار يەنە ئاۋالقىدەكلا زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىۋاتامدۇ؟ قانۇن قىلچىمۇ پەرقسىز، ئاۋالقىدەكلا كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان ھالدا ئىزاھلىنىۋاتامدۇ؟

ئالدىنالا ئېيتىلغان مۇنداق بىر سۆز يەنى ئالساس ۋە لوررېننىڭ يۇتۇۋېلىنىشى «فرانسىيىنى روسسىيىنىڭ قوينىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلىدۇ» ھەمدە بۇنداق يۇتۇۋېلىنىشتىن كېيىن، گېرمانىيە ياكى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق روسسىيىنىڭ مالىيى بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، ياكى بىر ئاز دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يېڭى ئۇرۇش يەنى «ئىرقىي ئۇرۇش — سلاۋيان ئىرقى بىلەن رومان تىللى ئىرقىنىڭ بىرلەشمە كۈچىگە قارشى ئۇرۇش»[5] تەييارلىغىغا كىرىشىشكە مەجبۇر بولىدۇ، دىگەن قاراش پۈتۈنلەي ئىسپاتلانمىدىمۇ؟ فرانسىيىنىڭ ئىككى ئۆلكىسىنىڭ يۇتۇۋېلىنىشى فرانسىيىنى روسسىيىنىڭ قوينىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلمىدىمۇ؟ بىسمارك چار پادىشاغا ياخشى

كۆرۈنۈش كويىدا توپ ـ توغرا 20 يىل بىھۇدە ئاۋارە بولۇپ يۈرمىدىمۇ؟ ئۇ چار پادىشاغا كىچىككىنە پرۇسسىيە «ياۋروپادىكى بىرىنچى كۈچلۈك دولەت»كە ئايلىنىشتىن بۇرۇن «مۇقەددەس رۇس» ئالدىدا تىز پۈكۈپ سەجدە قىلىپ كەلگەن چېغىدا قىلغانلىرىدىنمۇ ئارتۇق خوشامەتكۈيلۈق بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلمىدىمۇ؟ ئۇرۇشنىڭ داموكلېس قىلىچى بېشىمىزدا دائىم ئېسىقلىق تۇرمىدىمۇ؟ بۇ ئۇرۇش باشلىنىپ بىرىنچى كۈنىلا ھەرقايسى دولەت پادىشالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھوججەتلەر ئارقىلىق تۈزۈلگەن بارلىق ئىتتىپاقنىڭ كۈلىنى كوككە سورۇۋېتىدۇ؛ بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىنى مۇتلەق ئالدىن بىلىشكە بولمايدىغانلىقى ئۈستىدە ھۆكۈم قىلغىلى بولۇشتىن باشقا، قالغانلىرى ئۈستىدە ئېنىق بىرنىمە دېگىلى بولمايدۇ؛ بۇ ئۇرۇش ئىرقىي ئۇرۇش بولىدۇ، ئۇ پۈتكۈل ياۋروپانى 15 مىليون ياكى 20 مىليون قوراللىق ئەسكەرنىڭ خالىغانچە دەپسەندە قىلىشىغا تاشلاپ بېرىدۇ؛ بۇ ئۇرۇشنىڭ تېخى بولمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ـــ كۈچلۈك ھەربىي دولەتلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈكلىرىنىڭمۇ بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى مۇتلەق ئالدىن بىلەلمەي قورقۇۋاتقانلىقى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز گېرمانىيە ئىشچىلىرىنى 1870 ـ يىلدىكى خەلقارا ئىشچىلار سىياسىتىنىڭ ئۇلۇق ئالدىن كورەرلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى شانلىق تۈردە ئىسپاتلىغان لېكىن كىشىلەر تەڭدىن تولىسىنى ئۇنتۇپ قالغان بۇ ئىككى ھوججەتنى يېڭىۋاشتىن ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە تېخىمۇ ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

مېنىڭ بۇ ئىككى خىتاپنامە توغرىسىدا ئېيتقانلىرىم «فرانسىيدىكى ئىچكى ئۇرۇش»قىمۇ ئوخشاشلا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى گۇڭشېسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم جەڭچىلىرى سان جەھەتتىن كوپ دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي بېلۋىل باغرىدا قۇربان بولدى. 2 كۈن ئۆتۈپلا يەنى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ماركس باش ۋېييۈەنخۇيغا ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇپ بەردى. ئۇ بۇ ئەسىردە پارىژ گۇڭشېسىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى قىسقا لېكىن كۈچلۈك بىرقانچە سوز بىلەن تەسۋىرلىگەن، شۇنداق روشەن بولۇپمۇ شۇنداق توغرا تەسۋىرلىگەنكى، كېيىن بۇ مەسىلە ھەققىدە يېزىلغان چوڭ ئەسەرلەرنىڭ ھېچقايىسى بۇنىڭغا يېتەلمىدى.

فرانسىيىدە 1789 ـ يىلدىن باشلانغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن سىياسى تەرەققىيات ئارقىسىدا، پارىژدا يېقىنقى 50 يىل ئىچىدە مۇنداق بىر ۋەزىيەت شەكىللەندى: ئۇ يەردە پارتلىغان ھەر قېتىمقى ئىنقىلاپ پۈرولېتارىيات خاراكتېرىنى ئالماي قالمىدى، دىمەك، ساپ قان بەدىلىگە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن پۈرولېتارىيات غەلىبىدىن كېيىن ئۆز تەلەپلىرىنى ھامان قويۇپ كەلدى. بۇ تەلەپلەر ھەر قېتىم پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ ئوسۇش دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىغىغا قاراپ، ئازدۇر ـ كوپتۇر تۇتۇق ھەتتا مۇجىمەل ئىدى؛ لېكىن، بۇ تەلەپلەرنىڭ ھەممىسى، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، كاپىتالىستلار بىلەن ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي قارىمۇ ـ قارشىلىقنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلاتتى. بۇنى قانداق قىلغاندا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىغىغا كەلسەك، ئۇنى ھەققەتەن ھېچكىممۇ بىلمەيتتى. بىراق، بۇ تەلەپلەرنىڭ ئۆزى، گەرچە ناھايىتى ئېنىق بولمىسىمۇ، مەۋجۇت ئىجتىمائى تۈزۈم ئۈچۈن بىر خىل تەھدىت بولۇپ قالغان ئىدى؛ بۇ تەلەپلەرنى

قويغان ئىشچىلار كوپىنچە يەنە قورالغا ئېگە ئىدى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، دولەتنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان بۇرژۇئازلارنىڭ بىرىنچى ئەقىدىسى ئىشچىلارنى قورالسىزلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئىشچىلار ھەر قېتىم ئىنقىلاپ قىلىشقا ئېرىشكەندىن كېيىن، يېڭى كۈرەش پەيدا بولاتتى ـ دە، ھامان ئىشچىلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياقلىشاتتى.

بۇنداق ئەھۋال بىرىنچى قېتىم 1848 ـ يىلى يۈزبەردى. يىخۇيىچى قارشى گۇرۇھقا تەۋە ھورىيەتچى بۇرژۇئازلار ئۆز پارتىيىسىنى ھوكۇمرانلىققا ئېرىشتۇرەلەيدىغان سايلام ئىسلاھاتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىدىدە ئىسلاھات يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىپ زىياپەت ئۆتكۈزدى. ھوكۇمەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش ئۇلارنى خەلقتىن ياردەم تىلەشكە كۈندىن ـ كۈنگە مەجبۇر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرىنچى ئورۇننى بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ رادىكال تەبىقىسى ۋە جۇمھۇرىيەتچى تەبىقىسىگە قەدەممۇ ـ قەدەم ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن، بۇ تەبىقىلەرنىڭ كەينىدە ئىنقىلاۋىي ئىشچىلار تۇراتتى، ئۇلار 1830 ـ يىلدىن باشلاپلا بۇرژۇئازلار ھەتتا جۇمھۇرىيەتچىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ كوپرەك سىياسى مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان ئىدى. ھوكۇمەت بىلەن قارشى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ۋېيجى تۇغۇلغان ۋاقىتتا، ئىشچىلار كوچا جەڭلىرىنى باشلىۋەتتى؛ لۇئى ـ فىلىپ كوزدىن غايىپ بولدى، سايلام ئىسلاھاتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە غايىپ بولدى؛ ئۇنىڭ ئورنىغا جۇمھۇرىيەت چىقتى، غەلىبە قىلغان ئىشچىلار بولسا ھەتتا ئۇنى «سوتسىيال» جۇمھۇرىيەت دەپ ئېلان قىلدى. بۇ سوتسىيال جۇمھۇرىيەتنىڭ زادى نىمە مەنىدە

ئىكەنلىكىگە كەلسەك، ئۇنى ھېچكىممۇ بىلمەيتتى، ھەتتا ئىشچى-
لارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بىلمەيتتى. لېكىن، ئەمدى ئۇلار قورالغا ئىگە
بولۇپ، مەملىكەت ئىچىدىكى بىر كۈچكە ئايلىنىپ قالغان ئىدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ھاكىمىيەت بېشىدىكى بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرى
ئۆز تاپىنى ئاستىدىكى ھۇلنىڭ خېلى مەھكەم بولۇپ قالغانلىقىنى
سەزگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ بىرىنچى ئىشى ئىشچىلارنى قورال-
سىزلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولاتتى. بۇ ئىشمۇ بولدى، ئۇلار
ۋەدىلىرىگە توغرىدىن-توغرا خىلاپلىق قىلىپ، ئىشچىلارنى
ئاشكارىدىن-ئاشكارا مەسخىرە قىلىپ ۋە ئىشسىز ئىشچىلارنى
چەت-ياقا ئۆلكىلەرگە سۈرگۈن قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، ئىشچىلارنى
1848-يىلدىكى ئىيۇن قوزغىلىڭىنى كوتىرىشكە مەجبۇر قىلدى.
ھوكۇمەت بېسىپ چۈشىدىغان ئۈستۈن كۈچ بىلەن ئالدىنالا ئۆزىنى
تەمىنلىۋالغان ئىدى. ئىشچىلار 5 كۈن باتۇرانە كۈرەش قىلىپ،
ئاخىر مەغلۇپ بولدى. ئارقىدىنلا قولىدا تومۇرنىڭ سۇنۇغىمۇ
بولمىغان ئەسىرلەر ئۈستىدە قانلىق قىرغىن باشلاندى، ئۇنىڭدىكى
رەھىمسىزلىك رىم جۇمھۇرىيىتىنىڭ گۇم بولۇشىغا سەۋەب بولغان
ئىچكى ئۇرۇشتىن بۇيان كورۇلۇپ باقمىغان ئىدى. پۇرولېتارىيات
ئۆز مەنپەئەتى ۋە تەلىۋىگە ئىگە مۇستەقىل سىنىپ سۈپىتىدە
بۇرژۇئازىيىگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلغان چاغدا، بۇرژۇئازىيە
ئۆزىنىڭ قانخورلىق غالجىرانە قەبىھ ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، پۇرولېتا-
رىياتتىن ئۇچ ئالىدىغانلىقىنى بىرىنچى قېتىم كورسەتتى. لېكىن،
بۇرژۇئازىيىنىڭ 1871-يىلدىكى ۋەھشىلىكىگە سېلىشتۇرغاندا،
1848-يىلدىكى ۋەقەنى پەقەت بىر خىل بالىلار ئويۇنى دېيىشكىلا
بولىدۇ.

جازا ئۆزۈلمەي داۋام قىلدى. ئەگەر، پرولېتارىيات فرانسىيىنى تېخى باشقۇرالمايتتى، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، بۇرژۇئازىيە ئاللىقاچانلا فرانسىيىنى باشقۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ھېچ بولمىغاندا شۇ ۋاقىتتا باشقۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى، چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا بۇرژۇئازىيىنىڭ كوپ قىسمى تېخىچىلا باۋخۇاڭجۇيىچى ئىدى ھەم ئۈچ خاندانلىق پارتىيىگە ۋە بىر جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىگە بولۇنۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئىچكى جاڭجاللىرى تەۋەككۇلچى لۇئى بوناپارتقا بارلىق جان تومۇرلارنى يەنى ئارمىيە، ساقچى ۋە مەمۇرى ئورگان قاتارلىقلارنى تامامەن ئوز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشقا ھەمدە 1851 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى بۇرژۇ-ئازىيىنىڭ ئاخىرقى قورغىنىنى يەنى گومىن يىغىنىنى كۇمپەيكوم قىلىۋېتىشكە ئىمكانىيەت بەردى. شۇنداق قىلىپ ئىككىنچى دىگو يەنى بىر توپ سىياسى تەۋەككۇلچىلەر بىلەن پۇل مۇئامىلە تەۋەك-كۇلچىلىرىنىڭ فرانسىيىنى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىشى باشلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سانائەتمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققى قىلدى، ئەينى ۋاقىتتىكى لۇئى-فىلىپنىڭ ئەنە شۇنداق تار ۋە قورقۇنچاقلىق تۈزۈمى شارائىتىدا، پەقەت چوڭ بۇرژۇئازىيە ئىچىدىكى ئازغىنا بىر قىسىم كىشىلەر تەنھا ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان شارائىتتا بۇنداق تەرەققىياتنىڭ بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لۇئى بوناپارت، بىر تەرەپتىن، بۇرژۇئازىيىنى قوغداپ، ئىشچىلارغا قارشى تۇرۇشنى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشچىلارنى قوغداپ، بۇرژۇئازىيىگە قارشى تۇرۇشنى باھانا قىلىپ، كاپىتالىستلارنىڭ قولىدىكى ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى؛ لېكىن ئۇنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئەينى ۋاقىتتا يەنە ھايانكەشلىك ئىشلىرىغا ۋە سانائەت پائالىيىتىگە

پايدىلىق بولدى، قىسقىسى، پۈتۈن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىقتىسادىي گۈللىنىشى ۋە بېيىشىنى بۇرۇن بولۇپ باقمىغان دەرىجىگە يەتكۈزدى. بىراق، تېخىمۇ زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرغىنى يەنىلا خىيانەتچىلىك - پارىخورلۇق ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئوغرىلىق ھەركەتلىرى بولدى، ئۇلار پادىشا ئوردىسىنى مەركەز قىلىپ، بۇنداق بېيىشتىن غايەت زور پايدا ئېلىپ تۇردى.

لېكىن، ئىككىنچى دىگو يەنە فرانسىيە شوۋىنىزمىنى ئىززەتلەشنى چاقىرىش ئىدى، يەنى 1814-يىلى قولدىن كەتكەن بىرىنچى دىگونىڭ چېگرا رايونلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ياكى ھېچ بولمىغاندا بىرىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ چېگرا رايونلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىش ئىدى. فرانسىيە دىگوسى كونا زامان پادىشالىقى چېگرىسى ئىچىدە چەكلىنىپ قېلىش ھەتتا 1815 - يىلى تېخىمۇ بەك قىرقىپ تاشلانغان چېگرا ئىچىدە چەكلىنىپ قېلىش ھالىتىدە ئۇزاققىچە تۇرۇۋېرەلمەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇزلۇكسىز ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشىغا ھەم يەر-زېمىننى كېڭەيتىشكە توغرا كېلەتتى. لېكىن، يەر-زېمىن مەيلى قايسى تەرەپكە قاراپ كېڭەيتىلمىسۇن، ئۇ فرانسىيە شوۋىنىزمچىلىرىنىڭ خام خىيالىنى گېرمانىيىنىڭ رېين دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى رايونلارنى بېسىۋېلىشتەك كۈچلۈك قوزغىمىغان ئىدى. رېين دەرياسى بويىدىكى بىر پىڭفاڭ ئىنگلىز ملى يەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئالپىس تېغىدىكى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق يەردىكى 10 پىڭفاڭ ئىنگلىز ملى يەرگە قارىغاندىمۇ كوپ قىممەتلىك ئىدى. ئىككىنچى دىگو مەۋجۇتلا بولىدىكەن، رېين دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى رايونلارنى قايتۇرۇۋېلىشنى - بىراقلا قايتۇرۇۋېلىشنى ياكى بولۇپ - بولۇپ

قايتۇرۇۋېلىشنى ــ تەلەپ قىلىش پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىلا ئىدى، خالاس. 1866 ــ يىلىدىكى پرۇسسىيە ـ ئاۋسترىيە ئۇرۇشىغا ئەگىشىپ بۇ ۋاقىتمۇ يېتىپ كەلدى. بوناپارت «زېمىن ھەققى»نى كۈتكىنىدە بىسماركنىڭ ئالدىمىغا ۋە ئۆزىنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى ھىلىگەر كۆزىتىپ تۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئالدىمىغا چۈشكەن ئىكەن، ئۇنىڭغا ئۇرۇش قىلىشتىن باشقا يول قالمىغان ئىدى. بۇ ئۇرۇش بولسا 1870 ـ يىلى پارتلىدى، نەتىجىدە ئۇنى سېدانىغا ئېلىپ كەلدى، كېيىن يەنە ۋىلگېلم قورغىنىغا ئېلىپ كەلدى[6].

بۇنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى 1870 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى پارىژ ئىنقىلاۋى بولدى. دىگو خۇددى قەغەز ئۆيگە ئوخشاش غۇلاپ چۈشتى؛ جۇمھۇرىيەتنىڭ يېڭىۋاشتىن قۇرۇلغانلىغى ئېلان قىلىندى. لېكىن، دۈشمەن بوسۇغىدا تۇراتتى؛ دىگو ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمى مېتستا مۇھاسىرە قىلىنغان ئىدى، مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشقا ئۈمىت يوق ئىدى، يەنە بىر قىسمى گېرمانىيىدە ئەسىر چۈشكەن ئىدى. مۇشۇنداق جىددى پەيتتە، خەلق سابىق قانۇن چىقىرىش ئومىگىنىڭ پارىژدىكى يىخۆي ئەزالىرىنىڭ «دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتى» تەشكىل قىلىشىغا يول قويدى. بۇ ۋاقىتتا قورال كوتىرىپ ئۇرۇش قىلالايدىغان پارىژلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇداپىە مەقسىدىدە گومىن زىۋېيجۇنگە كىرگۈزۈلگەنلىگى ۋە قوراللاندۇرۇلغانلىغى ھەتتا بۇ ۋاقىتتا ئىشچىلار گومىن زىۋېيجۇندە مۇتلەق كوپ سانىنى ئىگىلىگەنلىگى ئۈچۈن كىشىلەر بۇنىڭغا ناھايىتى خوشاللىق بىلەن قوشۇلدى. لېكىن ئۇزاق ئوتمەيلا، پۈتۈنلەي دىگودەك بۇرژۇئازلاردىن تەشكىل قىلىنغان ھوكۇمەت بىلەن قوراللىق پرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ ـ قارشىلىق

ئاشكارىلاندى. 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى بىرنەچچە ئىشچىلار يىغى
ھۇجۇم قىلىپ، شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىنى ئالدى ھەمدە
ھوكۇمەتنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنى قولغا ئالدى. ئەمما، بەزىلەرنىڭ
خائىنلىق قىلىشى، ھوكۇمەتنىڭ ئۆز ۋەدىسىگە توغرىدىن ـ توغرا
ۋاپاسىزلىق قىلىشى ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ بىرنەچچە يىغىنىڭ
مۇداخىلە قىلىشى ئارقىسىدا، قولغا ئېلىنغانلار قويۇپ بېرىلدى؛
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىدە تۇرۇۋاتقان
شەھەردە ئىچكى ئۇرۇشنىڭ پارتىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن،
ئەسلىدىكى ھوكۇمەتنىڭ داۋاملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە
يەنىلا يول قويۇلدى.

ئاخىردا، ئاچارچىلىق ئازاۋىنى تازا تارتقان پارىژ 1871 ـ يىل
1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تەسلىم بولدى، لېكىن ئۇ ئۇرۇش تارىخىدا
مىسلى كورۇلمىگەن شەرەپلىك شارائىتتا تەسلىم بولدى. پوتەيلەر
تاپشۇرۇلدى، سېپىلدىكى زەمبىرەكلەر چۇشۇرۇۋېتىلدى، تايانچ
تۇەن بىلەن كوچمە زىۋېيىجۇن قورالىلىرىنى تاپشۇردى، ئۇلار —
ئەسىرلەر، دەپ ئېلان قىلىندى. لېكىن، گومىن زىۋېيىجۇن
ئۆزىنىڭ مىلتىق ۋە زەمبىرەكلىرىنى ساقلاپ قالدى، پەقەت غەلىبە
قىلغۇچىلار بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىملا تۈزدى. ھالبۇكى،
غەلىبە قىلغۇچىلار تەنتەنە بىلەن پارىژغا كىرىشكە پېتىنالمىدى؛
ئۇلار پەقەت پارىژنىڭ كىچىككىنە بىر بۇرجىكىنىلا ئىگىلەشكە
پېتىنالىدى، تېخى بۇنىڭ بىر قىسمى باغچە ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە
بۇ بۇرجەكنىمۇ ئاران بىرنەچچە كۈنلا ئىگىلەپ تۇرالىدى! شۇ
بىرنەچچە كۈن ئىچىدە، پارىژنى 131 كۈن مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان
غەلىبە قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى پارىژ قورالىلىق ئىشچىلىرىنىڭ

مۇھاسىرىسى ئىچىدە قالدى، بۇ ئىشچىلار چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا بېرىلگەن ئەشۇ بۇرجەكتىن ئىبارەت تار چېكىرىدىن بىرمۇ «پرۇسسىيلىك» ئۆتۈپ كەتمىسۇن دەپ ھۇشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇردى. دىگونىڭ بارلىق جۇنتۇەنلىرىنى قورال تاشلاتقۇزغان ئارمىيىنى پارىژ ئىشچىلىرى ئۆزلىرىنى ئەنە شۇنداق ھورمەتلەشكە مەجبۇر قىلدى. بۇ يەرگە شاپاشلاپ كىلىپ ئىنقىلاپ ئوچىغىدىن قىساس ئالماقچى بولغان پرۇسسىيە يۇنكىرلىرى دەل مۇشۇ قوراللىق ئىنقىلاپ ئالدىدا ھورمەت بىلەن توختاپ، ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولدى!

ئۇرۇش مەزگىلىدە پارىژ ئىشچىلىرى كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنىلا تەلەپ قىلدى. لېكىن، ئەمدىلىكتە، پارىژ تەسلىم بولۇپ سۇلھى شەرتنامىسى[7] تۈزۈلگەن ۋاقىتتا، يېڭى ھوكۇمەتنىڭ باشلىغى تىيېر، پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ قولىدا يەنە قوراللا بولىدىكەن، مۇلۇكدارلار سىنىپىنىڭ — چوڭ يەر ئىگىلىگۈچىلەر بىلەن كاپىتالىستلارنىڭ — ھوكۇمرانلىغى ھەمىشە خەۋپ ئىچىدە تۇرىدۇ، دىگەن ئىشەنچكە كەلمەي قالمىدى. ئۇنىڭ بىرىنچى ئىشى ئىشچىلارنى قورالسىزلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇش بولدى. ئۇ 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى گومىن زىۋبېجۇلىنىڭ زەمبىرەكلىرىنى تارتىۋېلىشقا تاياىنچ بۇدۇي ئەۋەتتى، بۇ زەمبىرەكلەر پارىژ مۇھاسىرىدە قالغان مەزگىلدە جامائەتنىڭ ئىانە پۇلىغا ياسىتىلغان ئىدى. بۇ ئۇرۇنۇش ئەمەلگە ئاشمىدى؛ پۈتۈن پارىژ خۇددى بىر ئادەمدەك بولۇپ ئۆزىنى قوغداشقا ئاتلاندى، شۇنداق قىلىپ، ۋېرسالنى بېسىپ ياتقان فرانسىيە ھوكۇمىتى بىلەن پارىژ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. 3-ئاينىڭ 26-كۈنى پارىژ كوڭشېسى سايلىنىپ، 3-ئاينىڭ 28-كۈنى

قۇرۇلغانلىغى رەسمى جاكالاندى. شۇنىڭغىچە ھوكۇمەت جىژنىڭنى يۇرگۇزۇپ كەلگەن گومىن زىۋىيجۇن جۇڭياك ۋېيۇەنخۇيى پەرمان چىقىرىپ، رەسۋا پارىژ «ئىنتىزام ساقچىسى»نى بىكار قىلغاندىن كېيىن، ئۇزىنىڭ ھەممە ھوقۇقنى گۇڭشېغا ئۇتكۇزۇپ بەردى. 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۇنى گۇڭشې ئەسكەر ئېلىش تۇزۇمىنى ۋە دائىمى ئارمىينى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قورال كوتىرىپ ئۇرۇش قىلالايدىغان ھەممە گۇڭمىندىن تەشكىل قىلىنغان گومىن زىۋىيجۇننى بىردىن-بىر قوراللىق كۇچ دەپ ئېلان قىلدى. گۇڭشې 1870-يىل 10-ئايدىن 1871-يىل 4-ئايغىچە بولغان بارلىق ئوي ئىجارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، تولىنىپ بولغان ئوي ئىجارىسىنى كېيىنكى ئوي ئىجارىسى ئۇچۇن ئالدىن تولەنگەن ھەق قىلىپ بەلگىلىدى ھەم شەھەر گوروخانىلىرىغا گوروگە قويۇلغان بارلىق نەرسىلەرنى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىشنى مەنئى قىلدى. شۇ كۇنى يەنە گۇڭشېغا سايلانغان چەتئەللىكلەرنى گۇڭشې ۋېيۇەنلىكىگە تەستىقلىدى، چۇنكى «گۇڭشېنىڭ بايرىغى دۇنيا جۇمھۇرىيىتىنىڭ بايرىغى»[8] ئىدى. 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۇنى گۇڭشې خادىملىرىنىڭ (جۇملىدىن گۇڭشې ۋېيۇەنلىرىنىڭمۇ) مۇئاشى 6 مىڭ فرانك (4 مىڭ 800 مارك)تىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى بەلگىلىدى. ئەتىسى بىر پەرمان چىقىرىپ، جياۋخۇيلارنى دولەتتىن ئايرىشنى، دولەتنىڭ دىنىي ئىشلارغا سەرپ قىلىدىغان بارلىق خىراجىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ھەمدە جياۋخۇيلارنىڭ بارلىق مال ـ مۇلكىنى دولەت مۇلكى قىلىشنى ئېلان قىلدى؛ بۇنىڭغا ئاساسەن، 4-ئاينىڭ 8-كۇنى يەنە بارلىق دىنىي سىمۋول، بۇت، دىنىي ئەقىدە، دۇئا-تالاۋەت، قىسقىسى، «شەخسى ۋىجدانىغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە نەرسە»نى

مەكتەپلەردىن چىقىرىۋېتىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلدى[9]، بۇ بۇيرۇق
تەدرىجى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. ۋېرسال ئارمىيىسى گۇڭشېنىڭ
ئەسىر چۈشكەن جەڭچىلىرىنى ھەر كۈنى ئېتىپ تۇرغانلىقتىن،
4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى گوروگە ئېلىنغانلارنى نەزەربەنت قىلىش
توغرىسىدا پەرمان چىقىرىلدى، بىراق، بۇ پەرمان پەقەت ئىجرا
قىلىنمىدى. 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى گومىن زىۋېيجۈننىڭ 137 ـ يىگى
كاللا كېسىش ماشىنىسىنى سورەپ چىقتى ھەمدە ئۇنى ئومۇمى
خەلقنىڭ تەنتەنىسى ئىچىدە خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا كويدۇرۇپ
تاشلىدى. 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گۇڭشې ناپولېون 1809 ـ يىلدىكى
ئۇرۇشتىن كېيىن ئولجا ئېلىنغان دۈشمەن زەمبىرەكلىرىدىن قۇي-
دۇرغان ۋاندوم مەيدانىدىكى «زەپەر تۈۋرۈكى»نى چېقىپ تاشلاشنى
قارار قىلدى، چۈنكى ئۇ شوۋىنىزىم ۋە مىللى ئۆچمەنلىكنىڭ سىمۋولى
ئىدى. 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بۇ قارار ئىجرا قىلىندى. 4 ـ ئاينىڭ
16 ـ كۈنى گۇڭشې زاۋۇت ئىگىلىرى ئىش توختىتىپ قويغان زاۋۇت-
لارنى تىزىملاش، بۇ زاۋۇتلارنىڭ ئەسلىدىكى ئىشچىلىرىنى بىرلەشتۈ-
رۈپ كوپىراتىپلار تەشكىل قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى باشلاش پىلانىنى
تۈزۈش ۋە بۇ كوپىراتىپلارنى چوڭ ئىتتىپاق قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇش
پىلانىنى تۈزۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى
گۇڭشې بولكا ئىشچىلىرىنىڭ كېچىدە ئىشلىشىنى بىكار قىلدى،
خىزمەتكە تونۇشتۇرۇش ئورۇنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، چۈنكى
بۇ خىزمەتكە تونۇشتۇرۇش ئورۇنلىرىنى ئىككىنچى دىگو دەۋرىدىن
باشلاپ ساقچى ئىدارىسى تەيىنلىگەن كىشىلەر يەنى ئەمگەكچىلەرنى
بىرىنچى دەرىجىدە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار تەنها ئىگىلىۋالغان
ئىدى؛ بۇ خىزمەتكە تونۇشتۇرۇش ئورۇنلىرىنى پارىژدىكى 20

رايوننىڭ رايونلۇق ھوكۇمەتلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى گوڭشې گوروخانىلارنى پىچەتلەش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى، چۈنكى بۇ گوروخانىلار مەخسۇسلا خۇسۇسىلارنىڭ ئىشچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىنى تەمىن ئېتەتتى ۋە ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك قورالىلىرىغا ئىگە بولۇش ھەم ئامانەت ـ قەرز پۇلى ئېلىش ھوقۇقىغا زىت كېلەتتى. 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى گوڭشې لۇئى XVIنى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇغانلىقى جىنايىتىنى يۇيۇش ئۈچۈن مەخسۇس سېلىنغان كىچىك چىركاۋنى بۇزۇپ تاشلاشنى قارار قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئىلگىرى تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىغا قارشىلىق كورسىتىش كۈرىشى ئارقىسىدا يېپىلىپ قالغان پارىژ ھەركىتىنىڭ سىنىپىي خاراكتېرى گەۋدىلىك ۋە روشەن ئىپادىلەندى. گوڭشىغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىشچىلار ياكى ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ئىشچىلار ۋەكىللىرى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ماقۇللىغان قارارلىرىمۇ پۈتۈنلەي پۈرولېتارىيات خاراكتېرىغا ئىگە ئىدى. بەزى قارارلار جۇمھۇ-رىيەتچى بۇرژۇئازىيە قورقۇنچاقلىقى سەۋەبىدىنلا يولغا قويۇشتىن باش تارتقان ئەمما ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەركىن پائالىيىتى ئۈچۈن زورۇر ئاساس بولغان ئىسلاھاتلارنى پەرمان شەكلىدە بېكىتكەن، مەسىلەن، دىن **دولەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا** پەقەت خۇسۇسى ئىش، دېگەن پرىنسىپنى يولغا قويغان. بەزى قارارلار بولسا ئىشچىلار سىنىپىغا بىۋاستە پايدىلىق بولغان ھەمدە كونا ئىجتىمائى تۈزۈمنىڭ باغرىغا مەلۇم دەرىجىدە چوڭقۇر سانچىلغان. لېكىن مۇھاسىرىدە قالغان بىر شەھەردە بۇ ھەممە تەدبىرنى يولغا قويۇشتا

كوپ دىگەندىمۇ دەسلەپكى قەدەمنىلا باسقىلى بولاتتى. 5 ـ ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ بارلىق كۈچ ۋېرسال ھوكۇمىتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كوپىيىۋاتقان ئارمىيىسگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا قارىتىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ۋېرسال ئارمىيىسى پارىژنىڭ غەربىي سېپىدە نېيئى يېنىدىكى سېنا دەرياسىنىڭ كېچىكىنى تارتىۋالدى؛ لېكىن، ئۇلارنىڭ 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى جەنۇبىي سەپكە قىلغان ھۇجۇمى ئېيد جياڭجۇن تەرىپىدىن چېكىندۇرۇلدى ھەم ئىنتايىن زور چىقىمغا ئۇچرىتىلدى. پرۇسسىيە ئارمىيىسىنىڭ پارىژنى توپقا تۇتۇشنى مۇقەددەس نەرسىگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ ئەيىپلىگەن كىشىلەر ئەمدى ئۆزلىرى پارىژنى ئۈزلۈكسىز توپقا تۇتماقتا. مۇشۇ كىشىلەر پارىژنى ئۆزلىرىگە تارتىپ ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن، ئەمدى پرۇسسىيە ھوكۇمىتىدىن سېدان ۋە مېتستا ئەسىر ئېلىنغان فرانسىيە ئەسكەرلىرىنى تېزرەك قايتۇرۇپ بېرىشنى تىلىدى. بۇ ئارمىيىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن يېتىپ كېلىشى بىلەن ۋېرسالنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 5 ـ ئاينىڭ بېشىدا ھەل قىلغۇچ ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولدى. بۇ ئەھۋال 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەندى، شۇ كۈنى تىيېر كوڭشېنىڭ تەكلىۋى بويىچە ئوتكۇزۇلۇشكە باشلىغان تەنپەننى توختىتىپ قويدى، بۇ تەنپەننىڭ مەزمۇنى پارىژدا گوروگە ئېلىنغان پارىژ چوڭ جۇجياۋسىنى[1] ۋە باشقا بىرمۇنچە پوپلارنى شۇ ۋاقىتتا كىلەرۋىغا قامالغان، ئىككى قېتىم كوڭشې ۋېيىۋەنلىگىگە سايلانغان بىرلا بلانكىغا تېگىشىش ئىدى. بۇنداق ئەھۋال تىيېرنىڭ

① داربۇۋا. — تەھرىردىن

سوزلىرىنىڭ ئورامىنىڭ ئۆزگىرىشىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەندى؛ ئۇ ئىلگىرى ناھايىتى ئېھتىياتلىق بىلەن ۋە ناھايىتى مۇجمەل سوزلەپ كەلگەن بولسا، ئەمدى بىردىنلا يولسىز، قوپال ۋە تەھدىت ئارىلاش سوزلەيدىغان بولۇپ قالدى. جەنۇبىي سەپتە، ۋېرسال ئارمىيىسى 5-ئاينىڭ 3-كۈنى مۇلىن-ساك كوپ تەرەپلىك قورغىنىنى بېسىۋالدى، 9-كۈنى ئىسسى قورغىنىنى بېسىۋالدى، ئۈنى توپقا تۇتۇپ، پۇتۇنلەي تۇپ-تۇز قىلىۋەتتى، 14-كۈنى ۋانق قورغىنىنى بېسىۋالدى. غەربىي سەپتە، ئۇلار شەھەر سېپىلىغىچە سوزۇلغان نۇرغۇن كەنت ۋە ئىمارەتلەرنى بېسىۋالدى، قورولنىڭ ئاساسىي تېمىنىڭ يېنىغا قەدەممۇ-قەدەم سىلجىپ كەلدى؛ 5-ئاينىڭ 21-كۈنى بەزىلەرنىڭ خائىنلىق قىلىشى ۋە كۈزەتتە تۇرغان گومىن زىۋېيجۇننىڭ بىپەرۋالىق قىلىشى بىلەن ئۇلار شەھەر ئىچىگە بوسۇپ كىرىۋالدى. شىمال ۋە شەرق تەرەپتىكى پوتەيلەرنى تىزگىنلەپ تۇرغان پرۇسسىيىلىكلەر ۋېرسال ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنىڭ ماددىلىرىغا ئاساسەن بېرىشى مەنئى قىلىنغان شەھەرنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايونلاردىن ئوتۇشىگە يول قويدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار كەڭ سەپ بويىچە ھۇجۇم قىلدى، بۇ سەپنى پارىژلىقلار ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىگە ئاساسەن ھۇجۇمغا ئۇچرىماسلىغى كاپالەتلەندۈرۈلگەن دەپ ھېساپلىغانلىقتىن، ئۇنىڭ مۇداپىيەسى بەكمۇ ئاجىز ئىدى. دەل شۇنداق بولغانلىغى ئۇچۇن، پارىژنىڭ غەربىي يېرىمىنىڭ يەنى شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات رايونلىرىنىڭ قارشىلىق كورسىتىشى ئاجىزراق بولدى؛ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىۋاتقان دۇشمەن ئارمىيىسى پايتەختنىڭ شەرقىي يېرىمىغا يەنى ھەقىقى ئىشچىلار رايونىغا قانچە يېقىنلاشسا، شۇنچە كەسكىن،

شۇنچە كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇچرىدى. 8 كۈن كۈرەش
قىلغاندىن كېيىنلا گۈگۈشىنىڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم قوغدىغۇچىلىرى
بېلۋىل ۋە مېنىلمونتان ئىگىزلىكىدە قۇربان بولدى، شۇنىڭ
بىلەن توپ ـ توغرا بىر ھەپتە ئىچىدە قۇرۇق قول ئەر ـ ئايال،
قېرى ـ ياشلارنى بارغانسىرى دەھشەتلىك قىرىش چېكىگە يەتتى.
قوندىغىدىن ئوقلىنىدىغان مىلتىقلار بىلەن ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈش
دىگەندەك تېز بولمىدى دەپ، مەغلۇپ بولغۇچىلارنى كوپ ئىغىزلىق
زەمبىرەكلەر بىلەن يۈزلەپ ـ مىڭلاپ قىردى. ئاخىرقى بىر قېتىملىق
چوڭ قىرغىن لاشىز پوپ قەۋرىستانلىغىنىڭ تېمى يېنىدا ئېلىپ
بېرىلدى، بۇ «گۈگۈشى ئەزالىرى تېمى» ھازىرغىچە ئۇ يەردە قەد
كوتىرىپ تۇرۇپتۇ، ئۇ تىلسىز لېكىن رەت قىلىشقا بولمايدىغان
گۇۋاچى سۈپىتىدە پرولېتارىيات قوزغىلىپ ئوز ھوقۇقلىرىنى
قوغداشقا جۈرئەت قىلغان چاغدا ھوكۇمران سىنىپىنىڭ غالجىرانە
ۋەھشىلىگى قانچىلىك دەرىجىگە بېرىپ يېتىدىغانلىغىنى چۈشەن ـ
دۈرۈپ بېرىدۇ. كېيىن، ھەممە ئادەمنى قىرىپ تۈگىتىش مۇمكىن
ئەمەسلىكىنى سەزگەن ۋاقىتتا، كەڭ كولەمدە قاماققا ئېلىشلار ۋە
ئەسىرلەر ئىچىدىن بەزى قۇربان قىلىنىدىغانلارنى خالىغانچە ئېلىپ
چىقىپ ئېتىپ تاشلاشلار باشلاندى، قالغانلارنى چوڭ يىڭفاگىلارغا
ھەيدەپ باردى، ئۇلار ئۇ يەردە ھەربى فاتىڭنىڭ سوت قىلىشىنى
كۈتۈپ تۇردى. پارىژنىڭ شەرقىي شىمالىنى مۇھاسىرە قىلىپ
تۇرغان پروسسىيە ئارمىيىسى بىرمۇ قاچقۇننى ئوتكۈزۈۋەتمەسلىك
توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى، لېكىن جۇڭگۇەنلەر ئەسكەرلەر ـ
نىڭ باشلىقلارنىڭ بۇيرۇغىغا قارىغاندا ئىنسانىيەتچىلىك تۈيغۇسىغا
بەكرەك بويسۇنىدىغانلىغىنى كورگەندە، كوپىنچە كورمەسكە سېلىپ

يۇرۇۋەردى. ئالاھىدە شۆھرەت ساكسونىيە ئارمىيىسىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، ئۇلار ئىنتايىن ئىنسانىيەتچىلىك قىلدى، گۈڭشې جەڭچىسى ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرغان نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆتكۈزۈۋەتتى.

---

ئەگەر بىز 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە 1871-يىلدىكى پارىژ گۈڭشېسىنىڭ پائالىيىتىنى ۋە تارىخىي ئەھمەيىتىنى ئەسلەيدىغان بولساق، «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»تىكى بايانلارغا يەنە بەزى قوشۇمچىلارنى قىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىمىز.

گۈڭشې ۋەكىللىرى كۆپ سانلىق ۋە ئاز سانلىق دەپ ئىككى تەرەپكە بۆلۈنەتتى: كۆپ سانلىقلار بلانكىزمچىلار بولۇپ، ئۇلار گېمىن زىۋېيجۈن جۇڭياڭ ۋېيۋەنخۈيى ئىچىدىمۇ ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەيتتى؛ ئاز سانلىقلار خەلقارا ئىشچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تولىسى پرۇدون سوتسىيالىزم ئىلمىي ئېقىمىنىڭ مۇرىتلىرى ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا مۇتلەق كۆپ سانلىق بلانكىزمچىلار ئىنقىلاۋىي پرولېتارىياتلىق تەبىئىي ئىقتىدارى بىلەنلا سوتسىيالىزمچى ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ناھايىتى ئاز سانلىق كىشىلەرلا گېرمانىيە ئىلمىي سوتسىيالىزمىنى پىششىق بىلىدىغان ۋايان ئارقىلىق تۈپ قائىدىلەرنى بىر قەدەر روشەن چۈشەنگەن ئىدى. بۇنىڭدىن گۈڭشېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتە بىزنىڭ ھازىرقى قارىشىمىزچە شۇ ۋاقىتتا قىلىش زۆرۈر بولغان نۇرغۇن ئىشلارغا سەل قارىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. گۈڭشېنىڭ فرانسىيە بانكىسىغا تېگىشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقىدەك

ئەيمىنىش كەيپىياتىنى، تەبىي، ھېچ چۈشەنىگىلى بولمايدۇ. بۇمۇ بىر ئېغىر سىياسى خاتالىق. بانكا گۇگشىي قولىدا بولسا، بۇ 10 مىڭ ئادەمنى گوروگە ئالغاندىنمۇ چوڭراق ئەھمىيەتلىك بولغان بولاتتى. بۇ پۈتۈن فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسىنى ۋېرسال ھوكۇمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنى گۇگشىي بىلەن سۈلھى تۈزدۈرۈشكە مەجبۇرلىغان بولاتتى. لېكىن، كىشىنى بەكمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، گۇگشىي گەرچە بلانكىزىمچىلار بىلەن پرۇدونىزىمچىلاردىن تەشكىل تاپقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەدبىرلىرى كوپىنچە توغرا بولدى. ناھايىتى روشەنكى، گۇگشىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھەر خىل پەرمانلىرىغا، مەيلى بۇ پەرمانلارنىڭ ئارتۇقچىلىغىغا ياكى كەمچىلىگىگە بولسۇن، ئالدى بىلەن پرۇدونىزىمچىلار جاۋاپكار بولۇشى كېرەك؛ گۇگشىنىڭ سىياسى جەھەتتىكى ھەركىتىگە ۋە خاتالىغىغا بولسا بلانكىزىمچىلار جاۋاپكار بولۇشى كېرەك. خۇددى ھاكىمىيەت سەپسەتىۋازلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان چاغدا دائىم كورۈلۈپ تۇرىدىغان ئەھۋاللارغا ئوخشاش، مەيلى پرۇدونىزىمچىلار ياكى بلانكىزىمچىلار بولسۇن، ئىككىلىسى تارىخنىڭ مەسخىرىسى بويىچە، ئۆز ئىلمىي ئېقىمى ئەقىدىلىرىنىڭ دەل ئەكسىچە ئىشلارنى قىلدى.

ئۇششاق دىخانلار ۋە قول سانائەت ئۇستىلىرىنىڭ سوتسىيالىزىمچىسى پرۇدون بىرلىشىشكە ھەقىقەتەن چىش-تىرنىغىچە ئوچ ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىرلىشىشنىڭ يامان تەرىپى ياخشى تەرىپىدىن كوپرەك، ئۇ ماھىيەتتە پايدىسىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەتتا زىيانلىق، چۈنكى ئۇ ئىشچىلارنىڭ ئەركىنلىگىنى بوغىدىغان كىشەنلەرنىڭ بىرى؛ ئۇ—قۇرۇق ئەقىدە، ئەھمىيەتسىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە

بىر يۈك، ھەم ئىشچىلارنىڭ ئەركىنلىكىگە خىلاپ، ھەم ئەمگەكنى تېجەش پىرىنسىپىغا خىلاپ؛ ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن كورە كەمچىلىكى تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە، رىقابەت، ئىش تەقسىماتى، خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك بولسا پايدىلىق ئىقتىسادىي كۈچ. ئىشچىلارنىڭ بىرلىشىشى پەقەت پەۋقۇلئاددە ئورۇنلارغىلا مۇۋاپىق كېلىدۇ، پرۇدونچە بولغاندا، بۇنداق پەۋقۇلئاددە ئورۇن يىرىك سانائەت ۋە چوڭ كارخانىلار، مەسىلەن، تومۇريول ئىمىش («ئىنقىلاپنىڭ ئومۇمىي ئىدىيىسى»نىڭ ئۈچىنچى قىسمىغا قارالسۇن[10]).

لېكىن، 1871 ـ يىلىدا، يىرىك سانائەت ھەتتا قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مەركىزى بولغان پارىژدىمۇ ھېچبىر پەۋقۇلئاددە نەرسە بولماي قالغان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، كوممۇنىنىڭ ئەڭ موھىم پەرمانلىرىدا يىرىك سانائەتنى ۋە ئىشخانا قول سانائىتىنى تەشكىللەش بەلگىلەنگەن، بۇنداق تەشكىللەش ھەر بىر زاۋۇتتا ئىشچىلارنىڭ بىرلىشىشىنى ئاساس قىلىپلا قالماي، بەلكى بارلىق بىرلەشمىلەرنى چوڭ بىر ئىتتىپاق قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇشى كېرەك؛ قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق تەشكىللەش، خۇددى ماركس «ئىچكى ئۇرۇش»تا ناھايىتى توغرا كورسەتكىنىدەك، ئاخىرقى ھېساپتا كوممۇنىزمغا ئېلىپ بېرىشى يەنى پرۇدون تەلىماتىنىڭ دەل ئەكسى تەرىپىگە ئېلىپ بېرىشى مۇقەررەر ئىدى. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، كوممۇنا ئەينى ۋاقىتتا پرۇدون سوتسىيالىزم ئىلمىي ئېقىمىنىڭ گورى بولدى. ھازىر فرانسىيە ئىشچىلىرى ئىچىدە بۇ ئىلمىي ئېقىمنىڭ ئىز ـ تىزىمۇ قالمىدى؛ ھازىر بۇ يەردە، «مۇمكىنچىلەر» ئىچىدىمۇ، خۇددى «ماركسىزمچىلار»

ئىچىدىكىگە ئوخشاش، پۈتۈنلەي ماركس نەزەرىيىسى ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا. پەقەت «رادىكال» بۇرژۇئازىيە ئىچىدە يەنە پرۇدونىزىمچىلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

بلانكىزىمچىلارنىڭ تەقدىرىمۇ ياخشى بولۇپ كەتمىدى. ئۇلار سۇيىقەستچىل ئىلمىي ئېقىمنىڭ روھى بويىچە تەربىيىلىنىپ چىققان ۋە بۇ ئىلمىي ئېقىم تەلەپ قىلغان قاتتىق ئىنتىزام بويىچە ئىتتىپاقلاشقان ئىدى، ئۇلار، قەتئىي ۋە چىڭ ئۇيۇشقان ئاز سانلىق ئۇنسۇرلار ئوڭۇشلۇق شارائىتتا ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا قادىر بولۇپلا قالماي، بەلكى ناھايىتى كەسكىن، قەتئىي تەدبىر قوللىنىپ، ھاكىمىيەتنى ــ تاكى خەلق ئاممىسىنى ئىنقىلاپ تەرەپكە تارتقان ھەمدە ئۇلارنى ئاز ساندىكى رەھبەرلەر ئەتراپىغا توپلىغانغا قەدەر ــ ساقلاپ قېلىشقىمۇ قادىر، دەپ قارايتتى. بۇ ھال ئالدى بىلەن پۈتۈن ھاكىمىيەتنى ئەڭ قاتتىقلىق ۋە مۇستەبىتلىك بىلەن يېڭى ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى. كوپچىلىكى دەل مۇشۇ بلانكىزىمچىلاردىن تەشكىل تاپقان گۇڭشې ئەمەلىيەتتە نىمىلەرنى قىلدى؟ ئۇ فرانسىيىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدىكى خەلققە چىقارغان بارلىق خىتابنامىسىدە خەلقنى فرانسىيىدىكى بارلىق گۇڭشېلارنى پارىژ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىر ئەركىن لىيەنباڭ بولۇپ يەنى ھەقىقەتەن دۆلەت پۇخراسى ئۆزى تۇنجى قېتىم قۇرۇپ چىققان مەملىكەتلىك بىر تەشكىلات بولۇپ ئۇيۇشۇشقا چاقىردى. دەل ئارمىيە، سىياسىي ساقچى، گۇەنلىياۋدىن ئىبارەت ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرگەن كونا ھۆكۈمەتنىڭ بۇنداق ئەزگۈچى ھاكىمىيىتى يەنى ناپولېئون 1798 - يىلى بەرپا قىلغان، كېيىن ھەر قېتىمقى يېڭى ھۆكۈمەت كوڭۇلدىكىدەك قورال سۈپىتىدە ئىزچىل

قوبۇل قىلىپ كەلگەن ھەمدە ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشتا پايدىلانغان ھاكىمىيەت، خۇددى پارىژدا گۇمران قىلىنغىنىدەك، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا گۇمران قىلىنىشى كېرەك.

گۇڭشې دەسلىۋىدىلا ئېتىراپ قىلىشى لازىم ئىدىكى، ئىشچىلار سىنىپى ھوكۇمرانلىقىقا ئىگە بولغاندا، باشقۇرۇشنى كونا دولەت ماشىنىسىدىن داۋاملىق پايدىلىنىش يولى بىلەن ئېلىپ بارالمايدۇ؛ ئىشچىلار سىنىپى ئەمدىلا قولغا كەلتۈرگەن ھوكۇمرانلىقىدىن مەھرۇم بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، بارلىق كونا، ئۆزىگە قارشى تۇرۇشتا ئىزچىل پايدىلىنىلىپ كەلگەن ئەزگۈچى ماشىنىنى يوقىتىشى لازىم، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ بارلىق ۋەكىللىرى ۋە ئەمەلدارلىرىنى قىلچە مۇستەسناسىز ھالدا خالىغان ۋاقىتتا ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى جاكالاش يولى بىلەن ئۆزلىرىنى ئۇلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى كاپالەتلەندۈرۈشى لازىم. بۇنىڭدىن بۇرۇن دولەتنىڭ خۇسۇسىيىتى نىمە بولۇپ كەلدى؟ جەمىيەت دەسلەپتە ئاددى ئىش تەقسىماتى ئۇسۇلى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن بەزى ئالاھىدە ئورگانلارنى قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغداپ كەلگەن ئىدى. لېكىن، كېيىن بۇ ئورگانلار بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى بولغان دولەت ھاكىمىيىتى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتىنى دەپ، جەمىيەتنىڭ خادىمىدىن جەمىيەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. بۇنداق ئەھۋالنى، مەسىلەن، ۋارىسلىق قىلىنىدىغان پادىشالىقتىلا كۆرۈش مۇمكىن بولۇپ قالماستىن، بەلكى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتتىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. دەل ئامېرىكىدا «سىياسىچىلار» دولەت پۇخرالىرى ئىچىدە باشقا ھەرقانداق جايدىكىدىنمۇ ئېغىر ھالدا ئالاھىدە ۋە

ھوقۇق ـ كۈچـكە ئىگە بىر قىسـمىنى تەشـكىل قىلىدۇ. ئۇ يەردە، نوۋەت بىلەن ھاكىـمىيەت يۈرگۈزىدىـغان ئىككى چوڭ پارتىيىنىڭ ئىككىلىسىنى ئەنە شۇنداق بىر قىسىم كىشىلەر چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان، بۇ كىشىلەر سىياسىنى كىرىمى كوپ تىجارەتكە ئايلاندۇرۇۋالـغان، ئۇلار قوشما شىتاتـلار گـوخـۇيـىدىـكى ۋە ھەرقايـسى شىـتاتـلار يـىخۇيـىدىكى ئورۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ ھايانكەشلىك قىلىپ پايدا ئالـىدۇ، ياكى ئۆز پارتىيىلىرى ئۈچۈن تەرغىباتچىلىق قىلىپ جان باقـىدۇ، ئۆز پارتىيىـلىرى غەلىبە قىلغاندىن كېـيىن بولسا، ھەق سۈپىتىدە بەلـگىلىك مەنسەپـكە ئېرىشـىدۇ. ھەممىـگە مەلۇمـكى، ئامېرىكىلىقلار يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان ھەر خىل چارە ـ تەدبىرلەرنى قولـلىنىپ، بۇنداق چىدىـغۇسىز سىرتماقتىن قۇتۇلماقـچى بولدى، گەرچە شۇنـداق قىلغان بولـسىمۇ، ئۇلار يەنىلا خىيانەتـچىلىك ـ چىرىكلىك پاتقىقىغا بارغانسىرى چوڭـقۇر پاتماقـتا. ئامېرىكـىدىن ئىبارەت بۇ مىسالـنىڭ ئۆزىـدىن دەسلەپـتە پەقەت جەمىيەتـنىڭ قورالى بولۇشـقا تېـگىشـلىك دولەت ھـاكىمىيىتـىنىڭ قانـداقسىگە جەمىيەتتىن تەدرىجى ئايرىلىپ مۇسـتەقىل بولۇپ قالغانلىقىنى ئەڭ روشەن كورگىلى بولىدۇ. ئۇ يەردە سۇلالىلەر يوق، ئاقسـوڭەكلەر يوق، ھىنـدىئانـلارنى پايـلاپ يۈرىـدىغان كىچىككىـنە بىر توپ ئەسكەرلەردىن باشقا، دائىمى ئارمىيىمۇ يوق، مۇقىم مەنسۆۋى بار ۋە يىلـلىق مۇئاش ئېلىش ھوقۇقىـغا ئىـگە گۇەنـلياۋلارمۇ يوق. لېكىن، ئۇ يەردە ئىكـكى چوڭ سىياسى پۇرسەتپەرەسلەر گۇرۇھى بارلىـقىنى كورىـمىز، ئۇلار ھـاكىمىيەتـنى نوۋەت بىلەن تۇتىدۇ، بۇ ھاكىمىيەتنى ئەڭ يىرگىنىشـلىك ۋاسـتىلەرنى قولـلىنىپ، ئەڭ رەزىل مەقـسەتـلەر ئۈچۈن ئىشـلىتىدۇ، دولەت پۇخرالىرى بولسا

بۇ ئىككى چوڭ سىياسەتۋازلار گۇرۇھىغا تاقابىل تۇرۇشقا قادىر ئەمەس، بۇ كىشىلەر كورۇنۇشتە دولەت پۇخرالىرى ئۇچۇن خىزمەت قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا دولەت پۇخرالىرى ئۇستىدىن ھوكۇمرانلىق قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدۇ.

دولەتنىڭ ۋە دولەت ئورگانلىرىنىڭ جەمىيەتنىڭ خادىمىدىن جەمىيەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۇچۇن — ھازىرغىچە بولغان بارلىق دولەتلەردە بۇنداق ھادىسىدىن ساقلانغىلى بولمىدى، — گوكشىپ ئىككى توغرا چارىنى قوللانغان. بىرىنچىدىن، ئۇ مەمۇرىيەت، ئەدلىيە ۋە خەلق مائارىپى جەھەتلەردىكى بارلىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئومۇمى سايلام ئارقىلىق سايلاپ چىقىلغان كىشىلەرنىڭ ئۇستىگە ئېلىشىغا ئوتكۇزۇپ بەرگەن، بەلكى سايلىغۇچىلارنىڭ سايلانغۇچىلارنى خالىغان ۋاقىتتا ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغانلىغىنى بەلگىلىگەن. ئىككىنچىدىن، ئۇ بارلىق ھوكۇمەت خىزمەتچىلىرىگە، ئورنىنىڭ يۇقۇرى ـ تۇۋەن بولۇشىدىن قەتئى نەزەر، پەقەت باشقا ئىشچىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىش ھەققى بەرگەن. گوكشىدىن بېرىلگەن ئەڭ يۇقۇرى مۇئاش 6 مىڭ فرانك بولغان. شۇنداق قىلىپ، گوكشى ھەرقايسى ۋاكالەت ئورگانلىرىدىكى ۋەكىللەرگە ئايرىم بەلگىلەنگەن چەكلىك ھوقۇق ۋاكالەتنامىسى بەرمەي تۇرۇپمۇ كىشىلەرنىڭ ئەمەل تېپىش ۋە باي بولۇشقا بېرىلىپ كېتىشىنى ئىشەنچلىك توسالايدىغان بولغان.

كونا دولەت ھاكىمىيىتىنى پارتلىتىش ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى، ھەقىقى دېموكراتىك دولەت ھاكىمىيىتىنى قويۇشتىن ئىبارەت بۇنداق ئەھۋال «ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ ئۇچىنچى بابىدا تەپسىلى بايان قىلىنغان. لېكىن، بۇنداق ئالمىشىشنىڭ بىرنەچچە

خۇسۇسىيىتى ئۇستىدە بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم قىسقىچە توختىلىپ ئوتۇش زورۇر، چۈنكى دەل گېرمانىيىدە دولەتكە خۇراپىلارچە ئىشىنىش پەلسەپىدىن بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەتتا ناھايىتى كوپلىگەن ئىشچىلارنىڭ ئومۇمى ئېڭىغا كوچتى. پەيلاسوپلارنىڭ تەلىماتىغا ئاساسلانغاندا، دولەت «ئىدىيىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى» ياكى پەلسەپە تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا، خۇدانىڭ پانى ئالەمدىكى دۇنياسى بولارمىش، يەنى مەڭگۈلۈك ھەقىقەت ۋە ھەققانىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تايىنىلىدىغان ياكى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تايىنىش لازىم بولغان سورۇنمىش. بۇنىڭدىن دولەتكە ۋە دولەتكە مۇناسىۋەتلىك بارلىق شەيئىلەرگە چوقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ، كىشىلەر كىچىكىدىن تارتىپ، پۈتۈن جەمىيەتنىڭ جامائەت ئىشلىرى ۋە جامائەت مەنپەئەتى پەقەت كونا ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ ۋە قوغدىلىدۇ، يەنى دولەت ۋە ئۇنىڭ دارامىتى ناھايىتى كوپ ئەمەلدارلىرى ئارقىلىق بىر تەردپ قىلىنىدۇ ۋە قوغدىلىدۇ، دىگەن قاراشقا ئادەتلىنىپ قالغانلىقتىن، بۇنداق چوقۇنۇش تېخىمۇ ئاسان يىلتىز تارتىدۇ. كىشىلەر، ئەگەر ۋارىسلىق قىلىنىدىغان پادىشالىق تۈزۈمگە خۇراپىلارچە ئىشىنىشۋەرمەي، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمنى ھىمايە قىلساق، ئىنتايىن دادىللىق بىلەن ئالغا قاراپ بىر قەدەم تاشلىغان بولىمىز، دەپ قارىشىدۇ. ئەمىلىيەتتە، دولەت بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى باستۇرىدىغان ماشىنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇ نۇقتىدا ئۇ دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى شارائىتىدىمۇ پادىشالىق تۈزۈم شارائىتىدىكىدىن قىلچە قېلىشمايدۇ. دولەت — قانچە دىگەن بىلەنمۇ پرولېتارىيات سىنىپى ھوكۇمرانلىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىدە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ۋارىسلىق قىلىپ قالغان

بالايى ـ ئاپەت؛ غەلىبە قىلغان پرولېتارىياتمۇ، خۇددى كوممۇنىغا ئوخشاش، تاكى يېڭى، ئەركىن ئىجتىمائىي شارائىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر ئەۋلات دولەتتىن ئىبارەت بۇ پۈتۈن يارامسىز نەرسىنى تامامەن ئىرغىتىپ تاشلاشقا قادىر بولالىغانغا قەدەر، بۇ بالايى ـ ئاپەتنىڭ ئەڭ يامان تەرەپلىرىنى دەرھال ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە چىقىرىپ تاشلاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

يېقىندىن بۇيان، سوتسىيال ـ دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى چاكىنىلار پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى دىگەن سوزنى ئاڭلىغان هامان يەنە قورقۇپ، ۋاي ئاللا ـ تووا، دەپ ۋايساشماقتا. ئەپەندىلەر، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىگىنى بىلىشنى خالامسىلەر؟ پارىژ كوممۇنىسىغا قاراڭلار. پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى دىگەن ئەنە شۇ.

**ف. ئېنگېلس**

1891 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، پارىژ كوممۇنىسىنىڭ 20 يىللىق خاتىرە كۈنى، لوندون

1890 ــ 1891 ـ يىللاردىكى «يېڭى دەۋر» ژورنىلىنىڭ 28 ـ سانىغا (2 ـ توپلىمىغا) بېسىلغان ۋە ماركسنىڭ 1891 ـ يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش» دىگەن كىتاۋىغا كىرگۈزۈلگەن

# خەلقارا ئىشچىلار جەمئىيىتى باش ۋېيۈەن-خۇيىنىڭ پرۇسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشى توغرىسىدىكى بىرىنچى خىتاپنامىسى[11]

## خەلقارا ئىشچىلار جەمئىيىتىنىڭ ياۋروپا قىتئەسىدىكى ۋە ئامېرىكىدىكى بارلىق ئەزالىرىغا

1864-يىل 11-ئايدىكى «**خەلقارا ئىشچىلار جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش خىتاپنامىسى**»دە بىز مۇنداق دېگەن ئىدۇق: «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىقى ئىشچىلارنىڭ قېرىنداشلارچە ھەمكارلىقىنى تەلەپ قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا، جىنايى مەقسەتنى كۆزلەپ مىللىي بىر تەرەپلىمە قاراشتىن پايدىلىنىدىغان ھەمدە بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشىدا خەلقنىڭ ساپ قېنىنى تۆكىدىغان ۋە خەلقنىڭ بايلىقىنى بۇزۇپ چاچىدىغان ئەنە شۇنداق تاشقى سىياسەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئۇلار بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىنى قانداقمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالىسۇن؟» بىز شۇ چاغدا ئىنتېرناتسىونال تەلەپ قىلغان تاشقى سىياسەتنى مۇنداق سۆزلەر بىلەن بايان قىلغان ئىدۇق: «...... شەخسلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەنە شۇنداق ئاددىي ئەخلاق ۋە ئادالەت مىزانىنى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئەڭ ئالىي مىزانى قىلىشنى تىرىشىپ

ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.»[12]

لۇئى بوناپارت فرانسىيىدىكى سىنىپىي كۈرەشتىن پايدىلىنىپ، ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى ۋە ئۇزلۇكسىز ئېلىپ بارغان تاشقى ئۇرۇشلار ئارقىلىق ئۇز ھوكۇمرانلىقىنى ئۇزارتتى، ئۇنىڭ باشتىلا ئىنتېرناتسىونالنى خەۋپلىك دۇشمەن دەپ قارىغانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. ئومۇمخەلق ئاۋاز بېرىش ھارپىسىدا، ئۇ، ئىنتېرناتسىونال — بىر مەخپىي تەشكىلات، مېنى ئولتۇرۇشكە قەست قىلىۋاتىدۇ، دىگەننى بانا قىلىپ، پارىژ، لىون، رۇئان، مارسېل، برېست ۋە باشقا جايلاردا يەنى فرانسىيىنىڭ ھەممە يېرىدە خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتىنىڭ ھەرقايسى رەھبەرلىك ۋېيىۋەنخۇيلىرىنىڭ ۋېيىۋەنلىرىگە ھۇجۇم قىلدى؛ بۇنداق باننىڭ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك ئىكەنلىكى ئۇزاق ئوتمەي ئوزىنىڭ فاكۇەنلىرى تەرىپىدىن ئېچىپ تاشلاندى[13]. ئىنتېرناتسىونالنىڭ فرانسىيە جىزبۇلىرىنىڭ ھەقىقى جىنايىتى زادى نەدە؟ ئۇلارنىڭ فرانسىيە خەلقىغە، ئومۇمخەلق ئاۋاز بېرىشكە قاتنىشىش ئىچكى مۇستەبىتلىككە ۋە تاشقى ئۇرۇشقا قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرگەنلىك بولىدۇ، دەپ ئاشكارا بەلكى كەسكىن ئېيتقانلىقىدا. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا فرانسىيىنىڭ بارلىق چوڭ شەھەرلىرىدە، بارلىق سانائەت مەركەزلىرىدە ئىشچىلار سىنىپى بىردەك قوزغىلىپ، ئومۇمخەلق ئاۋاز بېرىشكە قارشى تۇردى. بەختكە قارشى، يېزا رايونلىرىنىڭ تولىمۇ نادانلىقى ئۇستۇن كېپكەتتى. ياۋروپادىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ جىاۋىيسولىرى، ھوكۇمەتلىرى، ھوكۇمران سىنىپلىرى ۋە مەتبۇئاتلىرى ئومۇمخەلق ئاۋاز بېرىشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى تەنتەنە قىلدى، ئۇلار بۇنى فرانسىيە

پادىشاسىنىڭ فرانسىيە ئىشچىلار سىنىپى ئۈستىدىن قىلغان شانلىق غەلىبىسى دەپ قارىدى؛ ئەمىلىيەتتە، ئومۇمخەلق ئاۋاز بېرىش مەلۇم بىر شەخسنى ئولتۇرۇشىنىڭ ئەمەس، بەلكى بىرنەچچە مەملىكەت خەلقىنى قىرىشنىڭ سىگنالى ئىدى.

1870 ـ يىل 7 ـ ئايدىكى ھەربىي سۇئىقەست 1851 ـ يىل 12 ـ ئايدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ[14] ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مۇنداقلا قارىماققا، ئىش شۇنچە بىمەنە ئىدىكى، فرانسىيىنىڭ ھەتتا ئۇرۇش خەۋەرلىرىنىڭ چىنلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى. ئۇ بۇجاڭلارنىڭ ئۇرۇشخۇمار سوزلىرىنى پەقەت جياۋيىسولارنىڭ ھىلە ـ نەيرىڭى دەپ قارايدىغان يىخۇي ئەزاسىغلا① ئىشىنىپ كەتتى. 7ـئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاخىر قانۇن چىقىرىش ئومىگىگە ئۇرۇش توغرىسىدىكى خەۋەر رەسمى ئۇقتۇرۇلغان ۋاقىتتا، بارلىق قارشى گۇرۇھ دەسلەپكى خىراجەتنى تەستىقلاشتىن باش تارتتى، ھەتتا تىيېرمۇ ئۇرۇش «تولىمۇ بىزارلىق» بىر ئىش دەپ ئەيىپلىدى؛ پارىژدىكى بارلىق مۇستەقىل گېزىتلەر بۇ ئۇرۇشنى ئەيىپلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنىسى ئەجەپلىنەرلىككى، باشقا ئولكىلەردىكى گېزىتلەرمۇ ئۇلار بىلەن بىردەك دىگۇدەك ھەركەت قوللاندى.

بۇ ۋاقىتتا، ئىنتېرناتسونالنىڭ پارىژدىكى ئەزالىرى يەنە ھەركەت قىلىشقا باشلىدى. 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «ئويغان گېزىتى»دە[15] ئۇلار «پۈتۈن دۇنيادىكى ھەر مىللەت ئىشچىلىرىغا مۇراجىەتنامە» ئېلان قىلدى، ھازىر بىز ئۇنىڭدىن تۈۋەندىكىلەرنى نەقىل كەلتۈرىمىز:

---

① جۇل فافېر. — تەھرىردىن

«ياۋروپانىڭ كۆچ تەگپۈكلۈغىنى ساقلاشنى ۋە مىللى شوھرەتنى قوغداشنى بانا قىلىپ، سىياسى قارا نىيەتلەر يەنە دۇنيا تېچلىقىغا تەھدىت سالماقتا. فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىسپانىيە ئىشچىلىرى! ئاۋازىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇرۇشقا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنىڭ غەزەپ ساداسىغا ئايلاندۇرايلى!...... خوجا بولۇش ھوقۇقىنى تالىشىش ئۇرۇشى ياكى مەلۇم بىر سۇلالىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۇرۇشى، ئىشچىلارنىڭ قارىشىچە، پەقەت جىنايى ئەسكىلىكتىنلا ئىبارەت. بىز تېچلىق، ئەمگەك ۋە ئەركىنلىككە تەشنا. "خۇن بېجى"دىن قۇتۇلۇۋالىدىغان ۋە ئىجتىمائى ئاپەتتىن پايدىلىنىپ يېڭى پۇرسەتپەرەسلىك قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۇرۇشخۇمار چاقىرىقلىرىغا قەتئى قارشى تۇرىمىز!...... گېرمانىيىلىك قېرىنداشلار! بىزنىڭ بىر بىرىمىزنى ئۆچ كۆرۈشىمىز پەقەت مۇستەبىتلىك تۈزۈمنى رېين دەرياسىنىڭ ئىككىلا قىرغىقىدا پۈتۈنلەي غەلىبە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ قويىدۇ...... پۈتۈن دۇنيا ئىشچىلىرى! بىزنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىمىز نوۋەتتە مەيلى قانداق نەتىجە بەرسۇن، بىز دولەت چېگرىسى ئايرىمايدىغان خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتىنىڭ ئەزالىرى بۇزۇلماس ئىتتىپاقىمىزنىڭ كاپالىتى سۈپىتىدە سىلەرگە ھامان فرانسىيە ئىشچىلىرى نامىدىن ياخشى تىلەكلىرىمىزنى بىلدۈرىمىز ۋە سالىمىمىزنى يوللايمىز.»

پارىژ جۇڭبۈيىمىز بۇ خىتاپنامىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا فرانسىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغۇن خىتاپنامىلەرنى ئېلان قىلدى. بىز بۇ يەردە پەقەت سېنا دەرياسى بويىدىكى نېيىئى جۇڭبۈسى ئېلان قىلغان خىتاپنامىنىلا نەقىل كەلتۈرىمىز، ئۇ 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى «مارسېل كۈيى گېزىتى»دە[16] ئېلان قىلىنغان ئىدى، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

«بۇ ئادالەتلىك ئۇرۇشمۇ؟ ياق! بۇ مىللى ئۇرۇشمۇ؟ ياق! بۇ — تامامەن سۇلالىلەر ئۇرۇشى. ئىنسانىيەتچىلىك ئۈچۈن، دېموكراتىيە ئۈچۈن،

فرانسىيىنىڭ ھەقىقى مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىنتېرناتسونالنىڭ ئۇرۇشقا قارشى ئېتىرازىنى تولۇق ۋە قەتئى قۇۋۋەتلەيمىز.»

بۇ ئېتىرازلار فرانسىيە ئىشچىلىرىنىڭ ھەقىقى ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن ئىدى، بۇنى ئۇزاق ئۆتمەيلا قىزىقارلىق بىر ۋەقە ئىسپاتلاپ بەردى. شۇ چاغدا، لۇئى بوناپارت زوڭتوڭ بولغان ۋاقتىدا بىرىنچى قېتىم توپلانغان **10-دىكابىر باسمىچىلىرىغا** ئىشچىلار كىيىمىنى كىيگۈزۈپ، ئۇلارنى پارىژ كوچىلىرىغا چىقىرىپ ئۇرۇش تەلۋىلىكى① ئويۇنىنى ئويناتقۇزدى[17]، شەھەر ئەتراپىدىكى ھەقىقى ئىشچىلار بولسا دەرھال قوزغىلىپ، تېچلىقنى ھىمايە قىلىش يۈزىسىدىن داغدۇغىلىق نامايىش ئۆتكۈزدى، نەتىجىدە ساقچى ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى پېيتىرى، سادىق پارىژ خەلقى ئۇزاق ۋاقىت يوشۇرۇنۇپ ياتقان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى تولۇق ئىپادىلىۋال-دى، پۈتمەس-تۈگىمەس ئۇرۇش قىزغىنلىقىنى تازا كۆرسىتىۋالدى، دېگەن بانا بىلەن، بۇنىڭدىن كېيىن كوچىلاردا ھەرقانداق نامايىش ئۆتكۈزۈش پۈتۈنلەي مەنئى قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

لۇئى بوناپارت بىلەن پرۇسسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئى نەزەر، ئىككىنچى دېگونىڭ ئۆلۈم سىگنالى پارىژدا چېلىندى. ئىككىنچى دېگونىڭ ئاقىۋىتىمۇ، خۇددى ئۇنىڭ باشلىنىشىغا ئوخشاش، بىچارىلەرچە بىر دورامچىلىق ئويۇنىلا بولىدۇ. لېكىن، شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، دەل

① 1891-يىلىدىكى نېمىسچە نەشرىدە «ھىندىيانلارنىڭ جەڭ ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇرۇش تەلۋىلىكىنى قوزغاش» دېيىلگەن. — تەرجىماندىن

ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ۋە ھۆكۈمران سىنىپلىرى لۇئى بوناپارتقا **دىگونى تىرىلدۈرىدىغان** دەھشەتلىك كومېدىيىلەرنى 18 يىل ئوينىتقۇزدى.

گېرمانىيە تەرەپتىن ئېيتقاندا، بۇ ئۇرۇش — مۇداپىيە خاراكتېرلىق ئۇرۇش. لېكىن، زادى كىم گېرمانىيىنى مۇداپىيەلەنمىسە بولمايدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى؟ كىم لۇئى بوناپارتنىڭ گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشىغا ئىمكانىيەت بەردى؟ دەل شۇ **پرۇسسىيە**! لۇئى بوناپارت بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ، پرۇسسىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك قارشى گۇرۇھلارنى بىتچىت قىلماقچى بولغان ۋە خوخېنزوللېرن سۇلالىسىنى گېرمانىيىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان دەل شۇ بىسمارك. ئەگەر سادوۋا جەڭىسى[18] غەلىبە قىلماي مەغلۇپ بولغان بولسا، ئۇ ھالدا، فرانسىيە ئارمىيىسى پرۇسسىيىنىڭ ئىتتىپاقچىسى سالاھىيىتى بىلەن گېرمانىيىنى دەپسەندە قىلغان بولاتتى. پرۇسسىيە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئەركىن گېرمانىيىنى قۇل قىلىنغان فرانسىيىگە قارشى قويۇشنى بىر دەم-يېرىم دەممۇ ئويلىغانمىدى؟ دەل بۇنىڭ ئەكسى! ئۇ ئۆزىنىڭ كونا تۈزۈمىنىڭ ئەزەلدىن بار ھەممە ئېسىل يەرلىرىنى ناھايىتى ئىخلاس بىلەن ساقلاپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۇنىڭغا ئىككىنچى دىگونىڭ ھەممە قۇۋلۇق-شۇملۇق نەيرەڭلىرىنى — ئۇنىڭ ئەمەلىي مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنى ۋە ساختا دېموكراتىيە روھىنى، ئۇنىڭ سىياسىي ئالدامچىلىق ئويۇنى ۋە مالىيە ئالدامچىلىقى ھىلىسىنى، ئۇنىڭ چىرايلىق سۆز-ئىبارىلىرى ۋە ئەڭ پەسكەش ساختىپەزلىك قىلىقلىرىنى قوشۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، بۇرۇن پەقەت رېين دەرياسىنىڭ بىر قىرغىقىدىلا ئەۋج ئالغان بوناپارت

تۈزۈمى ھازىر ئۇنىڭ يەنە بىر قىرغىنىدىمۇ ئوخشاشلا ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. بۇنداق ئەھۋالدا **ئۇرۇش** بولۇشتىن باشقا يەنە نىمنى كۈتۈش مۇمكىن؟

ئەگەر گېرمانىيە ئىشچىلار سىنىپى نوۋەتتىكى بۇ ئۇرۇشنىڭ ساپ مۇداپىئەلىك خاراكتېرىنى يوقىتىپ فرانسىيە خەلقىغە قارشى ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كېتىشىگە يول قويىدىكەن، ئۇ ھالدا، بۇ ئۇرۇش مەيلى غەلىبە قىلسۇن، ياكى مەغلۇپ بولسۇن، ئوخشاشلا ئېغىر ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. گېرمانىيە ئۆزىنىڭ ئاتالمىش ئازاتلىق ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇچرىغان بارلىق بەختسىزلىكلەر يەنە تېخىمۇ دەھشەتلىك تۈردە ئۇنىڭ بېشىغا كېلىدۇ.

بىراق، ئىنتېرناتسىونالنىڭ پىرىنسىپلىرى گېرمانىيە ئىشچىلار سىنىپى ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالدى ھەم ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتتى، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ، ئەنە شۇنداق پاجىئەلىك ئاقىۋەت كېلىپ چىقارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىشىمىزغا ھاجەت قالمىدى. فرانسىيە ئىشچىلىرىنىڭ ئاۋازى گېرمانىيىدە ئەكس ئەتتى. 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى برانشۋىكتە ئۆتكۈزۈلگەن داغدۇغىلىق ئىشچىلار يىغىنى پارىژ خىتاپنامىسىنى تولۇق قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى، فرانسىيىگە مىللى ئۆچمەنلىك پوزىتسىيە تۇتىدىغان ھەرقانداق ئىدىيىنى قەتئىي رەت قىلىدىغانلىقىنى جاكالىدى ھەمدە بىر قارار ماقۇللىدى، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«بىز بارلىق ئۇرۇشقا قارشى تۇرىمىز، بولۇپمۇ سۇلالىلەر ئۇرۇشىغا قارشى تۇرىمىز...... خالى بولغىلى بولمىغان، يامان ئىش بولغان بۇ مۇداپىئە ئۇرۇشىغا قاتنىشىشقا مەجبۇر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بەكمۇ ئېچىنىمىز،

لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز گېرمانىيىدىكى پۈتۈن ئىشچىلار سىنىپىنى ئامال قىلىپ بۇنداق ئېغىر ئىجتىمائى ئاپەتنىڭ تەكرارلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا، ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ خەلقىنى ئۇرۇش ۋە تېچلىق مەسىلىلىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشقا، بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ خەلقىنى ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنى قىلىشقا چاقىرىمىز.»

50 مىڭ ساكسونىيە ئىشچىسى نامىدىن كېمنىتستا چاقىرىلغان قۇرۇلتاي توۋەندىكى قارارنى بىر ئېغىزدىن ماقۇللىدى:

«بىز گېرمانىيە دېموكراتلىرى نامىدىن بولۇپمۇ سوتسىيال-دېموكراتلار پارتىيىسىگە قاتناشقان ئىشچىلار نامىدىن جاكالايمىزكى، ئالدىمىزدىكى بۇ ئۇرۇش پۈتۈنلەي سۇلالىلەر ئۇرۇشى...... بىز فرانسىيە ئىشچىلىرىنىڭ بىزگە سۇنغان قېرىنداشلىق قولىنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قىسىمىز...... بىز خەلقارا ئىشچىلار جەمئىيىتىنىڭ ”پۈتۈن دۇنيا پۇرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار!“ دېگەن شوئارىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتىمىز، دۇنيادىكى ھەرقايسى مەملىكەت ئىشچىلىرىنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ دوستىمىز ئىكەنلىكىنى، دۇنيادىكى ھەرقايسى مەملىكەت مۇستەبىت پادىشالىرىنىڭ ھەممىسى بولسا بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز.»19

ئىنتېرناتسىونالنىڭ بېرلىن جىژبۇسىمۇ پارىژ خىتاپنامىسىگە جاۋابەن مۇنداق دېدى:

«بىز سىلەرنىڭ ئېتىرازىڭلارنى جان-دىلىمىز بىلەن قوللايمىز...... بىز تەنتەنىلىك ھالدا قەسەم بېرىمىزكى، مەيلى ھەربى كاناي ئاۋازى ياكى زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلىشى بولسۇن، مەيلى غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەت بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنى پۈتۈن دۇنيا ئىشچىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت ئورتاق ئىشىمىزدىن ئايرىۋېتەلمەيدۇ.»

شۇنداق بولۇشقىلا تىلەكداشمىز!

بۇ ئۆز ئۆزىنى قىرىش خاراكتېرىدىكى كۈرەشنىڭ ئارقىسىدا روسىيىنىڭ سۇرلۇك ئوبرازى كورۇنمەكتە. بۇنىڭ يامان ئالامىتى شۇكى، بۇگۇنكى بۇ ئۇرۇشنىڭ سىگنالى دەل روسىيە ھوكۇمىتى ئۆزى ئۇچۇن زور جەنلۇبىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە تومۇريول قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ بولغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە پرۇت دەرياسى تەرەپكە ئۆز ئارمىيىسىنى توپلاپ بولغان پەيتتە بېرىلدى. گەرچە نېمىلار بوناپارتىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى مۇداپىە ئۇرۇشىدا ھېداشلىقتا ئېرىشىشكە تولۇق ئۇمىت باغلىيالىسىمۇ، لېكىن ئۇلار پرۇسسىيە ھوكۇمىتىنىڭ كازاكلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىشىغا ياكى بۇنداق ياردەمنى قوبۇل قىلىشىغا يول قويىدىغانلا بولسا، بۇنداق ھېداشلىقتىن دەرھال مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار گېرمانىيىنىڭ ناپولېون I گە قارشى ئېلىپ بارغان ئازاتلىق ئۇرۇشىدىن كېيىن نەچچە ئون يىل ئىچىدە چار پادىشانىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ كەلگەنلىكىنى ئېسىدە تۇتۇشى كېرەك.

ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپى فرانسىيە ئىشچىلىرى بىلەن گېرمانىيە ئىشچىلىرىغا دوستلۇق قولىنى سۇندى. ئۇلار، نۆۋەتتىكى بۇ يىرگىنىشلىك ئۇرۇش قانداق ئاياقلاشمىسۇن، پۈتۈن دۇنيا ئىشچىلىرىنىڭ بىرلىشىشى ئاخىر بارلىق ئۇرۇشلارنى تۈپ تومۇرىدىن يوقىتىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. ھوكۇمەت تەرەپ فرانسىيىسى بىلەن ھوكۇمەت تەرەپ گېرمانىيىسى ئۇرۇق-تۇققانلار بىر بىرىنى قىرىدىغان كۈرەشنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، فرانسىيە ئىشچىلىرى بىلەن گېرمانىيە ئىشچىلىرى بولسا ئۆزئارا تىنچلىق ۋە دوستلۇق خەۋەرلىرى ئەۋەتىشمەكتە. تارىختا مىسلى كورۇلمىگەن مۇشۇ ئۇلۇق پاكىتلا كىشىلەرنى تېخىمۇ پارلاق كەلگۈسىگە نەزەر

سالغۇزىدۇ. بۇ پاكىت شۇنى كورسىتىدۇكى، ئىقتىسادىي جەھەتتە نامرات ۋە سىياسى جەھەتتە خۇنۇك كونا جەمىيەتكە قارىمۇ - قارشى يېڭى جەمىيەت دۇنياغا كېلىۋاتىدۇ، بەلكى بۇ يېڭى جەمىيەتنىڭ خەلقارا پىرىنسىپى **تېچلىق** بولىدۇ، چۈنكى ھەر بىر مىللەتتە ئوخشاش بىر ھوكۇمرانلىق قىلغۇچى بولىدۇ، ئۇ — **ئەمگەك!**

بۇ يېڭى جەمىيەتنىڭ خەۋەرچىسى — خەلقارا ئىشچىلار جەمىيتى.

* * *

باش ۋېيىۋەنخۇي:

| | |
|---|---|
| **روبېرت ئاپپلېگاس** | **جورژى مىلنېر** |
| **مارتىن. ج. بۇن** | **توماس موتتېرسخېد** |
| **فرىدرىك برېدنىك** | **چارىس مۇررى** |
| **كوۋېل ستېپنى** | **جورژى ئودجېر** |
| **جون ھېلېس** | **جامېس پارنېل** |
| **ۋىليام ھېلېس** | **پۇفېندېر** |
| **جورژى ھاررىس** | **رۇل** |
| **فرىدرىخ لېسنېر** | **جوسېف شېفېرد** |
| **لېگرۇلىي** | **ستولل** |
| **ۋ. لىنتېرن** | **شەۋتىس** |
| **مورىس زېۋى** | **ۋ. تاۋسېن** |

ئاخبارات شۇجىلرى:

**ئوژېن دۇپون**................فرانسىيە
**كارل ماركس**............گېرمانىيە

ئا. سېررايې..............بېلگىيە، گوللاندىيە ۋە ئىسپانىيە

**هېرمان يۇنگ**..............شۋېيتسارىيە

**جوۋاننى بورا**............ئىتالىيە

**ئانتونى زابىسكى**..........پولشا

**جامېس كوهېن**.............دانىيە

**ج. گ. ئېككارىۇس**......ئامېرىكا

---

ئىجرائىيە جۇشىسى **بېنجامىن لۇكرافت**

مالىيە ۋېيىۇەنى **جون ۋېستون**

زۇڭشۇجى **ئىيوخان گېورگ ئېككارىۇس**

1870 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، لوندون غەربىي مەركىزىي رايونى هاي ـ هولبورن كوچىسى 256 ـ قورو

ك. ماركس تەرىپىدىن 1870 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ 23 ـ كۈنلىرى يېزىلغان 1870 ـ يىل 7 ـ ئايدا چۈەندەن شەكىلدە ئىنگلىزچە بېسىلغان، 1870 ـ يىل 8 ـ 9 ـ ئايلاردا يەنە نېمىسچە، فرانسۇزچە ۋە رۇسچە چۈەندەن قىلىپ بېسىلغان ھەم ژورنالدا ئېلان قىلىنغان

# خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتى باش ۋېيۈەن- خۈيىنىڭ پرۇسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشى توغرىسىدىكى ئىككىنچى خىتاپنامىسى[20]

## خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتىنىڭ ياۋروپا قىتئەسىدىكى ۋە ئامېرىكىدىكى بارلىق ئەزالىرىغا

بىز 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئېلان قىلغان بىرىنچى خىتاپنامىمىزدە مۇنداق دىگەن ئىدۇق:

«ئىككىنچى دىگونىڭ ئۆلۈم سىگنالى پارىژدا چېلىندى. ئىككىنچى دىگونىڭ ئاقىۋىتىمۇ، خۇددى ئۇنىڭ باشلىنىشىغا ئوخشاش، بىچارىلەرچە بىر دورامچىلىق ئويۇنىلا بولىدۇ. لېكىن، شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، دەل ياۋروپادىكى ھەرقايسى دولەتلەرنىڭ ھوكۇمەتلىرى ۋە ھوكۇمران سىنىپلىرى لۇئى بوناپارتقا **دىگونى تىرىلدۇرىدىغان** دەھشەتلىك كومىدىيىلەرنى 18 يىل ئويناتقۇزدى.»①

شۇنداق قىلىپ، ھەربىي ھەركەتلەر باشلىنىشتىن بۇرۇن، بىز بوناپارتىزىمنىڭ سوپۇن كوپۇكلىرىنى ئۆتكەن ئىش دەپ قارىغان ئىدۇق.

---

① مۇشۇ كىتاپنىڭ 31—32- بەتلىرىگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

بىزنىڭ ئىككىنچى دىگونىڭ ھاياتي كۆچىگە بولغان قارىشىمىز خاتا بولمىدى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، گېرمانىيە تەرەپتىن ئېيتقاندا «ئۇرۇشنىڭ ساپ مۇداپىەلىك خاراكتىرىنى يوقىتىپ فرانسىيە خەلقىغە قارشى ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كېتىشى»①دىن ئەنسىرىگەنلىگىمىزمۇ خاتا بولمىدى. مۇداپىە ئۇرۇشى ھەقىقەتەنمۇ لۇئى بوناپارتىنىڭ تەسلىم بولۇشى، سېدانىنىڭ قولدىن كېتىشى ۋە پارىژدا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىغىنىڭ جاكالىنىشى بىلەن ئاياقلاشتى. لېكىن بۇ ۋەقەلەر توغۇلۇشتىن خېلى بۇرۇنلا، بوناپارت ئارمىيىسىنىڭ ئۈچىغا چىققان چىرىكلىك ئەھۋالى پۈتۈنلەي ئاشكارىلانغان ۋاقىتتا، پرۇسسىيىنىڭ ھاكىمىيەتىنى تۇتۇپ تۇرغان ھەربى ساتقىنلار گۇرۇھى بۇلاڭچىلىق قىلىشنى قارار قىلغان ئىدى. دەرۋەقە، ئەينى ۋاقىتتا، **پادىشا ۋىلگېلمىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇرۇش باشلانغان چاغدا ئېلان قىلغان باياناتى** بۇ جەھەتتە راسا زېرىكەرلىك بىر توسالغۇ بولدى. ۋىلگېلم شىمالي گېرمانىيە لىيەنباڭ گوخۇيىدا ئېلان قىلغان تەخت نۇتقىدا ئۆزىنىڭ فرانسىيە خەلقى بىلەن ئەمەس، فرانسىيە پادىشاسى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلىغىنى تەنتەنە بىلەن جاكالىغان ئىدى. 8-ئاينىڭ 11-كۈنى ئۇ فرانسۇز مىللىتىگە مۇراجىەتنامە چىقاردى، ئۇنىڭدا مۇنداق دىگەن ئىدى②:

① مۇشۇ كىتاپنىڭ 33-بېتىگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

② ماركس تەرجىمە قىلغان ۋە 1870-يىلى كىتاپچە قىلىپ بېسىلغان نېمىسچىسىدا بۇ بىر جۇملە سوز ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى نەقىل ئېلىپ تاشلانغان، نەقىلدىن كېيىن تاكى «ئۇلار ...... دەرھال بىشارەت بەردى» دىگەن ئابزاسقىچە بولغان سوزلەرمۇ قىسقارتىپ ئېلىنغان. — تەھرىردىن

> «پادىشا ناپولېون فرانسىيە خەلقى بىلەن تېچلىقتا بىللە تۇرۇشنى بۇرۇنمۇ خالىغان، هازىرمۇ خالايدىغان نېمىس مىللىتىگە قۇرۇقلۇقتىن ۋە دېڭىزدىن هۇجۇم قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ هۇجۇمنى چېكىندۇرۇش ئۈچۈنلا گېرمانىيە ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالغان ئىدىم، هالبۇكى، ئۇرۇش ۋەقەلىرىنىڭ بېرىشى مېنى فرانسىيە چېگرىسىدىن ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلدى.»

ۋىلگېلم ئۇرۇشنىڭ مۇداپىئەلىك خاراكتېرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن گېرمانىيە ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى **«هۇجۇمنى چېكىندۇرۇش ئۈچۈن»**لا دەپ قالماستىن، بەلكى «ئۇرۇش ۋەقەلىرىنىڭ بېرىشى»لا ئۆزىنى فرانسىيە چېگرىسىدىن ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلغانلىقىنىمۇ قوشۇپ قويدى. تەبىئىكى، مۇداپىئە ئۇرۇشى «ئۇرۇش ۋەقەلىرىنىڭ بېرىشى» تەلەپ قىلغان هۇجۇم هەرىكەتلىرىنى قوللىنىشنى چەتكە قاقمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ تەقۋادار پادىشا ئۆزى ئېلىپ بارىدىغان ئۇرۇشنىڭ ساپ مۇداپىئەلىك خاراكتېردا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا فرانسىيىگە ۋە پۈتۈن دۇنياغا ۋەدە بەردى. ئۇنى قانداق قىلغاندا بۇ تەنتەنىلىك ۋەدىنىڭ چەكلىمىسىدىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇ ئويۇنغا داۋىيەنلىك قىلغۇچىلار ئىشنى مۇنداق قىلىپ كۆرسىتىشكە يەنى ۋىلگېلمنى نېمىس مىللىتىنىڭ رەت قىلىپ بولمايدىغان تەلەپلىرىگە ئىختىيارسىز بويسۇنغاندەك قىلىپ كۆرسىتىشكە مەجبۇر ئىدى. ئۇلار گېرمانىيىنىڭ ئەركىن بۇرژۇئازىيىسىگە ۋە ئۇنىڭ جىياۋشۇلىرى بىلەن كاپىتالىستلىرىغا، شەهەرلىك يىخۇي ئەزالىرى بىلەن مۇخبىرلىرىغا دەرهال بىشارەت بەردى. 1846 — 1870 - يىل-لاردىكى گۇڭمىنلىق ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش كۆرۈشىدە

مىلىسىز ئارسالدىلىغى، قابىلىيەتسىزلىكى ۋە قورقۇنچاقلىغىنى ئىپادىلىگەن بۇ بۇرژۇئازىيە ياۋروپا سەھنىسىدە دەھشەتلىك ھوكۇرەپ تۇرغان گېرمانىيە ۋەتەنپەرۋەر شىرى رولىنى ئېلىپ چىقىدىغانلىغىغا كوزى يەتكەندە، ئەلۋەتتە، خوشاللىغىدىن گۈلقە- قەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ. ئۇ گۇگىمىنىلارنىڭ مۇستەقىللىغى دىگەن نىقاپىقا ئورىنىۋېلىپ، گويا پرۇسسىيە ھوكۇمىتىنى ئوزىنىڭ مەخپى پىلانىنى ئىجرا قىلىشقا قىستاۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغان ئىدى. ئۇ، لۇئى بوناپارتىتا قىلچىمۇ گۇنا يوق، دەپ ئۇنىڭغا ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ۋە تەقۋادارلارچە ئىشىنىپ كەلگەنلىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ چۇقان كوتىرىپ، فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنى پارچە-پارچە قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ۋەتەنپەرۋەر باتۇرلارنىڭ كەلتۇرگەن چىرايلىق دەلىللىرىنى ئازراق ئاڭلاپ باقايلى.

ئۇلار، ئالساس ۋە لورىېن ئاھالىسى گېرمانىيىنىڭ قوينىغا كىرىشكە ئىنتىزار، دەپ ھوكۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. بۇ ئاھالىنىڭ فرانسىيىگە بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىغا بەرھەم بېرىش ئۇچۇن، «گېرمانىيە» پارتلاتقۇچ بومبىلىرى ستىراسبۇرگ (ئوز ئالدىغا ئىگىز سېپىلى بار شەھەر)نى 6 كۇنگىچە ۋەھشىلىك بىلەن كەلسە-كەلمەس بومباردىمان قىلدى، شەھەرنى كويدۇرۇپ ۋەيران قىلدى، نۇرغۇن قۇرۇق قول ئاھالىنى قىردى! ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلدۇ-دە! بۇ ئىككى ئولكىنىڭ زىمىنى بىر چاغلاردا ئاللىقاچان ئومرى تۇگەپ بارار يېرىگە بېرىپ بولغان گېرمان دىگوسىغا تەۋە ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن، بۇ زىمىنى ئۇنىڭ بارلىق ئاھالىسى بىلەن بىللە ئەزەلدىن گېرمانىيىگە تەۋە

مال ـ مۇلۇك قاناردا مۇسادىرە قىلىشقا تېگىشلىك بولسا كېرەك. ئەگەر ئاسارە ـ ئەتىقەۋازلارنىڭ خىيالى بويىچە بۇرۇنقى ياۋروپانىڭ خەرىتىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، براندېنبۇرگ كىنەزنىنىڭ بىر چاغلاردا پرۇسسىيە لىگىجۇسى سالاھىيىتى بىلەن پولشا جۇمھۇرىيىتىنىڭ فەنچېنى بولغانلىقىنى[21] ھەرگىز ئۇنتۇماسلىق كېرەك.

لېكىن، خېلىلا زىرەك ۋەتەنپەرۋەرلەر ئالساس ۋە لوررېن نېمىس تىلى رايونىنى فرانسىيىنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلىنىشنىڭ «ماددى كاپالىتى» دەپ تەلەپ قىلىشتى. بۇنداق رەزىل سوزلەر نۇرغۇن كالتا پەم كىشلەرنى گاڭگىرىتىپ قويغانلىقى ئۇچۇن، بۇ نۇقتىدا تەپسىلىرەك توختىلىپ ئوتۇش مەسئۇلىيىتىمىز بار، دەپ قارايمىز.

شەك ـ شۇبھىسىزكى، ئالساسنىڭ ئومۇمى يەر تۈزۈلۈشى (رېين دەرياسىنىڭ ئۇ قىرغىقىغا سېلىشتۇرغاندا)، ئۇنىڭ ئۇستىگە ستراسبۇرگدەك بۇنداق بىر چوڭ قەلئەنىڭ باسېلدىن گېرمېرسھېمگە كەتكەن يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا دىگۇدەك جايلاشقانلىقى فرانسىيىنىڭ جەنۇبىي گېرمانىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشنى ئىنتايىن ئاسانلاشتۇرىدۇ، جەنۇبىي گېرمانىيىدىن فرانسىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشنى بولسا بەكمۇ قىيىنلاشتۇرىدۇ. يەنە شۇبھىسىزكى، ئالساس ۋە لوررېن نېمىس تىلى رايونىنىڭ گېرمانىيىگە قوشۇۋېلىنىشى جەنۇبىي گېرمانىيىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى زور دەرىجىدە مۇستەھكەملەيدۇ، چۈنكى، ئۇ ۋاقىتتا جەنۇبىي گېرمانىيە پۈتۈن ۋوژې تاغ تىزمىسىنى ۋە شىمالىي ئېغىزنىڭ توسۇغى بولغان قورغانلارنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالالايدۇ. ئەگەر مېتسمۇ قوشۇۋې-

لىنىدىغان بولسا، ئۇ هالدا، فرانسىيە گېرمانىيىگە هۇجۇم قىلىدىغان موھىم ئىككى ئۇرۇش جىدىسىدىن دەرھال مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ نانسى ياكى ۋېردۇندا يېڭى جىدى قۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. گېرمانىيىنىڭ مەخسۇس فرانسىيىگىلا تاقابىل تۇرىدىغان كوبلېنتس، ماينىس، گېرمېرسھېم، راشتات ۋە ئۇلم قاتارلىق ئۇرۇش جىدىلىرى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا بۇ جىدىلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلاندى. گېرمانىيە بۇ تەرەپتە موھىم ئىككى قورۇلىلا يەنى مېتس ۋە ستراسبۇرگ قورۇلىلا بولغان فرانسىيىگە ئىچى تارلىق قىلىشقا قىلچە ھەقلىقمۇ؟ بۇنىڭدىن باشقا، ستراسبۇرگ پەقەت جەنۇبىي گېرمانىيە بىلەن شىمالىي گېرمانىيە ئايرىلىپ كەتكەن ۋاقىتتىلا جەنۇبىي گېرمانىيىگە تەھدىت سالالايدۇ. 1792 ـ يىلىدىن 1795 ـ يىلىغىچە جەنۇبىي گېرمانىيە بۇ تەرەپتىن بىر قېتىممۇ تاجاۋۇزغا ئۇچراپ باقمىغان، چۈنكى پرۇسسىيە ئۇ ۋاقىتتا فرانسىيە ئىنقىلاۋىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىدى؛ لېكىن، پرۇسسىيە 1795 ـ يىلى تەنھا سۈلھى شەرتنامىسى تۈزۈپ[22]، جەنۇپنى ئېتىۋارسىز تاشلاپ قويغان چاغدىلا، جەنۇبىي گېرمانىيە ستراسبۇرگ ئۇرۇش جىدىسى قىلىنغان تاجاۋۇزغا ئۇچراشقا باشلىدى ھەمدە بۇ 1809 ـ يىلغىچە داۋام قىلدى. ئەمىلىيەتتە، **بىرلىككە كەلگەن** گېرمانىيە، خۇددى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قىلغىنىغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ ھەممە ئارمىيىسىنى سارلۇئى بىلەن لەندو ئوتتۇرىسىغا توپلىسا ۋە ماينىستىن مېتسقىچە بولغان يولنى بويلاپ كەتكەن سەپ بويىچە ھۇجۇم قىلسا، ياكى تاقابىل تۇرسا، ئۇ ھالدا، ھەرقانداق ۋاقىتتا ستراسبۇرگنى ۋە ئالساستا تۇرغان فرانسىيىنىڭ ھەرقانداق ئارمىيىسىنى زادىلا زىيان

سالالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇ يەردە تۇرىۋېرىدىغانلا بولسا، ئۇ ھالدا، ستراسبۇرگدىن جەنۇبىي گېرمانىيىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن ھەرقانداق فرانسىيە ئارمىيىسى ئۈچۈن قورشاۋدا قېلىش ۋە قاتناش يولى ئۈزۈلۈپ قېلىش خەۋپى بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر، يېقىنقى بۇ جەنيى بىرەر نەرسىنى ئىسپاتلىدى، دېيىلسە، ئۇ گېرمانىيىدىن فرانسىيىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىشنىڭ ئوڭايراق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولىدۇ.

لېكىن، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ھەربىي جەھەتتىكى مۇھاكىمىنى دولەت چېگرىسىنى بەلگىلەشنىڭ پرىنسىپى قىلىش پۈتۈنلەي بىمەنىلىك ۋە دەۋر خاتالىقى بولمامدۇ؟ ئەگەر بۇ قائىدە بويىچە ئىش كۆرۈلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئاۋسترىيە ۋېنتسىيىنى ۋە مىچيو دەرياسى بويىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلسىمۇ بولىدۇ؛ فرانسىيە بولسا پارىژنى قوغداش ئۈچۈن، رېين دەرياسى بويىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى پارىژنىڭ شەرقىي شىمالىدىن ھۇجۇمغا ئۇچراش خەۋپى، شۈبھىسىزكى، بېرلىننىڭ غەربىي جەنۇبىدىن ھۇجۇمغا ئۇچراش خەۋپىگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ. ئەگەر دولەت چېگرىسى ھەربىي مەنپەئەتكە ئاساسەن بەلگىلىنىشكە تېگىشلىك بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، تەلەپلەرنىڭ ھېچبىر چېكى بولمىغان بولاتتى، چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئۇرۇش سېپىنىڭ چوقۇم ئۆزىگە تۇشلۇق كەمچىلىكى بولىدۇ، بۇنى خوشنا يېڭى رايونلارنى قوشۇۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزگەرتىۋېلىش مۇمكىن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنداق دولەت چېگرىسى ئاخىرقى ھېساپتا، ئادالەتلىك بىلەن مەڭگۈ بەلگىلىگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ھەر قېتىم ھامان غەلىبە قىلغۇچى مەغلۇپ بولغۇچىنى ئۆزىنىڭ شەرتلىرىنى

قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يېڭى ئۇرۇشنىڭ ئۇرۇغى چېچىلىدۇ.

پۈتۈن تارىخىي ساۋاق ئەنە شۇنداق. بۇ پۈتكۈل مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ، شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ شۇنداق. ئۇلارنى ھۇجۇم قىلىش ئىقتىداردىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى مۇداپىئە ۋاستىسىدىن مەھرۇم قىلىش كېرەك. ئۇلارنى كېكىرتىكىدىن بوغۇۋېلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۆلتۈرۈش كېرەك. ئەگەر، «ماددى كاپالەت» ئارقىلىق قارشى تەرەپ بولغان مىللەتنىڭ كۈچىنى بىتچىت قىلماقچى بولغان بىرەر غەلىبە قىلغۇچى بولغان، دېيىلسە، ئۇ دەل ناپولېون I. ئۇ تىلسىت سۈلھى شەرتنامىسىنى تۈزگەن ھەم بۇ سۈلھى شەرتنامىسى بىلەن پرۇسسىيىگە ۋە گېرمانىيىنىڭ باشقا رايونلىرىغا تاقابىل تۇرغان. بىراق، بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ داڭلىق ھەيۋەتلىك گېرمانىيە خەلقى تەرىپىدىن خۇددى چىرىگەن بىر تال قومۇچقا ئوخشاش سۇندۇرۇپ تاشلاندى. لېكىن، پرۇسسىيە راسا تەلۋىلەرچە قىلغان خام خىيالىدا فرانسىيىدىن ئاللايمەن ياكى ئالىمەن دەۋاتقان «ماددى كاپالەت»نى ناپولېون Iنىڭ شۇ ۋاقىتتا گېرمانىيىنىڭ ئۆزىدىن ئالغانلىرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولامدۇ؟ بۇ قېتىم نەتىجىمۇ ئوخشاشلا پاجىئەلىك بولىدۇ. تارىخ جاجاڭنى بەرگەندە، ھەرگىز سېنىڭ فرانسىيىدىن نەچچە پىڭفاڭ ئىنگلىز ملى يەرنى قىرقىۋالغىنىڭغا قارىمايدۇ، بەلكى سېنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا **بۇلاڭچىلىق سىياسىتىنى** يېڭىۋاشتىن يۈرگۈزگەن بۇ جىنايىتىڭنىڭ قانچىلىك ئېكەنلىكىگە قارايدۇ.

تىياۋدۇن تائىپىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر جارچىلىرى، بەلكىم، مۇنداق

دىيشەر: لېكىن سىلەر نېمىسلارنى فرانسۇزلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇ-ۋەتمەسلىكىڭلار كېرەك. بىزگە زورۇرى شوھرەت ئەمەس، بەلكى خەۋپسىزلىك. نېمىسلار ماھىيەتتە تېچلىق سۆيەر مىللەت. ئۇلارنىڭ پاراسەتلىك كۆزىتىشى ئاستىدا ھەتتا بۇلاڭچىلىق ھەركەتلىرىمۇ كەلگۈسى ئۇرۇشنىڭ سەۋەبىدىن مەڭگۈ تېچلىقنىڭ كاپالىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇنداقتا 1792 ـ يىلى 18 ـ ئەسىر ئىنقىلاۋىنى سىداۋ بىلەن ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاشتەك يۈكسەك مەقسەت ئۈچۈن فرانسىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلەر نېمىسلار ئەمەسكەن ـ دە! ئىتالىيىنى قۇل قىلغان، ۋېنگرىيىنى باستۇرغان ۋە پولشىنى بولۇۋالغاندا ئىككى قولىنى قانغا بويىغانلارمۇ نېمىسلار ئەمەسكەن ـ دە! گېرمانىيىنىڭ ھازىرقى ھەربىي تۈزۈمىدە قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ ھەممىسى خىزمەتتىكى دائىمى ئارمىيە ۋە دەم ئېلىشقا قايتقان دائىمى ئارمىيە دەپ ئىككى قىسىمغا بولۇنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىككى قىسىم ئۆزىنىڭ خۇدا بەرگەن باشلىقلىرىغا مۇتلەق بويسۇنۇشى كېرەك، ــ بۇنداق تۈزۈم تېچلىقنى قوغداشنىڭ «ماددى كاپالىتى» ۋە مەدىنىلىكنىڭ ئەڭ ئالى مەقسىدى ئىكەن ـ دە! گېرمانىيىدىمۇ، خۇددى باشقا ھەرقانداق يەردىكىگە ئوخشاش، ھوقۇق ـ كۈچى بارلارنىڭ مالايلىرى ھەمىشە ساختا ماختىنىش يولى بىلەن جامائەتچىلىكنى زەھەرلەۋاتىدۇ.

گېرمانىيىنىڭ بۇ ۋەتەنپەرۋەر زاتلىرى فرانسىيىنىڭ مېتس ۋە ستراسبۇرگدىن ئىبارەت بۇ ئىككى قورولىنى كورسىلا غەزەپلەن-گەندەك بولۇۋالىدۇ، لېكىن ئۇلار روسىيىنىڭ ۋارشاۋا، مودلىن، ئىۋان شەھرى قاتارلىق جايلاردا سالغان چوڭ قەلئە تىنىسىگە كەلگەندە بولسا، ئۇنىڭ ھېچقانداق يامان يېرى يوق، دەپ

قارىشىدۇ. ئۇلار بوناپارت تاجاۋۇزىنىڭ پاجەسى ئالدىدا لاغىلداپ تىترىشىدۇ، رۇس پادىشاسىنىڭ هامىلىغى ئۇزلىرى ئۇچۇن قاتتىق ئار ـ نومۇس ئىكەنلىگىنى بولسا كورگۇسى كەلمەيدۇ.

خۇددى 1865 ـ يىلى لۇئى بوناپارت بىسمارك بىلەن ۋەدىلەشـ كىنىگە ئوخشاش، 1870 ـ يىلىدا گورچاكوپمۇ بىسمارك بىلەن شۇنداق ۋەدىلەشتى.23 خۇددى لۇئى بوناپارت، 1866 ـ يىلدىكى ئۇرۇش ئاۋستريىه بىلەن پرۇسسىيىنى هالسىزلاندۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مەن گېرمانىيە تەقدىرىنىڭ ئالى خوجايىنى بولىمەن، دەپ ئوزىچە كورەڭلەپ كەتكىنىگە ئوخشاش، ئالېكساندىرمۇ 1870 ـ يىلـ دىكى ئۇرۇش گېرمانىيە بىلەن فرانسىيىنى هالسىزلاندۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مەن غەربىي ياۋروپا قۇرۇقلۇغى تەقدىرىنىڭ ئالى خوجايىنى بولىمەن، دەپ ئوزىچە كورەڭلەپ كەتتى. خۇددى ئىككىنچى دىگو، شىمالىي گېرمانىيە لىيەنباگى بىلەن بىرگە ياشىيالـ مايمەن، دەپ قارىغىنىغا ئوخشاش، مۇستەبىت روسىيىمۇ پرۇسسىيە رەهبەرلىگىدىكى گېرمان دىگوسىنىڭ ئوزىگە تەهدىت ئىكەنلىگىنى چوقۇم هېس قىلىدۇ. بۇ ـ ئەسلىدە كونا سىياسى تۇزۇمنىڭ قانۇنىيىتى. بۇ كونا تۇزۇم دائىرىسىدە، بىر دولەتنىڭ قولىغا كەلتۇرگىنى باشقا بىر دولەتنىڭ قولىدىن كەتكۇزگىنى بولىدۇ. چار پادىشانىڭ ياۋروپاغا ئىنتايىن زور تەسىر كورسىتەلىشى ئۇنىڭ گېرمانىيىگە نىسبەتەن ئەنئەنىۋى تىزگىنلەش كۇچىگە ئىگە بولغانـ لىغىدا. روسىيە ئىچىدىكى يانار تاققا ئوخشاش ئىجتىمائى كۇچلەر مۇستەبىت تۇزۇمنىڭ ئەڭ مۇستەهكەم هۇلىنى تەۋرىتەلەيدىغان بولغان چاغدا، چار پادىشا ئوزىنىڭ مەملىكەت سىرتىدىكى بۇنداق تەسىرىدىن مەهرۇم بولۇپ قېلىشىغا يول قويامدۇ؟ روسىيە گېزىتلىرى

بوناپارت گېرزىتلىرىنىڭ 1866 ـ يىلى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىشلەتكەن سۆزىنىڭ ئورامدا سۆزلىنىدىغان بولۇپ قالدى. تىياۋدۇن تائىپىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر زاتلىرى ھەقىقەتەن ئۇزىنىڭ فرانسىيىنى روسسىيىنىڭ قوينىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلىشىنى گېرمانىيىنىڭ ئەركىنلىككە ۋە تېچلىققا[1] ئېرىششىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ دەپ ھېساپلامدىكىن؟ ئەگەر ھەربى جەھەتتىكى تەلەي سىناش، غەلىبىدىن كېيىنكى ئوكتەملىك ۋە سۇلالىلەرنىڭ سۇيىقەستى گېرمانىيىنى فرانسىيىنى بولۇۋېلىش يولىغا ئېلىپ بارىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، گېرمانىيە ئۈچۈن ئىككىلا يول قالىدۇ. ئۇ ھېچنېمىگە قارىماستىن، روسسىيىنىڭ بۇلاڭچىلىق سىياسىتىنىڭ **ئاشكارا** قورالىغا ئايلىنىشى كېرەك[2]، ياكى بىر مەھەل دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم «مۇداپىيە» ئۇرۇشى قىلىشقا، لېكىن يېڭىدىن ئىختىرا قىلىنغان «قىسمەن» ئۇرۇش ئەمەس، بەلكى **ئىرقىي ئۇرۇش** قىلىشقا يەنى سلاۋىيان ئىرقى بىلەن رومان تىلى ئىرقىنىڭ بىرلەشمە كۈچىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا[3] يېڭۋاشتىن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىشى كېرەك.

گېرمانىيە ئىشچىلار سىنىپى ئۇزى توسۇۋېلىشقا قادىر بولالمىغان

---

[1] 1870 ـ يىلدىكى نېمىسچە نەشرىدە «ئەركىنلىك ۋە تېچلىق» دىگەن سۆزلەرنىڭ ئالدىدا «مۇستەقىللىق» دىگەن سۆزمۇ بار ئىدى. — تەھرىردىن

[2] 1870 ـ يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە «بۇ خوخېنزوللېرن سۇلالىسىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ» دىگەن سۆزلەر قوشۇلغان. — تەھرىردىن

[3] 1870 ـ يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە «مانا بۇ — قاپاقۋاش بۇرژۇئا ۋەتەنپەرۋەرلىرىنىڭ گېرمانىيە ئۈچۈن "ۋەدە قىلغان" تېچلىق ئىستىقبالى» دىگەن جۈملە قوشۇلغان. — تەھرىردىن

بۇ ئۇرۇشنى قەتئى قوللىدى، ئۇنى گېرمانىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرىدىغان، فرانسىيە ۋە پۈتۈن ياۋروپانىڭ ئىككىنچى دىگودىن ئىبارەت يىرگىنىشلىك، دەھشەتلىك بويۇنتۇرۇقتىن ئازات بولۇشنى قولغا كەلتۈرىدىغان ئۇرۇش دەپ قارىدى. دەل گېرمانىيە سانائەت ئىشچىلىرى يېزىلاردىكى ئەمگەكچىلەر بىلەن بىللە، يېرىم ئاچ-يېرىم توق ئائىلىسىنى تاشلاپ قويۇپ، ئارمىيىنىڭ قەھرىمان تايانچلىرى بولۇپ تەشكىللەندى. ئۇلار چەتئەل ئۇرۇش مەيدانىدا چەكسىز ئازاپ-ئوقۇبەت چەككەنىنىڭ ئۈستىگە، يەنە ئائىلىسىدىكى پاجىەلىك ئەھۋالىنىڭ ئازاۋىنى تارتتى[1]. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى ئۇلارمۇ «كاپالەت» بېرىلىشىنى، — ئۆزلىرى بەرگەن سانسىز قۇربانلارنىڭ بىكار كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بوناپارت ئارمىيىسى ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسىنىڭ 1815-يىلدىكىگە ئوخشاش گېرمانىيە خەلقىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە ئايلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كاپالەت بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى[24]. ئۇلار تەلەپ قىلغان بۇنداق بىرىنچى كاپالەت **فرانسىيىنى شەرەپلىك تېچلىققا ئېرىشتۈرۈش ۋە فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش** ئىدى.

---

[1] 1870-يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە «ۋەتەنپەرۋەر سەپسەتىۋازلار ئۇلارنى بەزلەپ، كاپىتالنىڭ ۋەتىنى يوق، ئىش ھەققى بولسا ۋەتەنپەرۋەرلىككە قارشى، ئىنتېرناتسونالىزىملىق تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ قانۇنىيىتى تەرىپىدىن تەڭشىلىپ تۇرىدۇ، دېيىشىدۇ. شۇڭا، ئىشچىلار سىنىپى ئۆز پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرمەي، يەنىلا بۇرژۇئا لويىلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ نامىدا سوز قىلىشىغا يول قويۇۋېرىشى كېرەكمىدى» دىگەن جۈملىلەر قوشۇلغان. — تەھرىردىن

گېرمانىيە سوتسىيال ـ دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى جۇڭيانىڭ ۋېيىۈەنخۇيى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بىر خىتاپنامە ئېلان قىلىپ، بۇ كاپالەتلەرنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. خىتاپنامىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«بىز ئالساس بىلەن لوررېننىڭ قوشۇۋېلىنىشىغا ئېتىراز بىلدۈرىمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ گېرمانىيە ئىشچىلار سىنىپى نامىدىن سۆزلەۋاتقانلىقىمىزنى چۈشىنىمىز. فرانسىيە ۋە گېرمانىيىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ئۈچۈن، تىنچلىق ۋە ئەركىنلىك مەنپەئەتى ئۈچۈن، غەربىي ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ شەرق ياۋايىلىقىغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، گېرمانىيە ئىشچىلىرى ئالساس بىلەن لوررېننىڭ قوشۇۋېلىنىشىغا ھەرگىزمۇ چىداپ تۇرالمايدۇ...... بىز پۈتۈن دۇنيادىكى ئىشچى يولداشلىرىمىز بىلەن بىللە پرولېتارىياتنىڭ ئورتاق ئىنتېرناتسىونالىزم ئىشلىرىنى ساداقەتلىك بىلەن ھىمايە قىلىمىز!»25

بەختكە قارشى، بىز ئۇلارنىڭ دەرھال مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىغا ئۈمىت باغلىيالمايمىز. فرانسىيە ئىشچىلىرى تىنچلىق مەزگىلدە تاجاۋۇزچىلارنى توسالمىغان ئىكەن، ئۇ ھالدا، گېرمانىيە ئىشچىلىرىنىڭ ھەربىي تەلۋىلىك مەزگىلدە غەلىبە قىلغۇچىلارنى چەكلەپ تۇرۇشىدىن قانداقمۇ كوپرەك ئۈمىت كۈتكىلى بولىدۇ؟ گېرمانىيە ئىشچىلىرىنىڭ خىتاپنامىسى لۇئىي بوناپارتنى ئاددىي جىنايەتچى سۈپىتىدە فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ ھوكۇمرانلىرى بولسا بوناپارتنى فرانسىيىنى نابۇت قىلىشقا ئەڭ مۇناسىپ ئادەم دەپ قاراپ، بىر ئىلاج قىلىپ ئۇنى تۇئىلېرى ئوردىسىدىكى تەختكە قايتا يولەپ چىقارماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ. بىراق، قانداقلا بولمىسۇن، تارىخ گېرمانىيە ئىشچىلىرىنىڭ ھەرگىز گېرمانىيە بۇرژۇئازىيىسىگە ئوخشاش چۇرۇك

ماترىيالدىن يارىتىلمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇلار ئۆز بۇرچىنى چوقۇم ئادا قىلالايدۇ.

بىز فرانسىيىدە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تەنتەنە قىلىمىز، لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەشۋىشلەن- مەكتىمىز، بىز بۇنداق تەشۋىشنىڭ ئاساسسىز بولۇپ چىقىشىنى تىلەيمىز. بۇ جۇمھۇرىيەت پادىشالىق تەختىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىمىدى، پەقەت① ئۇنىڭدىن قېپقالغان قۇرۇق ئورۇننىلا ئىگىلىدى. ئۇ جەمئىيەتنىڭ بىر خىل مۇۋەپپەقىيىتى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى مىللەتنىڭ بىر خىل مۇداپىئە تەدبىرى سۈپىتىدە قۇرۇلدى. ئۇ بىر ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتىدۇ؛ بۇ ھۆكۈمەتنى تەشكىل قىلغانلارنىڭ بىر قىسمى رەسۋا ئورلېانچىلار، يەنە بىر قىسمى بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرى، يەنە كېلىپ كېيىنكىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەر — 1848 - يىل ئىيۇن قوزغىلىڭى مەزگىلىدە[26] يۇيۇپ چىقارغىلى بولمايدىغان داغ يۇقتۇرۇۋالغان كىشىلەر. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ۋەزىپە تەقسىماتى ئەھۋالى ياخشى ئەمەس. ئورلېانچىلار ئارمىيە ۋە ساقچىدىن ئىبارەت مۇھىم جۆيدىيەنلەرنى قولىغا ئېلىۋالغان، ساختا جۇمھۇرىيەتچىلەرگە بولسا قۇرۇق گەپ ساتىدىغان ئورۇنلارلا تەگكەن. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ دەسلەپكى بىرنەچچە تەدبىرىدىن شۇ ئېنىق ئىپادىلەندىكى، بۇ ھۆكۈمەت دىگونىڭ بىر دۆۋە خارابىسىگىلا ۋارىسلىق قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىشچىلار سىنىپىدىن قورقۇشىنىمۇ

① 1870 - يىلىدىكى نېمىسچە نەشرىگە «گېرمانىيىنىڭ سىداۋسىغا تايىنىپ» دېگەن سۆزلەر قوشۇلغان. — تەھرىردىن

ۋارىسلىق قىلغان. ئۇلار ھازىر جۇمھۇرىيەت نامىدىن ئەمەلدە كۆرسىتىش مۇمكىن بولمايدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا ۋەدە قىلىشماقتا، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن مەقسىدى «مۇمكىن بولىدىغان» ھوكۇمەتنى ھىمايە قىلىش دەپ چۇقان كۆتىرىش ئەمەسمۇ؟ بۇ جۇمھۇرىيەت ئەشۇ بۇرژۇئا باشلىقلىرى ئىچىدىكى مەلۇم كىشىلەرنىڭ نىيىتى بويىچە ئورلېان سۇلالىسىنى تىرىلدۇرۇشتە پايدىلىنىدىغان ۋاستە ۋە كۆۋرۈكلا بولۇشى كېرەك ئەمەسمىدى؟

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، فرانسىيە ئىشچىلار سىنىپى بەكمۇ مۇشكۇل ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىدۇ. ھازىرقى ۋېيجى ئىچىدە، دۈشمەن پارىژ دەرۋازىسىنى قېقىش ئالدىدا تۇرغان چاغدا، يېڭى ھوكۇمەتنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان ھەممە ئۇرۇنۇش ئۈمىت ئۈزۈپ قىلىنغان ئاخماقلىق بولىدۇ. فرانسىيە ئىشچىلىرى ئۆزىنىڭ گۇڭمىنلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشى كېرەك①، لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار، خۇددى فرانسىيە دېخانلىرى بىرىنچى دىگونىڭ مىللىي ئەسلىمىلىرىگە ئالدىنىپ كەتكىنىگە ئوخشاش، 1792 ـ يىلدىكى مىللىي ئەسلىمىلەر بىلەن قايمۇقۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇلار ئوتمۇشنى تەكرارلىماسلىقى بەلكى كەلگۈسىنى قۇرۇشى كېرەك. ئۇلار جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەركىنلىكى يارىتىپ بەرگەن پۇرسەتلەردىن بەخۇدۇك بەلكى قەتئىي پايدىلىنىپ، ئۆز سىنىپىنىڭ تەشكىلاتىنى كۈچەيتسۇن. بۇ ئۇلارنىڭ فرانسىيىنىڭ

① 1870 ـ يىلدىكى نېمىسچە نەشرىدە «بۇرچىنى ئادا قىلىشى كېرەك» دىگەن سۆزلەرنىڭ كەينىگە «ئۇلار دەل شۇنداق قىلىۋاتىدۇ» دىگەن سۆزلەر قوشۇلغان. — تەھرىردىن

گۆللىنىشى ۋە ئورتاق ئىشىمىز يەنى ئەمگەكچىنىڭ ئازاتلىق
ئىشى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىغا ھېركۆلىسچە يېڭى كۈچ بېغىشلايدۇ.
جۇمھۇرىيەتنىڭ تەقدىرى ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە ئەقىل-
پاراسىتىگە باغلىق.

ئەنگلىيە ئىشچىلىرى سىرتنىڭ ئۇنۇملۇك بېسىمى بىلەن، ئۆز
ھوكۇمىتىنى فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىماسلىق-
تەك پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلىش مەقسىدىدە بەزى
تەدبىرلەرنى قوللاندى[27]. ئەنگلىيە ھوكۇمىتى ھازىرغىچە بىر
قارارغا كېلەلمەيۋاتىدۇ، ئۇ بۇنىڭ بىلەن ياكوبىنغا قارشى
ئۇرۇشنى ۋە ئۆتكەندە سىياسى ئۆزگىرىشنى ئېتىراپ قىلغان چاغدا
ئىپادىلىگەن شەرمەندە ئالدىراڭغۇلۇق پوزىتسىيىسىنى يوقىتا
چىقارماقچى بولسا كېرەك[28]. بۇنىڭدىن باشقا، ئەنگلىيە ئىشچىلىرى
ئۆز ھوكۇمىتىدىن فرانسىيىنى پارچىلىۋېتىشكە بارلىق كۈچى بىلەن
قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، بۇنداق پارچىلىۋېتىشنى بولسا
ئەنگلىيىنىڭ بىر قىسىم گېزىت-ژورناللىرى قاراپ تۇرۇپ ئۇياتـ
سىزلارچە تەلەپ قىلىشقان ئىدى[1]. دەل شۇ بىر قىسىم گېزىت-
ژورناللار توپ-توغرا 20 يىل لۇئى بوناپارتنى ياۋروپانىڭ
قۇتقۇزغۇچىسى دەپ ئىززەتلەپ كوككە كوتىرىشىپ كەلگەن،
شۇنداقلا ئامېرىكا قۇلدارلىرىنىڭ توپىلىڭىنى زوق-شوق بىلەن
ماختىشىپ كەلگەن. ئۇلار ھازىرمۇ، خۇددى شۇ ۋاقىتتىكىگە

[1] 1870-يىلدىكى نېمىسچە نەشرىدە بۇ جۈملىنىڭ ئاخىرى «ئەنگلى-
يىنىڭ بىر قىسىم گېزىت-ژورناللىرىنىڭ بۇنداق پارچىلىۋېتىشنى تەلەپ
قىلىپ كوتەرگەن چۇقانلىرى بولسا گېرمانىيە ۋەتەنپەرۋەرلىرىنىڭكىدىن
قېلىشمىدى» دەپ چۈشكەن. — تەھرىردىن

ئوخشاش، قۇلدارلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كەتمەن چېپىشماقتا.

**خەلقارا ئىشچىلار جەمئىيىتىنىڭ** ھەر بىر مەملىكەتتىكى جژبۇسى ئىشچىلار سىنىپىنى ھەركەتكە كېلىشكە چاقىرىشى كېرەك. ئەگەر ئىشچىلار ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ئۆتۆپ قالىدىغان بولسا، ئەگەر ئۇلار يەنىلا پاسسىپ پوزىتسىيىدە بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ھازىرقى بۇ قورقۇنچلۇق ئۇرۇش كەلگۈسىدە كېلىپ چىقىدىغان يېڭى، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق خەلقارا ئۇرۇشنىڭ ئالامىتى بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭدەك ھەر بىر مەملىكەتتە قىلىچ، يەر ۋە كاپىتال خوجايىنلىرى ئىشچىلار ئۈستىدىن يەنە بىر قېتىم غەلىبە قىلىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە بولۇپ قالىدۇ.

ياشىسۇن جۇمھۇرىيەت!

باش ۋېيىۋەنخۇي:

| | |
|---|---|
| **روبېرت ئاپپلېگاس** | **مارتىن . ج . بۇن** |
| **فرىدرىك برېدنىك** | **كەيھېل** |
| **جون ھېلېس** | **ۋايام ھېلېس** |
| **جورژى ھاررىس** | **فرىدرىخ لېسسنېر** |
| **لوپاتىن** | **ب . لۇكرافت** |
| **جورژى مىلنېر** | **توماس موتتېرسخېد** |
| **چارىس مۇررى** | **جورژى ئودجېر** |
| **جامېس پارنېل** | **پۇفېندېر** |
| **رۇل** | **جوسېف شېفېرد** |
| **كوۋېل ستېپنى** | **ستولل** |
| **شمۇتس** | |

ئاخبارات شۆجىلىرى:

**ئوژېن دۇپـون**............فرانسىيە

**كارل ماركس**............گېرمانىيە ۋە روسىيە

**ئا. سېررايىپ**..........بېلگىيە، گوللاندىيە ۋە ئىسپانىيە

**هېرمان يۇنگ**...........شۋېيتسارىيە

**جوۋاننى بورا** ...........ئىتالىيە

**زېۋى دىورىس**............ۋېنگرىيە

**ئانتونى زابىسكى**.........پولشا

**جادېس كوهېن**............دانىيە

**ج. گ. ئېككارىۇس**......ئامېرىكا

ئىجرائىيە جۇشىسى **ۋىليام تاۋسېن**

مالىيە ۋېيىۇەنى **جون ۋېستون**

زۇڭشۇجى **ئېيوخان گېئورگ ئېككارىۇس**

1870 ـ يىلى 9 ـ ئايىنىڭ 9 ـ كۈنى، لوندون غەربىي مەركىزىي رايونى هاي ـ هولبورن كوچىسى 256 ـ قورو

ك. ماركس تەرىپىدىن 1870 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 6 ــ 9 ـ كۈنلىرى يېزىلغان 1870 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 11 ــ 13 ـ كۈنلىرى چۈەندەن شەكلىدە ئىنگلىزچە بېسىلغان، 1870 ـ يىل 9 ــ 12 ـ ئايلاردا چۈەندەن شەكلىدە نېمىسچە بېسىلغان ۋە نېمىسچىسى بىلەن فرانسۇزچىسى ژورناللاردا ئېلان قىلىنغان

# فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش

## خەلقارا ئىشچىلار جەمئىيتى باش ۋېيىۋەنخۈيىنىڭ خىتاپنامىسى29

ك. ماركس تەرىپىدىن 1871 ـ يىل 4 ـــ 5 ـ ئايلاردا يېزىلغان

1871 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا لوندوندا كىتابچە قىلىپ نەشر قىلىنغان، 1871 ـــ 1872 ـ يىللىرى ياۋروپادىكى مەملىكەتلەردە ۋە ئامېرىكىدا نەشر قىلىنغان

# جەمىيەتنىڭ ياۋروپا قىتئەسىدىكى ۋە ئامېرىكىدىكى بارلىق ئەزالىرىغا

## 1

1870-يىل 9-ئاينىڭ 4-كۈنى، پارىژ ئىشچىلىرى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىغان ۋە شۇ ھامان دىگۈدەك پۈتۈن فرانسىيىنىڭ بىردەك ئالقىشىغا ئېرىشكەن بىر ۋاقىتتا، بىر توپ مەنسەپپەرەس لۈيشىلار — تيېر ئۇلارنىڭ سىياسىچىسى، تروشۇي ئۇلارنىڭ جياڭجۈنى — شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىنى ئىگىلىۋالدى. بۇ ئادەملەر ئەينى ۋاقىتتا پارىژنىڭ بارلىق تارىخىي پاراكەندىچىلىك دەۋرىدە پۈتۈن فرانسىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىغا شۇنداق خۇراپىلارچە ئىشەنگەنكى، ھەتتا ئۇزلىرىنىڭ ئالىلقاچان كۈچتىن قالغان پارىژ يىخۇي ئەزاسى دىگەن گۇۋانامىسىنى كورسىتىپ قويسىلا، بۇ ئۇزلىرى قولغا كىرگۈزۈۋالغان فرانسىيە ھوكۇمرانى دىگەن ئۇنۋانىنىڭ ھەقىقەتەن قانۇنىي ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى تامامەن تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ، دەپ ھېساپلىغان. بۇ ئادەملەر تەختكە چىقىپ 5 كۈندىن كېيىن، ئالدىنقى قېتىمقى ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئىككىنچى خىتاپنامىمىزدە ئۇلارنىڭ زادى قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ بەرگەن ئىدۇق[1].

---

① بۇ كىتاپنىڭ 51 — 52-بەتلىرىگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

لېكىن، شۇ چاغدا پارىژ تەمتىرەپ قالغان، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەقىقىي رەھبەرلىرى تېخى بوناپارت تۈرمىسىدە ياتقان، يەنە كېلىپ پرۇسسىيلىكلەر پارىژغا يېقىنلىشىپ قېلىپ، پارىژ بۇ ئادەملەرنىڭ ھاكىمىيەتنى ئىگەللىشىگە يول قويۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدى، بىراق ئۇلارغا، بۇ ھاكىمىيەتنى دولەت مۇداپىيە مەقسىدى ئۈچۈنلا ئىشلىتىسىلەر، دەپ ئېنىق شەرتمۇ قويغان ئىدى. ھالبۇكى، پارىژنى قوغداش ئۈچۈن، پەقەت ئۇنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنى قورال-لاندۇرۇپ، ئۇلارنى ھەقىقىي ھەربى كۈچ قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ قوشۇنىنى ئۇرۇش داۋامىدا چېنىقتۇرۇش كېرەك ئىدى. لېكىن، پارىژنى قوراللاندۇرۇش، سوزسىز، ئىنقىلاپنى قوراللاندۇرۇش بولاتتى. پارىژنىڭ پرۇسسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى، سوزسىز، فرانسىيە ئىشچىلىرىنىڭ فرانسىيە كاپىتالىستلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دولەت تەييارتاپلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى بولاتتى. دولەت مۇداپىيە ھوكۇمىتى مىللى بۇرچ بىلەن سىنىپي مەنپەئەت ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولغان چاغدا، بىر دەم-يېرىم دەممۇ ئىككىلەنمەي تۇرماستىن، ئوزىنى ۋەتەن ساتقۇچ ھوكۇمەتكە ئايلاندۇرۇۋەتتى.

بۇ ھوكۇمەتنىڭ قوللانغان بىرىنچى تەدبىرى شۇ بولدىكى، تېيېرنى ياۋروپا مەملىكەتلىرىگە ئەۋەتىپ ئوردىمۇ-ئوردا ئارىلىتىپ، جۇمھۇرىيەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، پادىشالىقنى تىكلەش شەرتى بىلەن ئۇلاردىن ياراشتۇرۇپ قويۇشنى ئوتۇندى. پارىژ مۇھاسىرە قىلىنىپ ئارىدىن 4 ئاي ئوتكەندىن كېيىن، ئۇلار تەسلىم بولۇش توغرىسىدا سوز ئېچىشقا مۇۋاپىق پەيت كەلدى، دەپ ھېساپلاشتى. شۇنىڭ بىلەن تروشۇي جۇل فافرنىڭ ۋە ئوزىنىڭ

باشقا ھەمىراللىرىنىڭ ئالدىدا، جەم بولغان پارىژ چۇيجاڭلىرىغا تۇۋەندىكى سوزلەرنى قىلدى:

«مېنىڭ ھەمراللىرىمنىڭ 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۇنى كەچقۇرۇن ماڭا قويغان بىرىنچى سوئالى پارىژنىڭ پرۇسسىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇھاسىرىسىگە بىزە بولىمۇ بەرداشلىق بېرىپ تۇرالىغۇچىلىكى بارمۇ؟ دىگەندىن ئىبارەت بولدى. مەن شۇ چاغدا، قىلچە ئىككىلەنمەستىن، يوق، دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدىم. ھازىر بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەمراللىرىمدىن بىرنەچچىسى مېنىڭ سوزۇمنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بەلكى مېنىڭ بۇ قاراشتا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىغىمنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەن ئۇ چاغدا ئۇلارغا مۇنداق دىگەن ئىدىم: ھازىرقى ئەھۋالدا پارىژنىڭ پرۇسسىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇھاسىرىسىگە بەرداشلىق بەرمەكچى بولۇشى تولىمۇ ئاخماقلىق. ئەلۋەتتە، مەن شۇ چاغدا مۇنداق بىر جۇملە سوزنىمۇ قوشۇپ قويغان ئىدىم: بۇ بەلكىم قەھرىمانلارچە ئاخماقلىق بولسا كېرەك، ئەمما، بەربىر، ئاخماقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس...... ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى (بۇنى ئۇنىڭ ئوزى ئورۇنلاشتۇرغان)[1] مېنىڭ ئالدىن قىلغان ھوكمۇمنى ئاغدۇرۇۋەتكىنى يوق.»

تروشۇينىڭ بۇ چىرايلىق ھەم قىسقىغىنا نۇتقىنى كېيىن شۇ چاغدىكى سورۇندا بار چۇيجاڭلاردىن كوربون ئەپەندى ئېلان قىلدى.

دىمەك، جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىغى جاكالانغان كۇنى ئاخشىملا تروشۇينىڭ ھەمراللىرى ئۇنىڭ «پىلانى» پارىژنى تەسلىم قىلدۇرۇش ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدى. ئەگەر دولەت مۇداپىئەسى تىيېر ۋە فافېر قاتارلىقلارنىڭ شەخسى ھوكۇمرانلىق ئورۇنغا ئىگە بولۇۋېلىشىنىڭلا نىقاۋى بولمىغان بولسا، ئۇ ھالدا، 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۇنى

---

[1] بۇ كىتاپتا كەلتۇرۇلگەن نەقىللەردىكى ئۇچلۇق تىرناق ( ) قا ئېلىنغان سوزلەر ۋە تىنىش بەلگىلىرىنى ماركس قوشقان. — تەرجىماندىن

تەلىيى ئوڭــدىن كېــلىپ ئۇستۇنلۇكــكە ئىگە بولۇۋالـغان كىشلەر 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۇنــلا ئىستىپا بېرىــپ، تروشۇيــنىڭ «پىلانى»نى پارىژ خەلقىغە ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى ياكى دەرھال تەسلىم بولۇشقا ياكى ئۆز تەقــدىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىشقا ئۇنــدىگەن بولاتــتى. بۇ قىلچە ئۇيالمايدىغان ئالدامچىلار ئۇنداق قىلمىدى، بەلكى پارىژنىڭ قەھرىمانلارچە ئاخماقلىققا بېرىلىش كېسلىنى پارىژنى ئاچارچىلىق ۋە قىرغىنچىلىق ئازاۋىغا تويغۇزۇش يولى بىلەن داۋالاپ ساقايتىشنى قارار قىلىشتى، ھازىرچە بولسا، پارىژنى ئۆزلىرىنىڭ دەبدەبىلىك خىتاپنامــسى بىلەن ئالــداپ تۇرماقــچى بولۇشۇپ، تروشۇي — بۇ «پارىژ زۇڭدۇسى مەڭگۇ تەسلىم بولمايدۇ»، تاشقى ئىشلار بۇجاڭى جۇل فافــىر «ھەرگىز بىر سۇڭ زېمــىنىمىزنــمۇ بېرىــۋەتــمەيــدۇ، قورغانــلىرىــمىزنىڭ بىر تال تېــشىنىمۇ بېرىۋەتمەيــدۇ» دېيىشتى. يەنە شۇ جۇل فافىر گامبېتــتاغا يازغان بىر پارچــە خېــتىدە بولسا ئۆزلىرىنىڭ پرۇسسىيە ئەسكەرلىرىدىن ئەمەس، بەلكى پارىژ ئىشچىــلىرىدىن «مۇداپىە كورۇۋاتــقانلىغىنى» ئېــتىراپ قىلدى. ھىلىگەر تروشۇي پارىژ ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىشقا تەيىنلىگەن ھېلىقى بوناپارت قاراقچــلىرى پۈتۈن پارىژ مۇھاسىرىدە تۇرغان مەزگىلدە يېزىشــقان شەخــسى خەتلىرىدە ئىچكى سىرى ئۆزلــرىگە ناھايىتى ئايان بۇنداق كۇلكىلىك مۇداپىەنى شەرمەنــدىلىك بىلەن زاڭلىق قىلىشتى (مەســلەن، گۇڭــشې «ئاخباراتى»دا ئېلان قىلغان پارىژ ۋېيشۇجۇننىڭ توپچىلار سىلىگى، پەخرى جۇنتۇەن چوڭ كىرىــت ئوردىنىغا ئىگە بولغان ئالفونس سىمون گىوننىڭ توپچىلار شىسىنىڭ جياڭــجۇنى سۇزانــغا يازغان خېــتىگە قارالــسۇن[30]). 1871 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۇنــگە كەلــگەندە[31] ئالدامچىلار نىقاۋىنى ئاخىر

ئېلىپ تاشلىدى. دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتىنىڭ تەسلىم بولغان چاغدا ئۆزىنى ئۆزى ھاقارەتلەشتە چېكىگە يەتكەن ھەقىقى قەھرىمانلىق جاسارىتى ئۇنىڭ بىسماركقا ئەسىر بولغانلاردىن تەشكىل قىلىنغان فرانسىيە ھوكۇمىتى ئىكەنلىكىنى كورسىتىپ بەردى، — ئۇنىڭ ئېلىپ چىققان بۇ رولى پەسكەشلىكتە شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، ھەتتا لۇئى بوناپارتمۇ سېداندا بۇ رولدا چىقىشقا پېتىنالمىغان ئىدى. بۇ تەسلىمچىلەر[32] 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۇنىدىكى ۋەقەدىن كېيىن ئالاقزادىلىك بىلەن ۋېرسالغا قېچىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇق شۇملۇقىنى ئىسپاتلايدىغان بەزى ھوججەتلەر پارىژنىڭ قولىغا چۇشۇپ قالدى، خۇددى گۇڭشې باشقا ئولكىلەرگە چىقارغان خىتاپنامىسىدە كورسەتكىنىدەك، بۇ ھوججەتلەرنى يوقىتىش ئۇچۇن،

«بۇ ئادەملەر پارىژنى قان دېڭىزىغا غەرق بولغان خارابىگە ئايلاندۇرۇۋېتىشتىنمۇ يانمايتتى»[33].

دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتىنىڭ بىرنەچچە ئاساسي ئەزاسىنىڭ بۇنداق نەتىجىگە كېلىشىگە يەنە بەزى پۇتۇنلەي پەۋقۇلئاددە، شەخسى پايدا ـ زىيان جەھەتتىكى ئويلارمۇ تۇرتكە بولغان ئىدى. ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىنىپ ئاردىن كوپ ئوتمەي، كوممىن يىغىۋىنىڭ پارىژدىكى ئەزاسى مىللىېر ئەپەندى (ئۇ كېيىن جۇل فافىرنىڭ ئالاھىدە بۇيرۇغى بىلەن ئېتىپ تاشلاندى) بىرمۇنچە ئاساسلىق قانۇن ھوججەتلىرىنى ئېلان قىلىپ، جۇل فافىرنىڭ ئالجىردا تۇرۇشلۇق بىر هاراقكەشنىڭ خوتۇنى بىلەن ئويناپ يۇرگىنىدە، ئىلگىر ـ ئاخىر بىرنەچچە يىل جەريانىدا، بىر يۇرۇش يالغان ھوججەتلەرنى يۇرەكلىك قۇراشتۇرۇپ

چىقىپ، ئۇزىنىڭ ھارامىدىن تاپقان باللىرى نامىدىن ناھايىتى
كوپ مىراسنى قولغا كىرگۇزۇۋالغانلىغى، بۇنىڭ بىلەن باي
بولۇۋالغانلىغىنى؛ كېيىن قانۇنىي ۋارىسلار ئەرز-شىكايەت قىلغاندا،
بوناپارت فاتىگى ئۇنىڭغا يان باسقانلىغى ئۇچۇنلا ئۇنىڭ يالغان
ھوججەتلىرى پاش بولماي قالغانلىغىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن ئىدى.
ھەرقانچە كۈچەپ كاززاپلىق قىلغىنى بىلەنمۇ، بۇ رەھىمسىز قانۇن
ھوججەتلىرىنى يوقىتا چىقىرىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، جۇل فافېر
ئۇز ئومرىدە بىرىنچى قېتىم زۇۋان سۇرمەي، ئىچكى ئۇرۇشنىڭ
پارتلىشىنى كۇتۇپ تۇردى، شۇ ۋاقىتتا يەتكەندە ئۇ پارىژ خەلقىنى
ئائىلىدىن، دىنىدىن، تەرتىپتىن ۋە مال-مۇلۇكتىن يۇز ئورۇشكە
پېتىنغان بىر توپ قاچقۇنلار دەپ قاتتىق ھاقارەتلىمەكچى بولدى.
يالغان ھوججەت ياسىغان بۇ جىنايەتچى 9-ئاينىڭ 4-كۇنىدىن
كېيىن، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش بىلەنلا، پىك ۋە تايىفېرنى
ھېسداشلىق قىلىپ، دەرھال قاماقتىن بوشاتتى، بۇ ئىككىسى
ھەتتا دىگو دەۋرىدە «تۇغ گېزىتى»نىڭ[34] رەسۋا بولۇش ۋەقەسىدە
يالغان ھوججەت ياسىغانلىقتىن جازاغا تارتىلغان ئىدى. بۇ
ئەپەندىلەردىن بىرى يەنى تايىفېر گۇگشي ۋاقتىدا ئەيمەنمەستىن
پارىژغا قايتىپ كەلدى، گۇگشي شۇ ھامان ئۇنى قاماپ قويدى.
بۇ چاغدا جۇل فافېر بولسا گومىن يىغۇي مۇنبىرىدە، پارىژ ھەممە
جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بېرىۋاتىدۇ! دەپ چۇقان كوتەردى.
ئېرنېست پىكار — دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتىدىكى ج.مىللېر①. ئۇ

① 1871- ۋە 1891-يىللاردىكى نېمىسچە نەشرلىرىدە «ج.مىللېر»
ئەمەس، «كارل فوگت»، 1871-يىلدىكى فرانسۇزچە نەشرىدە «فوستاق».—
تەھرىردىن

دىگو دەۋرىدە ئىچكى ئىشلار داچېنى بولماقچى بولۇپ بولالمىغان ئىدى، ھازىر ئۆزىنى ئۆزى جۇمھۇرىيەتنىڭ مالىيە بۇجاگى قىلدۋالدى. ئۇ — ئارتۇر پىكار دىگەن ئادەمنىڭ ئاكىسى. ئارتۇر پىكار ئالدامچىلىق قىلىپ پۇل-مالغا ئىگە بولۇۋالغانلىقتىن، پارىژ جياۋيەسوسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان (پارىژ ساقچى ئىدارىسىنىڭ 1867-يىل 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىكى دوكلادىغا قارالسۇن) ھەمدە كوچىمە مۈلۈك ئامانەت - قەرز گۈگىسىنىڭ[35] بىر شوبىسىنىڭ (پالېسترو كوچىسى 5 - نومۇر) جىگلىسى بولغان مەزگىلدە 300 مىڭ فرانكنى ئوغرىلاپ ئىشلەتكەن، شۇڭا ئۆز ئىقرارىغا ئاساسەن جازاغا تارتىلغان (پارىژ ساقچى ئىدارىسىنىڭ 1868-يىل 12-ئاينىڭ 11-كۈنىدىكى دوكلادىغا قارالسۇن). ئېرنېست پىكار ئەنە شۇ ئارتۇر پىكارنى ئۆزى باشقۇرغان «ئەركىن سايلىغۇچىلار» گېزىتىنىڭ[36] مەسئۇل مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلىگەن. مالىيە بۇسىنىڭ بۇ گېزىتى ھوكۇمەت تەرەپنىڭ يالغان-ياۋداق سوزلىرى بىلەن جياۋيىسونىڭ ئادەتتىكى ھايانكەشلىرىنى ئالدىدى، ئارتۇر پىكار بولسا ھەمىشە مالىيە بۇسى بىلەن جياۋيىسو ئارىلىغىدا قاتراپ يۈرۈپ، فرانسيە ئارمىيىسىنىڭ ھەر قەدەمدە مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىشىدىن پايدىلىنىپ تازا بېيىۋالدى. بۇ ئىككى ئېسىل ئاكا - ئۇكىنىڭ مالىيە توغرىسىدىكى ھەممە خەت - چەكلىرى گۈگىشېنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى.

جۇل فېرى 9-ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن ئىلگىرى بىر گاداي لۈيشى ئىدى، ئۇ مۇھاسىرە مەزگىلىدە، پارىژنىڭ شىجاگىلىق سۈپىتى بىلەن، ئاچارچىلىقتىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ كوپلەپ پۇل - مال شىلىۋالدى. ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ۋەزىپىسىنى ئۇتىمەي ئىشنى قالايمىقانلاشتۇرغانلىغىدىن ھېساپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان كۈنى

ئۇنىڭ جازاغا تارتىلىدىغان كۈنى بولىدۇ.

بۇ ئادەملەر پارىژ خارابىگە ئايلانغاندىلا، بوشىتىپ تۇرۇش گۇۋانامىسىگە① ئىگە بولالايتتى؛ ئۇلار دەل بىسمارك ئۈچۈن كېرەكلىك ئادەملەر ئىدى. يېڭىۋاشتىن ئاز-تولا ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىش ئارقىسىدا، شۇ كەمگىچە پەردە ئارقىسىدا ھوكۇمەتنى تىزگىنلەپ كەلگەن تيېر بىردىنلا ھوكۇمەت باشلىقى بولۇپ قالدى، بوشىتىپ تۇرۇلغان جىنايەتچىلەر بولسا بۇجاڭ بولۇپ قالدى.

تيېر دىگەن بۇ پاكىنەك مەخلۇق يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بېرى، فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ چىن كۆڭلى بىلەن چوقۇنۇشىغا ئىگە بولۇپ كەلدى، چۈنكى ئۇ مۇشۇ بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سىنىپىي چىرىكلىكىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئىدىيىۋى ۋەكىلى ئىدى. ئۇ موھىم دۆلەت ئەربابى بولۇشتىن ئىلگىرىلا، تارىخشۇناس سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ يالغانچىلىق ماھارىتىنى كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەت يىلنامىسى — فرانسىيىنىڭ ئاپەت تارىخى. 1830-يىلدىن ئىلگىرى ئۇ جۇمھۇرىيەتچىلەرگە ئارىلىشىپ يۈرگەن ئىدى، لۇئى-فىلىپ ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە، ئۇ ئۆزىنىڭ

---

① ئەنگلىيىدە جىنايەتچىلەرنىڭ جازا مۇددىتىنىڭ كۆپ قىسمى تۈگىگەندىن كېيىن، كۆپىنچە، بوشىتىپ تۇرۇش گۇۋانامىسى بېرىلىدۇ، جىنايەتچىلەر بۇنداق گۇۋانامە بىلەن تۈرمە سىرتىدا ئەركىن ئولتۇراقلىشالايدۇ، لېكىن ساقچىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇنداق گۇۋانامە tickets-of-leave (بوشىتىپ تۇرۇش گۇۋانامىسى) دەپ ئاتىلىدۇ، بوشىتىپ تۇرۇش گۇۋانامىسى بار ئادەم ticket-of-leave men (بوشىتىپ تۇرۇلغان جىنايەتچى) دەپ ئاتىلىدۇ. (ئېنگېلسنىڭ 1871-يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە ئىزاھى.)

شەپقەتچىسى لافىتتىن يۈز ئۆرۈپ، داچىنلىق ئورۇنغا ئىگە بولۇۋالدى. ئۇ پادىشاغا خۇشامەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاددى خەلقنى راھىپلارغا قارشى توپىلاڭ كوتىرىشكە قۇتراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئوسېرۋادىكى سېن - جېرمېن چېركوۋى ۋە چوڭ جۇجياۋنىڭ ئوردىسى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىندى؛ شۇنىڭدەك ئۇ بېرى گۇڭجۇي خانىمغا تاقابىل تۇرۇشتا پايلاقچى داچىنلىق ۋە تۇرمە تۇغۇت ئانىسلىق رولىنى ئوينىدى.[37] ترانسنونان كوچىسىدا جۇمھۇرىيەتچىلەرنى قىرىش ۋەقەسىنى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا گېزىت - ژورنال چىقىرىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ھوقۇقىنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا چىقىرىلغان يىرگىنىشلىك سىنتەبىر پەرمانىنى ئۇ ئۆز قولى بىلەن ئىشلىگەن ئىدى.[38] 1840-يىل 3-ئايدا، ئۇ يەنە بىر قېتىم شۇشياڭ بولغىنىدا، ئۆزىنىڭ پارىژنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىلانى بىلەن پۈتۈن فرانسىيىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.[39] جۇمھۇرىيەتچىلەر بۇ پىلاننى پارىژنىڭ ئەركىنلىكىگە خەۋپ سالىدىغان زەھەرلىك سۇيىقەست، دەپ ئەيىپلىگەندە، ئۇ جۇڭيىيۈەندە مۇنداق جاۋاپ بەردى:

«بۇ قانداق گەپ؟ سىلەر، شەھەر مۇداپىئەسى كۈچەيتىلسە، ئەركىنلىككە خەۋپ سالىدۇ، دەپ ھېساپلايسىلەر! سىلەر ئالدى بىلەن، مەلۇم بىر ھوكۇمەت ھاكىمىيەتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مەلۇم بىر پەيتتە پارىژنى توپقا تۇتۇشقا جۈرئەت قىلىدۇ، دەپ قەستەن توھمەت قىلىۋاتىسىلەر...... بۇنداق بىر ھوكۇمەتنىڭ غەلىبىدىن كېيىن پۇت تىرەپ تۇرۇشى غەلىبىدىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا يۈز ھەسسە تەس.»

شۇنداق، ئىستىھكاملارنى ئالدىنالا پرۇسسىيىلىكلەرگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ھوكۇمەتتىن باشقا، ھېچبىر ھوكۇمەت بۇ ئىستىھكاملاردىن

پايدىلىنىپ پارىژنى توپقا تۇتۇشقا جۇرئەت قىلالمىغان ئىدى.

1848 ـ يىل 1 ـ ئايدا، توپ ئوقى پادىشاسى پالېرمو شەھرىگە تۇتۇش قىلغىنىدا[40]، داچېنلىقتىن ئاللىقاچان قېچىقالغان تىيېر يەنە جۇگېيېۋەندە مۇنداق نۇتۇق سۆزلىگەن ئىدى:

«مۇھتەرەم ئەپەندىلەر! سىلەرنىڭ پالېرمودا يۈزبەرگەن ۋەقەدىن خەۋىرىڭلار بار. بىر چوڭ شەھەرنىڭ ئۇدا 48 سائەت توپقا تۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلىغىنىڭلاردا ھەممىڭلار چوچۇپ كېتىسىلەر (يىغىۋي ئەھمىيىتىدىن). زادى كىم توپقا تۇتتى؟ ئۇرۇش ھوقۇقىنى ئىشلىتىۋاتىقان تاشقى دۈشمەن توپقا تۇتتىمۇ؟ ياق، مۇھتەرەم ئەپەندىلەر، ئۇنى ئۆز ھوكۇمىتى توپقا تۇتتى. زادى نېمە ئۈچۈن؟ شۇناڭ ئۈچۈنكى، بۇ بەختسىز شەھەر ئۆز ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلدى. خوش، ئۇ ئۆز ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈنلا 48 سائەت توپقا تۇتۇلدى...... مېنىڭ ياۋروپا جامائەتچىلىكىگە مۇراجىئەت قىلىشىمغا رۇخسەت قىلىڭلار. ياۋروپا بويىچە، ئېھتىمال، ئەڭ ئۇلۇق بولغان بۇ مۇنبەرلەردە تۇرۇپ، بۇنداق ھەركەتنى غەزەپلىك سۆزلەر بىلەن (ھەقىقەتەن سۆز بىلەن) ئەيىپلەش ئىنسانىيەت ئۈچۈن قوشۇلغان بىر خىل تۆھپە بولىدۇ...... ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەن (تىيېر ھېچقاچان ئۇنداق قىلغان ئەمەس) مۇۋەققەت پادىشا ئېسپارتېرو بارسېلونا شەھرىنى توپقا تۇتۇپ، ئۇ يەردىكى قوزغىلاڭنى باستۇرماقچى بولغاندا پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئورتاق غەزەپ ساداسى ياڭراتقان ئىدى.»

ئارىدىن بىر يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تىيېر فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ رىمنى توپقا تۇتۇشىنىڭ[41] ئەڭ تەلۋىلەرچە ئاقىلغۇچىـ سى بولۇپ قالدى. ئەمىلىيەتتە، توپ ئوقى پادىشاسىنىڭ خاتالىقى، ئەھۋالدىن قارىغاندا، پەقەت 48 سائەتلا توپقا تۇتۇش بىلەن چەكلەنگەنلىكى بولسا كېرەك.

فېۋرال ئىنقىلاۋىدىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن، گىزونىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىغان، ئۇزاق ۋاقىتقىچە يۇقۇرى مەنسەپ، ئۇستۇن مۇئاشلىق بولالماي ئىچ-ئىچىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن تېيىر يېتىپ كېلەي دەپ قالغان خەلق بورىنىسىنىڭ يۈرىغىنى يۈرىغان هامان، ئۇزىنى «چىۋىن مىرابو» دىگەن لەقەمگە ئىگە قىلغان ساختا قەھرىمانلىق تەلەپپۇزىدا جۇشقىنلىق بىلەن مۇنداق دىدى:

«مەن ئىنقىلاۋىي پارتىيىگە مەنسۇپ، فرانسىيىنىڭ ئىنقىلاۋىي پارتىيىسىگىلا مەنسۇپ بولۇپ قالماي، بەلكى پۈتۈن ياۋروپانىڭ ئىنقىلاۋىي پارتىيىسىگىمۇ مەنسۇپ. مەن ئىنقىلاۋىي هوكۇمەتنىڭ موتىدىللەرنىڭ قولىدا قېلىشىنى ئۇمىت قىلىمەن...... لېكىن، بۇ هوكۇمەت قىزغىن شەخسلەرنىڭ ھەتتا رادىكاللارنىڭ قولىغا ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، مەن بۇنىڭلىق بىلەن، ئۇزەم ھىمايە قىلغان ئىشتىن ھەرگىز ۋازكەچمەيمەن. مەن مەڭگۇ ئىنقىلاۋىي پارتىيىگە مەنسۇپ بولۇپ قالىمەن.»

فېۋرال ئىنقىلاۋى پارتلىدى. ئىنقىلاپ بۇ پەتەكىنىڭ خام خىيال قىلغىنىدەك گىزو نېيىگېسى ئورنىغا تېيىر نېيىگېسىنى قويماي، بەلكى لۇئى-فىلىپپىنىڭ ئورنىغا جۇمھۇرىيەتنى قويدى. خەلق غەلىبە قىلغان بىرىنچى كۈنىلا تېيىر ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن يوشۇرۇنىۋالدى، ئىشچىلارنىڭ ئۇنى پەس كۆرۈشى ئۇنى ئىشچىلارنىڭ دەردىنى چىقىرىۋېلىشىدىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى ئۇ زادىلا بىلمىدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەممىگە ئايان كارامەت جاسارىتى بولسىمۇ، ئىيۇن قىرغىنى[42] ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ ھەركىتى ئۇچۇن يول تازىلاپ بەرگەنگە قەدەر ئۇ يەنىلا داۋاملىق جامائەت سورۇنلىرىدا كورۇنمەي قېچىپ يۈردى. شۇ چاغدا، ئۇ تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ[43] ۋە ئۇنىڭ

يىخۇي تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشلىغى بولۇپ قالدى. بۇ يىخۇي تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت بىر خىل نامسىز ئورنى بوش قالغان سۇلالە ئىدى، بۇ ئورنى بوش قالغان سۇلالە دەۋرىدە ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ھوقۇق تالىشىپ يۈرگەن ھەممە گۇرۇھى بىر بىرى بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈشۈپ، خەلقنى باستۇرغان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، ئۇلار ئۆز سۇلالىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش غەرىزىدە بىر بىرىگە ئورا كولاشقان ئىدى. تىپىر شۇ ۋاقىتتىمۇ، خۇددى ھازىرقىدەك، جۇمھۇرىيەتچىلەرنى ئەيىپلەپ، ئۇلار جۇمھۇرىيەتنى مۇستەھكەملەشكە بىردىن - بىر توسالغۇ، دىگەن ئىدى؛ ئۇ شۇ ۋاقىتتىمۇ، خۇددى ھازىرقىدەك، جۇمھۇرىيەتكە، جاللات ئۆز ۋاقتىدا دون كارلوسقا ئېيتقىنىدەك: «مەن سىنى سىنى دەپ ئۆلتۈرىمەن» دىگەن ئىدى. ئۇ ھازىرمۇ، شۇ ۋاقىتتىكىدەك، غەلىبە قىلىپ ئەتىسلا ئۆزىنى تۇتالماي: L'Empire est fait — دىگو ۋۇجۇتقا كەلدى، دەپ توۋلاپ كەتتى. تىپىر ئۆزىنىڭ ھىلىقى كەم بولسا بولمايدىغان ئەركىنلىك توغرىسىدىكى ساختا ۋەز - نەسىھەتنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى لۇئى بوناپارت كولدۇرلاتقانلىغى ھەم يىخۇي تۈزۈمنى بىر تىپىپ چەتكە چىقىرىپ قويغانلىغى ئۈچۈن (يىخۇي تۈزۈمنىڭ سۇنئى كەيپىياتى بولمىغان بولسا، بۇ پەتەك بىر تىيىنگە ئەرزىمەيتتى، بۇنى ئۇ بىلەتتى) ئۇنىڭغا بولغان شەخسى ئاغرىنىشنى ئۇنتۇپ، ئىككىنچى دىگونىڭ فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ رىمنى بېسىۋېلىشىدىن تارتىپ پرۇسسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلغىنىغا قەدەر ئېلىپ بارغان ھەممە رەزىل شۇملۇقلىرىغا قاتناشتى؛ ئۇ گېرمانىيىنىڭ بىرلىگىگە خالىغانچە ھۇجۇم قىلىپ، پرۇسسىيە بىلەن بولغان بۇ ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى،

چۈنكى ئۇ بۇنداق بىرلىكنى پرۇسسىيىنىڭ مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنى يابىدىغان نىقاپ دەپ قارىماي، بەلكى فىرانسىيىنىڭ گېرمانىيىنى تارقاق ھالدا تۇتۇپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت مۇشۇ ۋارىسلىق ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزۈش دەپ قارىدى. بۇ يەر پاپىسى ياۋروپا ئالدىدا ناپولېون I نىڭ قىلىچىنى ئويىنىتىپ يۈرۈشكە خۇشتار ئىدى، — ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە ناپولېون I نىڭ ئوتتۇغىنى ھەۋەس بىلەن سۈرتۈپلا كەلدى، — ئەمىلىيەتتە، ئۇنىڭ تاشقى سىياستى، 1840 ـ يىلدىكى لوندون ئەھدىنامىسىدىن[44] تارتىپ 1871 ـ يىلى پارىژ تەسلىم بولغانغا ۋە ھازىرقى بۇ ئىچكى ئۇرۇشقا قەدەر، باشتىن ـ ئاياق فرانسىيىنى ئىنتايىن خورلۇققا ئۇچرىتىپ كەلدى. بۇ قېتىمقى ئىچكى ئۇرۇشتا، ئۇ بىسماركنىڭ ئىجازىتى بىلەن، سېدان ۋە مېتستا ئەسىر ئېلىنغان ھەربىلەرنى پارىژغا ھۇجۇم قىلىشقا سالدى[45]. گەرچە ئۇنىڭ ئەھۋالغا قاراپ ئىش كورىدىغان بىر ئاز بىلىگى بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەشەببۇسى ھېلىدىن ـ ھېلى ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۈتۈن ئومرى ئىنتايىن مۇتەئەسسىپلىك بىلەن ئوتتى. ئوز ئۆزىدىن چۈشىنىشلىككى، ھازىرقى زامان جەمىيىتىدە بولۇۋاتقان بىر قەدەر چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن زادىلا چۈشىنىپ بولمايدىغان سىر؛ ئۇ پۈتۈن زېھنىنى گەپدانلىق قىلىشقا ئىشلەتكەنلىگى ئۈچۈن، ھەتتا جەمىيەت يۈزىدە بولۇۋاتقان ئەڭ روشەن ئۆزگىرىشلەرنىمۇ چۈشىنەلمەيدۇ. مەسىلەن، ئۇ فرانسىيىنىڭ كونا قوغدىنىش چېگرا بېجى تۈزۈمىگە خىلاپ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇقەددەس نەرسىلەرگە ھورمەتسىزلىك قىلغانلىق دەپ ھارماي ئەيىپلەپ كەلدى. ئۇ لۇئى ـ فىلىپپىنىڭ داچېنى بولغان چېغىدا تومۇريولنى بىمەنە غەلىتە نەرسە

دەپ زاڭلىق قىلغان ئىدى؛ لۇئى بوناپارت دەۋرىدە قارشى كۈرۈھلۈق ئورۇندا تۇرغان چېغىدا، فرانسىيىنىڭ چىرىك ھەربى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش يولىدىكى ھەرقانداق تۈرۈنۈشنى يولدىن چىققانلىق دەپ ئەيىپلىگەن ئىدى. ئۇ ئۇزىنىڭ كوپ يىللىق سياسى ھاياتىدا ئاز ـ ماز بولسمۇ ئەملىي پايدىسى بولغان بىرەر ئىش قىلغان ئەمەس. تىيېر باشتىن ـ ئاياق بايلىقنى ئۈلگەن ئىدى ۋە بۇ بايلىقنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئوچ ئىدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم لۇئى ـ فىلىپ سۇلالىسىنىڭ داچېنى بولغان چېغىدا ئايۇپقا ئوخشاش نامرات ئىدى، بۇ خىزمەتتىن ئايرىلغاندا بولسا مىليونىر بولۇپ قالدى. ئۇ يەنە شۇ پادىشانىڭ قول ئاستىدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم داچېن بولغىنىدا (1840 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ)، جۇگېيىۋەندە كىشلەر تەرىپىدىن ھوكۇمەت پۇلىنى يەۋالدى دەپ ئاشكارا ئەيىپلەنگەن. ئۇ چاغدا ئۇ بۇ ئەيىپلەشكە پوتلىسنى ئېقىتىپ يىغلاش بىلەنلا جاۋاپ بەرگەن ئىدى، ئۇ جۇل فافېرغا ۋە باشقا ھەرقانداق تىمساھقا ئوخشاش، ھەر ۋاقىت شۇنداق قىلالايتتى. بوردودىكى چېغىدا① ئۇنىڭ فرانسىيىنى دۇچكېلە ـ ۋاتقان مالىيە ۋەيرانچىلىقىدىن قۇتقۇزۇش ئۇچۇن قوللانغان بىرىنچى تەدبىرى ئۇزى ئۇچۇن 3 مىليون فرانك يىللىق مۇئاش بەلگىلىۋېلىش بولدى؛ مانا بۇ ـ 1869 ـ يىلى ئۇزىنىڭ پارىژدىكى سايلىغۇچىلىرىغا تەسۋىرلەپ بەرگەن ھېلىقى غايىۋى «ئىقتىساتچىل جۇمھۇرىيەت»نىڭ پۇتۇن مەزمۇنى. ئۇنىڭ 1830 ـ يىلدىكى

---

① 1891 ـ يىلدىكى نېمىسچە نەشرىدە: «1871 ـ يىلى بوردودىكى چېغىدا» دەپ ئېلىنغان. ـــ تەھرىردىن

جۇڭيېبۇەندىكى ھەمرالىرىدىن بىرى بېلىپ ئەپەندى (ئۇزى كاپىتالىست، شۇنداقتىمۇ پارىژ گۇڭشېسىنىڭ سادىق ۋېيىۇەنى) يېقىندا بىر ئاشكارا باياناتىدا تىيېرغا مۇنداق دىگەن:

«ئەمگەكنى كاپىتالغا قۇل قىلىپ بېرىش سىنىڭ سياستىڭنىڭ ئاساسى بولۇپ كەلدى. سەن پارىژ شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىدە ئەمگەكچىلەر جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى جاكالانغانلىقىنى كورگەن كۇنۇڭدىن تارتىپ، فرانسىيىگە: بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى جىنايەتچىلەر! دەپ تىنماي جار سېلىپ كېلىۋاتىسەن.»

تىيېر ئۇشاق سياسى ئالدامچىلىقنىڭ مۇتەخەسسىسى، ۋاپاسزلىق ۋە خائىنلىقنىڭ ئۇستىسى، يىخۇيدىكى پارتىيە - گۇرۇھلار كۇرىشىدە ئۇششاق نەيرەڭۋازلىق، سۇئىقەست، ھىلە - مىكىر ۋە رەزىل مەككارلىق ئىشلىتىشنىڭ پىرى؛ ئۇ تەسىر كۇچىدىن ئايرىلغان ھامان ئىنقىلاپنى ھە دەپ تەرغىپ قىلىدۇ، چوڭ ھوقۇق قولىدا بولغان ھامان ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئىنقىلاپنى قانغا پاتۇرىدۇ؛ ئۇنىڭدا سىنىپي بىر تەرەپلىمە قاراشلا بار، پىكىر قىلىش يوق، شوھرەتپەرەسلىكلا بار، ۋىجدان يوق؛ ئۇنىڭ خۇسۇسى تۇرمۇشىمۇ ئىجتىمائى ھاياتىغا ئوخشاش رەزىل - ئىپلاس، — ھەتتا ھازىر ئۇ فرانسىيىنىڭ سۇللاسى رولىدا چىقىۋاتقان چېغىدىمۇ، ئىختىيارسىز ھالدا، ئۇزىنىڭ كۇلكىلىك ھاكاۋۇرلۇغى بىلەن ئۇز ھەركىتىنىڭ رەزىللىگىنى كورسەتمەكتە.

يالغۇز پارىژنىلا ئەمەس، بەلكى پۇتۇن فرانسىيىنى پرۇسسىيە ھوكۇمرانلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن پارىژ تەسلىمچىلىكى دۇشمەنگە باغلىنىپ ۋەتەن سېتىشتەك بىر قاتار سۇئىقەستلىك شۇملۇقلارنىڭ ئومۇمى ئاخىرلىشىشى ئىدى، بۇ سۇئىقەستلىك شۇملۇقلار بولسا،

خۇددى تروشۇي ئوزى ئېيتقاندەك، 9-ئاينىڭ 4-كۈنىدىكى دولەت ئوغرىلىرى ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان كۈنىلا باشلانغان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ تەسلىمچىلىك شۇنداقلا ئۇلار پرۇسسىينىڭ ياردىمى بىلەن جۇمھۇرىيەتكە ۋە پارىژغا قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشنىڭ باشلىنىشى ئىدى. تەسلىم بولۇش شەرتلىرىنىڭ ئوزىدىلا ئورا كولىنىپ بولغان ئىدى. ئۇ چاغدا، مەملىكەتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كوپرەگى دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، پايتەختنىڭ باشقا ئولكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈۋېتىلگەن، بارلىق قاتناش يوللىرى بۇزۇۋېتىلگەن ئىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، تولۇق ۋاقىت چىقىرىپ تەييارلىق قىلماي تۇرۇپ، فرانسىيىگە ھەقىقى ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئادەملەرنى سايلاپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، تەسلىمنامىدە گومىن يىغىنىنى بىر ھەپتە ئىچىدە سايلاپ چىقىش لازىملىقى بەلگىلەنگەن ئىدى؛ نەتىجىدە فرانسىيىنىڭ نۇرغۇن جايلىرى نوۋەتتىكى سايلام توغرىسىدىكى خەۋەرنى سايلام ھارپىسىدىلا ئۇقتى. يەنە كېلىپ، تەسلىمنامىدىكى مەخسۇس بىر بەلگىلىمە بويىچە بولغاندا، گومىن يىغىنى پەقەت سۇلھى ۋە ئۇرۇش مەسىلىسىنى قارار قىلىش، زورۇر تېپىلغاندا بولسا سۇلھى شەرتنا-مىسى تۈزۈش ئۈچۈنلا سايلىناتتى. ئۇرۇش توختىتىش شەرتلىرى ئۇرۇشنى زادىلا داۋاملاشتۇرالمايدىغان قىلىپ قويغانلىقىنى، بىسمارك بەلگىلەپ بەرگەن سۇلھى شەرتنامىسىنى تەستىقلاش ئۈچۈن بولسا فرانسىيىنىڭ ئەڭ يامان ئادەملىرى ئەڭ مۇۋاپىق ئادەملەر ھېساپ-لىنىدىغانلىقىنى خەلقنىڭ سەزمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن بۇ ئېھتىيات چارىلىرى تېيېرنى يەنىلا خاتىرجەم قىلالمىدى، شۇنىڭ

بىلەن ئۇ ئۇرۇش توختىتىشنىڭ سىرى پارىژغا مەلۇم بولۇشتىن بۇرۇن، جېڭتۇڭچىلارنىڭ46 مۇردىسىغا جان كىرگۈزۈش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتنى كېزىپ سايلام سەپىرى قىلدى؛ جېڭتۇڭچىلار بىلەن ئورلېئانچىلار بىرلىكتە شۇ چاغدا پۈتۈن مەملىكەت تەرىپىدىن تۈكۈرۈپ تاشلانغان بوناپارتچىلارنىڭ ئورنىنى ئېلىشى كېرەك ئىدى. تىيېر جېڭتۇڭچىلاردىن قورقمايتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ ھازىرقى زامان فرانسىيە ھۆكۈمىتى بولۇشى پىكىرگە سىغمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار رەقىپ بولغاندىمۇ ھېچنىمىگە ئەرزىمەيتتى؛ بۇلارنىڭ پائالىيىتى، تىيېرنىڭ (1833-يىل 1-ئاينىڭ 5-كۈنى جۈۋىيېۋەندىكى) سۆزى بىلەن ئېيتقاندا،

«ھەمىشە تاشقى دۈشمەننىڭ بېسىپ كىرىشى، ئىچكى ئۇرۇش ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك ھالەتتىن ئىبارەت ئۈچ تۈۋرۈكنىڭ تىرەپ تۇرۇشىغا تايىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ كەلگەن».

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەكسىلئىنقىلاۋىي قورال قىلىشقا بۇ پارتىيىدىنمۇ مۇۋاپىق يەنە قانداق پارتىيە بولسۇن؟ جېڭتۇڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بۇرۇنقى ئالتۇن دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا راستلا ئىشىنىپ قالدى. دەرۋەقە، فرانسىيە يەنە تاشقى دۈشمەننىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا قالدى، دىگو يەنە ئاغدۇرۇپ تاشلاندى، بوناپارت يەنە ئەسىر چۈشتى، جېڭتۇڭچىلار بولسا يەنە باش كۆتەردى. روشەنكى، تارىخ چاقى ئارقىغا بۇرۇلۇپ، 1816-يىلدىكى «تەڭدىشى يوق يىيۈەن»گە①47

① 1871- ۋە 1891-يىللاردىكى نېمىسچە نەشرلىرىدە بۇ يەرگە «(يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە يۇنكېر پومېششىكلار يىيۈەنى)» دىگەن سۆزلەر قوشۇلغان. — تەھرىردىن

قايتىپ بارغىلى تۇردى. 1848 — 1851 ـ يىللاردىكى جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىكى گومىن يىخۇيىدا جېڭتۇڭچىلارغا خېلى تەربىيە كورگەن ۋە يىخۇي كۇرىشى تەجرىبىسگە باي بەزى شەخسلەر ۋەكىللىك قىلاتتى؛ ئەمەدىلىكتە ئۇلارنىڭ پارتىيىسىدىكى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بىرنىملەر يەنى فرانسىيىدىكى بارلىق بۇسوناكىلار ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلار بولۇپ قالدى.

بۇ «پومىششىكلار يىخۇيى»[48] بوردودا ئەمدىلا مەجلىس ئاچقان چاغىدا، تىيېر ھەتتا ئۇلارغا يىخۇي مۇنازىرىسىمۇ قىلغۇزماي، توغرىدىن ـ توغرا ئۇلارغا سۇلھى شەرتنامىسىنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى دەرھال قوبۇل قىلىش لازىملىغىنى، چۇنكى شۇنداق قىلغاندىلا، پرۇسسىيە ئۇلارنىڭ جۇمھۇرىيەتكە ۋە ئۇنىڭ قورغىنى پارىژغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىغا يول قويىدىغانلىغىنى ئېيتتى. ئەكسىلئىنـ قىلاۋىي كۇچىنىڭ ئىككىلىنىپ تۇرۇشقا ھەقىقەتەن ۋاقتى يوق ئىدى. ئىككىنچى دىگو دولەت قەرزىنى بىر ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشۇرۇۋەتكەن، ھەممە چوڭ شەھەرلەرنى ئېغىر يەرلىك قەرزلەرگە بوغۇۋەتكەن ئىدى. ئۇرۇش قەرزلەرنى ئىنتايىن ئېغىرلاشتۇرغان، پۇتۇن مەملىكەتنىڭ بايلىق مەنبەسىنى تامامەن خورىتىپ بولغان ئىدى. بالايى ـ ئاپەتنى چېكىگە يەتكۇزگىنى پرۇسسىيە شېيلۇكىنىڭ ھوججەتلەرنى كوترىپ يۇرۇپ، ئۇزىنىڭ فرانسىيىدىكى 500 مىڭ ئەسكىرىنى بېقىش ئۇچۇن تەمىنات ئالغانلىغى، 5 مىليارت ئۇرۇش چىقىمىنى تاپشۇرۇشنى ھەمدە ۋاقتىدا تولىمىگەنلىگى ئۇچۇن 5 پىرسەنت ئۇسۇم قوشۇپ تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلىغى بولدى[49]. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كىم تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى؟ بايلىق ئىگىلىرى جۇمھۇرىيەتنى زورلۇق كۇچ بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن

كېيىنلا، ئۆزى قوزغىغان ئۆرۈشنىڭ ئېغىرلىغىنى بايلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ يەلكىسىگە ئارتىپ قويۇشتىن ئۆمىت كۈتە-لەيتتى. شۇنداق قىلىپ، فرانسىيىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىغى بۇ يەر مۈلكىگە ۋە كاپىتالىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى ۋەتەنپەرۋەر شەخسلەرنىڭ چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ نازارىتى ۋە قانات ئاستىغا ئېلىشى ئارقىسىدا، تاشقى ئۇرۇشنى ئىچكى ئۇرۇش بىلەن يەنى قۇلدارلار توپىلىكى بىلەن ئاياقلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

بۇ سۇئىقەستىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان غايەت زور توسالغۇ پارىژ ئىدى. پارىژنى قورالسىزلاندۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتنى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ بىرىنچى موھىم شەرتى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىيېر پارىژدىن قورال تاشلاشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پارىژنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان ھەممە چارە قوللىنىلدى: «پومىششىكلار يىغىنى» جۇمھۇرىيەتكە قارشى ئىنتايىن غالجىرلىق بىلەن جار سالدى؛ تىيېرنىڭ ئۆزى تىلىنى چايناپ، جۇمھۇرىيەتنىڭ قانۇنىي ئاساسى يوق، دىدى؛ پارىژنىڭ كاللىسىنى ئالىمىز ھەم پايتەختلىك نامىنى ئېلىپ تاشلايمىز، دەپ تەھدىت سالدى؛ ئورلېانچىلارنى ئەلچى قىلىپ تەيىنلىدى؛ دۇفورنىڭ پارىژ سودا - سانائىتىنى ئۇزۇل - كېسىل ۋەيران قىلىدىغان ۋاقتى ئۆتكەن سودا قەرەللىك چېكىنى ۋە ئۆي - جاي ئىجارىسىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى پەرمانلىرىنى چىقاردى[50]؛ پۇيې - كېرتىيېنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، نەشر قىلىنغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ھەر بىر نۇسخىسىغا 2 سانتىمدىن باج ئالىدىغان بولدى؛ بلانكى بىلەن فلورانسنى ئۆلۈمگە ھوكۇم قىلدى؛ جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ گېزىتلىرىنى

پېچەتلەندى؛ گومىن يىخۇيىنى ۋېرسالغا كوچۇردى؛ بالىچياۋ[1] تەرىپىدىن ئېلان قىلىنىپ، 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى بىكار قىلىنغان ھەربى ھالەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى؛ دىكابىرچى ئۇنسۇر ۋىنوۋانى[51] پارىژنىڭ زۇڭدۇسى قىلىپ تەيىنلىدى، بوناپارتنىڭ شيەنبىڭى ۋالېنتىننى ساقچى ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى قىلىپ، ئېيىزۇئىت ئوربېل دې پالادىن جياڭجۇننى پارىژ گومىن زىۋېيجۇنىنىڭ زۇڭسىلىڭى قىلىپ تەيىنلىدى.

ئەمدى بىز تيېر ئەپەندىگە ۋە ئۇنىڭ كېيىنگە كىرىدىغان دولەت مۇداپىە ئەرباپلىرىغا مۇنداق بىر سوئال قويىمىز. ھەممىگە مەلۇمكى، تيېر ئۆزىنىڭ مالىيە بۇجاڭى پۇيې-كېرتيې ئەپەندىنىڭ ۋاستىسى بىلەن 2 مىليارت پۇل قەرز ئالغان. سورىماقچىمىز:

(1) ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ سودىدا بىرنەچچە يۈز مىليون شىرىنكانە تيېر، جۇل فافېر، ئېرنېست پىكار، پۇيې - كېرتيې ۋە جۇل سىمونلارنىڭ يانچۇغىغا چۈشۈپ كەتكەن، بۇ راستمۇ، يالغانمۇ؟

(2) قەرزنى پارىژ «تېچلاندۇرۇلغان»دىن كېيىن بەرمەكچى بولدى دېگەن گەپ بار[52]، بۇ راستمۇ، يالغانمۇ؟

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ھەر ھالدا، ئۇلارنى بۇ ئىشنى ئالدىراپ - تېنەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلغان بىر سەۋەپ بار، چۈنكى تيېر

---

① يەنى فرانسىيە جياڭجۇنى گۇزان - مۇنتوبان، ئۇ 1860 - يىلى ئەنگلىيە - فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغاندا، تاجاۋۇزچى ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلغان بولۇپ، بېيجىڭ بىلەن تۇڭجۇ ئارىلىقىدىكى بالىچياۋ دېگەن يەردە چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى يەڭگەنلىكى ئۈچۈن، ناپولېون III ئۇنىڭغا بالىچياۋ بوجۇي دەپ نام بەرگەن. — تەرجىماندىن

بىلەن جۇل فافېر بوردو يىغىنىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نامىدىن پرۇسسىيە ئارمىيىسىنىڭ پارىژنى دەرھال ئىشغال قىلىشىنى ئەڭ نومۇسسىزلىق بىلەن تەلەپ قىلغان ئىدى. لېكىن بىسمارك، خۇددى ئۇ گېرمانىيىگە قايتىپ بارغىنىدىن كېيىن فرانكفۇرتتىكى چىن دىلىدىن ئاپىرىن ئوقۇيدىغان چاكىنىلارغا زاڭلىق قىلىپ ئوچۇقتىن-ئوچۇق سوزلەپ بەرگىنىدەك، چوتنى ئۇنداق سوقمىغان ئىدى.

## 2

**قوراللانغان** پارىژ ئەكسلىئىنقىلاۋىي سوئىقەستىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بىردىن ـ بىر قاتتىق توسالغۇ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پارىژنى قورالسىزلاندۇرۇش كېرەك ئىدى. بۇ ھەقتە بوردو يىغۇيى ناھايىتى ئېنىق ئېيتتى. ئەگەر «پومىششىك يىغۇي ئەزالىرى»نىڭ دەھشەتلىك ۋاڭ ـ چۇڭ كوتىرىشلىرىدىن كىشىلەر تېخى بىرەر نىمىنى ئاڭقىرالىمىغان بولسا، تىيېرنىڭ پارىژنى دىكابىرچى ئۈنسۇر ۋىنوۋا، بوناپارتىنىڭ شيەنبىڭى ۋالېنتىن ۋە ئىيېزۇئىت ئورېل دې پالادىن جىياڭجۇندىن ئىبارەت 3 كىشىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغانلىغى كىشىدە قىلچە گۇمان قالدۇرمىدى. سوئىقەستچىلەر ئۆزلىرىنىڭ پارىژنى قورالسىزلاندۇ- رۇشتىكى ھەقىقى نىيىتىنى يۇزى قېلىنلىق قىلىپ قىلچە يوشۇرمىدى، ئىنتايىن يالىڭاچ، ئىنتايىن رەزىل يالغان سوزلەرنى بانا قىلىپ، پارىژدىن قورال تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. تىيېر، پارىژ گومىن ژىۋېيجۇنىنىڭ زەمبىرەكلىرى ــ دولەت مۈلكى، شۇڭا دولەتكە قايتۇرۇپ بېرىلىشى كېرەك، دىدى. لېكىن پاكىت مۇنداق ئىدى: پارىژ، تەسلىم بولغان كۇندىن تارتىپلا، جىددى تەييار تۇرغان ئىدى، چۇنكى، بىسماركقا ئەسىر بولغانلار تەسلىم بولۇش شەرتلىرى بويىچە، فىرانسىيىنى بىسماركقا ساتقان چېغىدا، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن خېلىلا كوپ ئارمىيە ساقلاپ قالغان ئىدى، بۇنىڭدىن مەقسىدى، روشەنكى، پارىژنى باستۇرۇش ئىدى. گومىن

زىۋپىيـجوُن قايـتا تەشـكىل قىلىنىپ، ئالى قوماندانـلىق ھوقۇق
گومىن زىۋپىيجوُنىنىڭ بارلىق جوُنگوُەن-ئەسكەرلىرى (كونا بوناپارت
ئارمىيىسىنىڭ بەزى قالدۇق قىسمىنى ھېساپقا ئالمىغانـدا) ئورتاق
سايلىغان جوُڭياڭ ۋېيىيوُەنخۇيغا تاپشۇرۇلغان ئىدى. تەسلىمچىـلەر
خائىنلىق قىلىـپ پرۇسـسىيە ئارمىيـسى كىرىـش ئالدىـدا تۇرغان
كوچىلاردا ياكى ئوُنىڭغا يېقىن كوچىلاردا ئەتەي تاشلاپ كەتكەن
زەمبىرەك ۋە كوپ ئېغىزلىق زەمبىرەكلەرنى جوُڭياڭ ۋېيىيوُەنـخۇي
پرۇسـسىيە ئارمىيـسى پارىژغا باسـتۇرۇپ كىرىش ھارپىسـىدا ئامال
قىلىپ مونمارتىر، بېلـۋىل ۋە لا ـ ۋىـلـلېتكە ئېلىپ كېلىۋالـغان
ئىدى. بۇ زەمبىرەكـلەر گومىن زىۋپىيـجوُن ئوزى توپلىـغان پۇلغا
ياسىتىلغان ئىدى. 1 ـ ئايـىنىڭ 28 ـ كوُنـىدىكى تەسلىـمنامىدە بۇ
زەمبىرەكـلەرنىڭ گومىن زىۋپىيجوُنـىنىڭ مۇلكى ئىكەنلىكى رەسمى
ئېتىراپ قىلىنغان ئىدى، شۇڭا غەلىبە قىلـغۇچىلارغا تاپشۇرۇلۇشقا
تېگىشلىك ھوكوُمەت قوراللىرىنىڭ ئومۇمى سانىغا كىرگۈزۈلمـگەن
ئىدى. تىيېرنىڭ پارىژ بىلەن ئۇرۇش قىلىـشى ئوُچوُن ھەقىقەتەن
بانا يوق ئىدى، شۇنىڭ ئوُچوُن ئۇ نومۇسـسىزلىق بىلەن يالغانچىلىق
ۋاستىـسىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولۇپ، قانداقتۇ، گومىن زىۋپىيجوُن-
نىڭ زەمبىرەكلىرى دولەت مۇلكى! دىدى.

زەمـبىرەكلەرنى تارتىۋېلىش، روشەنكى، پارىژنى ئومۇميۇزلۈك
قورالسىزلاندۇرۇشنىڭ يەنى 9 ـ ئايـىنىڭ 4 ـ كوُنىدىكى ئىنقىلاپنى
قورالسىزلاندۇرۇشنىڭ بىر باشلىنىشلا ئىدى. لېكىن، بۇ ئىنقىلاپ
فرانسىيىنىڭ قانۇنىي ۋەزىيىتى بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ئىنقىلاپ
ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن جۇمھۇرىيەتنى غەلىبە قىلغۇچىلار تەسلىمنامىدە
ئېـتىـراپ قىلـغان ئـىدى. تەسـلىم بولغاندىن كېيىن، ئوُنى يەنە

ھەرقايسى تاشقى كۈچلۈك دولەتلەر ئېتىراپ قىلغان ئىدى؛ شۇنىڭدەك ئۇنىڭ نامىدىن گومىن يىخۇي چاقىرىلغان ئىدى. پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى ئىنقىلاۋى بوردو گومىن يىخۇيى ۋە ئۇنىڭ مەمۇرى دائىرىلىرىنىڭ بىردىن ـ بىر قانۇنىي ئاساسى ئىدى. ئەگەر 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى ئىنقىلاپ بولمىغان بولسا، بۇ گومىن يىخۇي ئۇز ئورنىنى دەرھال 1869 ـ يىلى پرۇسسىيىلىكلەرنىڭ ھوكۇمرانلىغى ئاستىدا ئەمەس، بەلكى فرانسۇزلارنىڭ ھوكۇمرانلىغى ئاستىدا ئومۇمى سايلام يولى بىلەن سايلانغان، كېيىن ئىنقىلاپ مەجبۇرى تارقىتىۋەتكەن قانۇن چىقىرىش ئومىگىگە چوقۇم بەرگەن بولاتتى. تىيىر ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بوشتىپ تۇرۇلغان جىنايەتچىلەر لۇئى بوناپارت ئىمزا قويغان خۇجاۋغا ئىگە بولۇۋېلىپ، كەيىنىگە ساياھەتكە بېرىشتىن[53] قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن سوزسىز تەسلىم بولغان بولاتتى. تولۇق ھوقۇقا ئىگە بولۇپ پرۇسسىيە بىلەن سۇلھى قىلغان گومىن يىخۇي بۇ ئىنقىلاپتا بىر قىستۇرملا ئىدى، ئىنقىلاپ-نىڭ ھەقىقى گەۋدىلەندۇرگۈچىسى بولسا ئاخىر قورالانغان پارىژ ئىدى، چۈنكى بۇ قىممىقى ئىنقىلاپنى پارىژ قوزغىغان ئىدى، ئۇ بۇ ئىنقىلاپنى دەپ، 5 ئايلىق مۇھاسىرە ۋە ئاچارچىلىق ئازاۋىغا چىداشلىق بەرگەن ئىدى، ئۇ تروشۇي پىلانىغا قارىماي ئۇزاققىچە قارشىلىق كورسىتىپ، باشقا ئۆلكىلەرنىڭ قەيسەرلىك بىلەن قوغدىنىش ئۇرۇشى قىلىشىغا ئىمكانىيەت بەرگەن ئىدى. ھازىر بولسا، بۇ پارىژ ياكى بوردودىكى ھېلىقى ئاسى قۇلدارلارنىڭ شەرمەندە بۇيرۇغىغا بىنائەن ئۇز ئۇزىدىن قورالسىزلىنىشقا مەجبۇر بولۇپ، 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى ئىنقىلاپ ھاكىمىيەتنى لۇئى بوناپارتنىڭ قولىدىن

ئۇنىڭ رىقابەتچىسى باۋخۇاڭداڭچىلارنىڭ قولىغا ئېلىپ بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشى؛ ياكى فرانسىيە ئىشى ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن كۈرەش ئېلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى، ئۇ چاغدا فرانسىيىنى پۈتۈنلەي ھالاك بولۇش خەۋپىدىن قۇتقۇزۇش ۋە يېڭى ھاياتقا ئىگە قىلىشنىڭ بىردىن-بىر يولى ئىككىنچى دىگونى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ۋە مۇشۇ دىگونىڭ ھامىلىقى ئاستىدا پۈتۈنلەي چىرىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن سىياسى ۋە ئىجتىمائى شەرت-شارائىتنى ئىنقىلاپ يولى بىلەن يىمىرىپ تاشلاش ئىدى. 5 ئايلىق ئاچارچىلىق دەستىدىن پۇچۇلىنىپ كەتكەن پارىژ بىر دەم-يېرىم دەممۇ ئىككىلىنىپ تۇرمىدى. پارىژ شۇ چاغدا ئۆز قورغانلىرى ئۈستىدىن پرۇسسىيە زەمبىرەكلىرىنىڭ تەھدىت سېلىۋاتقىنىغا قارىماي، فرانسىيە سۇئىقەستچىلىرى بىلەن بولىدىغان كۈرەشنىڭ بارلىق خەتىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈشكە قەھرىمانلىق بىلەن بەل باغلىدى. لېكىن، جوڭگىياڭ ۋېيىۋەنخۇي باشقىلار پارىژغا تاڭغان ئىچكى ئۇرۇشقا يېرگىنىش پوزىتسىيىسىدە بولدى، شۇڭا ئۇ گومىن يىخۇيىنىڭ ھەرقانداق ئىغۋاگەرچىلىكىگە، مەمۇرى دائىرىلەرنىڭ ئۆز ھوقۇق دائىرىسىدىن ھەرقانداق ئېشىپ كېتىشىگە شۇنداقلا ئارمىيىنىڭ پارىژ شەھىرى ئىچىدە ۋە پارىژ ئەتراپىدا توپلىنىشى نەقەدەر تەھدىت سېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكىگە قارىماي، باشتىن-ئاخىر نوقۇل مۇداپىئەلىنىش مەيدانىدا تۇرىۋەردى.

شۇنىڭ بىلەن، تېيىر ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى: ئۇ گومىن زىۋېيجۇننىڭ زەمبىرەكلىرىنى ئۆشتۈمتۇت تارتىۋېلىش قەستىدە، ۋىنوۋانى بىر شەھەر ساقچىسى دادۇيى بىلەن بىرنەچچە دائىمى

تۆەننى باشلاپ بېرىپ، مونـمارتـىرغا كېچـىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشـقا ئەۋەتـتى. ھەمـمىگە مەلۇمـكى، گومىن زىۋىيـجۇنـىنىڭ قارشىـلىق كورسـىتىشى ۋە ئارمـيە بىلەن خەلقـىنىڭ ئىناقـلىغى ئارقىسىدا بۇ قەست ئەمەلگە ئاشمىدى. ئورېل دې پالادىن غەلبە توغرىسىدىكى ئاخباراتنى ئالدىنالا بېسىپ تەييارلاپ قويغان ئىدى، تيېر بولسا ئوزىنىڭ سىياسى ئوزگىرىش تەدبىرلىرىنى جاكالايدى-غان ئېلانلىرىنى ئاللىبۇرۇن تەييارلاپ قويغان ئىدى. نەتىجىدە بۇ ئېلانلارنىڭ ئورنىغا بىر خىتاپنامە چىقىرىشقا توغرا كەلدى، بۇنىڭدا، گومىن زىۋىيجۇنىنىڭ ئوز قورالىرىنى گومىن زىۋىيجۇنىنىڭ ئوزىگە ھەدىيە قىلىشنى تيېرنىڭ كەڭ قوساقلىق بىلەن قارار قىلغانلىغى ئېيتىلـغان، ئۇ يەنە، گومىن زىۋىيـجۇنـىنىڭ بۇ قورالـلار بىلەن ھوكۇمەت ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، توپىلاڭچىلارغا قارشى تۇرىدىغانلىغىغا ئىشىنىدىغانلىغىنى ئېيتقان. 300 مىڭ كىشىلىك گومىن زىۋىيجۇنى-دىن پەقەت 300ىلا بۇ چاقىرىقـقا ئاۋاز قوشۇپ، پەتەك تيېرنىڭ ئەتـراپـىغا ئۇيـۇشۇپ، ئوزـىگە قارشى تۇرۇشـتى. 3 - ئايـىنىڭ 18 - كۇنـىدىكى شانـلىق ئىشـچىلار ئىنقـىلاۋى پارىژنى پۈتۈنلەي ئىگەلـلىـدى. بۇ ئىنقىلاپـىنىڭ ۋاقىـتـلىق ھوكۇمـىتى جۇڭـىياڭ ۋېيىۋەنخۇي ئىدى. ياۋروپا ئوزىنىڭ كوز ئالدىدا يۈزبېرىۋاتقان، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ سىياسى ۋە ھەربى ئوزگىرىشلەرنىڭ چىنلىغىغا بىر مەھەل گۇمانلانغاندەك قىلىپ، بۇ ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن ئوتـكەن ئىشـلارغا دائىـر چۈش بولـسا كېرەك، دەپـمۇ ئويلىدى.

3 - ئايـىنىڭ 18 - كۇنـىدىن تارتىپ ۋېرسال ئارمىيـسى پارىژغا باستۇرۇپ كىرگەنگە قەدەر پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى پۈتۈنلەي «ئەلا

سىنىپ»لارنىڭ ئىنقىلاپلىرىدا بولۇپمۇ ئەكسىلئىنقىلاپلىرىدا ئىنتايىن كۆپ كۆرۈلىدىغان زوراۋانلىقلارنى قىلمىغان ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى لېكونت ۋە كلېمون توما جىياڭجۇنلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەندىلىكىنى ھەم ۋاندوم مەيدانىدىكى ۋەقەنى تۇتۇۋالغاندىن باشقا، ئۆز غەزەپلىرىنى بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق بانا تاپالمىدى.

لېكونت جىياڭجۇن مونمارترغا قىلىنغان كېچىلىك تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا قاتناشقان بوناپارت جۇڭگۇەنلىرىدىن بىرى ئىدى، ئۇ 81 ـ دائىمى تۇەنگە پىگال مەيدانىغا توپلانغان قولىدا تومۇرنىڭ سۇنۇغىمۇ بولمىغان ئاممىنى ئوقچا تۇتۇشقا ئۇدا 4 قېتىم بۇيرۇق بەرگەن، ئەسكەرلەر ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلغاندا، ئۇ ئەسكەرلەرنى قاتتىق ھاقارەتلىگەن. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئانا ـ باللارنى ئاتماي، ئۇنى ئېتىپ تاشلىغان. ئەسكەرلەر ئىشچىلار سىنىپى دۈشمەنلىرىنىڭ تەربىيىسى ئارقىسىدا ئۆزىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈۋالغان ئادەتلەر، تەبىئىكى، ئۇلارنىڭ ئىشچىلار تەرىپىگە ئۆتۈشى بىلەن بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. كلېمون تومانىمۇ مۇشۇ ئەسكەرلەر ئېتىپ تاشلىغان.

كلېمون توما «جىياڭجۇن» ئوتكەنىدە كۆتىكىنىگە يېتەلمەي يۈرگەن ھەربى لاۋازىمات جوڭشىسى ئىدى، لۇئى ـ فىلىپ ھوكۇمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ «گومىنباۋ»[54] گېزىتخانىسىغا قوبۇل قىلىنىپ، ئۇ يەردە بۇ جاڭجالچى گېزىتنىڭ قورچاق جاۋاپكار جىڭلىسى (gérant responsable[1]) ۋە دۇئىلچى

[1] 1871 ـ ۋە 1891 ـ يىللاردىكى نېمىسچە نەشرلىرىگە «ئۇنىڭ ۋەزىپىسى گېزىت ئۈستىدىن ئەرز قىلىنىپ، گېزىت جازاغا تارتىلغان چاغدا قاماققا بېرىش ئىدى.» دىگەن سۆزلەر قوشۇلغان. — تەھرىردىن

بولۇشتىن ئىبارەت قوش رول ئوينىغان ئىدى. فېۋرال ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، «گومىناۋ» گۇرۇھىدىكى بۇ كىشىلەر ھاكىمىيەتىنى قولغا ئېلىپ، بۇ سابىق ھەربى لاۋازىمات جۇڭشىسىنى جياڭجۇنلۇككە كوتەردى. بۇ ئىيۇن قىرغىنى ھارپىسىدىكى ئىش ئىدى. كلېمون توما جۇل فافېرغا ئوخشاش، بۇ ۋەقەنى زەھەرخەندىلىك بىلەن پىلانلىغان ئادەملەردىن بىرى، شۇنداقلا بۇ قىرغىندىكى ئەڭ رەزىل جاللاتلاردىن بىرى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئوزىنىڭ جياڭجۇنلۇك ئۇنۋانى بىلەن ئۇزاق ۋاقىت يوقاپ كەتكەن ئىدى، 1870 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۇنىگە كەلگەندە يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىدە قولغا چۇشۇرۇلگەن دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتى بۇنىڭدىن بىر كۇن بۇرۇن بالىكى، فلورانس ۋە ئىشچىلارنىڭ باشقا ۋەكىللىرىگە ئوزى چاڭگىلىغا كىرگۇزۇۋالغان ھاكىمىيەتنى پارىژ ئەركىن يوسۇندا سايلاپ چىققان گوڭشېغا ئوتكۇزۇپ بېرىشكە تەنتەنىلىك بىلەن ۋەدە بەرگەن ئىدى[55]. ئەمما، دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتى ئوز ۋەدىسىنى ئورۇنلىمىدى، بەلكى تروشۇينىڭ برېتانى بۇدۇيىنى — ھازىر ئۇلار بوناپارتىنىڭ قول ئاستىدىكى كورسىكا بۇدۇيىنىڭ ئورنىنى ئالدى[56] — كۇشكۇرتۇپ، پارىژنى دەپسەندە قىلدۇردى. شۇ چاغدا پەقەت تامىزى جياڭجۇنلا بۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلىش بىلەن ئوزىنىڭ نامىنى بۇلغاشنى خالىماي، گومىن زىۋېيجۇنىنىڭ زۇڭسىلىڭلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. ئۇنىڭ ئورنىغا بۇ ۋەزىپىنى ئۇستىگە ئالغان كلېمون توما يەنە جياڭجۇن بولۇۋالدى. ئۇ زۇڭسىلىك بولغان پۇتكۇل مەزگىلدە، پرۇسسىيە ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلماي، بەلكى پارىژ گومىن زىۋېيجۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئۇ گومىن زىۋېيجۇنىنىڭ

ئومۇمیۇزلۇك قورالـلىنىشىغا كۆچىنىڭ بىرىچە توسقۇنلۇق قىلدى، گومىن زىۋپىيجۇندىكى بۇرژۇئازلار يىگىـلىرىنى ئىشچىلار يىگىـلىرىغا هۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتتى، تروشۇي «پىـلانى»غا قارشى تۇرغان جۇنگۇەنــلەرنى چەتكە قاقـتى، پۈرولىـتارلار يىگىلىرىـنى جەگـدە قورقۇنـچاقـلىق قىلـدى دىـگەن بوهـتان بىلەن تارقـىتىۋەتـتى، ئەمىلىيەتـتە بولسا بۇ پۈرولىتارلار يىگىلىرىنىڭ قەھرىمان، جەسۇر روھىدىن هازىر ئەڭ ۋەھشى دۈشمەنــلەرمۇ چوچۇمەكـتە. كلىمون توما ئىلگىرى ئىيۇن قىرغىنى ۋەقەسىدە پارىژ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەشەددى دۈشمـــنى بولغان چاغـدىكى داڭـلىق ئورنىغا شەخسەن ئۆزى يىگىۋاشـتىن ئىگە بولغانلىغى ئۈچۈن تولىمۇ مەمنۇن بولۇپ كەتـتى. ئۇ 3 ـ ئايـىنىڭ 18 ـ كۈنـىدىن بىرنەچـچە كۈن بۇرۇن، قۇرۇقـلۇق ئارمىيىسى بۇجاگى لىفلوغا ئۇزىنىڭ «پارىژ توپىلاگچە-لىرىـنىڭ la fine fleur (جەۋھىرى)نى ئۇزۇل-كىسىل يوقىتىش» پىلانىـنى سۇندى. ۋىنوۋا مەغـلۇپ بولغانـدىن كىـيىن، ئۇ يەنە ئىختىيارسىز هالدا ئىشتىن سىرتقى پايلاقچىلىق سالاهىيتى بىلەن مەيدانغا چىقـتى. جۇگياڭ ۋىيىۋەنخۇينىڭ ۋە پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ كـلىمون توما ۋە لىكونتـىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە بولغان جاۋاپكارلىغى ۋىلىس چىنۋاگـىنىڭ رەپىقىسىنىڭ لونـدون شەھرىگە كىرىۋاتـقان چىغىدا قىستى ـ قىستاڭ ئىچىدە ئولـگەنلەرنىڭ تەقدىرىـگە بولغان جاۋاپكارلىغى بىلەن ئوخشاش.

ۋانـدوم مەيـدانىدا قۇرۇق قول گۈگـمىنلار قىرغىن قىلىندى، دىگەن سوز ـــ ئەسلـدە بىر خىل ئەپـسانە، تىـيىر ۋە پومىششىك يىخۇي ئەزالىرىنىڭ يىخۇيدا بۇنىڭغا قاتتىق سۈكۈت قىلىپ، بۇنى تارقىتىشـنى ياۋروپا مەتـبۇئات ساھەسىدىكى مالايـلىرىغىلا هاۋالە

قىلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. «تەرتىپچى شەخسلەر» يەنى پارىژ ئەكسىيەتچىلىرى 3-ئاينىڭ 18-كۈنىدىكى غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلاش بىلەنلا دىر-دىر تىترەپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، بۇ غەلىبە خەلق قىساس ئالىدىغان ۋاقىت يېقىنلىشىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. 1848-يىل ئىيۇن ۋەقەسىدىن 1871-يىل 1-ئاينىڭ 22-كۈنىگىچە ئۇلار تەرىپىدىن دەھشەتلىك ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئەرۋاھى[57] ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتمەكتە ئىدى. ئەمما، ئۇلار پەقەت قۇرۇقتىن-قۇرۇق چوچۇدى. ھەتتا شەھەر ساقچىلىرىمۇ تېگىشلىك جازاغا تارتىلماي — قورالسىزلاندۇرۇلماي ياكى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلانماي، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ۋېرسالغا بىمالال چېكىنىپ چىقىشى ئۈچۈن پارىژ دەرۋازىلىرى كەڭ ئېچىپ بېرىلدى. «تەرتىپچى شەخسلەر»نىڭ بىر تال مويىغا تېگىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇلارنىڭ توپلىنىۋېلىشى ۋە پارىژنىڭ مەركىزىدىكى نۇرغۇن موھىم جېندىلارنى ئاسانلا ئېلىۋېلىشىغا يول قويۇلدى. جۇڭياڭ ۋېيبۈەنخۇيىنىڭ بۇنداق كەڭچىلىك قىلىش پوزىتسىيىسى، قوراللىق ئىشچىلارنىڭ بۇنداق كەڭ قوساقلىق قىلىشى تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئادەتلىرىگە شۇ قەدەر ئوخشىمايتتىكى، تەرتىپچىلەر پارتىيىسى بۇنى پەقەت ئىشچىلارنىڭ ئۆز ئاجىزلىقىنى سەزگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ خاتا چۈشىنىۋېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئاخمىقانە پىلان كېلىپ چىقتى — ۋىنوۋا زەمبىرەك ۋە كۆپ ئېغىزلىق زەمبىرەكلەر بىلەن ئورۇنلىيالمىغان ئىشنى قۇرۇق قول نامايىش ئۆتكۈزۈش نىقابى ئاستىدا ئورۇنلىماقچى بولۇشتى. 3-ئاينىڭ 22-كۈنى ئەڭ باي-ئاۋات كوچىلاردىن بىر توپ «سالاپەتلىك شەخسلەر» ۋاڭ-چۇڭ كۆتىرىپ چىقىپ

كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەر خىل ـ ھەر ياشتىكى پۈزۈر كىيىنگەن بايىۋەچچىلەر بار ئىدى، ئۇلارنىڭ باشلامچىلىرى ئىككى ئايال، كۆتىلۇگىۈن، ئانرى دې پېن ۋە شۇلارغا ئوخشاش دىگوننىڭ ئەڭ مەشھۇر چوشقا كۈچۈكلىرى ئىدى. بۇ بىر توپ لۈكچەكلەر دەككە ـ دۈككە بىلەن تىنچ نامايىش قىلغان بولۇۋىلىپ، يوشۇرۇن تۈردە قاتىللىق قوراللىرىنى ئېلىۋېلىشقان ئىدى، ئۇلار كوچىدا تىزىلىپ كېتىۋېتىپ، ئۇچرىغان كوممۇنا زىيۇپىچىۇن چارلاش دۈيى ۋە قاراۋۇللىرىنى ھە دەپ ھاقارەتلەشتى ھەمدە قوراللىرىنى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇلار تىچلىق كوچىسىدىن چىققاندا «يوقالسۇن جۇڭياڭ ۋېيىۈەنخۇي! يوقالسۇن قاتىللار! ياشىسۇن كوممۇنا يىخۇي!» دەپ توۋلىشىپ، ئېھتىيات سېپىنى بۇسۇپ ئۆتۈپ، كوممۇنا زىيۇپىچىۇننىڭ ۋاندوم مەيدانىدىكى باش سەنمۇبۇسىنى تۇيۇقسىز بېسىۋېلىشقا ئۇرۇندى. كوممۇنا زىيۇپىچىۇن ئۇلارنىڭ تاپانچىلار بىلەن قىلغان ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، دەسلەپ ئادەتتىكى sommations (ئەنگلىيىنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى بىكار قىلىش بۇيرۇغىغا تەڭ كېلىدۇ)[58]نىلا ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنداق قىلىش ئۈنۈم بەرمىگەن چاغدا، ئاندىن كوممۇنا زىيۇپىچىۇننىڭ بىر جياڭجۇنى① ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇق بەردى. مىلتىقلاردىن تەڭلا ئوق چىقىشى بىلەن بۇ ئاخماق قۇرۇق سولەت بەگزادىلەر بېشىنى ئىچىگە تىققان پېتى بەدەر تىكىۋەتتى، بۇ ئەبلەخلەر ئەسلىدە، «سالاپەتلىك جەمىيەت» ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەنلا، پارىژ ئىنقىلاۋىغا خۇددى ئىسۇس ناۋىنىڭ بۇرغا ئاۋازى ئېرىخون سېپىلىگە تەسىر كورسەتكەندەك

---

① بىرژېرې. — تەھرىردىن

تەسىر كورسىتىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى. بۇ قاچاقلار گومىن زىۋىيىجۇننىڭ 2 ئادىمىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، 9 ئادىمىنى ئېغىر يارىدار قىلدى (بۇلاردىن بىرى جۇڭيىاڭ ۋېيىۋەنخۇينىڭ ۋېيىۋەنى①). تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار ئىشى يۈز بەرگەن جايدا، ئۇلارنىڭ «قۇرۇق قول» ئوتكۈزگەن «تىنچ» نامايىشنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان تاپانچا، خەنجەر ۋە ھاسا قىلىچقا ئوخشاش دەلىل ـ ئىسپاتلار ھەممىلا يەردە تاشلىنىپ ياتاتتى. 1849 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى گومىن زىۋىيجۇن فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئۇچىغا چىققان ياۋۇزلۇق بىلەن رىمغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ ھەقىقى تىنچ نامايىش قىلغان چاغدا، شۇ ۋاقىتتىكى تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ جياڭجۇنى شانگارنىې گومىن يىخۇي تەرىپىدىن بولۇپمۇ تىيېر تەرىپىدىن جەمىيەتنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى دەپ ماختالغان ئىدى، چۈنكى ئۇ ئارمىيىسىنى قۇرۇق قول ئاما ئىچىگە تەرەپ-تەرەپتىن باستۇرۇپ كىرگۈزۈپ، ئېتىش، چېپىش ۋە ئاتقا دەسسىتىش بىلەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرغان ئىدى. پارىژ شۇ ۋاقىتتا ھەربى ھالەت ئېلان قىلىنغان ئىدى. دۇفور ئالدىراپ-تېنەپ گومىن يىخۇيغا بىرمۇنچە يېڭى باستۇرۇش پەرمانىنى ماقۇللاتقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى تۇتقۇن، يېڭى سۈرگۈن، يېڭى تېرورلۇق ھوكۇمرانلىقى باشلانغان ئىدى. لېكىن، ئوخشاش ئەھۋال ئاستىدا، «پەس سىنىپ»نىڭ ئۇسۇلى پۈتۈنلەي باشقىچە بولدى. 1871 ـ يىلدىكى جۇڭيىاڭ ۋېيىۋەنخۇي ھېلىقى «تىنچ نامايىش» قىلغان قەھرىمانلارغا پەرۋا قىلىپمۇ قويمىدى،

---

① مالژۇرنال. — تەھرىردىن

نەتىجىدە ئۇلار 2 كۈندىن كېيىن يەنە دېڭىز ئارمىيىسى شاڭجياڭى سېپىسى باشچىلىقىدا **قوراللىق** نامايىش قىلالىدى، بۇ نامايىش ھەممىگە مەلۇم بولغان ۋېرسالغا قېچىپ كېتىش بىلەن ئاياقلاشتى. تىيېر مونىمارتىرغا كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان چاغدا، جۇڭياڭ ۋېيىۋەنخۇي بۇ ئىچكى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشتىن قەتئىي باش تارتىپ، بىر ئەجەللىك خاتالىق ئۆتكۈزدى: ئەسلىدە شۇ چاغدا قىلچە مۇداپىئە ئىقتىدارى بولمىغان ۋېرسالغا دەرھال يۈرۈش قىلىپ، تىيېر ۋە ئۇنىڭ «پومېشچىكلار يىغىنى»نىڭ سۇئىقەستىنى بىراقلا ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىش كېرەك ئىدى. جۇڭياڭ ۋېيىۋەنخۇي ئۇنداق قىلمىدى، بۇنىڭ ئەكسىچە، تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ 3-ئاينىڭ 26-كۈندىكى گۇڭشې سايلىمىدا يەنە بىر قېتىم ئېلىشىپ كورۇشكە ئىمكانىيەت بېرىپ قويدى. شۇ كۈنى «تەرتىپچى شەخسلەر» پارىژنىڭ ھەرقايسى رايونلۇق ھوكۇمەتلىرىدە ئۆزلىرىگە ھەددىدىن تاشقىرى كەڭچىلىك قىلغان غەلىبە قىلغۇچىلار بىلەن ئەپ بولۇپ قېلىش توغرىسىدا نۇرغۇن سىلىق سوزلەرنى قىلىشتى، ئەمما ئىچىدە بولسا مۇۋاپىق پەيت كەلگەندە، ئۇلارنى پاك-پاكىز يوقىتىش توغرىسىدا تەنتەنىلىك قەسەم ئىچىشتى.

ئەمدى بۇ كورۇنۇشنىڭ ئارقا تەرىپىگە قاراپ باقايلى. تىيېر 4-ئاينىڭ باشلىرىدا پارىژغا ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلدى. بىرىنچى تۈركۈم ئەسىر ئېلىنىپ ۋېرسالغا ئېلىپ كېلىنگەن پارىژلىقلار كىشىنىڭ قۇيقا چېچىنى تىك تۇرغۇزىدىغان دەرىجىدە دەھشەتلىك خورلىنىشقا ئۇچرىدى. ئېرنېست پىكار ئىككى قولىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سالغان ھالدا ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى ئارىلاپ ئۇ ياق-بۇ ياققا

مېڭىپ، ئۇلارنى خالىغىنىچە زاڭلىق قىلاتتى، تېيىر ۋە فافېرنىڭ خوتۇنلىرى بولسا پىشايۋاندا ئۆزىنىڭ ئېسىل(؟) دېدەكلىرى ئارىسىدا تۇرۇپ، ۋېرسال توپىلاڭچىلىرىنىڭ رەزىل جىنايى قىلمىشلىرىنى چاۋاك چېلىپ ئالقىشلايتتى. ئەسىر ئېلىنغان دائىمى تۆەن ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېتىپ تاشلاندى. بىزنىڭ باتۇر دوستىمىز، قۇيمىچىلىق ئىشچىسى دۇۋال جىياڭجۇن ھېچقانداق سوراق قىلىنماستىن ئېتىپ تاشلاندى. ئىككىنچى دىگونىڭ بەزمىلىرىدە ھېچبىر ئۇيالماستىن ھوسىنىنى بازارغا سېلىش بىلەن داڭ چىقارغان ھېلىقى خوتۇنىنىڭ سولامچىسى گاللىففې بىر خىتاپنامىسىدە، بۇيرۇق بېرىپ، ئەسكەرلىرى تۇيۇقسىز قورشىۋېلىپ قورالسىزلاندۇرغان بىر شىاۋدۇي گومىن زىۋېيجۈننى دۇيجاڭى ۋە ئۇنىڭ فۇگۇەنى بىلەن قوشۇپ ئاتقۇزۇۋەتكەنلىكى بىلەن ماختاندى. پارىژدىن قېچىپ كەتكەن ۋىنوۋا گۇڭشېنىڭ ئەسىر ئېلىنغان ھەرقانداق دائىمى ئارمىيە ئەسكىرىنى قويماي ئېتىپ تاشلاش توغرىسىدا ئومۇمى بۇيرۇق چىقارغانلىقى ئۈچۈن تېيىر تەرىپىدىن پەخرى جۇنتۇەن چوڭ كىرىست ئوردىنى بىلەن مۇكاپاتلاندى. شيەنبىڭ دېمارېمۇ مۇكاپاتلاندى، چۈنكى ئۇ ھەققانىيەت يولىدا قەھرىمانلىق قىلغان، ئوچۇق-ئاشكارا ئىش قىلغان فلورانسنى يەنى 1870-يىل 10-ئاينىڭ 31-كۈنى دولەت مۇداپىيە ھوكۇمىتى ئەزالىرىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغان فلورانسنى[59] ۋاپاسىزلىق قىلىپ، خۇددى قاسساپتەك پارچە-پارچە قىلىپ توغرىۋەتكەن ئىدى. تېيىر گومىن يىخۇينىڭ بىر يىغىنىدا بۇ قېتىمقى قىرغىن ۋەقەسىنىڭ «كىشىنى روھلاندۇرىدىغان تەپسىلاتلىرى» توغرىسىدا كورەڭلىگەن ھالدا ۋالاقلاپ سۆزلەپ

كەتكەن ئىدى. ئۇ، خۇددى تومۇرلەك رولىدا چىقىشقا رۇخسەت قىلىنىغان يىخۇيىدىكى باشمالتاقچىلىك ئادەمگە ئوخشاش، ئۆزىنى ئاخماقلارچە چوڭ تۇتىدىغان شوھرەتپەرەسلىكى بىلەن، ئۆزىگە ئوخشاش پەتەكنىڭ ئىززەت ـ ھورمىتىگە قارشى چىققان توپىلاڭچىلارنىڭ ئۇرۇشقۇچى بىر تەرەپ بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى زادى ئېتىراپ قىلمىدى، ھەتتا يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش پۇنكىتلىرىنىڭ بىتەرەپ تۇرۇشىغىمۇ ئۇنىمىدى. ۋولتېرنىڭ ئالدىن مولچەرلىگىنىدەك، ۋاقتىنچە ئۆزىنىڭ يولۋاسلىق تەبىتىنى خالىغانچە جارى قىلدۇرالايدىغان بۇنداق مايمۇندىنمۇ يىرگىنىشلىك نەرسە يوق[60] (قوشۇمچىلارنىڭ 35 ـ بېتىگە قارالسۇن①).

گۆكشې 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قىساس ئېلىش پەرمانى چىقىرىپ، گۆكشېنىڭ «پارىژنى ۋېرسال باسمىچىلىرىنىڭ ۋەھشىلەرچە خورلىشىدىن، قىرىشىدىن قوغداش، قانغا قان، جانغا جان ئېلىش»[61] مەسئۇلىيىتى بار دەپ ئېلان قىلدى. گۆكشې بۇ پەرماننى جاكالىغاندىن كېيىن، تىيېر ئەسىرلەرنى يەنە ئاۋالقىدەكلا ۋەھشىلەرچە خورلاۋەردى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاخباراتىدا ئۇلارنى مۇنداق دەپ ھاقارەتلىدى: «ھەقىقانى زاتلارنىڭ غەمكىن كوزلىرى نومۇسسىز دېموكراتىيە تۇزۇمى ئاستىدىكى مۇنداق نومۇسسىز چىرايلارنى ئەزەلدىن كورگەن ئەمەس»، — بۇ ھەققانى زاتلار تىيېر ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بۇجاڭ بولۇۋالغان ئەشۇ بىر توپ بوشتىپ تۇرۇلغان جىنايەتچىلەر ئىدى. بىراق، ئەسىرلەرنى ئېتىش ۋاقتىنچە توختىتىلدى. لېكىن، تىيېر ۋە ئۇنىڭ دىكابىر سىياسى ئۆزگىرىشىدىكى

① مۇشۇ كىتاپنىڭ 155 — 157 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

جياڭجۇنلىرى گوڭشېنىڭ قىساس ئېلىش پەرمانى بىر خىل
تەھدىتلا ئىكەنلىكىنى ھەتتا پارىژدا قولغا ئېلىنغان، گومىن
زۇڭبېيجۇن نىقاۋىغا كىرىۋالغان شيەنبىڭ پايلاقچىلار ۋە يېپىندىن
كويدۇرگۇچ بومبا چىققان شەھەر ساقچىلىرىمۇ كېچىرىم قىلىنغانلىق-
غىنى بىلگەندىن كېيىن، ئەسىرلەرنى يەنە كوپلەپ ئېتىشقا باشلىدى،
بەلكى بۇنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇردى. گومىن زۇڭبېيجۇن
ئەسكەرلىرى يوشۇرۇنغان ئويلەرنى شيەنبىڭلار تەرەپ - تەرەپتىن
قورشاپ، كىرسىن چېچىپ (بۇنداق چارە بۇ ئۇرۇشتا بىرىنچى
قېتىم بۇ يەردە ئىشلىتىلدى) ئوت قويۇپ كويدۇرۇۋەتتى: كويۇپ
كومەچ بولۇپ كەتكەن جەسەتلەرنى كېيىن تېرىنە كوچىسىدىكى
باسما زاۋۇدىنىڭ قۇتقۇزۇش دۆيى يوتكەپ كەتتى. 4 - ئاينىڭ
25 - كۇنى گومىن زۇڭبېيجۇنىنىڭ 4 ئەسكىرى بېل - ئېپپىندا
بىر دۆي ئاتلىق ئەسكەرلەرگە تەسلىم بولغان ئىدى، كېيىن ئۇلارنى
مۇشۇ ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ دۆيجاڭى (گالليففېنىڭ سادىق مالىيى)
بىر - بىرلەپ ئېتىپ تاشلىدى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بۇ توتەي-
لەندىن بىرى ئولدى دەپ قارالغان، لېكىن ئۇ ئولمىگەن، ئۇنىڭ
ئېتى شېففېر ئىدى، ئۇ پارىژ ئالدىنقى قاراۋۇلغا ئومىلەپ كېلىپ،
گوڭشېنىڭ بىر تەكشۇرۇش ئومىگىگە بۇ ۋەقەنى ئىسپاتلاپ بەردى.
تولېن بۇ تەكشۇرۇش ئومىگىنىڭ دوكلادىغا ئاساسەن، قۇرۇقلۇق
ئارمىيىسى بۇجاڭى لېفلوغا سوئال قويغاندا، «پومىششىك يىخۇي
ئەزالىرى» ۋاڭ-چۇڭ كوتىرىپ، ئۇنىڭ سوزىنى بېسىپ كەتتى ۋە
لېفلوغا جاۋاپ بەرگۇزمىدى. ئۇلارنىڭ «شەرەپلىك» ئارمىيىسىنىڭ
توھپىلىرى توغرىسىدا گەپ قىلىش بۇ ئارمىيە ئۇچۇن ھاقارەت
بولاتتى. تىيېرىنىڭ ئاخباراتىنىڭ مۇلىن - ساكتا ئۇخلاۋاتقان

گۇۋشي ئەزالىرىنىڭ نەيزە تىقىپ ئۇلتۇرۇلگەنلىكىنى ۋە كىلاماردا بولغان كوپلەپ ئىپتىشلارنى خەۋەر قىلغاندا يىنىكلىك بىلەن ئىشلەتكەن سوزلىرى ھەتتا ئانچە سەزگۇر بولمىغان لوندون «تايمس گېزىتى»نىمۇ چوچۇتۇۋەتتى. لېكىن، پارىژنى توپقا تۇتقان ۋە چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قانىتى ئاستىدا قۇلدارلار توپىلىڭىنى قوزغىغان ئادەملەرنىڭ ھەممە زوراۋانلىغىنى (ۋاھالەنكى، بۇلار زوراۋانلىقنىڭ باشلىنىشىلا ئىدى) بۇگۇنكى كۇندە بىر-بىرلەپ مىسال كەلتۇرمەكچى بولۇش تولىمۇ كۇلكىلىك بولىدۇ. بۇ بارلىق پاجىەلەر ئىچىدە، تىيېر ئۇزىنىڭ پاكىنەك يەلكىسىگە چۇشكەن زور جاۋاپكارلىق توغرىسىدا يىخۇيدا قىلغان سوزلىرىنى ئۇنتۇپ، ھەتتا ئۇزىنىڭ ئاخباراتىدا تولىمۇ مەمنۇن بولغان ھالدا يىغىن خاتىرجەم يىخۇي (l'Assemblée siège paisiblement ئۇتكۇزمەكتە) دىدى ھەممە ئۇستى-ئۇستىگە چوڭ زىياپەت ئۇتكۇزۇپ، بىر دەم ئۇزىنىڭ دىكابىر سىياسى ئۇزگىرىشىدىكى جىياڭجۇنلىرى بىلەن خوشال ھەمتاۋاق بولدى، بىر دەم گېرمانىيە ۋاڭ-گۇڭلىرى بىلەن خوشال ھەمتاۋاق بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇز نەپسىنىڭ بۇرۇنقىدەكلا ئىكەنلىكىنى ھەتتا لېكونت بىلەن كلېمون تومانىڭ ئەرۋاھىمۇ ئۇنىڭ ئىشتىيىنى تۇتۇلدۇرۇپ قالالمىغانلىغىنى ئىسپاتلىدى.

# 3

1871 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سەھەردە، پارىژنى «ياشىسۇن كوممۇنا!» دېگەن گۈلدۈرماماسىدەك سادا ئويغاتتى. كوممۇنا ـــ بۇرژۇئازىيە ھەرقانچە ئويلاپمۇ تېگىگە يېتەلمەيۋاتقان بۇ غەلىتە نەرسە زادى نېمە؟

جۇڭيانىڭ ۋېيىيۈەنخۇي ئۆزىنىڭ 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى خىتاپنامىسىدە مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «پارىژ پرولېتارلىرى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغانلىقى ۋە ساتقىنلىق قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، جامائەت ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، ۋەزىيەتنى قۇتقۇزۇشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندى ...... ئۇلار ھۆكۈمەت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇش ئۇلارنىڭ دەرھال ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسى ۋە مۇتلەق ھوقۇقى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.»62

لېكىن، ئىشچىلار سىنىپى تەييار دۆلەت ماشىنىسىنى ئاددى ھالدا ئىگەللىيەلمەيدۇ ۋە ئۇنى ئۆز مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن ئىشلىتەلمەيدۇ.

ھوقۇق جۇڭيادا مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەت ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ ھەممە يەرگە تارقالغان ئورگانلىرى ـــ دائىمى ئارمىيىلىرى، ساقچىلىرى، گۇەنلياۋلىرى، راھىپلىرى ۋە فاگۇەنلىرى (بۇ ئورگانلار شتۇڭلار ۋە تەبىقىلەر بويىچە ئىش تەقسىم قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن قۇرۇلغان) پادىشالىق مۇستەبىتلىك دەۋرىدە كېلىپ چىققان

بولۇپ، شۇ چاغدا ئۇ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە جەمىيە-
تىنىڭ فېوداللىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشىدا كۈچلۈك قورال بولغان
ئىدى. لېكىن، فېودال لىگىچولارنىڭ ئىمتىيازى، جايلارنىڭ
ئىمتىيازى، شەھەرلەرنىڭ ۋە كەسپداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مەخسۇس
پايدىسى ھەم ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ قائىدە-نىزامى قاتارلىق
ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ مۇشۇ بارلىق ئەخلەتلىرى ئۇنىڭ راۋاجلىنىشىغا
توسقۇنلۇق قىلىپ كەلگەن ئىدى. 18-ئەسىردىكى فرانسىيە
ئىنقىلاۋىنىڭ چوڭ سۈپۈرگىسى ئۆتمۈش دەۋرلەرنىڭ بۇ بارلىق
ئەخلەتلىرىنى پاك-پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن،
ھازىرقى زامان دولىتى بىناسىدىن ئىبارەت بۇ ئۈستقۇرۇلمىنى
قۇرۇشقا توسقۇن بولۇپ كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى توسالغۇنى ئىجتىمائى
جىددىن تازىلىدى. بۇ بىنا بىرىنچى دىگو دەۋرىدە قۇرۇلغان،
بىرىنچى دىگونىڭ ئۆزى بولسا چىرىك، يېرىم فېوداللىق ياۋروپانىڭ
يېقىنقى زامان فرانسىيىسگە قارشى ئېلىپ بارغان بىرنەچچە
قېتىملىق ئىتتىپاقچىلار ئۇرۇشىدىن كېلىپ چىققان ئىدى. كېيىنكى
ھەرقايسى ھوكۈمرانلىق دەۋرلەردە ھوكۈمەت يىخۆي نازارىتىگە
بويسۇندىغان يەنى مۈلۈكدارلار سىنىپىنىڭ بىۋاستە نازارىتىگە
بويسۇندىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇلدى. بىر تەرەپتىن، بۇ
ھوكۈمەت ناھايىتى كوپ دولەت قەرزى ۋە ئېغىر باج-سېلىقنىڭ
زىمىنىغا ئايلاندى؛ ئۇ كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان مەنسەپكە، پۇلغا
ۋە ھوقۇق-كۈچكە ئىگە بولغانلىغى ئۈچۈن، ھوكۈمران سىنىپ
ئىچىدىكى ھوقۇق تالاشقۇچى ھەرقايسى پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە
تەۋەككۈلچىلەرنىڭ ئۆزئارا تالىشىدىغان دۈشياكىغا ئايلىنىپ قالدى.
يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ سىياسى خاراكتىرىمۇ جەمىيەتنىكى

ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ باردى. ھازىرقى زامان سانائىتىنىڭ ئالغا بېسىشى كاپىتال بىلەن ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغان، كېڭەيتكەن ۋە چوڭقۇرلاشتۇرغانسىرى، دولەت ھاكىمىيىتىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بارغانسىرى كاپىتالنىڭ ئەمگەكنى ئېزىدىغان مەملىكەتلىك ھاكىمىيەت خاراكتېرىنى، ئىجتىمائىي قۇللۇقنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىجتىمائىي كۈچ خاراكتېرىنى، سىنىپىي ھوكۇمرانلىق ماشىنىسى خاراكتېرىنى ئالدى[1]. سىنىپىي كۈرەشنىڭ مۇئەييەن ئىلگىرىلىشىنى كۆرسىتىدىغان ھەر قېتىمقى ئىنقىلاپتىن كېيىن، دولەت ھاكىمىيىتىنىڭ ساپ ئەزگۈچىلىك خاراكتېرى بارغانسىرى ئاشكارىلىنىپ چىقتى. 1830 - يىلدىكى ئىنقىلاپ ھاكىمىيەتنى يومشىكلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، كاپىتالىستلارغا تاپشۇرۇپ بەردى، يەنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قەدەر يىراق دۈشمىنىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تېخىمۇ بىۋاسىتە دۈشمىنىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرى فېۋرال ئىنقىلاۋى نامى بىلەن، دولەت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالدى ۋە بۇ ھاكىمىيەتتىن پايدىلىنىپ ئىيۇن قىرغىنىنى ئېلىپ باردى. ئۇلار بۇ قىرغىن ئارقىلىق ئىشچىلار سىنىپىغا «سوتسىيال» جۇمھۇرىيەت دىگەن بىرنىمىنىڭ جۇمھۇرىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئىشچىلارنى ئىجتىمائىي قۇل قىلىشتىن باشقا نىمە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ

[1] 1871 - يىلدىكى نېمىسچە نەشرىدە بۇ جۈملىنىڭ ئاخىرى بىر ئاز ئۆزگەرتىلىپ: «دولەت ھاكىمىيىتى بارغانسىرى ئەمگەكنى ئېزىدىغان ئىجتىمائىي ھاكىمىيەت خاراكتېرىنى، سىنىپىي ھوكۇمرانلىق ماشىنىسى خاراكتېرىنى ئالدى» دىيىلگەن. — تەھرىردىن

بەردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇرژۇئازىيىنىڭ كوپلىگەن باۋخۇاڭ-
پەيلىرىگە ۋە يەر ئىگىلىرى سىنىپىغا باشقۇرۇش جەھەتتىكى باش
قاتۇرىدىغان ئىشلارنى ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى نەق پۇلىدىن
بەھرىمەن بولۇشنى بۇرژۇئا «جۇمھۇرىيەتچىلىرى»گە خاتىرجەم
تاپشۇرۇپ بەرسە بولىدىغانلىقىنىمۇ ئىسپاتلاپ بەردى. لېكىن،
بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىردىن - بىر ئىيۇن
توھپىسىنى كورسەتكەندىن كېيىن، تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ
ئالدىنقى قاتارىدىن ئاخىرقى قاتارىغا ئوتۇشكە مەجبۇر بولدى؛
تەرتىپچىلەر پارتىيىسى بولسا ھازىر ئىشلەپچىقارغۇچىلار سىنىپى
بىلەن ئوچۇقتىن-ئوچۇق قارشىلىشىپ كېلىۋاتقان ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر
سىنىپى ئىچىدىكى ھەممە دۈشمەن پارتىيە - گۇرۇھلاردىن
تەركىپ تاپقان بىر ئىتتىپاق. ئۇلارنىڭ ئورتاق باشقۇرۇشىدىكى
ئەڭ مۇۋاپىق شەكىل ئەسلىدە لۇئى بوناپارت زۇڭتۇڭ بولغان
**يىخۇي تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت** ئىدى. ئۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق
سىنىپي تېرورلۇق يۈرگۈزىدىغان ۋە «پەس خەلق»نى قەستەن
ھاقارەتلەيدىغان بىر خىل ھاكىمىيەت تىجرىسى ئىدى. تىيېرنىڭ
دېيىشىچە، يىخۇي تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت «ئۇلارنى ‹ھوكۇمران
سىنىپنىڭ ھەرقايسى گۇرۇھىنى› كەمدىن - كەم بولۇۋېتىدىكەن»،
ئەمما ئۇ ئادىمى ناھايىتى ئاز بۇ سىنىپ بىلەن بۇ سىنىپتىن
باشقا پۈتكۈل جەمىيەت ئورگانىزمى ئوتتۇرىسىدا خەندەك قېزىپ
قويدى. ئىلگىرىكى ھەرقايسى ھوكۇمەتلەر ۋاقتىدا ھوكۇمران
سىنىپ ئىچىدىكى جاڭجاللار يەنىلا دولەت ھاكىمىيىتىنى خېلى
چەكلىمىگە ئۇچرىتاتتى، ئەمدىلىكتە بولسا بۇ سىنىپ بىرلەشكەنلىكى
ئۈچۈن، بۇنداق چەكلىمە يوقالدى. پۇرولېتارىياتنىڭ قوزغىلاڭ

كوتىرىش تەھـدىدى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقـتىن، بىرلەشـكەن
هوكۇمـران سىنىپ دولەت هاكىمـىيىتىنى كاپىتالـىنىڭ ئەمگەكـكە
قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان مەملىكەت خاراكتېرلىق قورالى قىلىۋېلىپ،
ئۇنىڭـدىن دەهشەتـلىك ۋە شەرمەنـدىلىك بىلەن پايـدىلانـدى.
لېكىن، هوكۇمران سىنىپنىڭ ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئاممىسىغا قارشى
ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بارغان ئەهـلى سەلـب يۈرۈشـلىرى ئۇنى، بىر
تەرەپـتىن، قارشىلىقـنى باستۇرۇش ئۈچۈن مەمۇرى ئورگـانـلارغا
بارغانسىرى چوڭـراق هوقۇق بېرىشكە مەجـبۇر قىلـدى، يەنە بىر
تەرەپـتىن، ئۇزىـنىڭ يىخۇي تۈزۈمىدىـكى قورغىنىنىڭ (گومـىن
يىخۇيىنىڭ) مەمۇرى ئورگانلاردىن مۇداپىيەلىنىدىغان بارلىق ۋاستە-
لىرىنى ئاستا - ئاستا تارتىۋېلىشقا مەجبۇر قىلـدى. شۇنىڭ بىلەن
بۇ مەمۇرى ئورگانلارغا ۋەكىللىك قىلغان لۇئى بوناپارت هوكۇمران
سىنىپنىڭ ۋەكىللىرىنى تارقىـتىۋەتتى. ئىككىنـچى دىگو ئەسلىدە
تەرتىپچىلەر پارتىيىسى جۇمهۇرىيىتىنىڭ تەبىي مەهسۇلى ئىدى.

سىياسى ئۆزگىرىشـنى تۇغۇلۇش گۇۋاناممىسى قىلـغان، ئومۇمى
سايلامنى تەستىقلاش رەسمىيىتى قىلغان، قىلىچنى پادىشالىق تاياق
قىلغان بۇ ئىككىنچى دىگو، دىخانلار سىنىپىغا يەنى ئەمگەك بىلەن
كاپىـتال ئوتـتۇرىسىدىكى كۈرەشـكە بىۋاستە ئارىـلاشمـىغان كەڭ
ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئاممىسىغا تاياندىم، دەيتتى. ئۇ، يىخۇي تۈزۈمنى
بۇزۇش، هوكۇمەتـنىڭ مۈلۈكدارلار سىنىپىغا ئوچۇقـتىن - ئوچۇق
تىز پۈكۈش ئەهۋالـنى بۇزۇش يولـى بىلەن، ئىشچىلار سىنىپىنى
قۇتقۇزدۇم، دەيتتى. ئۇ، مۈلۈكدارلار سىنىپىنىڭ ئىشچىلار سىنىپى
ئۈستىدىن ئىقتىسادىي هوكۇمرانلىق قىلىشنى قوللاپ، مۈلۈكدارلار
سىنىپىنى قۇتقۇزدۇم، دەيتتى. ئاخىردا ئۇ يەنە، تىرىلگەن دولەت

شان ـ شوھرىتىنىڭ خىيالى ئەتراپىغا ھەممە سىنىپنى ئۇيۇشتۇردۇم، دەيتتى. ئەمىلىيەتتە، دىگو بۇرژۇئازىيە دولەتنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويغان، ئىشچىلار سىنىپى بولسا تېخى بۇنداق ئىقتىدارغا ئىگە بولمىغان بىر چاغدا بىردىن ـ بىر مۇمكىن بولغان ھوكۇمرانلىق شەكلى ئىدى. پۈتۈن دۇنيا بۇ دىگونى جەمىيەتنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى دەپ ئالقىشلىغان ئىدى. ئۇنىڭ ھوكۇمرانلىغى ئاستىدا، بۇرژۇئازىيە جەمىيىتى تۈرلۈك سىياسى تەشۋىشلەردىن قۇتۇلۇپ، ھەتتا ئۆزىمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان يۈكسەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. سودا ـ سانائەت ئىنتايىن زور كولەمدە كېڭەيدى؛ پۇل مۇئامىلە ئالدامچىلىغى ئۆزىنىڭ دۇنيانى بىر ئالغان شاتلىغىنى تەبرىكلەشتى؛ ئاممىنىڭ نامراتلىغى رەزىل، شەرمەندە ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا مەنزىرىسىنىڭ سىلىشـ تۇرمىسى ئالدىدا كوزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. جەمىيەتتىن ناھايىتى ئۈستۈن تۇرغاندەك قىلغان دولەت ھاكىمىيىتى، ئەمىلىـ يەتتە، دەل مۇشۇ جەمىيەت ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ھاقارەت، ھەممە ئىپلاس شەيئىلەرنىڭ زىمىنى ئىدى. پرۇسسىيە ئەسلىدە بۇنداق ھوكۇمرانلىق تۈزۈمىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى پارىژدىن بېرلىنغا كوچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇنىڭ سىداۋلىرى بولسا بۇ دولەت ھاكىمىيىتىنىڭ ۋە بۇ ھاكىمىيەت قۇتقۇزغان جەمىيەتنىڭ پۈتۈن چىرىكلىكىنى تولۇق ئېچىپ تاشلىدى. دىگو تۈزۈمى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە جەمىيىتى ئۆزىنى فېودالىلىق تۈزۈمىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان قورال سۈپىتىدە قۇرغان، كېيىن بولسا تولۇق راۋاجلانغان بۇرژۇئازىيە جەمىيىتى كاپىتالنىڭ ئەمگەكنى قۇل قىلىش قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالغان دولەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ

بۇزۇق ۋە ئەڭ ئاخىرقى شەكلى ئىدى.

گۈڭشې دىگوغا توغرىدىن ـ توغرا قارىمۇ ـ قارشى نەرسە. پارىژ پرولېتارىياتىنىڭ فېۋرال ئىنقىلاۋىنى قارشى ئېلىشتا قويغان «سوتسىيال جۇمھۇرىيەت» شوئارى سىنىپىي ھوكۇمرانلىقنىڭ پادىشالىق تۈزۈم شەكلىنىلا يوقىتىشى زورۇر بولۇپ قالماي، بەلكى سىنىپىي ھوكۇمرانلىقنىڭ ئۆزىنىمۇ يوقىتىشى زورۇر بولغان بىر خىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى ئارزۇ قىلغانلىقىدەك مۈجمەل ئىنتىلىشنى ئىپادىلەشلا ئىدى. گۈڭشې دەل شۇنداق جۇمھۇرىيەتنىڭ مۇئەييەن شەكلى ئىدى.

ئەسلى كونا ھوكۇمەت ھاكىمىيتىنىڭ جايلاشقان ئورنى ۋە مەركىزى بولغان شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە پارىژ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىجتىمائى پائالىيەت مەركىزى بولغان پارىژ قولىغا قورال ئېلىپ، تىيېرنىڭ ۋە ئۇنىڭ «پومىششىكلار يىغۋىي»نىڭ دىگودىن مىراس قالغان بۇ كونا ھوكۇمەت ھاكىمىيتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدىكى ئۇرۇنۇشىغا دەس تۇرۇپ قارشى تۇردى. پارىژ شۇنىڭ ئۈچۈن قارشىلىق كورستەلىدىكى، مۇھاسىرە قىلىنىش ئۇنى ئارمىيىدىن قۇتۇلۇپ، ئاساسەن ئىشچىلاردىن تەركىب تاپقان گومىن زىۋېيجۈن قۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان ئىدى. بۇ پاكىتنى مۇقىم تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇش لازىم ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، گۈڭشېنىڭ بىرىنچى پەرمانى دائىمى ئارمىيىنى بىكار قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا قوراللانغان خەلقنى قويۇش بولدى.

گۈڭشې پارىژنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ئومۇمى سايلام ئارقىلىق سايلىنىپ چىققان شەھەر ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان. بۇ

ۋەكىللەر سايلىغۇچىلار ئالدىدا جاۋاپكار بولىدۇ، ئۇلارنى خالىغان
ۋاقىتتا ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ زور كوپچىلىگى، تەبىكى،
ئىشچىلار ياكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئومۇم ئېتىراپ قىلغان
ۋەكىللىرى. گۇڭشې يىخۇي شەكلىدىكى ئورگان ئەمەس،
بەلكى مەمۇرى ئىشىنىمۇ ۋە قانۇن چىقىرىشىنىمۇ بىرلا ۋاقىتتا
باشقۇرىدىغان خىزمەت ئورگىنى بولۇشى كېرەك. ئەزەلدىن
جۇڭگىياڭ هوكۇمىتىنىڭ قورالى بولۇپ كەلگەن ساقچى بارلىق سىياسى
جىڭىدىن دەرھال مەھرۇم قىلىنىپ، گۇڭشېنىڭ خالىغان ۋاقىتتا
ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان جاۋاپكار ئورگىنىغا ئايلاندۇرۇلدى. باشقا
مەمۇرى ئورۇنلاردىكى ئەمەلدارلارمۇ شۇنداق قىلىندى. گۇڭشې
ۋېيىۋەنلىرىدىن تارتىپ يۇقۇرىدىن تۆۋەنگىچە بولغان هوكۇمەت
خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى **ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىغە** باراۋەر
كېلىدىغان مۇئاشىنىلا ئېلىشقا تېگىشلىك بولدى. دولەتنىڭ يۇقۇرى
دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بەھرىمەن بولىدىغان بارلىق ئىمتىيازلار ۋە
ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئىش خىراجىتى شۇ ئەمەلدارلارنىڭ يوقىلىشى
بىلەن بىللە يوقالدى. ئىجتىمائى جامائەت خىزمەتلىرى جۇڭگىياڭ
هوكۇمىتى مالايلىرىنىڭ خۇسۇسى مۇلكى بولۇشتىن قالدى. پەقەت
شەھەرلەرنى باشقۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى بۇرۇن دولەتكە مەنسۇپ
بولۇپ كەلگەن پۈتۈن تەشەببۇس هوقۇقىمۇ گۇڭشېنىڭ قولىغا ئۆتتى.

گۇڭشې كونا هوكۇمەتنىڭ دائىمى ئارمىيىسى ۋە ساقچىسىدىن
ئىبارەت بۇ ئىككى ماددى هاكىمىيەت قورالىنى بىكار قىلغاندىن
كېيىن، دەرھال مەنىۋى زۇلۇم قورالىنى يەنى «راھىپلارنىڭ تەسىر
كۈچى»نى ۋەيران قىلىشقا كىرىشتى، بۇنىڭ ئۇسۇلى جىياۋخۇينى
دولەتتىن ئايرىش ۋە بارلىق جىياۋخۇيلار ئىگىلەپ ئالغان مال-

مۇلۇكـلەرنىڭ تارتىۋېلىنىدىغانلىقىنى جاكالاش بولدى. دىندارلار قايتىدىن ئۆز ئالدىغا دەرۋىشلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى، ئۇزلىرىنىڭ ئەجداتـلىرىغا يەنى ئەسھابىلىرىـگە ئوخشاش ئۆز مۇرىتـلىرىنىڭ خەيرى - ساخاۋەتلىرى بىلەن ياشىشى لازىم بولدى. مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى خەلق ئۇچۇن ھەقسىز ئېچىلدى ھەم ئۇنىڭغا جياۋخۇي ۋە دولەت ئارىـلاشمايدىغان بولـدى. شۇنـداق قىلىپ، مەكـتەپ تەربىــيىسىدىن ھەممە كىشى بەھرىـمەن بولۇش بىلەنـلا قالماي، بەلـكى ئىلىم - پەنمۇ سىنىپىي ئاداۋەت ۋە ھوكۇمەت ھاكىمىيتى سىرتىغىدىن قۇتۇلدى.

فاگۇەنلەر ئۇزلىرىنىڭ كورۇنۇشتىكى مۇستەقىللىقىدىن مەھرۇم بولدى، بۇنداق مۇستەقىللىق ئۇلارنىڭ ھەر قېتىملىق ھوكۇمەتلەرگە قىلغان رەزىل خوشامەتـچىلىكىنى ياپـىدىغان نىقاپلا ئىدى، ئۇلار بولـسا بۇ ھوكۇمەتـلەرگە سادىق بولىدىغانـلىقى ھەقـقىدە قەسەم بېرىشەتتى، كېيىن يەنە ئۇلاردىن يۈز ئورۇشەتـتى. جەمىيەتنىڭ باشـقا بارلىق ھوكۇمەت خادىملىرىغا ئوخشاش، ئۇلارمۇ بۇنىڭـدىن كېـيىن سايلىـنىشى، سايلىغۇچـىلار ئالدىدا جاۋاپكار بولۇشى ۋە ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلۇشى لازىم بولۇپ قالدى.

پارىژ گۇڭشېسى، تەبىكى، فرانسىيىنىڭ بارلىق چوڭ سانائەت مەركەزلىرىگە ئۇلگە بولۇشى لازىم ئىدى. گۇڭشې تۈزۈمى پارىژدا ۋە ئىككىنچى ئورۇندىكى ھەرقايسى مەركەزلەردە ھەقىقى ئورنىتىـلىدىـغانلا بولـسا، ھوقۇق جۇڭـياڭـغا مەركەزلەشـتۈرۇلگەن كونا ھوكۇمەت باشقا ئولكىلەردىمۇ ئۆز ئورنىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ئورگانلىرىغا بەرگەن بولاتتى. گۇڭـشې تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇشقا ئۇلگۇرەلمەي قالغان مەملىكەتلىك تەشكىلـ

نىڭ گاڭـياۋسىدا ئىنتايىن ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: گۇڭشې ھەتتا ئەڭ كىچىك كەنتتىكىمۇ سىياسى شەكلى بولۇپ قېلىشى كېرەك، يېزا رايونلىرىدىمۇ دائىمى ئارمىيىسىنىڭ ئورنىغا خىزمەت ئۆتەش مۇددىتى ئەڭ قىسقا بولغان گومىنىجۇن قويۇلۇشى لازىم. ۋىلايەت مەركەزلىرىدە تەسىس قىلىنغان ۋەكىللەر يىغىنى شۇ ۋىلايەتلەردىكى بارلىق يېزا گۇڭشېلىرىنىڭ جامائەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى كېرەك، بۇ ۋىلايەتلەردىكى ۋەكىللەر يىغىنى بولسا پارىژدىكى مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا ۋەكىل قاتناشتۇرۇشى كېرەك؛ ۋەكىللەر سايلىغۇچىلارنىڭ mandat impératif (توغرا كورسەتمە)لىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىشى لازىم، ئۇلارنى خالىغان ۋاقىتتا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشقا بولىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا جۇڭياڭ ھوكۇمىتىگە قالدۇرۇلىدىغان ئاز ئەمما ئىنتايىن موھىم جىژنىڭ، بەزىلەرنىڭ مەقسەتلىك ھالدا ئۆيدۇرۇپ چىقىرىشىغا ئوخشاش، بىكار قىلىنماسلىقى، بەلكى گۇڭشېنىڭ ئەمەلدارلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىشى يەنى قاتتىق جاۋاپكار ئەمەلدارلارغا تاپشۇرۇپ بېرىلىشى كېرەك. مىللەتنىڭ بىرلىكى بۇزۇلماستىن، ئەكسىچە، گۇڭشې تۈزۈمىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلۇشى لازىم، مۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق يەنى ئۆزىنى مىللەتنىڭ بىرلىكىنى ئىپادىلىگۈچى قىلىپ كورسىتىپ كەلگەن شۇنىڭ بىلەن بىللە مىللەتتىن ئايرىلغان، مىللەتتىن يۇقۇرى تۇرىدىغان دولەت ھاكىمىيىتىنى يوقىتىش يولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى كېرەك، بۇ دولەت ھاكىمىيىتى مىللەتنىڭ بەدىنىدىكى تەييارتاپ ئۆسمە گوشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. كونا ھوكۇمەت ھاكىمىيىتىنىڭ ساپ ئېزىش ئورگانلىرى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىلىشى لازىم، ئەمما، كونا ھوكۇمەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئەقلىگە مۇۋاپىق

چۈنكى جەمئىيەتتىن يۇقۇرى تۇرۇشقا ئۇرۇنغان بۇنداق ھاكىمىيەتتىن تارتىۋېلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ جاۋاپكار خادىملىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىشى كېرەك. ئومۇمى سايلام تۈزۈمى زادى ھوكۇمران سىنىپنىڭ قايسىبىر ئادىمىنىڭ يىخۇيدا خەلققە ۋەكىل بولۇشىنى ۋە خەلقنى ئېزىشىنى ھەر 3 يىلدا ياكى 6 يىلدا بىر قېتىم قارار قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى گۇڭشېغا ئۇيۇشقان خەلققە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، خۇددى شەخسنىڭ تاللاش ھوقۇقى ھەرقانداق بىر زاۋۇت ئىگىسىگە خىزمەت قىلغىنىغا ئوخشاش، ئۇلارنى ئۆز كارخانىلىرىغا ئىشچى، نازارەتچى ۋە كۇيجى تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. ھەممىگە مەلۇم، كارخانىلارمۇ، خۇددى شەخسلەرگە ئوخشاش، ئەمەلىي كەسپىي پائالىيەتلىرىدە ھەمىشە مۇۋاپىق كىشىلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلارغا قويالايدۇ، بەزىدە خاتالاشقان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ھەمىشە ناھايىتى تېز تۈزىتىپ كېتەلەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، تەبىقە بويىچە خىزمەت بېرىش تۈزۈمىنى[63] ئومۇمى سايلام تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا قويۇش گۇڭشېنىڭ روھىغا تۈپتىن خىلاپ كېلىدۇ.

يېڭى تارىخىي باشلىنىشنىڭ ئادەتتە ئۇچرايدىغان تەقدىرى شۇنداق بولىدۇكى، ئۇلار كونا ھەتتا ۋاقتى ئۆتكەن ئىجتىمائى تۇرمۇش شەكىللىرىگە سەللا ئوخشاپ قالسا، ئەنە شۇ شەكىللەرنىڭ كوچۇرۇلمىسى دەپ خاتا قارىلىدۇ. دېمەك، ھازىرقى زامان دولەت ھاكىمىيىتىنى ۋەيران قىلغان بۇ يېڭى گۇڭشېمۇ بۇ دولەت ھاكىمىيىتى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن مەۋجۇت بولغان ۋە كېيىن بۇ دولەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان ئوتتۇرا ئەسىر گۇڭشېسىنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشى دەپ خاتا قارالدى. گۇڭشې تۈزۈمىگە

مونتېسكيۇ ۋە ژىروندىچىلارنىڭ[64] خام خىيالدا بولغىنىدەك نۇرغۇن
كىچىك شىتاتلارنىڭ ئىتتىپاقىنى غايەت چوڭ مىللەتلەر بىرلىكىنىڭ —
گەرچە دەسلەپ سىياسى زورلۇق كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ،
لېكىن ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قۇدرەتلىك ئامىلى
بولۇپ قالغان بىرلىكىنىڭ ئورنىغا قويۇشقا ئۇرۇندى دەپ خاتا
قارالدى. گۇڭشې بىلەن دولەت ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى
دۈيكاڭلىق ھالەتكە ھوقۇقنى ئادەتتىن تاشقىرى مەركەزلەش-
تۈرۈشكە قارشى قەدىمقى كۆرەشلەرنىڭ كېڭەيتىلگەن شەكلى دەپ
خاتا قارالدى. پەۋقۇلئاددە تارىخىي شارائىت فرانسىيىدە بولۇپ
ئۆتكىنىدەك ئۇنداق بۇرژۇئا ھوكۇمرانلىق شەكلىنىڭ تىپىك راۋاج-
لىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، مەسىلەن، ئەنگلىيىدىكىدەك ھالەتنى
پەيدا قىلىشى يەنى ئاساسىي جۇڭياڭ دولەت ئورگانلىرىنى خىيانەت
قىلىپ چىرىكلىشىپ كەتكەن دىنىي رايونلار ۋېيۋەنخۇيلىرى
بىلەن، شەھەر سەنىيخۇيلىرىنىڭ خۇسۇسى مەنپەئەتپەرەس ئەزالىرى
بىلەن، شەھەرلەردىكى كەمبەغەللەرنى قۇتقۇزۇش ئورۇنلىرىدىكى
ياۋۇز نازارەتچىلەر بىلەن ۋە ۋىلايەتلەردىكى ئەمەلىيەتتە ۋارىسلىق
قىلىدىغان ئامانلىقنى ساقلىغۇچى فاگۇەنلەر بىلەن تولدۇرۇشى
مۇمكىن ئىدى. گۇڭشې تۈزۈمى جەمىيەت ھېماۋىغا بېقىلىپ
كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمىيەتنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىشىغا
توسقۇن بولۇپ كەلگەن تەييارتاپ ئوسمە گوش — «دولەت»
ھازىرغىچە يالماپ كەلگەن بارلىق كۈچلەرنى جەمىيەتنىڭ بەدىنىگە
قايتۇرىدۇ. پەقەت مۇشۇلا فرانسىيىنىڭ گۈللىنىشىنى ئالغا سۈرىدۇ.
فرانسىيىنىڭ باشقا ئۆلكىلىرىنىڭ شەھەرلىرىدىكى بۇرژۇئازىيە
گۇڭشېنى بۇرژۇئازىيە لۇئى-فىلىپپ زامانىدا بەھرىمەن بولغان ئەمما

لۇئى-ناپولېون زاماندا يېزىنىڭ شەھەر ئۈستىدىكى ساختا ھوكۇم-رانلىغى تەرىپىدىن يوق قىلىنغان يېزىغا قارىتىلغان ھوكۇمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش دەپ بىلدى. ئەمىلىيەتتە، گۆڭشې تۈزۈمى يېزىدىكى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى مەنىۋى جەھەتتىن ھەر-قايسى ئۆلكىلەردىكى ئاساسىي شەھەرلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدىغان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز مەنپەئەتىگە شەھەر ئىشچىلىرىنىڭ مۇقەررەر ۋەكىل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرەلىشىگە كاپالەت بېرىدۇ. گۆڭشېنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى جايلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىنى ئۆزلۈكىدىن ئېلىپ كېلىدۇ، لېكىن بۇنداق جايلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى ھازىر تاشلىۋېتىلگەن دولەت ھاكىمىيىتىگە قارشى قويۇلغان نەرسە ئەمەس. پەقەت بىسماركقا ئوخشاش قانلىق سۇئىقەستلەرنى پىلانلاشتىن تاشقىرى، ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئەقلىگە ئەڭ ماس كېلىدىغان كونا ھۈنىرىگە يەنى «شاۋقۇن» ژورنىلىغا (بېرلىن «دوت» ژورنىلىغا)[65] ماقالا يېزىشقا خۇشتار كىشلەرلا چەكسىز خىيالغا بېرىلىپ، پارىژ گۆڭشېسى 1791-يىلدىكى فرانسىيە كونا شەھەر تۈزۈمىنىڭ ناچار تەقلىتى بولغان پرۇسسىيە شەھەر تۈزۈمىنى دورىماقچى، شەھەر باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى پرۇسسىيە دولەت ساقچىسى ئاپاراتلىرىنىڭ بېقىنىدا چاقى دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويغان شەھەر تۈزۈمىنى دورىماقچى، دەپ ھېساپلىشىدۇ.

گۆڭشې بارلىق بۇرژۇئا ئىنقىلاپلىرىنىڭ ئەرزەن ھوكۇمەت دىگەن شوئارىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، چۈنكى ئۇ ئەڭ چوڭ ئىككى خىراجەتنى يەنى دائىمى ئارمىيە[1] بىلەن ئەمەلدارلارنى ئەمەلدىن

[1] 1871- ۋە 1891-يىللاردىكى نېمىسچە نەشرلىرىدە «ئارمىيە» دەپ ئېلىنغان. — تەھرىردىن

قالدۇردى. گوٚكشىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئوٚزى، ھېچ بولمىغاندا، ياۋروپادا سىنىپىي ھوكۇمرانلىقنىڭ دائىملىق يوٚكى ۋە زورۇر نىقاۋى بولغان پادىشالىق تۈزۈمىنىڭ ئىنكار قىلىنىشى ئىدى. گوٚكشىپ جۇمھۇرىيەتكە ھەقىقى دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ ئاساسىنى سېلىپ بەردى. لېكىن، مەيلى ئەرزەن ھوكۇمەت بولسۇن، ياكى «ھەقىقى جۇمھۇرىيەت» بولسۇن، بۇلار ئۇنىڭ ئاخىرقى مەقسىدى ئەمەس، بەلكى پەقەت ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن بەزى ھادىسىلەرلا ئىدى.

كىشىلەرنىڭ گوٚكشىنى خىلمۇ-خىل چۈشەندۈرۈشى ۋە گوٚكشى-نىڭ خىلمۇ-خىل مەنپەئەتكە ۋەكىللىك قىلىشى گوٚكشىنىڭ يوٚكسەك دەرىجىدىكى جانلىق سىياسى شەكىل ئىكەنلىكىنى ئىسپات-لايدۇ، ۋاھالەنكى، بارلىق كونا ھوكۇمەت شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە ئەزگۈچى خاراكتېرلىق ئىدى. گوٚكشىنىڭ ھەقىقى سىرى شۇ يەردىكى، ئۇ، ماھىيەتتە، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھوكۇمىتى[1]، ئىشلەپچىقارغۇچىلار سىنىپىنىڭ ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر سىنىپىغا قارشى كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى، ئاخىر كەشىپ قىلىنغان، ئەمگەكنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئازاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغان سىياسى شەكىل.

ئەگەر ئەڭ ئاخىرقى بۇ شەرت بولمىغاندا، گوٚكشىپ تۈزۈمىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولمىغان بەلكى ئالدامچىلىق بولغان بولاتتى. ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ سىياسى ھوكۇمرانلىقى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى قۇللۇق ئورنىنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەسلىك ھالىتى بىلەن

[1] 1871-ۋە 1891-يىللاردىكى نېمىسچە نەشرلىرىدە «ئىشچىلار سىنىپى-نىڭ ھوكۇمىتى» دىگەن سوزگە تەكىتلەش بەلگىسى قويۇلغان. — تەھرىردىن

بىر ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆڭۈلچى سىنىپلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرىدىغان شۇنىڭ بىلەن سىنىپىي ھوكۇمرانلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرىدىغان ئىقتىسادىي ئاساسنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىدىغان قورال بولۇشى كېرەك. ئەمگەك ئازات قىلىنىشى بىلەنلا ھەممەيلەن ئىشچىغا ئايلىنىدۇ-دە، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىمۇ مەلۇم بىر سىنىپقا خاس بولۇشتىن قالىدۇ.

شۇنىسى ئەجەپلىنەرلىككى، گەرچە يېقىنقى 60 يىلدىن بېرى ئىشچىلارنىڭ ئازاتلىقى توغرىسىدا كۆپ نەرسىلەر يېزىلغان ۋە سۆزلەر قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئىشچىلار بىرەر جايدا كەسكىن تۇردە ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولسىلا، ئىككى قۇتۇپ يەنى كاپىتال بىلەن ياللانما قۇللۇق ئەمگىكى (يەرگە خۇسۇسى ئىگىدارلىق قىلغۇچىلار ھازىر پەقەت كاپىتالىستلارنىڭ ئىتائەتچان شېرىكى) قارىمۇ-قارشى بولغان ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنى ئاقلىغۇچىلار دەرھال ئاقلاپ مۇقام تووۋلاپ، ئۇلارغا قارشى تۇرىدۇ. گويا كاپىتالىزم جەمئىيىتى ھېلىمۇ پاك - مەسۇم ۋە ئىپپەتلىك ھالەتتە تۇرغاندەك! گويا ئۇنىڭدىكى قارىمۇ - قارشىلىقلار تېخى راۋاجلانمىغان، ئۇنىڭ ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئالداش خام خىيالى تېخى ئېچىپ تاشلانمىغان، ئۇنىڭ ئىنتايىن قالايمىقان ئەھۋالى تېخى تولۇق ئاشكارا بولمىغاندەك! ئۇلار، كۆڭۈلچى پۈتۈن مەدەنىيەتنىڭ ئاساسنى تەشكىل قىلغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى يوقاتماقچى! دەپ چۇقان سېلىشىدۇ. شۇنداق، مۆھتەرەم ئەپەندىلەر، كۆڭۈلچى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئەمگىكىنى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ بايلىقىغا ئايلاندۇرىدىغان سىنىپىي ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى يوقاتماقچى ئىدى. ئۇ مەھرۇم قىلغۇچىلارنى

مەھرۇم قىلماقچى ئىدى. ئۇ ھازىر ئاساسەن ئەمگەكنى قول قىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش قورالى قىلىنىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى، يەرنى، كاپىتالىنى ئەركىن ۋە كوللېكتىپ ئەمگەك قورالىغا ئايلاندۇرۇپ، شەخسى ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى ئىدى. ئەمما بۇ كوممۇنىزىم، «مۇمكىن بولمايدىغان» كوممۇنىزىم ـ دە! لېكىن، ھوكۇمران سىنىپ ئىچىدىكى ناھايىتى زىرەك ۋە مەۋجۇت تۈزۈمنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن كىشىلەر (بۇنداق كىشىلەر ئاز ئەمەس) كوپېراتىپ تۈزۈمىدىكى ئىشلەپچىقىرىشنى كىشىنى بىزار قىلغان، چۇقان كوتەرگەن ھالدا تەرغىپ قىلىشتى. مۇبادا كوپېراتىپ تۈزۈمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇق گەپ ياكى بىر خىل ئالدامچىلىق بولمىسا، مۇبادا ئۇ كاپىتالىزىم تۈزۈمىنى سىقىپ چىقىرىدىغان بولسا، مۇبادا بىرلەشتۇرۇلگەن كوپېراتىپلار ئومۇمى پىلانىغا ئاساسەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇيۇشتۇرسا، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىشنى تىزگىنلەپ، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا خالى بولغىلى بولمايدىغان، دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ھوكۇمەتسىزلىك ھالەتىنى ۋە دەۋرلىك پەي تارتىشىپ قېلىش ھادىسىسىنى توسسا، ئۇ ھالدا، مۇھتەرەم ئەپەندىلەر، ئېيتىڭلارچۇ، بۇ كوممۇنىزىم، «مۇمكىن بولغان» كوممۇنىزىم بولمامدۇ؟

ئىشچىلار سىنىپى گۇڭشىدىن موجىزە يارىتىشنى كۈتكەن ئەمەس. ئۇلار خەلق پەرمانىغا يولىنىپ، تەييار ئۇتوپىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئەمەس. ئۇلار ئوز ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۇرۇش ئۈچۈن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ ئوزىنىڭ

ئىقتىسادىي تەرەققىياتى سەۋىيەسىدىن توسۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يۇقىرىلىغانلىقتىن، ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى، شارائىتنى ۋە ئادەملەرنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىدىغان بىر قاتار تارىخىي جەرياننى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئىشچىلار سىنىپى قانداقتۇ بىرەر غايىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى ئەمەس، بەلكى يىمىرىلىۋاتقان كونا بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىدە تورلىنىۋاتقان يېڭى جەمئىيەت ئامىللىرىنىلا ئازات قىلماقچى. ئىشچىلار سىنىپى ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى تولۇق چۈشەنگەن، بۇنداق ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا قەھرىمانلارچە چىڭ بەل باغلىغان، شۇڭا ئۇلار گېزىتچى مالايلارنىڭ قوپال تىل-ھاقارەتلىرىگە، ياخشى نىيەتلىك بۇرژۇئا سەپسەتىۋازلىرىنىڭ پەندى-نەسىھەتلىرىگە ۋە بۇ بۇرژۇئا سەپسەتىۋازلىرىنىڭ يېڭىلمەس ئەۋلىيالارچە تەلەپپۇز بىلەن تارقىتىپ يۈرگەن بىلىمسىزلىك مۇقامى ۋە مەزھەپچىلىك ئويدۇرمىلىرىغا پەس كورۇپ مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇش بىلەن جاۋاپ بېرەلىدى.

پارىژ كوممۇنا ئىنقىلاپقا ئۆزى رەھبەرلىك قىلغان چاغدا، ئاددى ئىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ «تەبىي ئاقساقاللىرى»[1]نىڭ باشقۇرۇش ئىمتىيازىغا چېقىلىشقا بىرىنچى قېتىم جۈرئەت قىلىپ، مىسلىسىز مۇشەققەتلىك شارائىتتا بۇ ئىشنى كەمتەرلىك، سەممىيەتلىك بىلەن ئالاھىدە ئۈنۈملۈك ئورۇنلىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالىدىغان

---

[1] 1871- ۋە 1891-يىللاردىكى نېمىسچە نەشرلىرىگە «يەنى مۈلۈكدارلار سىنىپى» دىگەن سوزلەر قوشۇلغان. — تەھرىردىن

ھەقىقىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى مىقتارى، ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى بىر نوپۇزلۇق كىشىنىڭ① ئېيتىشىچە، تېخى لوندون خەلق مائارىپى ئىدارىسىنىڭ بىر كاتىۋى ئالىدىغان ئەڭ تۆۋەن مۇئاشىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىغىمۇ يەتمەيدىغان چاغدا، — كونا دۇنيا ئەمگەكچىلەر جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىمۋولى بولغان قىزىل بايراقنىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسى ئۈستىدە لەپىلدەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقىدا ساراڭ بولۇپ كېتەي دەپ قالدى.

بۇ ئاخىر، ئومۇم تەرىپىدىن، ئىشچىلار سىنىپى ئىجتىمائى تەشەببۇسكارلىق رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان بىردىن-بىر سىنىپ، دەپ ئېتىراپ قىلىنىغان تۇنجى ئىنقىلاپ ئىدى؛ باي كاپىتالىستلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، بۇنى پارىژدىكى ئوتتۇرا سىنىپنىڭ كەڭ تەبىقىلىرى — ئۇششاق ئېلىپ ساتارلار، قول سانائەتچىلەر ۋە سودىگەرلەرمۇ بىردەك ئېتىراپ قىلغان ئىدى. كۆكشى ئوتتۇرا سىنىپ ئىچىدە ھەمىشە جاڭجاللارغا سەۋەپچى بولۇپ كەلگەن قەرز تولىتىش بىلەن قەرز تولەش مەسىلىسىنى دانالىق بىلەن ھەل قىلىپ، بۇ سىنىپنى قۇتقۇزۇۋالدى.66 ئوتتۇرا سىنىپتىكى بۇ بىر قىسىم كىشىلەر 1848-يىلى ئىيۇن ئىشچىلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا قاتناشقان ئىدى، لېكىن كېيىن ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىۋى دەرھاللا ھېچ يۈز-خاتىر قىلماي، ئۇلارنى قەرز ئىگىلىرىنىڭ خالىغانچە تالان-تاراج قىلىشىغا تۇتۇپ بەرگەن ئىدى67. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەمدى ئىشچىلارغا

① نېمىسچە نەشرلىرىگە «(ھېكسلېي جىياۋشۇ)» دىگەن سۆز قوشۇلغان. — تەھرىردىن

يېقىنلىشىشىنىڭ سەۋەبى پەقەت شۇلا ئەمەس ئىدى. ئۇلار گۆڭشى بىلەن دېگودىن — بۇ دېگونىڭ قانداق ۋەۋسكا ئېسۋېلىشىدىن قەتئىي نەزەر — بىرىنى تاللىۋېلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدى. دېگو جەمىيەت بايلىقىنى كۆپلەپ ئوغرىلىدى، كەڭ كولەملىك پۇل مۇئامىلە ئالدامچىلىقىغا ھامىيلىق قىلدى، كاپىتالنىڭ مەركەزلىشىشىنى سۇنئىي يوسۇندا چاپسانلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا سىنىپنىڭ كۆپ قىسمىنى مەھرۇم قىلىنىشقا ئۇچرىتىپ، ئۇلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن خانىۋەيران قىلغان ئىدى. دېگو ئۇلارنى سىياسىي جەھەتتىن ئەزگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىرى بىلەن ئۇلارنى مەنىۋى جەھەتتىن غەزەپلەندۈرگەن ئىدى؛ دېگو ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى تەربىيىلەش ئىشىنى نادان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا[68] تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ۋولتېر ئىدىيىسىنى ھاقارەتلىگەن ئىدى؛ دېگو ئۇلارنى فرانسۇزلۇق مىللى ھېسسىيات جەھەتتىن غەزەپلەندۈرگەن ئىدى، چۈنكى دېگو ئۇلارنى نۇرغۇن بالايى-ئاپەتلەرنى پەيدا قىلغان، نەتىجىدە دېگونىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن ئاياقلاشقان بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا بىردىنلا سۆرەپ كىرگەن ئىدى. دەرھەقىقەت، بوناپارتچى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە كاپىتالىستلار — بۇ بىر توپ لۈكچەكلەر پارىژدىن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوتتۇرا سىنىپنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر ئىتتىپاقى[69] نامى بىلەن مەيدانغا چىققان ھەقىقى تەرتىپچىلەر پارتىيىسى گۆڭشى بايرىقى ئاستىغا ئۆتتى ۋە تىيېرنىڭ تۆھمەتلىرىگە رەددىيە بېرىپ، گۆڭشىنى قوغدىدى. ئوتتۇرا سىنىپنىڭ بۇ كۆپ قىسمىنىڭ مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنىڭ ھازىرقى ئېغىر سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىش-بەرمەسلىكى كەلگۈسىدە مەلۇم بولىدۇ.

گوٗڭشي دىخانلارغا: «گوٗڭشىنىڭ غەلىبىسى سىلەرنىڭ بىردىن-بىر ئۈمىدىڭلار»[70] دېدى، بۇ تامامەن توغرا. ۋىرسالدىن چىققان ۋە ياۋروپا مەتبۇئاتىنىڭ مەشھۇر ياللانما ئەدىبىيات قەلەندەرلىرى پۈتۈن ئالەمگە يايغان كىشىنى بەكمۇ چوچۇتىدىغان يالغان سۆز «پومىششىك يىخۇي ئەزالىرى» فىرانسىيە دىخانلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەۋالغانلىق ئىدى. ئويلاپ بېقىڭلارچۇ، فىرانسىيە دىخانلىرى ئۆزلىرىنى 1815-يىلدىن كېيىن بىر مىليارت تولەم تولەشكە[71] مەجبۇر قىلغان كىشىلەرنى بىردىنىلا ياخشى كورۇپ قاپتۇ-دە! فىرانسىيە دىخانلىرىنىڭ نەزىرىدە چوڭ يەر ئىگىلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنىڭ 1789-يىلدىكى غەلىبە مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە قىلىنغان تاجاۋۇز ئىدى. 1848-يىلى بۇرژۇئازلار دىخانلارنىڭ يېرىگە بىر فرانكقا 45 سانتىمدىن قوشۇمچە باج قوشۇپ ئالغان ئىدى، لېكىن بۇنى ئۇلار ئىنقىلاپ نامى بىلەن قىلغان ئىدى؛ ئەمدىلىكتە ئۇلار پرۇسسىيىلىكلەرگە بېرىشكە كېلىشكەن 5 مىليارت ئۇرۇش چىقىمىنىڭ ئاساسىي ئېغىرلىقىنى دىخانلارنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇش ئۈچۈن ئىنقىلاپقا قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى. ئەكسىچە، گوٗڭشي دەسلەپ چىقارغان بىر خىتاپنامىسىدە، ئۇرۇشنىڭ ئېغىرلىقىنى ھەقىقى ئۇرۇش قوزغىغۇچىلار ئۈستىگە ئېلىشى لازىم، دەپ جاكالىدى. گوٗڭشي دىخانلارنى خۇن بېجىدىن جەزمەن قۇتقۇزىدۇ، ئۇلارنى ئەرزەن ھوكۇمەتكە جەزمەن ئىگە قىلىدۇ، ھازىر ئۇلارنىڭ قېنىنى شوراۋاتقان گوۋاچى، لۇيشى، قانۇن ساقچىسى ۋە باشقا قاتىڭ قانخورلىرىنىڭ ئورنىغا دىخانلار ئۆزى سايلاپ چىققان ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا جاۋاپكار بولىدىغان ياللانما گوٗڭشي ئەمەلدارلىرىنى جەزمەن قويىدۇ. گوٗڭشي دىخانلارنى

يېزا ساقچىسىنىڭ، شىيەنبىڭلار ۋە شېڭجاڭلارنىڭ زوراۋانلىق زۇلمىدىن جەزمەن قۇتقۇزىدۇ؛ گۇڭشې ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى بىخۇت- لاشتۇرىدىغان دىندارلارنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ئاچىدىغان مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى جەزمەن قويىدۇ. ۋاھالەنكى، فرانسىيە دېخانلىرى ھەممىدىن بۇرۇن ناھايىتى ئويلاپ-چاملاپ ئىش قىلىشنى بىلەتتى. ئۇلار دىندارلارغا بېرىلىدىغان پۇل باجگىرلار تەرىپىدىن مەجبۇرى ئېلىنماي، بەلكى ئۇنى ھەرقايسى دىنىي رايونلاردىكى ئاھالە ئۆزىنىڭ خۇداكۆيلۇق دەرىجىسىگە قاراپ ئىختىيارىي ئىئانە قىلسا، ئاندىن تامامەن مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. گۇڭشېنىڭ ھوكۇمرانلىقى — مۇشۇنداق ھوكۇمرانلىقلا — فرانسىيە دېخانلىرىغا توغرىدىن-توغرا مۇشۇنداق زور پايدا ئېلىپ كېلەلەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يەردە پەقەت گۇڭشېلا دېخانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەل قىلالايدىغان ۋە ھەل قىلىشى زورۇر بولغان تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋە ھەقىقەتەن بىۋاستە مۇناسى- ۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە، مەسىلەن، دېخانلارنىڭ كىچىك بىر پارچە يېرى ئۈستىدە ئالۋاستىدەك بېسىپ ياتقان دەھشەتلىك رەنە قەرزى مەسىلىسى، كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتقان prolétariat foncier (يېزا پرولېتارىياتى) مەسىلىسى، ھازىرقى زامان يېزا ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە كاپىتالىستىك يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى رىقابەتلەر ئارقىسىدا دېخانلارنىڭ ئۆزىنىڭ كۈندىن-كۈنگە تېخىمۇ تېز مەھرۇم قىلىنىشى مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

لۇئى بوناپارتنى فرانسىيە دېخانلىرى جۇمھۇرىيەت زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلىغان، لېكىن ئىككىنچى دىگونى بولسا تەرتىپچىلەر پارتىيىسى

تەسىس قىلىنغان ئىدى. 1849 ـ ۋە 1850 ـ يىللاردا فرانسىيە دېھقانلىرى ئۆزلىرىنىڭ چۈيجاڭلىرىنى ھۆكۈمەتنىڭ شىڭجاڭلىرىغا، ئۆزلىرىنىڭ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ھۆكۈمەتنىڭ دىندارلىرىغا، ئۆزلىرىنى ھۆكۈمەتنىڭ شيەنبىڭلىرىغا قارشى قويغان، شۇنداق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان ئىدى. تەرتىپچىلەر پارتىيىسى 1850 ـ يىلى 1 ـ ئاي ۋە 2 ـ ئايدا چىقارغان قانۇنلارنىڭ[72] ھەممىسى، ئۇنىڭ ئۆز ئىقرارى بويىچە، دېھقانلارغا قارشى قانۇنلار ئىدى. دېھقانلار بوناپارتىزىمچى بولغان ئىدى، چۈنكى، ئۇلار، زور ئىنقىلاپ ۋە ئۇنىڭ دېھقانلارغا كەلتۈرگەن پايدىسى ناپولېئوننىڭ نامىدىن ئايرىلمايدۇ، دەپ قارايتتى. ئىككىنچى دىگو دەۋرىدە چاپسانلىق بىلەن يوقىلىشقا باشلىغان (ماھىيەتتە بولسا «پومېشچىك يېخۇي ئەزالىرى»نىڭ خاھىشى بىلەن دۈشمەنلەشكەن) بۇنداق خام خىيال، ئۆتمۈش دەۋرنىڭ بۇنداق بىر تەرەپلىمە قارىشى گۇڭشېنىڭ دېھقانلارنىڭ جانجان مەنپەئەتى ۋە جىددى ئېھتىياجى جەھەتتىكى غەمخورلۇقىغا قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن؟

گۇڭشې پارىژى باشقا ئۆلكىلەر بىلەن ئەركىن ئالاقە قىلىشقا باشلايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، 3 ئايغا قالماي ئوموميۈزلۈك دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى «پومېشچىك يېخۇي ئەزالىرى» بىلەتتى (بەلكى ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىن بەكمۇ قورقاتتى). دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بۇنداق يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن، شۇنچە قورقۇنچاقلىق بىلەن پارىژنى ساقچىلار بىلەن قامال قىلىشقا ئالدىرىدى.

دېمەك، گۇڭشې فرانسىيە جەمئىيىتىدىكى بارلىق ساغلام

تەركىپلەرنىڭ ھەقىقى ۋەكىلى يەنى ھەقىقى كومىنجېڭفۇ ئىكەن، ئۇ ھالدا، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئىشچىلار ھوكۇمىتى، ئەمگەكنىڭ ئازاتلىنىشىنى قولغا كەلتۈرىدىغان باتۇر جەڭچىلىكى بىلەن تولۇق خەلقارا خاراكتېرغا ئىگە ئىدى. فرانسىيىنىڭ ئىككى ئۆلكىسىنى گېرمانىيىگە قوشۇپ بەرگەن پرۇسسىيە ئارمىيىسى ئالدىدا گۈڭشې پۈتۈن دۇنيا ئىشچىلىرىنى فرانسىيە تەرەپكە قوشتى.

ئىككىنچى دىگو ئالەمدىكى ئالدامچىلىق نەيرىڭىنىڭ بايرىمى ئىدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى مەملىكەتلىرىدىكى ئەبلەخلەر ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، پالاقلاپ كېلىپ ئۇنىڭ بەزمىسىگە ۋە فرانسىيە خەلقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش شۇملۇقىغا قاتناشتى. ھەتتا ھازىرنىڭ ئۆزىدە تيېرمۇ ۋالاكىيە لۈكچىكى گانېسكونى ئوڭ قولى، روسىيە پايلاقچىسى ماركوۋسكىينى سول قولى قىلماقتا. گۈڭشې بولسا بارلىق چەتئەللىكلەرگە ئۆچمەس ئىش يولىدا قۇربان بولۇش شەرىپىگە ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتىنى بەردى. بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ خائىنلىقى ئارقىسىدا مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ كەلگەن تاشقى ئۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن سۇئىقەستلىك تىل بىرىكتۈرۈشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىچكى ئۇرۇش ئارىلىقىدا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن فرانسىيىدە نېمىسلارغا ساقچىلار بىلەن زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى كورسەتتى. گۈڭشې بولسا بىر گېرمانىيىلىك ئىشچىنى[1] ئۆزىگە ئەمگەك بۇجاڭى قىلىپ تەيىنلىدى. تيېرمۇ، بۇرژۇئازىيىمۇ ۋە ئىككىنچى دىگومۇ پولەكلەرنى ئۆزلۈكسىز ئالداپ كەلگەن، ئېغىزدا

---

① لېو فرانكېل. — تەھرىردىن

ناھايىتى دەبدەبىلىك بىلەن ئۇلارغا ھېيداشلىق بىلدۈرگەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى روسىيىگە ساتقان ۋە روسىيىنىڭ قىلغىنىدەك ئىپلاس شۈملۈقلارنى قىلماقتا ئىدى. گۆگشىپ بولسا پولشىنىڭ قەھرىمان پەرزەنتلىرىنى[1] ھورمەتلەپ، ئۇلارنى پارىژنىڭ قوغدىغۇچىلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشقا قويىدى. گۆگشىپ ئۆزى ئاگلىق ئاچقان تارىخىي يېڭى دەۋرنى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، غەلىبە قىلغۇچى پروسسىيىلىكلەرنىڭ ئالدىدا، يەنە بىر تەرەپتىن، بوناپارت جىياگجۇنلىرى باشچىلىق قىلغان بوناپارت ئارمىيىسىنىڭ ئالدىدا ئۇرۇش شوھرىتىنىڭ سىمۋولى بولغان ناھايىتى چوڭ نەرسىنى — ۋاندوم تۈۋرۈگىنى[73] ئۆرۈپ تاشلىدى.

گۆگشىپنىڭ ئۇلۇق ئىجتىمائىي تەدبىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئىدى. ئۇ قوللانغان بەزى تەدبىرلەر خەلقنىڭ ئۆزى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلغان خەلق باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنىلا كۆرسىتىپ بېرەتتى. بولكا ئىشچىلىرىنىڭ كېچىدە ئىشلىشىنى مەنئى قىلىش؛ تۈرلۈك باھانىلار بىلەن ئىشچىلاردىن جەرىمانە ئېلىپ ئىش ھەققىنى كېمەيتىشنى مەنئى قىلىش، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى قاتتىق جازالاش ئەنە شۇ تەدبىرلەردىن ئىدى، ئىشچىلاردىن جەرىمانە ئېلىپ ئىش ھەققىنى كېمەيتىش — بۇ، ياللىغۇچىلارنىڭ دائىم قوللىنىدىغان ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزى ھەم قانۇن چىقارغۇچى، ھەم سوت قىلغۇچى، ھەم ئىجرا قىلغۇچى ئەمەلدار ئىدى، بەلكى بۇ جەرىمانە پۇللىرىنى ئۇلار ئۆز يانچۇغىغا سالاتتى. بۇنداق

[1] ي. دومبروۋسكى ۋە ۋ. ۋروبلېۋسكى. — تەھرىردىن

تەدبىرلەردىن يەنە بىرى ئىگىلىرى قېچىپ كەتكەن ياكى ئىشنى توختىتىپ قويغان بارلىق زاۋۇت ۋە دۇكانلارنى ئىشچىلارنىڭ ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىغا تاپشۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە كارخانا ئىگىلىرىنىڭ تولەم ئېلىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىدى.

گۇڭشېنىڭ ناھايىتى ئېھتىياتچان، موتىدىل مالىيە تەدبىرلىرى شەھەرنىڭ مۇھاسىرىدە تۇرغان ئەھۋالىغىلا مۇۋاپىق كېلەتتى. چوڭ پۇل مۇئامىلە گۇڭسىلىرى ۋە بىناكارلىق ئىشىنى كوتىرە ئالغۇچىلار ئوسماننىڭ① قانات ئاستىغا ئېلىشى بىلەن پارىژنىڭ نۇرغۇن مال-مۇلكىنى ئوغرىلىۋالغان، شۇڭا، لۇئى بوناپارتنىڭ ئورلېان خان جەمەتىنىڭ مال-مۇلكىنى مۇسادىرە قىلىشقا قارىغاندا، گۇڭشې ئۇلارنىڭ مال-مۇلكىنى مۇسادىرە قىلىشقا كوپ ھەقلىق ئىدى. خوخېنزوللېرن خان جەمەتى ۋە ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەنگلىيە گۋاتۇلىرى گەرچە جياۋخۇيلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ نۇرغۇن بايلىققا ئىگە بولۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن جياۋخۇيلارنىڭ مال-مۇلكىنى مۇسادىرە قىلىشتىن ئارانلا 8 مىڭ فرانكقا ئىگە بولغان گۇڭشېغا قاتتىق كايىتتى، ئەلۋەتتە.

ۋېرسال ھوكۇمىتى بىر ئاز ماغدۇرىغا كېلىشى بىلەنلا گۇڭشېغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن دەھشەتلىك تەدبىرلەرنى

---

① ئوسمان ئەنجۇي (Haussmann) ئىككىنچى دىگو دەۋرىدە سېنا ئولكىسىنىڭ شېڭجاڭى، شۇنداقلا پارىژ شەھرىنىڭ مەمۇرى جاڭگۈەنى ئىدى. ئۇ ئىشچىلارنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇشقا ئەپلىك بولسۇن دەپ، پارىژ كوچىلىرىنى ئوزگەرتىپ قۇرۇشتا بىر قاتار ئىشلارنى قىلغان ئىدى. (ۋ. ئى. لېنىننىڭ باش تەھرىرلىكىدە 1905-يىلى چىققان رۇسچە تەرجىمىسىنىڭ ئىزاھى) — تەھرىردىن

قوللىنىشقا باشلىدى؛ ئۇ فرانسىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەممە سوز ئەركىنلىكىنى باستى، ھەتتا چوڭ شەھەرلەر ۋەكىللىرى يىغىنىنى چاقىرىشنى مەنئى قىلدى؛ ئۇ ۋىرسالدا ۋە فرانسىيىنىڭ باشقا جايلىرىدا پايلاقچىلارنى قويدى، ئۇنىڭ كولىمى ئىككىنچى دىگو دەۋرىدىكىدىن كوپ ئىشىپ كەتتى؛ ئۇنىڭ شيەنبىڭ جيەنچاگۇەنلىرى پارىژدا چىققان ھەممە گېزىتلەرنى كويدۇرۇۋەتتى، پارىژدىن سىلىنغان ۋە پارىژغا كەلگەن خەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېچىپ كوردى؛ گومىن يىغىۋىدا كىمكى سەل - پەل پارىژنىڭ گېپىنى قىلغۇدەك بولسا، ئۇ دەرھال شۇنداق غالجىرلارچە ۋاقىراش - جاقىراشلار بىلەن بېسىپ قويۇلاتتى، بۇنداق ھال ھەتتا 1816 - يىلدىكى «تەڭدىشى يوق يىيۇەن»دىمۇ كورۇلۇپ باقمىغان ئىدى. ۋىرساللىقلار پارىژغا قارشى ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش بىلەنلا قالماي، بەلكى تۇرلۇك يوللار بىلەن پارىژ ئىچىدە سېتىۋېلىش ۋە سۇئىقەستلىك ھەركەتلىرىنىمۇ ئېلىپ باردى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، گوڭشې ئۇز ۋەزىپىسىدىن شەرمەندىلىك بىلەن يۇز ئورۇشنى خالىمايدىكەن، تېچ گۇللەنگەن دەۋردىكىدەك زىيۇجۇيىلىق قائىدە - تەرتىپلەرگە رىايە قىلىپ تۇرالامدۇ؟ مۇبادا گوڭشې ھوكۇمىتىنىڭ خاراكتىرى تىيىر ھوكۇمىتىنىڭكىگە ئوخشاش بولسا، ئۇ ھالدا، پارىژ تەرەپنىڭ تەرتىپچىلەر پارتىيىسى گېزىتلىرىنى پېچەتلىشىگە ئاساسى بولمايتتى، ۋىرسال تەرەپنىڭ گوڭشې گېزىتلىرىنى پېچەتلىشىگىمۇ ئاساسى بولمايتتى.

«پومېشىك يىغىۋى ئەزالىرى» فرانسىيىنى قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىن - بىر چارىسى جياۋخۇيىنىڭ قويىنىغا قايتىپ بېرىش دەپ

تەرغىپ قىلدى، دىنغا ئىشەنمەيدىغان گوڭشى بولسا پىكپۇس ئاياللار دەرۋىشخانىسىنىڭ ۋە سېن-لاۋرېنت چىركوۋىنىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلىدى[74]، بۇ، تەبىكى، بۇ يىخۇي ئەزالىرىنىڭ ئوغسىنى قايىنتىدىغان ئىش ئىدى. تىيېر بوناپارت جىياڭجۇنلىرى جەڭدە مەغلۇپ بولۇشقا، تەسلىمنامىگە قول قويۇشقا ۋە ۋىلگېلم قورغىنىدا[75] تاماكا ياساشقا ئۇستا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا پەخرى جۇنتۇەن چوڭ كىرىست ئوردىنىنى تارقىتىۋەردى، گوڭشى بولسا ئۆز جىياڭجۇن-لىرى سەللا ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماي گۇمان تۇغدۇرسا، ئۇلارنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىدى ۋە قولغا ئالدى، بۇ تىيېر ئەپەندى ئۈچۈن ئوتكۇر مەسخىرە ئىدى. ۋەيران بولغانلىقى ئۈچۈن لوندا 6 كۈن قامالغان، كېيىن ساختا نام بىلەن گوڭشىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان بىر ۋېيىۋەننى[1] گوڭشىنىڭ خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلىغانلىقى ۋە قولغا ئالغانلىقى شۇ چاغدا فرانسىيە تاشقى ئىشلار بۇجاڭى بولۇپ تۇرۇۋاتقان، فرانسىيىنى بىسماركقا ساتقان ۋە قالتىس بېلگىيە هوكۇمىتىگە بۇيرۇق بەرگەن، يالغان هوججەت ياسىغان هېلىقى جۇل فافىرغا كېلىشتۇرۇپ ئۇرۇلغان بىر شاپىلاق ئەمەسمۇ؟ لېكىن، گوڭشى بارلىق كونا هوكۇمەتلەردەك، مەڭگۇ خاتالىق ئوتكۇزمەيمەن، دەپ هېساپلىغان ئەمەس. گوڭشى ئوزىنىڭ سوز ۋە هەركەتلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇردى، ئوزىنىڭ بارلىق كەمچىلىكلىرىنى خەلق ئاممىسىغا ئېيتىپ تۇردى.

هەرقانداق ئىنقىلاپتا، ئىنقىلاپقا هەقىقى ۋەكىللىك قىلغۇچىلاردىن باشقا، هامان باشتا بىر خىل كىشىلەرمۇ چىقىدۇ.

---

[1] بىلانشى. — تەھرىردىن

بۇلاردىن بەزىلىرى ئىلگىرىكى ئىنقىلاپلارنىڭ پىشقەدەملىرى ۋە ئىخلاسمەنلىرى بولۇپ، ئۇلار ھازىرقى ھەركەتنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەيدۇ، لېكىن ئۇلار ھەممىگە مەلۇم سادىق ۋە قەھرىمانلىق روھىغا ئىگە بولغانلىقتىن ياكى پەقەت ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەت سەۋەبىدىن ھېلىمۇ خەلق ئىچىدىكى تەسىرىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا بەزىلىرى قۇرۇق جار سالغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ھوكۇمەتكە قارشى ئۇلۇك باياناتلىرىنى ھەر يىلى تەكرارلاۋېرىپ، بىرىنچى دەرىجىلىك ئىنقىلاپچىلار دىگەن شوھرەتكە ئىگە بولۇۋالىدۇ. 3-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن كېيىنمۇ بۇنداق بەزى كىشلەر چىقتى، ئۇلار بەزىدە ھەتتا كورۇنەرلىك روللاردىمۇ چىقتى. ئۇلار، ئوتكەنىدە مۇشۇنداق كىشىلەر ھەر قېتىملىق ئىنقىلاپنىڭ تولۇق راۋاجلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلغىنىغا ئوخشاش، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەقىقى ھەركىتىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن توسقۇنلۇق قىلدى. ئۇلار قۇتۇلغۇسىز بالايى-ئاپەت ئىدى؛ ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىت كېرەك ئىدى، لېكىن كوممۇنىغا بۇنداق ۋاقىت يوق ئىدى.

كوممۇنى پارىژنىڭ قىياپىتىنى كارامەت ئوزگەرتىۋەتتى! ئىككىنچى دىگونىڭ بۇزۇقچىلىقتا ئۈچىغا چىققان پارىژىدىن قىلچە ئەسەرمۇ قالمىدى. فىرانسىيىنىڭ پايتەختى ئەمدى بىرىتانىيىنىڭ چوڭ پومىششىكلىرى، ئىرلاندىيىنىڭ سىرتتا تۇرىدىغان پومىششىكلىرى[76]، ئامېرىكىنىڭ بۇرۇنقى قۇلدارلىرى بىلەن بىردىنلا بېيىغان كىشىلىرى، روسىيىنىڭ بۇرۇنقى نۇكىنۇ ئىگىلىرى ۋە ۋالاكىيىنىڭ فېودال ئاقسۆڭەكلىرى جەم بولىدىغان ئورۇن بولماي قالدى. مۇردىخانىلاردا بىرمۇ مۇردا قالمىدى، كېچىسى بۇلاڭچىلىق

ۋەقەلىرى يۈزبەرمەيدىغان بولدى، ئوغرىلىقمۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك تۈگىدى. 1848 ـ يىل 2 ـ ئايدىن بېرى، گەرچە كوچىلاردا بىرمۇ ساقچى بولمىسىمۇ، پارىژ كوچىلىرى بىرىنچى قېتىم تېپ-تېچ بولۇپ قالدى. گۈگىشي ۋېيىۋەنلىرىدىن بىرى مۇنداق دېگەن ئىدى:

«قانىداقتۇ ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى، بۇلاڭچىلىق ۋەقەسى ۋە ئايرىم شەخسلەرگە تۈيۈقسىز ھۇجۇم قىلىش ئەھۋاللىرىنى ئەمدى ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالدۇق؛ ساقچىلار ئۆزلىرىنىڭ باۋشۇ يار ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ۋېرسالغا ئېلىپ كېتىشكەندەك تۇرىدۇ.»

تەنناز خېنىملار ئۆز ھامىيلىرىغا، ئائىلىسى، دىنىنى قوغدىغۇچى بولۇپمۇ مال ـ مۈلۈكنى قوغدىغۇچى ھېلىقى كىشىلەرگە ئەگىشىپ قېچىپ كېتىشتى. ھازىر ھەقىقى پارىژ ئاياللىرى يەنە ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى، ئۇلار قەدىمقى زامان ئاياللىرىدەك قەھرىمان، ئالىجاناپ ۋە پىداكار ئىدى. تىرىشىپ ئەمگەك قىلىۋاتقان، كوكۇل قويۇپ پىكىر قىلىۋاتقان، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىۋاتقان، قان ئاققۇزۇپ قۇربان بېرىۋاتقان ئەمما ئۆزىنىڭ تارىخىي ئىجادىي ۋەزىپىسىنى كوتىرەڭگۈ روھ بىلەن چۈشىنىپ تۇرۇۋاتقان پارىژ شەھەر سىپىلى سىرتىدىكى ئادەمخورلارنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇنتۇپ، يېڭى جەمىيەت قۇرۇلۇشىغا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن بىر نىيەتتە كۈچ چىقارماقتا!

پارىژدىن ئىبارەت بۇ يېڭى دۇنيا بىلەن يۈزمۇ ـ يۈز تۇرغىنى ۋېرسالدىن ئىبارەت كونا دۇنيا ئىدى. ئۇ يەرگە كونا تۈزۈمنىڭ ھەممە جەسەتخور ئالۋاستىلىرى يەنى خەلقنىڭ جەسىدىنى تىتىپ-تىتىپ يەۋېتىشكە تەقەززا بولۇپ تۇرغان جېڭتۇڭچىلار بىلەن ئورلېانىچىلار ۋە قۇيرۇق بولۇشقا رازى بولۇپ كەلگەن چىرىك

جۇمهۇرىيەتچىلەر توپلانغان ئىدى، ئۇلار كومىن يىخۇيغا قاتنىشىپ، قۇلدارلار توپىلىكىنى قولىلىغان ئىدى. ئۇلار هوكۇمەت باشلىغى بولۇۋالغان تازا چىرىپ كەتكەن ھىلىقى مەلئۇننىڭ شوھرەتپەرەس-لىكىگە تايىنىپ، يىخۇي تۈزۈمىدىكى جۇمهۇرىيەتنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىت قىلىشقان ئىدى؛ ئۇلار 1789 - يىلىنى قوپاللىق بىلەن دوراپ، Jeu de Paume[①] دە ئەرۋاھلار يىغىنى چاقىرىشتى. فرانسە-يىنىڭ ھەممە چىرىك نەرسىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ يىخۇي لۇئى بوناپارت جىياڭجۇنلىرىنىڭ قىلىچىغا تايانغاندىلا، ئاندىن ئەرۋاھلارچە ھاياتىنى ساقلاپ قالالايتتى. پارىژنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى ھەقىقەت؛ ۋېرسالنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى يالغانچىلىق، بۇنداق يالغانچىلىق بولسا تىيېرنىڭ ئاغزىدىن چىققان.

تىيېر سىنا ۋە ۋازا ئولكىلىرىنىڭ چۈيجاڭلار ۋەكىللىرى ئۇمىگىگە مۇنداق دىدى:

«سىلەر مىنىڭ سوزۇمگە ئىشەنسەڭلار بولىدۇ، مەن ھىچقاچان سوزۇمدىن تېنىۋالغان ئەمەسمەن.»

ئۇ يىخۇيغا «بۇ فرانسىيدە ھىچقاچان بولۇپ باقمىغان ئەڭ ئەركىن سايلانغان ۋە ئەڭ تەرەققىپەرۋەر يىخۇي» دىدى؛ ئۇ ئوزىنىڭ ھەر خىل نامدا ئاتىلىدىغان ئارمىيىسىگە بۇ «دۇنيانىڭ گوھرى، فرانسىيدە ھىچقاچان بولۇپ باقمىغان ئەڭ خىللانغان ئارمىيە» دىدى؛ ئۇ باشقا ئولكىلەرگە، پارىژنى مىنىڭ بۇيرۇغۇم بىلەن توپقا تۇتقان دىگەن سوز بىمەنە سوز، دىدى:

① ۋاڭچيۇ زالى، كومىن يىخۇي 1789 - يىلى بۇ يەردە مەشھۇر قاراز ماقۇللىغان ئىدى. (ئىنگىلىسنىڭ 1871 - يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە ئىزاھى.)

«ئەگەر بىرنەچچە پاي زەمبىرەك ئوقى ئېتىلغان بولسا، ئۇنى ۋېرسال ئارمىيىسى ئاتمىغان، بەلكى بەزى توپىلاڭچىلار ئۆزىنى جەڭ قىلىۋاتقان كىشى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاتقان، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلار بېشىنى چىقىرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.»

كېيىن ئۇ يەنە باشقا ئۆلكىلەرگە مۇنداق دېدى:

«ۋېرسال توپچىلىرى پارىژنى توپقا تۇتقىنى يوق، بەلكى پەقەت ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق چىقاردى.»

ئۇ پارىژ چوڭ جۇجياۋسىغا، ۋېرسال ئارمىيىسى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، قىساس ئېلىۋاتىدۇ(!) دەپ ئەيىپلىنىۋاتىدۇ، بۇ پۈتۈنلەي يالغان، دېدى. ئۇ پارىژغا مەن «پارىژنى ئۇنى ئېزىۋاتقان يىرگىنچلىك زالىم پادىشاھنىڭ چاڭگىلىدىن ئازات قىلىش»نىلا ئويلايمەن، كۆكشىپ پارىژى «بىر ئوچۇم جىنايەتچىلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېدى.

تىيېر ئەپەندىنىڭ پارىژى «پەس خەلق»نىڭ ھەقىقىي پارىژى ئەمەس، بەلكى ئەرۋاھلارنىڭ پارىژى، francs—fileurs[77] نىڭ پارىژى، سەيلىچى ئەر-ئاياللارنىڭ پارىژى، بايلار، كاپىتالىستلار، قۇرۇق سۆلەت بەگزادىلەر، بىكار تەلەپلەرنىڭ پارىژى ئىدى. بۇ پارىژ ئۆزىنىڭ مالايلىرى، ئالدامچىلىرى، ئەدىبىيات قەلەندەرلىرى، تەنناز خېنىملىرىنى ئېلىپ، ھازىر ۋېرسال، سېن-دېنى، رۇئېي ۋە سېن-جېرمېنلەردە جەم بولماقتا؛ بۇ پارىژ ئىچكى ئۇرۇشنى پەقەت كۆڭۈل ئېچىپ ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ ھېساپلايتتى، ئۇ جەڭنىڭ بېرىشىنى دۇربۇندىن كۆرۈپ ھوزۇرلىناتتى، ئېتىلغان توپلارنى ساناپ تۇراتتى، ئۆز نامىدىن ۋە ئۆزىنىڭ ئاشنىلىرى نامىدىن قەسەم ئىچىپ، بۇ يەردە

ئوينىلىۋاتقان ئويۇن سېن ـ مارتىن تىياتىرخانىسىنىڭكىدىن كوپ ياخشى، دەپ كەتتى. ئۆلتۈرۈلگەنلەر راستلا ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى، ياردارلارنىڭ ۋاقىراشلىرىمۇ يالغان ئەمەس ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ كوز ئالدىدا ئوينىلىۋاتقان بۇ ئويۇن دۇنياۋى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئويۇن ئىدى.

مانا بۇ تىيېر ئەپەندىنىڭ پارىژى ئىدى، خۇددى كوبلېنتس شەھرىدىكى جېنىدىن تويغانلار[78] كالون ئەپەندىنىڭ فرانسىيىسى بولغىنىغا ئوخشاش.

## 4

قۇلدارلارنىڭ پارىژنى پرۇسسىيىنىڭ ئارمىيىسى بىلەن بېسىۋېلىش ئارقىلىق بويسۇندۇرماقچى بولغان سۇئىقەستلىك بىرىنچى ئۇرۇنۇشى بىسماركنىڭ رەت قىلىشى ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشمىدى. 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قىلىنغان ئىككىنچى ئۇرۇنۇش ئارمىيىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە ھوكۇمەتنىڭ ۋېرسالغا قېچىپ كېتىشى بىلەن ئاياقلاشتى، ئارقىدىنلا، ھوكۇمەتنىڭ بۇيرۇغى بىلەن، ھەممە مەمۇرى ئورگانلارمۇ خىزمەتنى توختىتىپ، ۋېرسالغا كوچۇپ كەتتى. تىيېر پارىژ بىلەن سۇلھى قىلىش نىقاۋىغا كىرىۋېلىپ، ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، پارىژغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۇچۇن تەييارلىق كوردى. لېكىن ئارمىينى نەدىن تۇپلىشى كېرەك؟ دائىمى تۇەنىنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنىڭ ئادىمى ناھايىتى ئاز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەس ئىدى. تىيېر باشقا ئولكىلەرگە جىددى مۇراجىەت چىقىرىپ، ئۇلاردىن گومىن زىۋېيجۇن ۋە پىدائى قىسىم ئەۋەتىپ ۋېرسالغا ياردەم بېرىشنى قەتئى تەلەپ قىلدى، لېكىن بۇ قەتئى رەت قىلىندى. پەقەت برېتانى ئولكىسىلا بىر ئوچۇم شۇئان ئەسكەرلىرىنى[79] ئەۋەتتى، ئۇلار جەڭ قىلغاندا ئاق بايراق كوتىرىپ، ھەر بىرى مەيدىسىگە ئەيسانىڭ ئاق لاتىدىن ياسالغان مۇقەددەس يۈرىكىنى تاقىشۋالاتتى؛ ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار شوئارى «Vive le Roi!» («ياشىسۇن پادىشا!») ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، تېيىر ئالدىراپ-تېنەپ ھەر خىل نامدا ئاتىلىدىغان بىر توپ قوشۇنلا توپلىيالىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە دېڭىزچىلار، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى قىسمىنىڭ ئەسكەرلىرى، جياۋخۇاڭنىڭ زۇئاف ئەسكەرلىرى، ۋالېنتىننىڭ قول ئاستىدىكى شىيەنبىڭلار ۋە پېترىنىڭ قول ئاستىدىكى شەھەر ساقچىلىرى بىلەن پايلاقچىلار بار ئىدى. ئەگەر دىگودىن ئەسىر چۈشكەن ئەسكەرلەر ئاستا-ئاستا يېتىپ كەلمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ ئارمىيە تولىمۇ ئازسىق قىلىپ قالاتتى، بىسمارك بولسا ئەسىرلەرنى قانچىلىك قويۇپ بېرىشتە، بىر تەرەپتىن، ئىچكى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرالايدىغان، يەنە بىر تەرەپتىن، ۋېرسالنىڭ پرۇسسىيىگە پەسكەشلىك بىلەن تىز پۈكۈپ بويسۇنۇش ئورنىنى داۋاملىق ساقلاپ قالالايدىغان بولۇشنى ئۆلچەم قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا ۋېرسال ساقچىلىرى ۋېرسال ئارمىيىسىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى، شىيەنبىڭلار بولسا ئەڭ خەۋپلىك جايلاردا تۇرۇپ، ئارمىيىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە يول باشلىشى كېرەك ئىدى. قولغا چۈشۈرۈلگەن قورغانلار تارتىۋېلىنغان ئەمەس، بەلكى سېتىۋېلىنغان ئىدى. گۆڭشې ئەزالىرىنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى تېيىرگە، مەيلى ئۇنىڭ جەنلۇبىلىك قابىلىيىتى ياكى ئۇنىڭ ئىختىيارىدىكى ئارمىيە بولسۇن، پارىژنىڭ قارشىلىغىنى تارمار قىلىش ھوددىسىدىن چىقالمايدىغانلىغىنى كۆرسىتىپ بەردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېيىرنىڭ باشقا ئۆلكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كەتتى. ۋېرسال تېيىرنى ۋە ئۇنىڭ «پومىششىك يىخۇي ئەزالىرى»نى بىر ئاز بولسىمۇ روھلاندۇرىدىغان، ھىمايە قىلىدىغانلىغىنى بىلدۈرىدىغان بىرەر خەت

تاپشۇرۇۋالـمىدى. ئەكسىچە، ھەر تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ۋەكىللەر ئۇمەكـلىرى ۋە مۇراجىئەتنامىلەر بىھورمەتلىك تەلەپپۇزىدا گۇڭشې بىلەن سۇلھى تۈزۈشنى قەتئىي تەلەپ قىلىشتى، سۇلھى تۈزۈشنىڭ ئاساسى جۇمھۇرىيەتنى قىلچە مۇجىمەللەشمەستىن ئېتىراپ قىلىش، گۇڭـشې يولغا قويغان ئەركىنلىكـلەرنى ھەقىقى تونۇش، ۋاكالەت مۇددىتى توشقان گومىن يىغىنىنى تارقىتىۋېتىش بولدى. ۋەكىللەر ئۇمەكـلىرى ۋە مۇراجىئەتنامىلەر شۇنچە كوپ ئىدىكى، نەتىجىدە تىيېرنىڭ ئەدلىيە بۇجاڭى دۇفور 4-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى ئۇمۇمى بۇيرۇغىدا دولەت جىيەنچاگۇەنىـگە «سۇلـھى تۈزۈشـكە مۇراجىئەت قىلـىش» جىـنايەت قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنسۇن! دەپ بۇيرۇق بەردى. ئەمـما تىيېر پارىژغا ھۇجۇم قىلىشـتىن ئۇمىت يوقلۇغىـغا كوزى يەتكەنــدىن كېيىن، سىلىۋېنى ئۇزگەرتىش قارارىغا كېلىپ، ئۇزى گومىن يىغىۇيغا مەجبۇرى ماقۇللاتقان يېڭى شەھەر مەمۇرىيىتى قانۇنىغا ئاساسەن، مەملىكەت بويىچە يەرلىك سايلاملارنى 4-ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئوتـكۈزۈشــنى بېكىتــتى. بىر دەم ئۇز شېڭـجاڭـلىرى ئىشلەتـكەن سۇئىقەستـلىك ۋاستىـلەردىن، بىر دەم ئۇز ساقـچى ئورگانلىرى قىلىۋاتقان تەھدىت ۋە پوپوزىلاردىن پايدىلىنىۋاتقان تىيېر، باشقا ئولـكىلەردە بولىدىغان سايلام چوقۇم گومىن يىغىۇيغا مىــلى كورۇلـمىگەن مەنىـۋى كۈچ بېـغىشـلايـدۇ، مەن باشـقا ئولكىلەردىن چوقۇم پارىژنى بويسۇندۇرىدىغان ماددى كۈچكە ئىگە بولىمەن، دەپ ئويلىغان ئىدى.

تىيېر ئۇزى ئاخباراتىدا ماختىغان پارىژغا قارشى قاراقچىلىق ئۇرۇشنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋە ئۇنىڭ بۇجاڭلىرى پۈتۈن فرانسىيىدە تېرور ھوكۇمرانلىق ئورنىتىشـقا ئۇرۇنىۋاتـقان

بىر ۋاقىتتا، ھە دېگەندىلا سۈلھى تۈزۈش توغرىسىدا بىر كىچىك قىزىقچىلىق ئويۇنى ئويناپ چىقىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشتى. بۇ قىزىقچىلىق ئويۇنىنىڭ يەتمەكچى بولغان بىرىنەچچە مەقسىدى باشقا ئۆلكىلەرنىڭ كۆز ـ قۇلىقىنى ئېتىۋېتىش، پارىژدىكى ئوتتۇرا سىنىپ ئۇنسۇرلىرىنى تىيېر تەرەپكە تارتىش ھەمدە ئاساسلىقى گومىن يىغۇيىدىكى ساختا جۇمھۇرىيەتچىلەرنى تىيېرغا ئىشەنچ بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۇزلىرىنىڭ پارىژغا ساتقىنلىق قىلغانلىقىنى يېپىپ كېتەلەيدىغان قىلىش ئىدى. تىيېر 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، تېخى ئارمىيىسى يوق چاغدا، گومىن يىغۇيىغا مۇنداق دېگەن ئىدى:

«قانداقلا بولمىسۇن، مەن پارىژغا ھەرگىز ئارمىيە ئەۋەتمەيمەن.»

3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن ئىدى:

«مەن جۇمھۇرىيەتنىڭ پاكىت بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدىم، شۇڭا ئۇنى قوغداشنى قەتئىي قارار قىلدىم.»

ئەمەلىيەتتە، ئۇ جۇمھۇرىيەت نامى بىلەن لىون ۋە مارسېلدىكى ئىنقىلاپىنى باستۇردى[80]، ئۇنىڭ «يومشىشىك يىغۇي ئەزالىرى» بولسا ۋېرسالدا «جۇمھۇرىيەت» دېگەن سوزنى ئاڭلىسىلا كاپىشىپ كېتىشەتتى. ئۇ بۇ توھپىسىدىن كېيىن، «پاكىت بولۇپ قالغان» دېگىنىنى پەرەز قىلىنغان پاكىت دەۋالدى. تىيېر ئەسلىدە ئېھتىيات ئۈچۈن بوردودىن ئۇرلىغان جەمەتىنىڭ پۈشتىلىرىنى كەتكۈزۋەتكەن ئىدى، ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، دىرېدا سۇئىقەستلىك ھەركەتلەرنى قىلىشىغا يول قويدى. تىيېر پارىژنىڭ ۋە باشقا ئۆلكىلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن قىلغان چەكسىز سوھبەتلىرىدە سوزلەپ كەلگەن شەرتلەر — ئۇنىڭ سوزلىرى

ۋاقىت ۋە ئەھۋالغا قاراپ ئۇرامى ۋە ۋەزنى جەھەتتە دائىم ئۆزگىرىپ تۇرغان بولسىمۇ — ھامان بىرلا نۇقتىغا يىغىلغان ئىدى:

«كلېمون توما بىلەن لېكونتىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە جاۋاپكار بىر ئوچۇم جىنايەتچىلەر»دىن قىساس ئېلىش لازىم.

ئەلۋەتتە، بۇ يەردە ئۆز ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك بىر نۇقتا بار، يەنى تىيېر ئۆزى 1830 - يىلى لۇئى - فىلىپپنى ئەڭ ياخشى جۇمھۇرىيەت دەپ ئېتىراپ قىلغىنىغا ئوخشاش، پارىژ بىلەن فرانسىيە تىيېر ئەپەندىنىڭ ئۆزىنى ئەڭ ياخشى جۇمھۇرىيەت دەپ شەرتسىز ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. بىراق، تىيېر مۇشۇ يول قويۇشلارنىمۇ ئۆز بۇجاڭلىرىنىڭ گومىن يىغىنىدا بەرگەن ھوكۇمەت تەرەپىنىڭ ئىزاھلىرى بىلەن تۇتۇقلاشتۇرۇشقا تىرىشتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۇ يەنە دۇفور ئارقىلىقمۇ ھەرىكەت قىلدى. دۇفور دېگەن بۇ كونا ئورلېانچى لۇيىشى ئەزەلدىن ھەربىي ھالەت شارائىتىدا چوڭ فاگوەن بولۇپ كەلگەن ئىدى؛ ئۇ ھازىر، 1871 - يىلى تىيېر ھوكۇم سۈرگەن ۋاقىتتا شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، 1839 - يىلى لۇئى - فىلىپپ ھوكۇم سۈرگەن ۋاقىتتىمۇ ۋە 1849 - يىلى لۇئى بوناپارت زۇڭتۇڭ بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتىمۇ[81] شۇنداق ئىدى. ئۇ بۇجاڭ بولمىغان چېغىدا، پارىژ كاپىتالىستلىرىنى ھىمايە قىلىش بىلەن تازا بېيىۋالغان ئىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ئۆزى چىقارغان قانۇنلارغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن سىياسى دەسمايىگە ئىگە بولۇۋالغان ئىدى. ئۇ ئەمدىلىكتە، ناۋادا پارىژ قولغا چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا، فرانسىيىدىكى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئەركىنلىكىنىڭ ئاخىرقى قالدۇقلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، گومىن يىغىنى ئارقىلىق ئالدىراپ-تېنەپ نۇرغۇن باستۇرۇش خاراكتېرىغا ئىگە قانۇنلارنى چىقىرىپلا

قالـماي[82]، پارىژنىڭ كەلـگۈسىدىكى تەقـدىرىنـىمۇ تـوۋەنـدىكى تەدبىرلەر بىلەن ئالدىن كورسىتىپ بەرگەندەك تۇرىدۇ: ئۇ ئۆزىگە ناھايىتى ئۆزۈن بىلىنگەن ھەربى فاتىگنىڭ سوت قىلىش تەرتىۋىنى قىسقارتتى[83] ۋە يېڭى، ئىنتايىن ۋەھشىيانە سۈرگۈن قىلىش قانۇنىنى تۈزۈپ چىقتى. 1848 ـ يىلدىكى ئىنقىلاپ سـىياسى مەھـبۇسـلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشـنى ئەمەلـدىن قالـدۇرغان، ئۇنىڭ ئورنـىغا سۈرگۈن قىلىشـنى قويـغان ئىدى. لۇئى بوناپارت كالـلا كېسىش جازاسـىنى ئەسلىگە كەلـتۈرۈشكە ھېچ بولمىغاندا ئاشكارا ئەسلىگە كەلـتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى. پومىششىكلار يىخۆيى شۇ چاغدا پارىژلىقلارنى ئۆز نەزىرىدە توپىلاڭچىلار ئەمەس، قاراقچىلار دەپ دارىتمىلاپ ئېيتىشقىمۇ پېتىنالمىغان ئىدى، شۇڭا ئۇ پارىژدىن قىساس ئېلىش تەيـيارلىق خىزمـتىنى ۋاقـتىنچە دۇفورنىڭ يېڭى سۈرگۈن قىلىش قانۇنى بىلەن چەكلەپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولـدى. بۇنداق ئەھۋالـدا، ئەگەر تىيېرنىڭ سۇلـھى تۈزۈش قىزىقچىلىق ئويۇنى ئۆزى كۈتـكەنـدەك «پومىشـشىك يىخۆي ئەزالىرى»نىڭ قاتتىق غەزىۋىنى قوزغىمسا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قىزىقچىلىق ئويۇنىنى داۋاملاشـتۇرالمـىغان بولاتـتى، «پومىشـشىك يـىخۆي ئەزالىرى» قاپاقـۋاش بولغاچـقا، ھەم تـيېـرنىڭ ئىشـلەتـكەن نەيـرىڭىـنى چۈشىنەلـمەيتـتى، ھەم ئۇنىڭ ئۇنداق ساختـىلىق، سۇئىسلىك ۋە سورەلمىلىك قىلىشىنىڭ زورۇرلۇكىنى چۈشىنەلمەيتتى.

تيېر 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئوتـكۈزۈلـدىغان شەھەر ـ جېزلار سايلىمىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىغىنى نەزەرگە ئېلىپ، 4 ـ ئايـنىڭ 27 ـ كۈنى بىر پەردە سۇلھى تۈزۈش ئويۇنى ئوينىدى. ئۇ كومىن يىخۆي مۇنبىرىدە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ساختا ھېسسىياتلار بىلەن

تولـغان بىر تالاي چىرايـلىق سوزلەرنى قىلـدى، ئۇنىڭ ئىچىدە مۇنداق بىر ئابزاس سوز بار:

«جۇمـھۇرىيەتـكە قارشى بىرلا سۇئىـقەست بار، ئۇ بولـمۇ پارىژنىڭ سۇئىـقەستى، بۇ سۇئىـقەست بىزنى فرانسۇزلارنى ئولـتۇرۇشـكە مەجـبۇر قىلىۋاتىدۇ. لېـكىن مەن تەكرار ـ تەكرار ئېيتىمەنـكى، قولـغا كۆپپارلىق قورال ئالغان كىشىلەر قورالـىنى تاشلىـسۇن، ئۇ چاغـدا بىزمۇ جازالاشنى دەرھال توختـتـىپ، سۇلھى شەرتـنامـىسى تۈزـىمىز، پەقەت بىر ئوچۇم جىنايەتچىلەرلا باشقىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.»

ئۇ ئۆزـىنىڭ سوزـىنى بولۇۋەتـكەن «پـومـىشـىك يـىغـۇي ئەزالىرى»نىڭ قاتتىق ۋاقىراشلىرىغا جاۋابەن مۇنداق دىدى:

«مۇھـتىرەم ئەپەندىلەر، سىلەردىن ئوتۇنۇپ سورايمەن، ئېيتىڭلارچۇ، مېنىڭ ئېيتـقانلىرىم ناتوغرىمۇ؟ سىلەر مېنىڭ، جىنايەتچىلەر بىر ئوچۇمـلا، دەپ ئەيـنەن ئىزاھلىغانـلىغىمـنى ئاڭـلاپ، راستلا ئەپـۇسـلىنىۋاتامـىلەر؟ كلېمون توما ۋە لېكونت جياڭجۇنلەرنى تاش يۈرەكلىك بىلەن ئولتۇرگەنلەر پەقەت ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان مۇستەسنا، بۇ بەختـسىزلىك ئىچىدىكى زور بەخت ئەمەسمۇ؟»

لېكىن، تىيېرنىڭ يىغىۇيدا سوزلـىگەن، ئۆزىچە خۇددى دېڭىز ئالۋاستىلىرىنىڭ ناخشا ئاۋازىغا ئوخشاش كىشىنى مەپتۇن قىلىـدۇ دەپ ئويلىغان سوزلىرىگە فرانسىيە ھېچ قۇلاق سالمىدى. فرانسىيە-نىڭ قولىدا قالغان 35 مىڭ شەھەر ـ جېنىدىن سايلانغان 700 مىڭ شەھەر-جېن سەنيىخۇي ئەزاسى ئىچىدە جېڭتۇڭچىلار، ئورلىئانچىلار ۋە بوناپارتچىلاردىن سايلانغانلار ھەممىسى بولۇپ 8 مىڭغىمۇ يەتمىدى. تولۇقـلاپ سايلاش ۋە قايـتا سايـلاش نەتىجىسى تىيېر ھوكۇمىتى ئۈچۈن تېخـىمۇ پايـدىسىز بولۇپ چىقـتى. گومىن يىغۇي باشـقا

ئۆلكىلەردىن ئۆزىگە زورۇر ماددى ياردەم ئېلىشى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئەڭ ئاخىرقى مەنىۋى كۈچ رولىنى ئوينايدىغان ئازراق هوقۇقىدىنمۇ يەنى ئۆزىنى مەملىكەت بويىچە ئومۇمى ئىرادىنى ئىپادىلىگۈچى دەپ هېساپلاپ كەلگەن هوقۇقىدىنمۇ پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالدى. ئۇنى ئۈزۈل - كېسىل مەغلۇپ قىلغىنى فرانسىيە-نىڭ بارلىق شەهەرلىرىدە يېڭىدىن سايلانغان شەهەر - جېن سەنىيخۇيلىرىنىڭ بوردودا يىغۇيغا قارشى يىغۇي چاقىرىشنى قارار قىلغانلىقى بولدى، بۇ هاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان ۋېرسال يىغۇيغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق تەهدىت سالدى.

بىسماركنىڭ نەزىرىدە، ئۇزۇندىن بېرى كۈتۈپ كەلگەن، كەسكىن هەركەت قوللىنىدىغان پەيت يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ هوكۇمرانلارچە ئاهاڭ بىلەن تىيېرغا ئەڭ ئاخىرقى سۈلهى شەرتنامىسى تۈزۈش ئۈچۈن فرانكفۇرتقا تولۇق هوقۇقلۇق ۋەكىل ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى. تىيېر ئۆز خوجايىنىنىڭ تاپشۇرۇغىنى ئېگىلىپ تىز پۈكۈپ، ئىتائەتمەنلىك بىلەن بېجا كەلتۈرۈپ، ئالدىراپ - تېنەپ ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك كىشىسى جۇل فافىرنى پۇيې-كېرتىيېنىڭ هەمرالىغىدا فرانكفۇرتقا ئەۋەتتى. پۇيې-كېرتىيې رۇئاندىكى «مەشهۇر» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىگىسى، ئىككىنچى دىگونىڭ ئەسەبى هەتتا ئېگىلىپ تىز پۈكىدىغان همايىچىسى، ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئىككىنچى دىگو ئەنگىلىيە بىلەن بۇ كارخانا ئىگىسىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەن سودا شەرتنامىسى[84] ئىمزالىغاندىن باشقا، هېچقانداق يامان ئىش قىلغان ئەمەس. تىيېر بوردودا ئۇنى ئەمدىلا مالىيە بۇجاگى قىلىپ تەيىنلىگەن چاغدا، ئۇ دەرهال بۇ «مۇدهىش» شەرتنامىگە هۇجۇم قىلىپ، بۇ شەرتنامە

پات ئارىدا بىكار قىلىنىدۇ، دەپ ئىشارە بەردى، ھەتتا نومۇسسىزلىق بىلەن ــ گەرچە بىھۇدە ئاۋارىچىلىق بولسىمۇ (چۈنكى ئۇ بىسماركتىن يولـيورۇق سورىمىغان ئىدى) ــ كونا قوغدىنىش چېگرا بېجى تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولى بىلەن ئالساسقا زەربە بېرىشكە دەرھال ئۇرۇنۇپ كوردى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنداق قىلىش بۇرۇنقى خەلقارا شەرتنامىلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا زىت كەلمەيدىكەن. بۇ ئادەم ئەكسىلئىنقىلاپنى رۇئاندا ئىش ھەققىنى تۆۋەنلىتىشنىڭ ۋاستىسى دەپ، فرانسىيىنىڭ ئىككى ئۆلكىسىنى بۆلۈپ بېرىشنى فرانسىيىدە ئۆز ماللىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ۋاستىسى دەپ قارايتتى. تىيېرنىڭ ئۆز ۋەتەن ساتقۇچىلۇق شۇملۇغىنى ئاخىرقى ھېساپتا ئۇرۇنلاش ئۈچۈن، جۇل فافېرنىڭ ياردەمچىلىكىگە **بۇنداق ئادەمنى** تاللىۋېلىشى بۇ ئادەمنىڭ پىشانىسىگە پۈتۈلگەن ئىش ئەمەسمۇ؟

ئاجايىپ قاملاشقان بۇ بىر جۈپ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل فرانكفۇرتقا بارغاندا، ھاكاۋۇر بىسمارك دەرھال قوپاللىق بىلەن: «يا دىگونى ئەسلىگە كەلتۈرۈڭلار، يا مېنىڭ سۈلھى شەرتلىرىمنى شەرتسىز قوبۇل قىلىڭلار!» دەپ، ئۇلارغا بۇنىڭ بىرىنى تاللىۋېلىشنى ئېيتتى. ئۇنىڭ شەرتلىرى ھەربى تولەم تولەش مۇددىتىنى قىسقارتىش ۋە بىسمارك فرانسىيە ۋەزىيىتىدىن قانائەت ھاسىل قىلغانغا قەدەر پارىژدىكى ھەرقايسى قورغانلارنى پرۇسسىيە ئارمىيىسى بىلەن ئىشغال قىلىپ تۇرۇش ئىدى. بۇنداقتا پرۇسسىيە فرانسىيە ئىچكى ئىشلىرىنىڭ ئالى ھوكۇمدارى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بولاتتى. بۇنىڭ بەدىلىگە بىسمارك پارىژنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئەسىر ئېلىنغان بوناپارت ئەسكەرلىرىنى قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى

ھەمدە پادىشا ۋىلگېلمىنىڭ ئارمىيىسىنى ئەۋەتىپ ئۇلارغا بىۋاستە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى مەمنۇنىيەت بىلەن بىلدۈردى. ئۇ ئۆز سوزىدە تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇرۇش چىقىمىنىڭ بىرىنچى تۈركۈمىنى تولەش ۋاقتىنى پارىژ «تېچلاندۇرۇلغان»دىن كېيىنگە سۈردى. تېيېر ۋە ئۇنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرى بۇ يەمچۈكنى ئاچكوزلۇك ۋە بىتاقەتلىك بىلەن يۇتۇۋالدى، ئەلۋەتتە. 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۇلار سۈلھى شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى؛ 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۇلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى ئارقىسىدا گومىن يىغىنى بۇ شەرتنامىنى تەستىقلىدى.

سۈلھى شەرتنامىسى تۈزۈلگەندىن تارتىپ ئەسىر ئېلىنغان بوناپارت ئەسكەرلىرى قويۇپ بېرىلگەنگىچە بولغان مەزگىلدە، تېيېر ئۆزىنىڭ سۈلھى تۈزۈش قىزىقچىلىق ئويۇنىنى داۋاملىق ئويناشنى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ زورۇر دەپ ھېساپلىدى، چۈنكى ئۇنىڭ جۇمھۇرىيەتچى مالايلىرى پارىژنى قانلىق قىرغىن قىلىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى كورمەسلىككە سېلىش ئۈچۈن، بۇنداق بانىغا ئىنتايىن مۇھتاج ئىدى. تاكى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگە قەدەر، تېيېر ئۆزىنى سۈلھى تۈزۈشكە كوندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن ئوتتۇرا سىنىپ ۋەكىللىرى ئومىگىگە يەنە مۇنداق دېدى:

«توپىلاڭچىلار تەسلىم بولۇشقا قوشۇلسىلا، پارىژ دەرۋازىسى كېيىن توما ۋە لېكونت جىياڭجۇنلەرنى ئولتۇرگەن قاتىللاردىن باشقا ھەممە كىشى ئۈچۈن بىر ھەپتىگىچە ئوچۇق بولىدۇ.»

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، «پومىششىك يىغىنى ئەزالىرى» ئۇنىڭدىن بۇ ۋەدىسىنى ئىزاھلاپ بېرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلغان چاغدا، ئۇ جاۋاپ بېرىشتىن قاچتى، ئەمما چوڭقۇر مەنىلىك

ئىشارە بېرىپ مۇنداق دېدى:

«مەن سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا سەۋرسىزلىك قىلىۋاتقان كىشىلەر بار، ئۇلار بەك ئالدىراقسانلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار يەنە بىر ھەپتە سەۋرى قىلىپ تۇرسۇن. بىر ھەپتىدىن كېيىن ھېچقانداق خەۋپ بولمايدۇ، ئۇ چاغدا ۋەزىيەمۇ ئۇلارنىڭ جاسارىتى ۋە قابىلىيىتىگە مۇناسىپ بولۇپ قالىدۇ.»

مېكماخون تېيېرغا يېقىن كۈنلەردە پارىژغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرەلىگۈدەك بولۇشى بىلەنلا، تېيېر گومىن يىغىنىغا مۇنداق دېگەن ئىدى: مەن

«قانۇننى كوتىرىپ پارىژغا كىرىپ، ئەسكەرلەرنىڭ قېنىنى توككەن ۋە جامائەت يادىكارلىقلىرىنى ۋەيران قىلغان ئەبلەخلەرنى ئۆز جىنايەتلىرىدىن پۈتۈنلەي ھېساپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىمەن».

ھەل قىلغۇچ پەيت يېقىنلىشىپ قالغاندا، ئۇ گومىن يىغىنىغا، مەن رەھىم قىلمايمەن، دېدى. ئۇ پارىژغا، پارىژ ئۈستىدىن ئاللىقاچان ھوكۇم چىقىرىلىپ بولدى، دېدى؛ ئۆزىنىڭ بوناپارتچى قاراقچىلىرىغا، ھوكۇمەت سىلەرنىڭ پارىژدىن خالىغانچە قىساس ئېلىشىڭلارغا يول قويىدۇ، دېدى. ئاخىردا، خائىنلار 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى دۇئې جياڭجۇنگە پارىژ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرگەن چاغدا، تېيېر 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «پومىششىك يىغىنى ئەزالىرى»غا ئۇلارنىڭ ئىلگىرى ئەتەي چۈشەنگۈسى كەلمىگەن سۆلھى تۈزۈش قىزىقچىلىق ئويۇنىنىڭ «مەقسىدى»نى ئېچىپ بەردى:

«بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا مەن سىلەرگە، بىز مەقسىدىمىزگە يېقىنلىشىۋاتىمىز، دېگەن ئىدىم؛ بۈگۈن مەن سىلەرگە ئېيتايكى، بۇ مەقسىدىمىزگە

يەتتۈق. تەرتىپ، ئادالەت ۋە مەدەنىيەت ئاخىر غەلىبە قىلدى!»

ھەقىقەتەن شۇنداق. ھەر قېتىم بۇرژۇئازىيە تۈزۈمى ئاستىدىكى قۇللار ۋە ئېزىلگۈچىلەر قوزغىلىپ خوجايىنلىرىغا قارشى چىققاندا، بۇنداق تۈزۈمنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئادالىتى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ۋەھشى قىياپىتىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. ئۇ چاغدا، بۇنداق مەدەنىيەت ۋە بۇنداق ئادالەت قىپ-يالىڭاچ ياۋۇزلۇق ھەركەت ۋە قانۇنسىز قىساس ئېلىش ھەركىتى بولىدۇ. بايلىق ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر بىلەن بايلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان سىنىپىي كۈرەش داۋامىدىكى ھەر بىر يېڭى ۋېيجى بۇ پاكىتنى بارغانسىرى ئېنىق ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. 1871-يىلدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن رەزىللىكلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھەتتا بۇرژۇئازىيىنىڭ 1848-يىل 6-ئايدىكى زوراۋانلىقلىرىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. چېرىكلەرنىڭ رەھىمسىز يىرتقۇچلۇق ھەركەتلىرى ئۆزلىرىنى قوغدىغۇچى ۋە قىساس ئالغۇچى قىلىپ يالىلىۋالغان مەدەنى جەمىيەتنىڭ ئەسلىدىكى روھىنى ئەكس ئەتتۈرگىنىگە ئوخشاش، پۈتۈن پارىژ خەلقى — ئەرلەر، ئاياللار ۋە بالىلار — نىڭ ۋېرساللىقلار شەھەرگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، يەنە بىر ھەپتە جەڭ قىلغان مۇنداق پىداكارانە قەھرىمانلىق جاسارىتى ئۇلارنىڭ ئىشىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يەنە ھە دەپ قىرغىن قىلغان، شۇنىڭ بىلەن دوۋە-دوۋە بولۇپ ياتقان جەسەتلەرنى قانداق يىغىشتۇرۇشتا بېشى قاتقان بۇنداق مەدەنى جەمىيەت ھەقىقەتەن قالتىس كارامەت ئىكەن-دە!

تىيېر ۋە ئۇنىڭ قان ئىچەر چىلبۆرىلىرىنىڭ ھەركىتىگە ئاز-تولا ئوخشايدىغان بىرەر نەرسىنى تېپىش توغرا كەلسە،

سۇللا دەۋرىگە ۋە رىمنىڭ بۇرۇنقى ھەم كېيىنكى ئۇچلەر ھاكىمىيەت يۇرگۈزگەن دەۋرىگە85 قايتىپ بېرىش كېرەك. تىببىر ۋە ئۇنىڭ قان ئىچەر چىلبورىلىرى، ئوخشاشلا، ئادەملەرنى شەپقەتسىزلىك بىلەن كوپلەپ ئولتۇردى؛ ئوخشاشلا، ئەر - ئايال، قېرى - ياش دېمەي قىردى؛ ئوخشاشلا، ئەسىرلەرنى ئۇرۇپ قىينىدى؛ ئوخشاشلا، دەھشەتلىك زىيانكەشلىك قىلدى، بىراق، بۇ قېتىم پۈتۈن بىر سىنىپقا زىيانكەشلىك قىلدى؛ ئوخشاشلا، يوشۇرۇنغان يولباشچىلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ قۇتۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ۋەھشىلەرچە سۈرۈشتە قىلدى؛ ئوخشاشلا، سىياسى دۈشمەن ۋە شەخسى دۈشمەنلەر توغرىسىدا چېقىمچىلىق ئەدەپ كەتتى؛ ئوخشاشلا، كۆرەش بىلەن پەقەت ئالاقىسى يوق كىشىلەرنى خالىغانچە دەپسەندە قىلدى. پەرق پەقەت شۇ يەردىكى، ئەسىرلەرنى توپ-توپ قىلىپ ئېتىپ تاشلاش ئۈچۈن رىملىقلارنىڭ كوپ ئېغىزلىق زەمبىرەكلىرى يوق ئىدى، ئۇلار «قانۇننى كوتىرىۋالغان» ئەمەس ئىدى، «مەدىنىيەت» دەپ توۋلىغانمۇ ئەمەس ئىدى، خالاس.

بۇ پاجىئەلەرنى كورۇپ چىققاندىن كېيىن، ئەمدى بۇ بۇرژۇئا مەدىنىيىتىنىڭ ئوز مەتبۇئاتى تەسۋىرلەپ بەرگەن يەنە بىر تەرەپكە، تېخىمۇ يىرگىنىشلىك تەرەپكە قاراپ باقايلى.

لوندوندىكى تورى پارتىيىسى گېزىتىنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«يىراقتىن ئاندا - ساندا مىلتىق ئاۋازلىرى يەنە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ؛ يارىدارلار لاشىز پوپ قەۋرىستانلىقىدىكى قەۋرە تاشلىرى ئارىسىدا تەقدىرگە تەن بېرىپ جان بېرىشمەكتە؛ ئولۇم ئالدىدا ئۇمىتسىزلىك بىلەن جان تالىشىۋاتقان 6 مىڭ توپىلاڭچى سىرلىق ئوردىغا ئوخشاش دىداۋلاردا

تەمترەپ يۈرۈشمەكتە؛ توپ-توپ بەختسز كشلەر كوچلاردا قوغلنىپ يۈرۈپ، كوپ ئېغىزلىق زەمبىرەكلەر بىلەن ئېتىپ تاشلانماقتا. بۇنداق ۋاقتتا كشىنى غەزەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى، كافىخانىلار هاراقكەشلەر، بىليارت ۋە پەيجىۋ مەستانىلىرى بىلەن تولغان، تەنناز خېنىملار نومۇس قىلماي بۇك دەرەخلىق كوچىلاردا سەيلە قىلىپ يۈرۈشمەكتە، كاتتا ئاشپۇزۇللارنىڭ ئالاهىدە بولۇملىرىدىن ئەيش-ئىشرەتتىن چىققان ۋاڭ-چۇڭلار كېچىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزماقتا!»

ئېدۋارد ئېرۋې ئەپەندى گۇگشې پېچەتلىگەن ۋېرسال گېزىتى — «پارىژ گېزىتى»دە[86] مۇنداق دەپ يازغان:

«پارىژ ئاهالىسى (!) تۇنۇگۇن ئۇز خوشاللىقىنى هەقىقەتەن تولىمۇ يېنىكلىك بىلەن ئىپادىلەپ قويدى، بۇ هال بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ بەتتەررەك بولار. پارىژ بايرام تۇسىگە كىردى، بۇ تامامەن مۇناسىپ ئەهۋال ئەمەس؛ ئەگەر بىز چۇشكۇن دەۋرنىڭ پارىژلىقلىرى دىگەن نامنى كوتىرىشنى خالىمايدىكەنمىز، بۇنداق ئەهۋالنى چەكلىشىمىز كېرەك.»

ئارقىدىنلا ئۇ تاسىتۇنىڭ بىر ئابزاس سوزىنى نەقىل كەلتۇرىدۇ:

«شۇنداق قىلىپ، بۇ قورقۇنچلۇق كۇرەشنىڭ ئەتىسى سەهەردە، هەتتا كۇرەش تېخى پۇتۇنلەي ئاياقلاشمايلا، پەس ۋە ئىپلاس رىم ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىنى خاراپ قىلغان ۋە دىلىنى بۇلغىغان بۇزۇقچىلىق پاتقىقىغا يەنە پېتىپ كەتتى. — alibi proelia et vulnera, alibi balneae popinaeque (بۇ يەردە جەڭ ۋە جاراهەت، ئۇ يەردە مونچا ۋە بەزمە).»[87]

بىراق ئېرۋې ئەپەندى ئۇنتۇغانكى، ئۇ ئېيتىۋاتقان «پارىژ ئاهالىسى» پەقەت تىيېر پارىژىنىڭ ئاهالىسى، ۋېرسال، سېن-دېنى، رۇئېي ۋە سېن-جېرمېندىن توپ-توپ بولۇپ قايتىپ كەلگەن francs-fileurs[77] لار پارىژىنىڭ ئاهالىسى ئىدى؛ بۇ — **هەقىقەتەن** «چۇشكۇن دەۋر»نىڭ پارىژى.

ئەمگەكنى قۇل قىلىش تۈزۈمى ئۈستىگە قۇرۇلغان بۇ جىنايەتلىك مەدىنى جەمىيەت ھەر قېتىم قانلىق غەلىبىگە ئېرىشكەن چاغدا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئاۋاز قوشىدىغان توھمەتلىك قاۋاشلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلارنىڭ يەنى گۈزەل يېڭى جەمىيەتكە ئېرىشىش يولىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان جەڭچىلەرنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەلدى. ئىشچىلارنىڭ تىپ-تىچ پارىژى، گۇڭشې پارىژى «تەرتىپ»نى قوغدىغۇچى بۇ قان ئىچەر غالجىر ئىتلار تەرىپىدىن تۇيۇقسىز ئالۋاستىلار ئۇۋۇسىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلدى. بۇ كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئۆزگىرىش دۇنيانىڭ ھەرقايسى مەملىكەتلىرىدىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئېڭىدا نېمىنى ئىسپاتلايدۇ؟ گۇڭشېنىڭ مەدىنى جەمىيەتكە قارشى سۇئىقەست قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ! پارىژ خەلقى گۇڭشې ئۈچۈن ئىسسىق قېنى ئۇرغىغان ھالدا ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلدى، قەدىمدىن بۇيان بولۇپ كەلگەن جەڭلەرنىڭ ھېچبىرىدە بۇنچىۋالا نۇرغۇن ئادەم پىداكارلىق بىلەن قۇربان بولغان ئەمەس. بۇ نېمىنى ئىسپاتلايدۇ؟ بۇ گۇڭشې خەلقنىڭ ئۆز ھوكۇمىتى ئەمەس، بەلكى بىر ئوچۇم جىنايەتچىلەر زورلۇق كۈچ بىلەن تارتىۋالغان ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ! پارىژ ئاياللىرى كوچا ئىستىھكاملىرىدا ۋە جازا مەيدانلىرىدا قۇربان بېرىشتىن باش تارتمىدى. بۇ نېمىنى ئىسپاتلايدۇ؟ گۇڭشېنىڭ مۇدھىش ئالۋاستىلىرى ئۇلارنى مېگرا ۋە ھېكاتقا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ! گۇڭشېنىڭ مۇتلەق ھوكۇمرانلىقنى يولغا قويغان 2 ئاي داۋامىدا تۇتقان موتىدىل پوزىتسىيىسىنى ئۇنىڭ ئۆزىنى قوغداش ۋاقتىدا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىق روھى بىلەنلا تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن. بۇ نېمىنى

ئىسپاتلايدۇ؟ گۇۋشىي ئۇزىنىڭ قان ئىچەر تەبىئىتىنى ئۇلۇم ئالدىدىكى جان تالىشىش ۋاقتىدا خالىغانچە كورسىتىۋېلىش ئۇچۇن، بۇنداق يەلماۋۇزلۇق قان ئىچەر تەبىئىتىنى 2 ئاي داۋامىدا موتىدىل پوزىتسىيە ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن ياپقانلىغىنىلا ئىسپاتلايدۇ!

ئىشچىلارنىڭ پارتىزى قەھرىمانلىق بىلەن ئۇزىنى قۇربان قىلىۋاتقان چېغىدا بەزى بىنالار ۋە خاتىرە مۇنارلىرىنىمۇ كويدۇرۇۋەتكەن ئىدى. پۇرولېتارىياتنى قۇل قىلغۇچىلار پۇرولېتارىياتنى قىيما-چىيما قىلىۋەتمەكچى بولغان ئىكەن، ئۇلار ئۇزلىرىنىڭ ئامان-ئېسەن تۇرغان ئوي-جايلىرىغا غەلىبە بىلەن قايتىپ بېرىشنى ئويلاشمىسۇن. ۋېرسال هوكۇمىتى «ئوت قويۇشتى!» دەپ ۋاقىرىماقتا ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇزىنىڭ يىراق چەت يېزىلاردىكى مالاي-لىرىغا پىچىرلاپ: «مېنىڭ دۇشمەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئادەتتىكى ئوت قويغۇچىلار قاتارىدا قىرىپ تاشلاڭلار» دەپ چاقىرىق قىلماقتا. پۇتۇن دۇنيادىكى بۇرژۇئازىيە جەڭ ئاياقلاشقاندىن كېيىنكى چوڭ قىرغىننى كورۇپ ئىچ-ئىچىدىن خوشال بولۇشماقتا، ئويلىرىنىڭ خىشلىرى ۋە سۇۋاقلىرىغا كىشىلەرنىڭ «ھاقارەت كەلتۇرگەنلىگى»نى كورگەندە بولسا قاتتىق غەزەپلىنىشمەكتە!

بەزى هوكۇمەتلەر ئۇزلىرىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسىگە «ئولتۇرۇش، **ئوت قويۇش** ۋە ۋەيران قىلىش»قا رەسمى رۇخسەت قىلدى، بۇ ئوت قويۇشقا رۇخسەت قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ ئەنگلىيە ئارمىيىسى ۋاشىنگتوندىكى گوخۇي بىناسىنى ۋە جۇڭگو پادىشاسىنىڭ يازلىق سارىيىنى يولسىزلىق بىلەن كويدۇرۇۋەتتى[88]، بۇ ئوت قويغانلىق ئەمەسمۇ؟ پرۇسسىيىلىكلەر ھەربى جەھەتتىكى سەۋەپ بىلەن ئەمەس، بەلكى قىساس ئېلىپ دەردىنى چىقىرىۋېلىش ئۇچۇنلا شاتودىنگە

ئوخشاش نۇرغۇن شەھەرلەرنى ۋە سان ـ ساناقسز يېزا ـ كەنتلەرنى كىرسىن چېچىپ كويدۇرۇۋەتتى، بۇ ئوت قويغانلىق ئەمەسمۇ؟ تىيېر، ئادەم بار ئۆيلەرنىلا كويدۇرۇۋەتمەكچىمەن، دىگەن بانا بىلەن، پارىژنى 6 ھەپتە توپقا تۇتتى، بۇ ئوت قويغانلىق ئەمەسمۇ؟ ئۇرۇشتا ئوتمۇ ھەرقانداق باشقا قورالغا ئوخشاش قانۇنىي قورال. دۇشمەن ئىگىللىۋالغان ئۆيلەرنى توپقا تۇتۇشتا بۇ ئۆيلەرنى كويدۇرۇۋېتىش مەقسەت قىلىنىدۇ. مۇداپىيە قىلغۇچىلار بۇ ئۆيلەردىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان چاغدا، ھۇجۇم قىلغۇچىلار بۇ ئۆيلەردىن پايدىلىنىپ جېنىدىنى مۇستەھكەملىۋالمسۇن، دەپ، بۇ ئۆيلەرگە ئوزلىرى ئوت قويۇۋېتىدۇ. دۇنيادا ھەرقانداق مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا كاشىلا بولىدىغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى مۇقەررەر كويدۇرۇلىدۇ. بىراق، قۇللارنىڭ ئوز ئەزگۈچىلىرىگە قارشى ئۇرۇشىدا، تارىختىن بۇيانقى بۇ بىردىن ـ بىر يوللۇق ئۇرۇشتا بۇنداق ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا پەقەت رۇخسەت قىلىنمايدىكەن ـ دە! گۇڭشې ئوتتىن چىن مەنىدىكى مۇداپىيە قورالى سۈپىتىدە پايدىلاندى. ئۇنىڭ ئوتتىن پايدىلىنىشى ۋېرسال ئارمىيىسىنى ئوسمان ئەتەيلەپ توپقا تۇتۇشقا مۇۋاپىق قىلىپ قۇرغان ئۇزۇن ھەم تۈز كەتكەن كوچىلارغا كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن ئىدى؛ ئۇنىڭ ئوتتىن پايدىلىنىشى ئوزىنىڭ چېكىنىشىنى قوغداش ئۈچۈن ئىدى، بۇ ــ ۋېرسال ئارمىيىسى ھۇجۇم قىلغاندا ئالدىغا قارىتىپ شۇلىيۇدەن ئاتقىنىغا ئوخشاش ئىش، بۇنداق شۇلىيۇدەن ۋەيران قىلغان ئۆيلەر گۇڭشې كويدۇرۇۋەتكەن ئۆيلەردىن كەم بولمىدى. قايسى ئۆيلەرنى مۇداپىيە قىلغۇچىلار كويدۇرگەنلىكىنى، قايسى ئۆيلەرنى ھۇجۇم قىلغۇچىلار كويدۇرگەنلىكىنى تا ھازىرغىچە تېخى جەزمەنلەشتۈرگىلى

بولمايدۇ. هالبۇكى، ۋېرسال ئارمىيىسى ئەسىرلەرنى كوپلەپ ئېتىشنى باشلىۋەتكەن چاغدىلا، مۇداپىيە قىلغۇچىلار ئاندىن ئوتتىن پايدىلىنىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، گوڭشې مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇلىدىغان بولسا، ئوزىنى پارىژنىڭ خارابىلىرىگە دەپنە قىلىدىغانلىقىنى ۋە پارىژنى ئىككىنچى موسكۋاغا ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان ئاشكارا جاكالىغان ئىدى. ئىلگىرى، دولەت مۇداپىيە هوكۇمىتىمۇ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان، لېكىن ئۇ، تەبىئىكى، ئوزىنىڭ خائىنلىقىنى يېپىش ئۇچۇنلا شۇنداق دىگەن ئىدى. بۇنىڭ ئۇچۇن تروشۇي نۇرغۇن كىرسىن تەييارلاپمۇ قويغان ئىدى. گوڭشې ئوز دۇشمەنلىرىنىڭ پارىژ خەلقىنىڭ هاياتىنى قىلچە ئايىمايدىغانلىقىنى ئەمما ئوزلىرىنىڭ پارىژدىكى ئوي-جايلىرىنى ئىنتايىن ئاياىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، تىيېر يەنە ئوزىنىڭ قىلچە رەھىم قىلماي قىساس ئالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى. ئۇ ئوز ئارمىيىسى تەييارلىنىپ بولغان شۇنىڭدەك پروسسىيلىكلەر بارلىق چىقىش يوللىرىنى بېكىتىپ تاشلىغان چاغدا، «مەن رەھىم قىلمايمەن! جىنايىتىنى سوزسىز يۇيۇش كېرەك، سوت قىلىش شەپقەتسىز بولۇشى كېرەك!» دەپ جار سالدى. ئەگەر، پارىژ ئىشچىلىرى ۋاندارلار-دەك ئىش قىلدى، دىيىلسە، ئۇ هالدا، بۇ تەنتەنە بىلەن غەلىبە قىلغۇچىلارنىڭ ۋاندارلار هەركىتى①، مەسىلەن، قەدىمقى

① ۋاندارلار قەدىمقى گېرمانىنىڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ، رىم بىلەن نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇش قىلغان، مىلادىنىڭ 455-يىلى رىمنى ئىشغال قىلىپ، سان-ساناقسىز مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ۋەيران قىلغان. ۋاندارلار هەركىتى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ۋەيران قىلىش هەركىتىنى كورسىتىدۇ.—تەرجىماندىن

زاماندىكى مەجۇسلار دۇنياسىنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك مەدىنى يادىكارلىقلىرىنى ۋەيران قىلغان خرىستىيانلارنىڭ ۋاندارلار ھەركىتى ئەمەس، بەلكى جان تىكىپ مۇداپىئەلەنگەن ۋاندارلار ھەركىتى ئىدى؛ لېكىن شۇ خرىستىيانلارنىڭ ۋاندارلار ھەركىتىمۇ تارىخچىلار تەرىپىدىن ھەققانى ھەركەت دەپ قارالدى، چۇنكى ئۇ دۇنياغا كېلىۋاتقان يېڭى جەمىيەتنىڭ گۇم بولۇۋاتقان كونا جەمىيەتكە قارشى غايەت كەڭ كولەملىك كۇرىشىدە ساقلانغىلى بولمايدىغان ۋە كارايىتى چاغلىق ئىش ئىدى. پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ بۇ تەدبىرلىرى بىكار تەلەپلەرنىڭ پارىژىغا زىمىن تەييارلاپ بېرىش ئۈچۈن تارىخىي پارىژنى ۋەيران قىلىۋەتكەن ئوسماننىڭ ۋاندارلار ھەركىتىگە تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ!

لېكىن، گۈگشىي گوروگە ئېلىنغان پارىژ چوڭ جۇجياۋسى باشچىلىقىدىكى 64 كىشىگە ئولۇم جازاسى بەردىغۇ! 1848-يىلى 6 - ئايدا بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇنىڭ ئارمىيىسى قوغدىنىش ئىقتىدارى بولمىغان ئەسىرلەرنى ئېتىشقا ئوخشاش ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن ئۇرۇش ئادىتىنى ئەسلىگە كەلتۇرگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ياۋروپا ۋە ھىندىستاندىكى خەلق ئاممىسىنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بۇنداق ۋەھشى ئادەتكە بىر قەدەر قاتتىق ئەمەل قىلغان ھالدا ئىش قىلدى. بۇ ھال ئۇ ئادەتنىڭ ھەقىقەتەن «مەدىنى جەمىيەتنىڭ ئالغا باسقانلىقى» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ! يەنە بىر تەرەپتىن، پرۇسسىيىلىكلەر فرانسىيىدە يەنە گوروگە ئېلىنغانلارنى تۇتۇپ تۇرۇش ئادىتىنى ئەسلىگە كەلتۇردى — تامامەن بىگۇنا كىشىلەرنى باشقىلارنىڭ ھەركىتىگە ئۇز ھاياتى بىلەن جاۋاپكار بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. تىيېر ئۇرۇش

باشلانغان چاغدىلا ئەسىر ئېلىنغان گۈكشىي ئەزالىرىنى ئېتىپ تاشلاشتەك ئىنسانپەرۋەرلىك ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن، گۈكشىي بۇ ئەسىرلەرنىڭ هاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش مەقسىدىدە پرۇسسىيلىكلەرنىڭ گوروگە ئېلىنغانلارنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ۋېرسالدىكىلار ئەسىرلەرنى ئېتىپ تاشلاۋەرسە، بۇ ئۆزلىرىنىڭ گوروگە ئېلىنغان كىشىلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بولاتتى. مېكماخوننىڭ قولچوماق ئارمىيىسى[89] ئۆزلىرىنىڭ پارىژغا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق قانلىق قىرغىن قىلىۋاتقان تۇرسا، گۈكشىي بۇ كىشىلەرنىڭ هاياتىغا يەنە قانداقمۇ رەھىم قىلىپ تۇرىۋەرسۇن؟ بۇرژۇئا ھوكۇمىتىنىڭ ھېچ ئەيمەنمەستىن قىلىۋاتقان يىرتقۇچلۇغىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئاخىرقى چارىسى ــ گوروگە ئېلىنغانلارنى تۇتۇپ تۇرۇش ــ پەقەت چاقچاقلا بولۇشى كېرەكمىدى؟ چوڭ جۇجياۋ دارىبوۋانى ئۆلتۈرگەن ھەقىقى قاتىل ــ تىيېر. گۈكشىي چوڭ جۇجياۋنى ۋە باشقا بىرمۇنچە دىندارلارنى تىيېر تۇتۇپ تۇرىۋاتقان بىرلا بلانكى بىلەن تېگىشىشنى بىرنەچچە قېتىم تەكلىپ قىلدى. لېكىن، تىيېر بۇنداق تېگىشىشنى تەرسالىق بىلەن رەت قىلدى. ئۇ بلانكىنى قويۇپ بېرىش گۈكشىغا بىر باشلىق بەرگەنلىك بولىدىغانلىقىنى، چوڭ جۇجياۋ مۇردىغا ئايلانغاندىن كېيىن بولسا ئۆزى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ يەردە تىيېر كاۋېنياكنى دورىدى. 1848 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، كاۋېنياك ۋە ئۇنىڭ «تەرتىپچى شەخسلىرى» قوزغىلاڭچىلارنىڭ چوڭ جۇجياۋ ئاففرنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى غەزەپ بىلەن ۋاقىراپ ـ جاقىراپ ئەيىپلىگەن ئەمەسمىدى! ئەمەلىيەتتە

چوڭ جۇجياۋنى تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلتۇرگەنلىكى ئۇلارغا ناھايىتى ئېنىق ئىدى. چوڭ جۇجياۋنىڭ ئاساسىي ياردەمچىسى جاكىمې ئەپەندى بۇ ۋەقەنى ئۇز كوزى بىلەن كورگەن ھەم ۋەقەدىن كېيىن دەررۇ بۇنى ئۇلارغا ئىسپاتلاپ بەرگەن ئىدى.

تەرتىپچىلەر پارتىيىسى ئۇزىنىڭ قانلىق بەزمىلىرىنى ئۇتكۇزگەندە ھامان ئۇزى زىيانكەشلىك قىلغانلارغا توھمەت قىلىدىغان نۇرغۇن سوزلەرنى تارقىتىپ كەلدى، بۇ ھازىرقى زامان بۇرژۇئازلىرىنىڭ ئۇزىنى بۇرۇنقى فېودالللارنىڭ قانۇنىي ۋارىسى دەپ ھېساپلايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ؛ بۇرۇنقى فېودالللار ئۇزىنى ھەر خىل قورالللار بىلەن ئاددى خەلققە تاقابىل تۇرۇشقا ھوقۇقلۇق دەپ، ئاددى خەلقنىڭ قولىدا ھەرقانداق قورالنىڭ بولۇشىنى بولسا جىنايەت دەپ ھېساپلايتتى.

ھوكۇمران سىنىپ چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھامىلىغى ئاستىدا ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش يولى بىلەن ئىنقىلاپنى باستۇرۇش ئۇچۇن ئېلىپ بارغان سۇئىقەست يەنى بىز 9 - ئاينىڭ 4 - كۇنىدىكى ۋەقەدىن تاكى مېكماخوننىڭ قولچوماق ئارمىيىسى سېن - كىلۇ دەرۋازىسىغا كىرگەنگە قەدەر كۇزىتىپ بارغان بۇ سۇئىقەست پارىژدىكى قانلىق قىرغىن بىلەن ئاياقلاشتى. بىسمارك كورەڭلىگەن ھالدا پارىژ خارابىلىرىگە قاراپ تۇرۇپتۇ، بەلكىم ئۇ بۇ خارابىلەرنى ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋەيران قىلىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى دەپ ھېساپلاۋاتقاندۇ، ئۇ تېخى بىر ئادەتتىكى يومشىك سالاھيىتى بىلەن پرۇسسىيىنىڭ 1849 - يىلدىكى تەڭدىشى يوق يىيۇەنگە ئەزا بولغان[90] ۋاقىتتىلا مۇشۇنداق ئومۇمىيۈزلۈك

ۋەيران قىلىش خام خىيالدا بولغان ئىدى. ئۇ كورەلىگەن
هالدا پارىژ پرولېتارلىرىنىڭ جەسەتلىرىگە قاراپ تۇرۇپتۇ.
ئۇنىڭ نەزىرىدە، بۇ ـ ئىنقىلاپنىڭ تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇلغانلىقىلا
ئەمەس، بەلكى فرانسىيىنىڭمۇ هالاك قىلىنغانلىقى، بۇ فرانسىيىنىڭ
كاللىسى هازىر ھەقىقىي يوسۇندا كېسىپ تاشلاندى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۇنى فرانسىيە هوكۇمىتىنىڭ ئۆزى كېسىپ تاشلىدى.
بىسماركمۇ ئامىتى كېلىپ تېز ئۆسكەن بارلىق موهىم دولەت
ئەرباپلىرىغا ئوخشاش نەزەر دائىرىسى تار بولغانلىقتىن، بۇ غايەت
زور تارىخىي ۋەقەنىڭ تاشقى كورۇنۇشىنىلا كوردى. مەغلۇپ بولغان
هوكۇمەتكە شىيەنبىڭ بولۇپلا قالماي، بەلكى ياللانما قاتىل بولۇش
چارىسىنى قوللىنىش قارارىغا كېلىش ئارقىلىق ئۆز غەلبىسىنى
ئورۇنلىغان بىرەر غەلىبە قىلغۇچى تارىختا بولغانمۇ؟ پرۇسسىيە
بىلەن گۆكشى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولغان ئەمەس. ئەكسىچە
گۆكشى سۈلهى شەرتنامىسىنىڭ دەسلەپكى شەرتلىرىنى قوبۇل
قىلغان، پرۇسسىيە بىتەرەپ تۇرىدىغانلىقىنى جاكالىغان ئىدى.
دىمەك، پرۇسسىيە ئۇرۇشقۇچى بىر تەرەپ ئەمەس. ئۇ رەزىل
قاتىلغا ئوخشاش ئىش قىلدى، چۈنكى بۇ ئۇنىڭغا هېچقانداق خەۋپ
كەلتۈرمەيتتى؛ ئۇ بىر ياللانما قاتىل ئىدى، چۈنكى ئۇ، ناۋادا
پارىژ قولغا چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا، قاتىللىق قىلغانلىقى ئۈچۈن
500 مىليون پۇل مۇكاپات بېرىلىشىنى ئالدىن پۈتۈشۈپ قويغان
ئىدى. خۇداغا ئىشىنىدىغان ۋە ئەدەپ ـ ئىناپلىق گېرمانىيىنىڭ
قولى بىلەن خۇداغا ئىشەنمەيدىغان ۋە ئار ـ نومۇسسىز فرانسىيىنى
جازالاش ئۈچۈن تەڭرى بەلگىلىگەن بۇ ئۇرۇشنىڭ ھەقىقىي
خاراكتېرى مانا مەشەدە ئىپادىلەندى! ھەتتا كونا دۇنيا لۈيشىلىرىنىڭ

نەزىرىدىمۇ، خەلقارا ئومۇمى قانۇنغا مىسلىسىز خىلاپ بۇ ھەرىكەت ياۋروپادىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ «مەدەنى» ھۆكۈمەتلىرىنى پۈتۈنلەي سىن - پېتېربۇرگ نېيىگېسىنىڭ قولچومىغى بولغان جىنايەتلىك پرۇسسىيە ھۆكۈمىتىنى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان جىنايەتكار دەپ جاكالاشقا مەجبۇر قىلمىدى، ئەكسىچە ئۇلارنى، تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ پارىژدىكى قوش مۇھاسىرە چەمبىرىكىدىن قېچىپ چىققان ئاز سانلىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى ۋېرسال جاللاتلىرىغا ئوتكۈزۈپ بەرمەيمىزمۇ، دىگەن مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىشقىلا قوزغىدى!

ھازىرقى زاماندىكى بۇ ئەڭ قورقۇنچلۇق ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئۇرۇشتا يەڭگەن ئارمىيە بىلەن يېڭىلگەن ئارمىيە بىرلىشىپ، ئورتاق ھالدا پرولېتارىياتنى دەھشەتلىك قىردى. ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان بۇ ۋەقە، بىسماركنىڭ ئويلىغىنىدەك، ئوزىگە يول ئېچىۋاتقان يېڭى جەمىيەتنىڭ ئۆزۈل - كېسىل مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىنى ئىسپاتلىمىدى، بەلكى كونا بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىنىڭ پۈتۈنلەي چىرىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. كونا جەمىيەتنىڭ ھېلىمۇ يارىتالايدىغان ئالى قەھرىمانانە ئۇلۇغۋار تۈھپىسى مىللى ئۇرۇشلا ئىدى، بۇنداق ئۇرۇش ئەمدى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئوتۇپ كەتكەن ئالدامچىلىق شۇملۇغى ئىكەنلىكىنى كورسىتىپ بەردى، بۇنداق ئالدامچىلىق شۇملۇغىنىڭ بىردىن - بىر مەقسىدى سىنىپى كۈرەشنى كەينىگە سوزۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، سىنىپى كۈرەش ئىچكى ئۇرۇشنىڭ كۈچلۈك يالقۇنىغا ئايلانغاندا، بۇنداق ئالدامچىلىق شۇملۇغىمۇ بىر چەتكە ئىرغىتىپ تاشلىنىدۇ. سىنىپى ھۆكۈمرانلىقنى مىللى تون بىلەن ياپقىلى بولمايدىغان بولۇپ

قالدى؛ پۇرولېتارىياتقا قارشى تۇرۇشتا ھەرقايسى مىللى ھوكۇمەتلەرنىڭ ھەممىسى **بىردەك!**

1871 ـ يىلقى تروئىستا بايرىمىدىن① كېيىن، فرانسىيە ئىشچىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى ئوزلەشتۇرگۇچىلەر ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇ تېچلىقنىڭ بولۇشىمۇ، ئۇرۇش توختىتىشنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن بولماي قالدى. ياللانما چېرىكلەرنىڭ تومۇر قولى بۇ ئىككى سىنىپنى ۋاقتىنچە بويسۇندۇرۇپ تۇرۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش چوقۇم ئارقا ـ ئارقىدىن پارتلايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كولىمى بارغانسىرى زورىيىدۇ، شۇڭا، ئاخىرقى ھېساپتا كىمنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقى — ئاز سانلىق ئوزلەشتۇرگۇچىلەرنىڭ ياكى مۇتلەق كوپچىلىك ئەمگەكچىلەرنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقى قىلچە شۇبھىسىز. فرانسىيە ئىشچىلار سىنىپى بولسا پۈتكۈل ھازىرقى زامان پۇرولېتارىياتىنىڭ شيەنفېڭدۇيى، خالاس.

ياۋروپادىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ ھوكۇمەتلىرى پارىژ ئالدىدا سىنىپىي ھوكۇمرانلىقنىڭ خەلقارا خاراكتېرىنى كورسەتتى، ئەمدى بولسا ئۇلار پۈتۈن دۇنياغا، بۇ ھەممە ئاپەتنىڭ ئاساسىي سەۋەپچىسى خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتى يەنى پۈتۈن دۇنيادىكى كاپىتالغا قارشى تۇرۇش سۇئىقەستىدە بولغان خەلقارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى، دەپ قاتتىق جار سالماقتا. تىيېر بۇ تەشكىلاتنى

① پاسخا بايرىمىدىن كېيىنكى 7 ـ يەكشەنبە كۈنى، ئۇ تەخمىنەن ئەتىيازنىڭ چىقىشى، يازنىڭ كىرىشىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يەنى گۈگۈشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنى كوزدە تۇتۇلىدۇ. — تەرجىماندىن

ئەمگەكنىڭ زالىم پادىشاسى دەپ ئەيپلەيدۇ، ئۇزىنى بولسا ئەمگەكنى ئازات قىلغۇچى قىلىپ كورسىتىدۇ. پىكار بۇيرۇق چۇشۇرۇپ، ئىنتېرناتسونالنىڭ فرانسىيىدىكى ئەزالىرىنىڭ چەتئەللەردىكى ئىنتېرناتسونال ئەزالىرى بىلەن ھەرقانداق ئالاقىدە بولۇشىنى مەنئى قىلدى؛ تىيېرنىڭ 1835 ـ يىلدىكى شېرىگى، مۇتەئەسسىپلىشىپ كەتكەن جوبېر بوجۇي، ئىنتېرناتسو-نالنى تۇپ يىلتىزىدىن يوقىتىش ھەر بىر مەدىنى مەملىكەت ھوكۇمەتلىرىنىڭ ئاساسي ۋەزىپىسى، دىدى. «پومىششىك يىخۇي ئەزالىرى» ئىنتېرناتسونالغا قارشى قاۋاشماقتا، ياۋروپادىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ گېزىت-ژورناللىرى بولسا ئۇلارغا دوس تارتىشىپ ماسلاشماقتا. جەمىيىتىمىز بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق بىر ھورمەتلىك فرانسىيە يازغۇچىسى[①] ئىنتېرناتسونالغا مۇنداق باھا بەردى:

«گومىن زىۋېيجۇن جۇڭيالڭ ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ ۋېيىۋەنلىرى ۋە گۇڭشېنىڭ كوپچىلىك ۋېيىۋەنلىرى ــ خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ بىلىملىك ۋە ئەڭ قەيسەر ئەزالىرى...... بۇلار ــ پۇتۇنلەي سادىق، سەممىي، بىلىملىك، پىداكارلىق روھىغا باي، پاك ۋە ئىجابى مەنىدىكى ئېتىقاتچان كىشىلەر.»

كاللىسى ساقچىلىق پۇرىغى بىلەن تولغان بۇرژۇئازىيىنىڭ خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتىنى، بىر خىل مەخپى سۇئىقەستچى تەشكىلات، ئۇنىڭ جۇڭيالڭ ئورگىنى خالىغاندا ھەرقايسى مەملە-كەتلەردە قوزغىلاڭ كوتىرىشكە بۇيرۇق بېرىپ تۇرىدۇ، دەپ قارىشى تەبىي. ئەمىلىيەتتە، بىزنىڭ جەمىيىتىمىز مەدىنى دۇنيادىكى

---

① بۇ يەردە روبىنې كوزدە تۇتۇلسا كېرەك. ــ تەھرىردىن

ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ ئىلغار ئىشچىلىرى ئارىسىدىكى خەلقارا ۋاستىدىنلا ئىبارەت. سىنىپىي كۈرەش مەيلى قەيەردە، قانداق شەكىلدە، قانداق شارائىتتا ئىپادىلەنسۇن، تەبىئىي، جەمئىيىتىمىز- نىڭ ئەزالىرى ھامان ئۇنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ. بۇ جەمئىيەتنى پەيدا قىلغان تۇپراق ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ ئۆزى. مەيلى قانچىلىك كىشى قىرىلسۇن، بۇ جەمئىيەتنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش ئۈچۈن، ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ئالدى بىلەن كاپىتالنىڭ ئەمگەككە بولغان زوراۋانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىشى يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەييارتاپلىق بىلەن ياشاش شارائىتىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىشى كېرەك.

ئىشچىلار پارىژى ۋە ئۇنىڭ كۆكشېسى يېڭى جەمئىيەتنىڭ شانلىق پېشۋاسى سۈپىتىدە ئەبەدىل-ئەبەت كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئۇنىڭ قەھرىمان قۇربانلىرى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۇلۇغ قەلبىدە ئەبەدىي ساقلىنىدۇ. ئۇنى نابۇت قىلغان جاللاتلارنى تارىخ لەنەت تۈۋرۈكىگە مەڭگۈگە مىخلاپ قويىدى، ئۇلارنىڭ دىندارلىرى ھەرقانچە دۇئا-تالاۋەت قىلغىنى بىلەنمۇ ئۇلارنى قۇتقۇزالمايدۇ.

باش ۋېيىۋەنخۇي:

| | |
|---|---|
| **ە. ج. بۇن** | **ف. برېدنىك** |
| **گ. خ. باتتېرى** | **كەيھېل** |
| **دېلائەي** | **ۋىلىيام ھېلىس** |
| **ئا. ئېرمان** | **كولب** |
| **ف. لېسنېر** | **لوخنېر** |

**ج. پ. مېكدونىېل** **جورژى مىلنېر**
**توماس موتتېرسخېد** **چ. مىللس**
**چارس مۇررى** **پۇفېندېر**
**روچ** **روشا**
**رۇل** **سادلېر**
**ئا. سېررايې** **كوۋېل ستېپنى**
**ئالفرېد تايلور** **ۋىليام تاۋسېن**

ئاخبارات شۇجىلىرى:

**ئوژېن دۇپون**.........فرانسىيە
**كارل ماركس**........گېرمانىيە ۋە گوللاندىيە
**ف. ئېنگېلس** ...........بېلگىيە ۋە ئىسپانىيە
**هېرمان يۇنگ**.........شۋېيتسارىيە
**پ. جوۋاچىنى**......... ئىتالىيە
**زېۋى مورس**........ۋېنگرىيە
**ئانتونى زابىسكى**..... پولشا
**جامېس كوهېن**.......دانىيە
**ج. گ. ئېككارىۇس** ...ئامېرىكا

ئىجرائىيە جۇشىسى **هېرمان يۇنگ**
مالىيە ۋېيىيۇەنى **جون ۋېستون**
مالىيە شۇجىسى **جورژى هاررىس**
زۇڭشۇجى **جون هېلېس**

1871 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، لوندون غەربىي مەركىزىي رايونى هاي ـ هولبورن كوچىسى 256 ـ قورو

# قوشۇمچىلار

## 1

«مەھبۇسلار دۆيى ئۆرلەك كوچىسىدا توختىدى ۋە پىيادىلەر يولىدا كوچا تەرەپكە قاراپ 4 ـ 5 قۇردىن بولۇپ تىزىلدى. خۇجۇي گاللىففې جياڭجۇن ۋە ئۇنىڭ سەنمۇسى ئاتتىن چۈشۈپ، سول ياندىن كوزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى. جياڭجۇن ئاستا ـ ئاستا قەدەم تاشلاپ، سەپلەرنى كوزدىن كەچۈرەتتى، بىر دەم بۇ يەردە، بىر دەم ئۇ يەردە توختاپ، مەلۇم بىرسىنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ قوياتتى، ياكى ئاخىرقى قاتاردا تۇرغان بىرىگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قوياتتى. مۇشۇنداق تاللاپ چىقىلغان ئادەملەر كوپىنچە ئەھۋالى سۈرۈشتۈرۈلمەيلا كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەيدەپ بېرىلەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردە ناھايىتى تېزلا يەنە بىر كىچىكرەك دۆي شەكىللەندى...... ناھايىتى روشەنكى، بۇنىڭدا خاتالىق بولۇشىنىڭ ئېھتىمالى كوپ ئىدى. ئاتلىق بىر جۇنگۇەن گاللىففې جياڭجۇنگە بىر ئەر ۋە بىر ئايالنى كورسەتتى، گويا ئۇلار قانداقتۇ ئالاھىدە جىنايەت ئوتكۈزگەندەك ئىدى. ھېلىقى ئايال دەررۇ سەپتىن يۈگۈرۈپ چىقتى ـ دە، ئىككى قولىنى سوزۇپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئېچىنىشلىق سوزلەر بىلەن ئوزىنىڭ گۇناسىز ئىكەنلەگىنى ئېيتتى. جياڭجۇن بىر دەم تۇردى، ئاندىن سوغاق چىراي ۋە قىلچە پەرۋا قىلمىغان كەيپىيات بىلەن: "خانىم، مەن پارىژدىكى تىياتىرخانىلارنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ باققان، سىزنىڭ بۇ ئويۇنىڭىز مېنىڭ ئۈچۈن بىكار" (ce n'est pas la peine de jouer la comédie) دېدى...... شۇ كۈنى، ئوزىنىڭ يېنىدىكىلەردىن خېلى ئىگىزرەك، كىيىمى پاكىزىراق ياكى پاكىزرەك، يېشى چوڭراق ياكى چىرايى سەترەك بولغانلىكى كىشىنى دومىلە

باستى. بىر ئادەم مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئېنىقكى، ئۇ پۇچۇق بۇرۇن بولغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ دۇنيادىكى غەم-قايغۇدىن تېزرەك قۇتۇلدى...... مانا شۇ تەرىقىدە 100دىن ئارتۇق كىشى تاللاپ چىقىلغان ھەمدە ئۇلارغا جازا ئىجرا قىلغۇچىلار دۇيى بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ھېلىقى مەھبۇسلار دۇيى يەنە ئىلگىرىلەپ كېتىۋەردى، تاللاپ چىقىلغانلار بولسا ئېلىپ قېلىندى. بىرقانچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، كەينىمىزدىن تەڭلا ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ مىلتىق ئاۋازى چارەك سائەتتىن ئارتۇقراق داۋام قىلدى. بۇ جىنايىتى ئالدىراپ-سالدىراپلا بېكىتىلگەن ھېلىقى بىچارىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى ئىدى.» («كۈنلۈك خەۋەرلەر»نىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى 6-ئاينىڭ 8-كۈنى بەرگەن خەۋەر)

بۇ گاللىففې يەنى «ئىككىنچى دىگونىڭ بەزمىلىرىدە ھېچبىر ئۇيالماستىن ھوسنىنى بازارغا سېلىش بىلەن داڭ چىقارغان ھېلىقى خوتۇننىڭ سولامچىسى» ئۇرۇش مەزگىلىدە فرانسىيىنىڭ «پىستو جۇنساۋسى» دىگەن نام بىلەن تونۇلغان ئادەم.

«"ۋاقىت گېزىتى" (بۇ-كوزقاراشلىرىنى ئېھتىيات بىلەن بايان قىلىدىغان، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان خەۋەرلەرنى قوغلاشمايدىغان گېزىت)دە، ئېتىلىپ تېخى جېنى چىقمىغان كىشىلەرنىڭ تىرىك كۆمۈلگەنلىكى توغرىسىدا ئېچىنىشلىق مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن بىر خەۋەر بېسىلدى. كۆپلىگەن مۇشۇنداق كىشىلەر سېن-جاك-لا-بوشىرى يېنىدىكى مەيدانغا تىرىك كۆمۈپ تاشلانغان، ئۇلاردىن نۇرغۇنى ناھايىتى تېيىز كۆمۈلگەن. كۈندۈزى كوچىدىكى ۋاڭ-چۇڭ بىلەن كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى بايقىيالمىغان، لېكىن كېچىسى جىم-جىتلىقتا شۇ ئەتراپتىكى ئاھالە يىراقتىن ئاڭلانغان ئىڭرىغان ئاۋازلاردىن چوچۇپ ئويغىنىپ كېتىشكەن، ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار مەھكەم تۇگۈلگەن بىر مۇشتنىڭ يەردىن چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. شۇ سەۋەپتىن، ھوكۇمران دائىرىلەر كۆمۈلگەنلەرنى كولاپ ئېلىش توغرىسىدا

بۇيرۇق چۈشۈرگەن...... نۇرغۇن يارىدارلارنىڭ تىرىك كومۇپ تاشلانغانلىقىغا مەندە قىلچە شۇبھە يوق. مەن بىر پاكىتنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن. برۇنېل ئوزىنىڭ يولدىشى بىلەن بىرلىكتە ئۆتكەن ئاينىڭ 24-كۈنى ۋاندوم مەيدانىدىكى بىر هويلىدا ئېتىپ تاشلانغان، ئۇلارنىڭ جەسىدى 27-كۈنى چۈشتىن كېيىنگىچە شۇ يەردە تۇرغان. كومگۇچىلەر دۈيى جەسەتنى ئېلىپ ماڭىدىغان چاغدا، بۇ ئايالنىڭ تېخى تىرىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغان. گەرچە ئۇنىڭ 4 يېرىگە ئوق تەككەن بولسىمۇ، لېكىن هازىر ئۇنىڭ هاياتى خەۋپتىن قۇتۇلغان.» («توغ كەچكى گېزىتى» نىڭ91 پارىژدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى 6-ئاينىڭ 8-كۈنى بەرگەن خەۋەر)

## 2

6-ئاينىڭ 13-كۈنىدىكى لوندون «تايمىس گېزىتى» مۇنۇ خەتنى باستى[92]:

### «تايمىس گېزىتى» تەھرىرىگە

جاناپلىرى:

1871-يىل 6-ئاينىڭ 6-كۈنى جۇل فافىر ياۋروپادىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەرگە بىر ئومۇمى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئۇلارنى خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتى بىلەن كۈرەش قىلىشقا، بۇ كۈرەشنى ئىنتېرناتسىونالنى يوقاتقانغا قەدەر ئېلىپ بېرىشقا چاقىردى. بۇ هوججەتكە باھا بېرىش ئۈچۈن، پەقەت بىرقانچە پاكىتنى كورسىتىپ ئۆتۈشلا كۇپايە قىلىدۇ.

بىزنىڭ نىزامنامىمىزنىڭ كىرىش سوزىدە، ئىنتېرناتسىونالنىڭ «1864-يىل 9-ئاينىڭ 28-كۈنى لوندون لوڭ-ئېكېر كوچىسىدىكى سېن-مارتىن زالىدا ئوتكۈزۈلگەن ئاشكارا يىغىندا»[93] قۇرۇلغان-

لمغى كورستىپ ئۆتتۈلگەن ئىدى. جوْل فافىر ئۆزىگە ئەڭ ئىنىق بولغان سەۋەپلەر مۇناسىۋىتى بىلەن، ئىنتېرناتسونالنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىنى 1862 ـ يىلنىڭ ئالدىغا سۈرۈۋېتىپتۇ.

ئۇ بىزنىڭ پرىنسىپلىرىمىزنى ئىزاھلاش ئۈچۈن، «ئۇ (ئىنتېرناتسونال) 1869 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تارقاتقان چۈەندەن»نى نەقىل كەلتۈرگەن. لېكىن ئۇنىڭ ئەمىلىيەتتە نەقىل كەلتۈرگىنى نىمە؟ بۇ ــ ئىنتېرناتسونالدىن باشقا بىر تەشكىلاتنىڭ چۈەندەنى. ئۇ تېخى ياش لۇيشى ۋاقتىدا، كابې توھمەتچى دەپ ئەيىپلىگەن پارىژ «گومىنباۋ» گېزىتىنى ئاقلاش ئۈچۈن مۇشۇنداق نەيرەڭ ئىشلەتكەن ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ، مېنىڭ ئوقۇپ بەرگىنىم كابېنىڭ كىتاپچىسىدىن ئېلىنغان ئۈزۈندىلەر، دەۋالغان، ئەمىلىيەتتە، ئۇنىڭ ئوقۇپ بەرگىنى ئۆزى قوشۇۋالغان سوزلەر ئىدى. فاتىگدىكى سوتتا بۇ ئالدامچىلىق پاش قىلىنغان، كابې كەڭچىلىك قىلمىغان بولسا، جوْل فافىر پارىژ لۇيشلار گۇڭخۇيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىش جازاسىغا ئۇچرىغان بولاتتى. جوْل فافىر ئىنتېرناتسونالنىڭ ھوججىتى دەپ نەقىل كەلتۈرگەن ھەممە ھوججەتلەردىن بىرەرىمۇ ئىنتېرناتسونالنىڭ ھوججىتى ئەمەس. مەسىلەن، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«1869 ـ يىل 7 ـ ئايدا لوندوندا قۇرۇلغان باش ۋېيىۋەنخۇي ئېيتقىنىدەك، ئىتتىپاق ئۇزىنىڭ خۇداسىزلار تەشكىلاتى ئىكەنلىكىنى جاكالىغان.»

باش ۋېيىۋەنخۇي ھېچقاچان بۇنداق ھوججەت چىقارمىغان. ئەكسىچە، ئۇنىڭ چىقارغىنى دەل ئىتتىپاقنىڭ يەنى جەنۋەدىكى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ نىزامنامىسىنى ــ جوْل فافىرنىڭ نەقىل كەلتۈرگىنى مانا مۇشۇ نىزامنامە ــ ئىناۋەتسىز دەپ ئېلان قىلغان بىر ھوججەت[94] ئىدى.

جۇل فافىر ئۇزىنىڭ بىر قىسمى گويا دىگوغىمۇ قارشى تۇرغاندەك قىلغان بۇ ئومۇمى ئۇقتۇرۇشىدا باشتىن-ئاياق بوناپارتىنىڭ جىيەنـ چاگۇەنلىرى ئويدۇرۇپ چىققان ساقچى سوزلىرىنىلا تەكرارلاش يولى بىلەن ئىنتېرناتسونالغا قارشى تۇرغان، بۇ سوزلەر ھەتتا دىگونىڭ ئوز فاتىڭلىرىدىمۇ رەت قىلىنغان ئىدى.

كوپچىلىككە مەلۇم، ئىنتېرناتسونال باش ۋېيىۇەنخۇيى ئالدىنقى قېتىمقى ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئىككى خىتاپنامىسىدە (بۇلتۇر 7- ۋە 9-ئايلاردا ئېلان قىلىنغان)①، پرۇسسىيىنىڭ فرانسىيىگە قاراتقان تاجاۋۇزچىلىق پىلانىنى ئېچىپ تاشلىغان ئىدى. كېيىن، جۇل فافىرنىڭ شەخسى كاتىۋى رېتلىنژىر ئەپەندى باش ۋېيىۇەنـ خۇينىڭ بىرقانچە ۋېيىۇەنىدىن دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتىنى قوللاش ئۇچۇن، باش ۋېيىۇەنخۇينىڭ نامايىش ئۇيۇشتۇرۇش يولى بىلەن بىسماركقا قارشى تۇرۇشنى ئوتۇنۇپ سورىغان (بۇ، تەبىي، بىھۇدە ئاۋارىچىلىق)؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلاردىن بولۇپمۇ جۇمھۇرىيەتنى تىلغا ئالماسلىقنى ئوتۇنۇپ سورىغان ئىدى. جۇل فافىرنىڭ لوندونغا كېلىدىغانلىقى ئالدىن مەلۇم بولغانلىقى ئۇچۇن، نامايىش قىلىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ بولغان ئىدى (ئەڭ ياخشى ئارزۇلار بىلەن ئىشلەنگەنلىكى شۇبھىسىز)، لېكىن بۇ باش ۋېيىۇەنخۇينىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ئىدى، چۇنكى باش ۋېيىۇەنخۇي 9-ئاينىڭ 9-كۇنىدىكى خىتاپنامىسىدە پارىژ ئىشچىلىرىغا جۇل فافىردىن ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرىدىن پەخەس بولۇشنى ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغان ئىدى.

---

① مۇشۇ كىتاپنىڭ 27 — 37-، 38 — 55-بەتلىرىگە قاراڭ.— تەرجىماندىن

ئەگەر ئىنتېرناتسىونالىمۇ ياۋروپادىكى ھەرقايسى مەملىكەت نېيگېلىرىغا جۇل فافېر توغرىسىدا بىر ئومۇمى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئۇلاردىن مەرھۇم مىللىيىر ئەپەندى پارىژدا ئېلان قىلغان ھوججەتلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى تەكلىپ قىلغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ جۇل فافېر نىمە دىگەن بولاتتى؟

جاناپلىرى، مەن يەنىلا سىزنىڭ ئىتائەتمەن چاكىرىڭىز

خەلىقارا ئىشچىلار جەمىيىتى باش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ شۇجىسى **جون ھېلېس**

6-ئاينىڭ 12-كۈنى، لوندون غەربىي مەركىزىي رايونى ھاي-ھولبورن كوچىسى 256-قورو

«خەلىقارا جەمىيەت ۋە ئۇنىڭ مەقسىدى» دىگەن بىر ماقالىدا لوندون «چەتتە قاراپ تۇرغۇچىلار» گېزىتى[95] (6-ئاينىڭ 24-كۈنى) تەقۋادار چېقىمچىلىق رولىنى ئويناپ، ئىنتىپاقنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ھوججىتىنى — شۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا بىرنىملەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا — ئىنتېرناتسىونال ئېلان قىلغان ھوججەت دەپ، ئۇنىڭدىن نەقىل كەلتۇرگەن، بەلكى ئۇنىڭ نەقىل كەلتۇرگىنى ھەتتا جۇل فافېرنىڭكىدىنمۇ تەلتوكۇس بولغان. ئۇ بۇ ماقالىنى يۇقۇرىدىكى ئىغۋانى رەت قىلىش خېتى «تايمىس گېزىتى»دە ئېلان قىلىنىپ 11 كۈندىن كېيىن باسقان. بىز بۇنىڭغا ھەيران قالمايمىز. فرىدرىخ دادى ئاللىبۇرۇنلا، بارلىق ئېيىزۇئىتلار ئىچىدە ئەڭ يامىنى پروتېستانتلار، دىگەن ئىدى.

# «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرى[96]

ك. ماركس تەرىپىدىن 1871 ـ يىل 4 ـ 5 ـ ئايلاردا يېزىلغان

تولۇق تېكىستى تۇنجى قېتىم ئىنگلىز ۋە رۇس تىللىرىدا «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى غەزنىسى»نىڭ 1934 ـ يىل نەشرى 3(8) ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن

# «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ بىرىنچى نۇسخىسى

## دولەت مۇداپىئە هۆكۈمىتى

ئۇرۇش باشلىنىپ 4 ئايدىن كېيىن، دولەت مۇداپىئە هۆكۈمىتى پارىژ كومېن زىۋېيجۇنىگە بىزە نەپ بەرگەن يەنى ئۇلارنىڭ بۇزانۋالدا[97] ئوزىنىڭ جەڭگىۋار قابىلىيىتىنى كورسىتىشكە يول قويغان چېغىدا، بۇ هۆكۈمەت، پارىژنىڭ تەسلىم بولۇشىنى تېزلىتىشنىڭ پايدىلىق پەيتى يېتىپ كەلدى، دەپ هېساپلىغان ئىدى. مەخسۇس تەسلىم بولۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن چاقىرىلغان پارىژ چۈيجاڭلار يىغىنىدا، تروشۇي جۇل فاۋرىنىڭ ۋە ئوزىنىڭ باشقا هەمرالىرىنىڭ ئالدىدا هەم ئۇلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئاخىر **ئوزىنىڭ «پىلانى»**نى ئاشكارىلاپ قويدى. ئۇنىڭ ئەسلى سوزى مۇنداق:

«مېنىڭ هەمرالىرىمنىڭ 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەچقۇرۇن ماڭا قويغان بىرىنچى سوئالى پارىژنىڭ پرۇسسىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇهاسىرىسىگە بىزە بولىمۇ بەرداشلىق بېرىپ تۇرالىغۇچىلىكى بارمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت بولدى. مەن شۇ چاغدا، قىلچە ئىككىلەنمەستىن، يوق، دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدىم. هازىر بۇ يەردە ئولتۇرغان هەمرالىرىمدىن بىرنەچچىسى مېنىڭ بۇ سوزلىرىمنىڭ راست ئىكەنلىكىنى، بەلكى مېنىڭ بۇ قاراشتا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىمنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەن ئۇ چاغدا ئۇلارغا

مۇنداق دىگەن ئىدىم: ھازىرقى ئەھۋالدا پارىژنىڭ پرۇسسىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇھاسىرىسىگە بەرداشلىق بەرمەكچى بولۇشى تولىمۇ ئاخماقلىق. ئەلۋەتتە، مەن شۇ چاغدا مۇنداق بىر جۈملە سۆزنىمۇ قوشۇپ قويغان ئىدىم: بۇ بەلكىم قەھرىمانلارچە ئاخماقلىق بولسا كېرەك، ئەمما، بەرىبىر، ئاخماقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس...... ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى مېنىڭ ئالدىن قىلغان ھۆكمۈمنى ئاغدۇرۇۋەتكىنى يوق.»

جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىغى جاكالانغان كۈندىن تارتىپ تروشۇينىڭ پىلانى ۋە فرانسىينى **پارىژنى** ۋە **تەسلىم قىلدۇرۇش** بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ پرۇسسىيە ئارمىيىسىنىڭ زۇڭسىلىكى ئىدى. جۇل فافېر ئۆزىنىڭ كامېتتاغا يازغان بىر پارچە خېتىدە يوقىتىشقا تېگىشلىك دۈشمەن پرۇسسىيە ئەسكەرلىرى ئەمەس، بەلكى پارىژ (ئىنقىلاپچىلىرى) «ئېزىتقۇلىرى» دەپ ئوچۇق - ئاشكارىلا ئىقرار قىلغان ئىدى. بۇنىڭدىن كورۇۋالغىلى بولىدۇكى، دولەت مۇداپىيە ھوكۇمىتىنىڭ خەلققە بەرگەن تۇرلۇك دەبدەبىلىك ۋەدىلىرىنىڭ ھەممىسى ئادەم ئالداش غەرىزىدە قىلىنغان يالغان گەپ، خالاس. دولەت مۇداپىيە ھوكۇمىتى بۇ «پىلان»نى قەدەم - باسقۇچلۇق ئەمەلگە ئاشۇردى ـــ بوناپارتنىڭ جياڭجۇنلىرىنى پارىژنىڭ مۇداپىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى، گومىن زىۋېيجۇننى پارچىلىدى، جۇل فېرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۇتمەسلىكىدىن پايدىلىنىپ ئاچارچىلىق پەيدا قىلدى. پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ۋە باشقا كۈنلەردە گۈڭشېنى بۇ ۋەتەن ساتقۇچىلارنىڭ ئورنىغا قويماقچى بولغان بىرنەچچە قېتىملىق سىنىغى پرۇسسىيلىكلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ سۇئىقەست قىلغانلىق دەپ قارىلىپ باستۇرۇلدى[98]! تەسلىم بولغاندىن كېيىن،

نىقاپ ئېچىپ تاشلاندى (بىر چەتكە چۆرۈپ تاشلاندى). بۇ تەسلىمچىلەر بىسماركنىڭ ئىلتىپاتىغا تايىنىپ بىر ھۆكۈمەت بولۇۋالدى. ئۇلار بىسماركنىڭ قولىدىكى مەھبۇسلار سۈپىتىدە بىسمارك بىلەن ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزدى، ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنىڭ ھەرقايسى ماددىلىرى فرانسىيىنى قورالسىزلاندۇرۇپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. دەل مۇشۇ تەسلىمچىلەر بوردودا جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى قىياپىتى بىلەن يىغىۋاشتىن تىرىلگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ سابىق ئەلچىسى تىيېر ھەم تاشقى ئىشلار بۇجاگى جۇل فافېر ئارقىلىق، ئاتالمىش گومىن يىخۇيدىكى كۆپ سانلىقلار نامى بىلەن، پارىژ قوزغىلىڭىدىن خېلى بۇرۇنلا بىسماركتىن پارىژنى قورالسىزلاندۇرۇش، پارىژنى ئىشغال قىلىش، «ئۇنىڭ توپلاگچىلىرى»نى باستۇرۇشنى بىتاقەتلىك بىلەن يېلىنىپ تەلەپ قىلغان ئىدى، بۇنى بىسمارك فرانسىيىدىن **بېرلىنغا** قايتىش سەپىرىدە فرانكفۇرتتا ئۆز ئاغزى بىلەن ئۆزىگە چوقۇنغۇچىلارغا مەسخىرە تەلەپپۇزىدا سوزلەپ بەرگەن. دولەت مۇداپىە ھۆكۈمىتى «پىلانى»نىڭ تېگى پرۇسسىيىلىكلەرگە پارىژنى ئىشغال قىلدۇرۇش ئىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ ۋېرسالدا ئۇيۇشمىغانلىق سۈركەپ سەھنىگە چىققاندىن بۇيان پرۇسسىيىنىڭ قورالىق ئارىلىشىشىنى تىلەپ ئىپادىلىگەن نومۇسسىز تەلەتى ھەتتا ياۋروپادىكى پۈرسەتپەرەس گېزىتلەرنىمۇ ھاڭ-تاڭ قالدۇردى. پارىژ گومىن زىۋېيجۇنى تەسلىمچىلەرنىڭ **قوماندانلىقىدا** بولماي، بەلكى مىللەتنىڭ ئاغزىنى تەسلىمچىلەرگە **قاراتقاندىن** بۇيان، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق توھپىسى ھەتتا ئەڭ گۇمانلىق پوزىتسىيىدە

بولغان كىشىلەرنىمۇ «ۋەتەن ساتقۇچ» دېگەن بۇ سوزنى تروشۇي، جۇل فافېر ۋە ئۇلارنىڭ شېرىكلىرىنىڭ شەرمەندە پېشانىسىگە بېسىپ قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. گۇگۇشى قولىغا چۇشۇرگەن هوججەتلەر ئاخىر بۇ ئادەملەرنىڭ ۋەتەنگە ئاسىلىق قىلىشتەك زور جىنايەت ئۇتكۇزگەنلىكىنى قانۇن ئىسپاتلىرى بىلەن تەمىنلىدى. بۇ هوججەتلەرنىڭ بەزىلىرى بۇيرۇقنا بىنائەن تروشۇي «پىلانى»نى ئىجرا قىلغان بوناپارتچى ھەربىلەرنىڭ خەت-چەكلىرى ئىدى؛ بۇ رەزىل ئەبلەخلەر مۇشۇ خەت-چەكلىرىدە ئۇزلىرىنىڭ «پارىژ مۇداپىەسى»نى زاكىلىق قىلىشقان (مەسىلەن، گۇگۇشى «ئاخباراتى»دا ئېلان قىلىنغان پارىژ ۋېيىشۇجۇنىنىڭ توپچىلار سىلىگى، پەخرى جۇنتۇەن چوڭ كىرىست ئوردىنىغا ئىگە بولغان **ئالفونس سىمون گيونىڭ** توپچىلار شىسىنىڭ جياگجۇنى **سۇزانغا** يازغان خېتىگە قاراڭسۇن).

شۇنىڭ ئۇچۇن، ناھايىتى روشەنكى، هازىر ۋېرسال هوكۇمىتىنى تەشكىل قىلغان بۇ ئادەملەر پەقەت ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان، جۇمهۇرىيەتنى نابۇت قىلغان، پرۇسسىيە سىداۋلىرىنىڭ هىمايىسى ئاستىدا پادىشالىق تۇزۇمنى تىرىلدۇرگەندىلا، ئاندىن پاكىتلىرى تولۇپ ياتقان ۋەتەن ساتقۇچلارغا خاس تەقدىردىن قۇتۇلالايتتى. لېكىن، — بۇ ئىككىنچى دېگودىكى شەخسلەر شۇنىڭدەك پەقەت ئىككىنچى دېگونىڭ تۇپرىغى ۋە هاۋاسىغا تايانغاندىلا، ئاندىن خەلقنىڭ ساختا جارچىسى بولالايدىغان شەخسلەر ئۇچۇن تازا بەلگە بولارلىق ئەهمىيەتكە ئىگە، — ئەگەر جۇمهۇرىيەت غەلىبە قىلغان بولسا، ئۇلارغا ۋەتەن ساتقۇچ دېگەن تامغا بېسىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇلار ئادەتتىكى جىنايەتكارلار قاتارىدا

جىنايى ئىشلار فاتىگىغا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن بولاتتى. بۇنىڭدا تىيېرىنىڭ قول ئاستىدىكى دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتىنىڭ موھىم ئەرباپلىرى **جۇل فافېر، ئېرنېست پىكار، جۇل فېرىلارغا** قاراپ بېقىشلا كۇپايە!

گومىن يىخۇينىڭ بىر ئەزاسى مىللىيېر ئەپەندى ۋاقىت جەھەتتە ئىلگىر - كېيىن بولۇپ يىگىرمە نەچچە يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەلىل - ئىسپاتى تولۇق بىر قاتار قانۇن ھوججەتلىرىنى ئېلان قىلىپ، **جۇل فافېر**نىڭ ئالجىردا تۇرۇشلۇق بىر ھاراقكەشنىڭ خوتۇنى بىلەن ئويناپ يۈرگىنىدە، بىر دوۋە تولىمۇ مۇرەككەپ بولغان، يۈرەكلىك ئويدۇرۇپ چىقىلغان ھوججەتلەرگە ئاساسەن، ئۆزىنىڭ ھارامدىن تاپقان باللىرى نامىدىن ناھايىتى كوپ مىراسنى قولغا كىرگۈزۈۋالغانلىقى، بۇنىڭ بىلەن باي بولۇۋالغانلىقىنى؛ كېيىن قانۇنىي ۋارىسلار ئەرز - شىكايەت قىلغاندا، بوناپارت فاتىگى ئۇنىڭغا يان باسقانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇنىڭ يالغان ھوججەتلىرى پاش بولماي قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن ئىدى. شۇڭا، ئائىلە، دىن، مال - مۈلۈك، تەرتىپنىڭ تىلى شېكەر ئاقىلىغۇچىسى بۇ جۇل فافېر ئەسلىدە ئاللىبۇرۇنلا جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە سۇرۇشتۇرۇپ جازاغا تارتىلىشقا تېگىشلىك ئىدى. ھەرقانداق بىر ئادىل ھوكۇمەتكە ئۇچرايدىغانلا بولسا، ئۇ ئومۇر بويى ئېغىر ئىش قىلىشقا ھوكۇم قىلىنىش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايتتى.

**ئېرنېست پىكار** ۋېرسالنىڭ ھازىرقى ئىچكى ئىشلار بۇجاگى، ئۇ لۇئى بوناپارتنىڭ ئەمەلدارى بولماقچى بولۇپ بولالمىغان ئىدى، 9 - ئاينىڭ 4 - كۇنى ئوزىنى ئوزى دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتىنىڭ

ئىچكى ئىشلار بۇجاڭى قىلىۋالدى①. بۇ ئېرنېست پىكار **ئارتۇر پىكار** دېگەن ئادەمنىڭ ئاكىسى. ئېرنېست پىكار بۇرۇن جۇل فافىر ئېقىمىدىكىلەر بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ ھېلىقى ئېسىل ئىنىسىنى نومۇس قىلماي سېنا ۋە ۋازا ئولكىلىرى قانۇن چىقىرىش ئومىگىنىڭ ئەزالىغىغا كاندىدات قىلىپ كورسەتكەنىدە، ئىككىنچى دېگو ھوكۇمىتى مۇنداق ئىككى ھوججەتنى ئېلان قىلغان ئىدى: بىرى پارىژ ساقچى ئىدارىسىنىڭ دوكلادى (1867 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى) بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇ ئارتۇر پىكارنىڭ ئوتكەنىدە بىر «ئالدامچى» دەپ تونۇلۇپ، پارىژ جياۋىيسوسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىغى ئېيتىلغان؛ يەنە بىرى **1868 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى** ھوججەت بولۇپ، بۇ ھوججەتتە ئېيتىلىشىچە، ئارتۇر پالېسترو كوچىسى 5 ـ نومۇردىكى كوچىمە مۈلۈك ئامانەت ـ قەرز گۇڭسىسىنىڭ بىر شوبىسىنىڭ جىڭلىسى بولغان مەزگىلدە 300 مىڭ فرانكنى ئوغرىلاپ ئىشلىتىپ كەتكەنلىگىنى ئوزى ئىقرار قىلغان ئىكەن. ئېرنېست ئوزىنىڭ بۇ ئېسىل ئارتۇرىنى ئوزى باشقۇرغان «ئەركىن سايلىغۇـ چىلار» گېزىتى (بۇ گېزىت دېگو دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تاكى بۈگۈنگىچە چىقىرىلىپ كېلىۋاتىدۇ، بۇ ـــ جۇمھۇرىيەتچىلەرنى ھەر كۈنى «قاراقچىلار، باندىتلار، مۈلۈكنى تەكشىلىگۈچىلەر» دەپ ھاقارەتلەيدىغان گېزىت)نىڭ **مەسئۇل مۇھەررىرلىگىگە** تەيىنلەپلا قالماي، بەلكى ئوزى «دولەت مۇداپىئە ھوكۇمىتى»نىڭ ئىچكى ئىشلار بۇجاڭى بولۇۋالغاندىن كېيىنلا، ئارتۇرنى يەنە ئوزىگە

① ماركس «فرانسىيدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ بېكىتىلگەن نۇسخىسىدا، ئېرنېست پىكار دولەت مۇداپىئە ھوكۇمىتىنىڭ مالىيە بۇجاڭى، دەپ تۈزەتكەن (مۇشۇ كىتاپنىڭ 65 ـ بېتىگە قارالسۇن). ـــ تەھرىردىن

ئىچكى ئىشلار بۇسى بىلەن ھەمسىدارلىق چېكى جىياۋىيسوسى ئارىلىغىدا مالىيە دەلىلالى قىلىپ، ئوزى ئىگە بولغان دولەت مەخپىيەتلىكىدىن پايدىلىنىپ تازا بېيىۋالدى.

ئېرنىست بىلەن ئارتۇرنىڭ «مالىيە» توغرىسىدىكى ھەممە خەت-چەكلىرى گۆڭشېنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ۋېرسال ھوكۈمىتىنىڭ ج. مىللېرى بولغان ئېرنېست پىكارمۇ، يىغلاڭغۇ جۇل فافېرغا ئوخشاش، جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە سۈرۈشتۈرۈپ جازاغا تارتىلىشقا، ئېغىر ئىش قىلىشقا ھوكۇم قىلىنىشقا تېگىشلىك ئادەم ئىدى.

بۇ 3 كىشىلىك ئومۇمى خور دۇيىدىكىلەرنىڭ ئاخىرقى بىرى **جۇل فېرى** 9-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن ئىلگىرى تېخى جېنىنى باقالماي يۈرگەن بىر گاداي لۈيشى ئىدى؛ ئۇ پارىژدا ئاچارچىلىق پەيدا قىلغانلىقىغا قانائەتلەنمەي، بەلكى يەنە بۇ ئاچارچىلىقتىن ئۈستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ كوپلەپ پۇل-مال شىلىۋالدى. ئۇنىڭ كەلگۈسىدە پارىژ مۇھاسىرىدە تۇرغان مەزگىلدە ھوكۈمەت پۇلىنى يەپ كەتكەنلىكىدىن ھېساپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان كۈنى ئۇنىڭ جازاغا تارتىلىدىغان كۈنى بولىدۇ!

دېمەك، دەل پرۇسسىيە سىداۋلىرى قوغداۋاتقان سۇلالە شارا-ئىتىدىلا ئېغىر ئىش جازاسىدىن قۇتۇلۇشقا ئۈمىت باغلىيالايدىغان بۇ ئادەملەرگە، دەل ئىچكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدىلا بوشىتىپ تۇرۇش كۈۋانامىسىگە ئىگە بولالايدىغان بۇ ئادەملەرگە، دەل مۇشۇ جېنىدىن تويغانلارغا تىيېرنىڭ كوزى **چۈشۈپ قالغانلىقى**، ئۇلارنى «پومششىكلار يىخۈيى» ئەڭ ئىشەنچلىك ئەكسلئىنقىلاۋىي قورال سۈپىتىدە قوبۇل قىلغانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس!

4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئەسىر ئېلىنغان گومىن زىۋىيجۇن ۋېرسالدا پېتىرنىڭ «قوزىلىرى» ۋە ۋېرسال توپىلاڭچىلىرىنىڭ ئىنتايىن رەھىمسىزلىك بىلەن خورلىشىغا ئۇچرىغاندا، ئېرنېست پىكار ئەپەندىنىڭ «ئىككى قولىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇغىغا سالغان ھالدا توپ ـ توپ ئەسىرلەر ئارىسىدا ئۇ ياق ـ بۇ ياققا مېڭىپ، ئۇلارنى خالىغىنىچە زاڭلىق قىلغانلىقى»، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «تىيېر ۋە جۇل فافېرنىڭ خوتۇنلىرى ۋە ئۇلارغا ئوخشاش يۇزلىرى پاقىراپ تۇرىدىغان، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ئېسىلزادە خېنىملارنىڭ ئولكىلىك ھوكۇمەتنىڭ پىشايۋىنىدا» كىشىنىڭ قۇيقا چېچىنى تىك تۇرغۇزىدىغان مەنزىرىنى كورۇپ چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىغانلىقىمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. فرانسىيىنىڭ بىر قىسمى بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ تومۇر تاپىنى ئاستىدا ئازاپلىنىپ جان تالىشىۋاتقان، پارىژ ــ فرانسىيىنىڭ يۇرىگى ۋە كاللىسى ــ ساتقىنلارغا قارشىلىق بىلدۇرۇپ، ئوزىنى قوغداش يولىدا ئوزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ساپ قېنىنى ئۇزلۇكسىز توكۇۋاتقان چاغدا...... تىيېرلار، فافېرلار ۋە ئۇلارنىڭ شېرىكلىرىنىڭ لۇئى XIV نىڭ خان ئوردىسىدا ئىچكۇلۇك بەزمىسىگە بېرىلىپ كەتكەنلىكى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس؛ تىيېر جۇل فافېرنىڭ رۇئاندىن (ئۇ پرۇسسىيىلىكلەر بىلەن تىل بىرىكتۇرۇشكە (پرۇسسىيىلىكلەرگە يېلىنىشقا) ئەۋەتىلگەن) قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ ئوتكۇزگەن كاتتا زىياپەت بۇنىڭ بىر مىسالى. بۇ ــ توردىن چۇشۇپ قالغان جىنايەتكارلارنىڭ نومۇسسىزلىق بىلەن سۇرگەن كەيپ ـ ساپاسى.

---

ئېيتايلى، دولەت مۇداپىيە ھوكۇمىتى فرانسىيىدە پادىشانى قايتا

تىكلەش بەدىلىگە ھەرقايسى مەملىكەت ئوردىلىرىنىڭ پرۇسسىيىگە ئارىلىششىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، دەسلەپ تىيېرنى ئوزىنىڭ تاشقى ئىشلار ئەلچىسى قىلىپ، ياۋروپانىڭ ھەرقايسى ئوردىلىرىغا يالۋۇرۇشقا ئەۋەتكەن؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى يەنە فرانسىيىنىڭ ھەرقايسى ئولكىلىرىنى كوزدىن كەچۈرۈپ، ھەرقايسى جايلاردىكى فېودالللار قورغانلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ سۇئىقەست قىلىشقا ھەمدە تەسلىم بولۇشقا ماسلىشىپ، تۇيۇقسىزلا فرانسىيىگە تېگىلغان ھېلىقى زور سايلامنى خۇپىيانە تەييارلاشقا ئەۋەتكەن بولسا، ئەمدىلىكتە تىيېر بۇ ئادەملەرنى ئوزىنىڭ بۇجاگى ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى قىلىۋالدى. ئۇلار ئىشەنچلىك ئادەملەر ئىدى.

تىيېرنىڭ ھەركىتىدە بىر نۇقتا تولىمۇ سىرلىق، چۈشىنىكسىز، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ پارىژ ئىنقىلاۋىنى تېزلىتىشتە يېنىكلىك، قاراملىق قىلغانلىقى. تىيېر مۇنداق بەزى چارىلەر بىلەن پارىژنىڭ غەزىۋىنى قوزغىدى: ئوزىنىڭ «پومىششىك يىخۇي ئەزالىرى»نى جۇمھۇرىيەتكە قارشى جار سالغۇزدى، پارىژنىڭ **كاللىسىنى ئالىمىز ھەم پايتەختلىك نامىنى ئېلىپ تاشلايمىز**، دەپ تەھدىت سالدى، دۇفور (تىيېرنىڭ ئەدلىيە بۇجاگى)نىڭ پارىژ سودىسىنى ۋەيران قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان، سودا قەرەللىك چېكىنىڭ تولىنىش مۇددىتى توغرىسىدىكى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى پەرمانىنى جاكالىدى، ئورلېانچىلارنى ئەلچى قىلىپ تەيىنلىدى، گومىن يىخۇيىنى ۋېرسالغا كوچۈردى، يېڭى مەتبۇئات بېجى ئالدى، پارىژدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ گېزىت ـ ژورناللىرىنى پېچەتلىدى، دەسلەپ بالىچياۋ جاكالىغان لېكىن 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى دىگو

ھوكۇمىتىنىڭ گۇم بولۇشى بىلەن بىكار قىلىنغان ھەربى ھالەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى، دېكابىرچى ئۇنسۇر، سابىق سەنىيۈەن ئەزاسى ۋېنوۋانى پارىژنىڭ زۇڭدۇسى قىلىپ تەيىنلىدى، بوناپارتىنىڭ شىيەنبىڭى **ۋالېنتىنىنى** ساقچى ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى قىلىپ، ئىسپىزۇئىت ئورېل دې پالادىن جياڭجۇنىنى پارىژ گومىن زىۋپېيجۇنىنىڭ زۇڭسىلىڭى قىلىپ تەيىنلىدى ـــ ئۇ مۇشۇ ئىشلارنى قىلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، ھەتتا ئاجىز ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى: ۋېنوۋانى مونمارتىر ئېگىزلىكىگە ھۇجۇم قىلدۇردى ھەمدە ئالدى بىلەن گومىن زىۋپېيجۇندىن گومىن زىۋپېيجۇنىنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ مۈلكى بولغانلىقى ئۈچۈنلا پارىژنىڭ تەسلىم بولۇش كېلىشىمىگە ئاساسەن ئۆزىگە قالدۇرۇلغان زەمبىرەكلەرنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ، پارىژنى قورالسىزلاندۇرماقچى بولدى.

پارىژنى ئۆجۈقتۇرۇۋەتمەكچى بولغان بۇنداق تەلۋىلىك نەدىن كەلگەن؟ پارىژنى قورالسىزلاندۇرۇش، پارىژنى باستۇرۇش، ئەلۋەتتە، سۇلالە ئەكسىلئىنقىلاۋنى ئېلىپ بېرىشنىڭ بىرىنچى موھىم شەرتى ئىدى، لېكىن، تىيېردەك بۇنداق ئۇچىغا چىققان مەككار سۇئىقەستچىنى ئەگەر ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان، ئىنتايىن جىددى بولغان ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەجبۇر قىلمىغان بولسا، ئۇ يېتەرلىك تەييارلىقى بولمىغان ئەھۋالدا قولىدىكى تولىمۇ ئاز كۈچ بىلەن قارىسىغىلا تۇتۇش قىلىپ، بۇ قول تۇتىدىغان ئىشنى مەغلۇپ بولۇش خەۋپىگە ئېلىپ بارمىغان بولاتتى. مۇددىئا ئەسلىدە مۇنداق ئىدى. تىيېر ئۆزىنىڭ مالىيە بۇجاڭى پۇيې-كېرتىيېنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىر قىسىم قەرز پۇل ئالغان، بەلگىلىمە بويىچە

2 ملیارتی دەرھال ئۆتنگغا بېرىلگەن، قالغان بىرنەچچە ملیارتی کېيىن مۇددەتکە بولۇپ داۋاملىق بېرىلمەكچى بولغان. بۇ قەرز پۇل ئېلىش سودىسىدا تيېر، جۇل فافېر، ئېرنېست پكار، جۇل سمون، پۇيې ـ كېرتيېي قاتارلىق بۇ ئېسىلزادە گۇگمىنلار ئۇچۇن بىر قىسىم ھەقىقى قولچوماقلىق pot-de-vin (ھاراق پۇلى) تەييارلانغان. لېكىن، بۇ سودىدا بىر توسالغۇ بار ئىدى. توختام تۈزۈلۈپ، ئاخىرى ئىمزالىنىش ـ تامغا بېسىلىشتىن ئىلگىرى، توختام تۈزگۈچى بىر تەرەپ بىر كاپالەتنى ــ **پارىژنى ئېچلاندۇرۇشنى** تەلەپ قىلغان. شۇڭا تيېرنىڭ قارامىلىق ھەرىكتى بولغان. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ بۇنداق ئۇبدان سودىغا ئارىلىششقا جۈرئەت قىلغان پارىژ ئىشچىلىرىغا ئەنە شۇنداق ۋەھشىيانە ئۇچمەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

بىزنىڭ جۇل فافېرلار، پىكارلار ۋە باشقىلار توغرىسىدا ئېيتقانلىرىمىز ئۇلارنىڭ ھوكۇمەت نامىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز خۇسۇسىغا پايدا ئېلىشتەك بۇنداق شۇملۇقىنىڭ ئېسىل شېرىكلىرى ئىكەنلىكىنى يېتەرلىك ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئەمدى تيېرنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ھەممىگە مەلۇمكى، لۇئى ـ فلىپپ ھوكۇم سۈرگەن ۋاقىتتا ئۇ 2 قېتىم نېيگې تەشكىل قىلىپ، 2 ملیونغا ئىگە بولۇۋالغان؛ ئۇ شۇشياك بولغان چېغىدا (1840 ـ يىل 3 ـ ئايدا)، جۇگيېيۇەن ئۇنى جياۋيېسودا ھايانكەشلىك ھەرىكتى بىلەن شۇغۇللاندى دەپ ئەيىپلىگەن، بۇنداق ئەيىپلەشكە جاۋابەن ئۇ چاغدا ئۇ يوتلىسىنى ئېقىتىپ يىغلىغان ئىدى؛ ئۇ جۇل فافېرغا ۋە ئاتاقلىق كومدىيە ئارتىستى فرىدرىك لېمېترغا ئوخشاش ھەر ۋاقىت شۇنداق قىلالايتتى. كىشىلەرگە يەنە شۇنىسىمۇ مەلۇمكى، فرانسىيىنى ئۇرۇش پەيدا قىلغان مالىيە ۋەيجىسىدىن قۇتقۇزۇش ئۇچۇن

تىيېر ئەپەنــدىنىڭ قوللانــغان بىرىنــچى تەدبىرى ئۇزى ئۇچۇن 3 مىليون فرانك يىلــلىق مۇئاش بەلگىــلەۋېلىش بولــدى. بۇ سان دەل لۇئى بوناپارت 1850 ـ يىــلى تىيــېر ئەپەندىــنىڭ ۋە ئۇنىڭ **قانۇن چىقىرىش يىغىنىدىكى** مۇرتىــلىرىنىڭ ئومۇمــى سايــلام ھوقۇقــىنى بىــكار قىلىــشىغا يول قويۇش بىلەن ئۇلاردىــن ئالغان سانــغا باراۋەر كېــلىدۇ[99]. تىيېر ئەپەندىــنىڭ ئۇزىــنىڭ يىلــلىق مۇئاشىنى 3 مىليون فرانك قىلىپ بەلگىلەۋېــلىشى ئۇ 1869 ـ يىلى ئۇزىنىڭ پارىژدىكى سايلىغۇچىلىرىغا تەسۋىــرلەپ بەرگەن ھېلىقى **«ئىقتىــساتــچىل جۇمھۇرىــيەت»**نىڭ بىرىــنــچى پەنــتى بولــۇپ ھېساپلىــنىدۇ. پۇيې ـ كېرتىيېنى ئالــساق، ئۇ رۇئاندىكى بىر پاختا يىپ فابرىكىــسىنىڭ ئىگىسى. 1869 ـ يىلى زاۋۇت ئىگىلىرى يىغىنى ئەنگلىيە بازارلىــرىنى «بويىــسۇنــدۇرۇش» ئۇچۇن ئىــش ھەقــقىنى ئومۇمىيۈزلۈك كېمەيتىشنىڭ زورۇرلۇگىنى ئېلان قىلغان، ئۇ ئەنە شۇ زاۋۇت ئىگىلىرى يىغىنىنىڭ رەھبىرى ئىدى — بۇ زەھەرلىك پىلان شۇ چاغدا **ئىنتېرناتسونال** تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان ئىدى[100]. پۇيې ـ كېرتىيې ئىككىنچى دىگونى ھەر تەرەپتىن ئەسەبلەرچە ھەتتا ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئېگىلىپ تىز پۇكۇپ ھىمايە قىلاتتى، پەقەت بىر نۇقتىدىلا ئۇ، ئىككىنچى دىگو ياخــشى ئەمەس، دەپ بىلەتتى، ئۇ بولــــمۇ ئىكــكىنــچى دىــگونىڭ ئەنگــلىيە بىلەن تۈزگەن سودا شەرتــنامىسىنىڭ ئۇزى ئاچقان فابرىكىنىڭ مەنــپەئەتــكە زىــيان يەتكۈزگــەنلىــكى. ئۇنىڭ تىيــېر ئەپەنــدىــنىڭ مالىــيە بۇجاڭــى بولــۇش سۇپــتى بىلەن بىرىــنــچى قەدەمــدە قىــلــغىنى ئەشۇ «يېرگــىنشلىك» سودا شەرتنامىســنى قاتــتىق ئەيىــپلەش ھەم كونا قوغــدىنىــش چېــكرا بېــجــنى ئەســلىــگە كەلــتۈرۈشــنىڭ

زورۇرلۇكىنى ئېلان قىلىش يولى بىلەن ئۇزىنىڭ فابرىكىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش بولدى. ئۇنىڭ ئىككىنچى قەدەمدە قىلغىنى مۇنداق بىر **ۋەتەنپەرۋەرلىك** سىناق يەنى كونا قوغدىنىش چېكرا بېجىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش يولى بىلەن ئالساقا زەربە بېرىش بولدى، ئۇنىڭ بانىسى، مېنىڭ ئالساقا قارىتا قوغدىنىش چېكرا بېجىنى يېڭىۋاشتىن يۇركۇزۇشۇمگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھېچقانداق خەلقارا كېلىشىم يوق، دىگەنىدىن ئىبارەت بولدى. بۇ قالتىس پەنتتىن پايدىلانغاندا، ئۇنىڭ رۇئاندىكى فابرىكىسى ميۇلۇزدىكى دۇشمەنلەشكۈچى فابرىكىلارنىڭ خەتەرلىك رىقابەتلىرىدىن قۇتۇلالايتتى. ئۇنىڭ ئاخىرقى قەدەمدە قىلغىنى ئۇزىنىڭ كۇيوغلى روش - لامبېر ئەپەندىگە سوغا تەقدىم قىلىش — ئۇنى لىۋارنىڭ باش باجگىرى قىلىپ تەيىنلەش بولدى، بۇ **ھوكۇمران** بۇرژۇئازىيىنىڭ قولىغا چۇشكەن لوق ئولجىدىن بىرى ئىدى؛ پۇيې - كېرتىيې دىگو دەۋرىدىكى سابىق مالىيە بۇجاڭى مانې ئەپەندىدىن تولىمۇ نارازى بولۇپ يۇرەتتى، چۇنكى مانې ئەپەندى بۇ كاتتا ئورۇننى ئۇزىنىڭ ئوغلىغا بېرىۋەتكەن ئىدى. شۇڭا، بۇ پۇيې - كېرتىيې ھەقىقەتەن يۇقۇرىدا ئېيتىلغان شۇملۇقنى ئىجرا قىلىدىغان مۇۋاپىق نامزات ئىدى.

---

**3 - ئاينىڭ 30 - كۇنىدىكى** «چاقىرىق گېزىتى»دە[101] پارىژنىڭ سابىق شىجاڭى جۇل فېرىنىڭ 3 - ئاينىڭ 28 - كۇنى شەھەرلىك باجخانا ئەمەلدارلىرىغا شەھەرنىڭ ھەرقانداق بېجىنى داۋاملىق پارىژغا تاپشۇرۇشنى......مەنئى قىلىش توغرىسىدا چۇشۇرگەن ئومۇمى بۇيرۇغى بېسىلدى.

---

خىلمۇ ـ خىل ئۇششاق سىياسى ئالدامچىلىقلار، ــ چۈپەيىنىڭ ئىچ ـ قارنى......چىرىك ۋىجدانى......تىنىماي يىخۇي سۇئىقەستنى پىلانلىغۇچى......تېتىقسىز نەيرەڭۋازلىق ۋە ھىلە ـ مىكىرلەر......ئۇزىنىڭ زىيۇجۇيى توغرىسىدىكى، «كەم بولسا بولمايدىغان ئەركىنلىك» توغرىسىدىكى ۋەز ـ نەسىھەتلىرىنى تەكرارلاشلار......مەغلۇپ بولۇش ئېھتىمالى بار دىگەن قاراشنى كۈچلۈك ئاساسلار بىلەن رەت قىلىشقا...... بېرىلىشلەر......جاي ـ جايىغا قويۇلغان رەددىيە دەلىللىرى......پەسكەشلىكتە ئۇچىغا چىققان بىر خىل قەھرىمانلىق......تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئىشقا ئاشقان يىخۇي ھىلە ـ مىكىرلىرى......

---

ئې. پىكار ئەپەندى ــ قاراقچى، پارىژ مۇھاسىرىدە تۇرغان پۈتۈن مەزگىلدە، ئۇ بىزنىڭ ئارمىيىمىزنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن پايدىلىنىپ، جىياۋيىسودا پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ كەلگەن.

---

## قىرغىنچىلىق، ساتقىنلىق، ئوت قويۇش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، توھمەتخورلۇق، ئىغۋاگەرچىلىك.

---

تىيېر ئوزىنىڭ چۈيجاڭ قاتارلىقلار يىغىنىدىكى (4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى) نۇتقىدا مۇنداق دىگەن:

«كلېمون توما بىلەن لېكونتنى ئۆلتۈرگەنلەر» بىر ئۇچۇم جىنايەتچىلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس، ــ «تولۇق پاكىتلارغا ئاساسەن، بۇ جىنايى قىلمىشنى بىللە پىلانلىغان جىنايەتچى ياكى ياردەملەشكەن جىنايەتچى دەپ تونۇشقا بولىدىغانلارمۇ، دىمەك، ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر ئۇچۇم كىشىلەر».

## دۇفور

دۇفور باشقا ئولكە گېزىتلىرى ئۇستىدىن قانۇن بويىچە شىكايەت قىلىش چارىسى بىلەن پارىژنى تارمار قىلماقچى بولدى. گېزىت ـ ژورناللارنى «مۇرەسسە»نى تەرغىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن سوراققا تارتىش ھەقىقەتەن بىمەنىلىك.

دۇفور تىيېرنىڭ سۇئىقەستلىك پىلانىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىماقتا. ئۇ ئۆزىنىڭ 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى پەرمانى ئارقىلىق قاتمۇ ـ قات قەرزگە بوغۇلغان پۈتكۈل پارىژ سودىسىنى پاتىپاراق قىلىۋەتتى؛ ئۆزىنىڭ پارىژ ئۆي ئىجارىسى توغرىسىدىكى پەرمانى بىلەن پۈتكۈل پارىژغا تەھدىت سالدى. بۇ ئىككى پەرماننى جاكالاش پارىژنى جازالاش ئۈچۈن ئىدى، چۈنكى پارىژ فرانسىيىنىڭ شوھرىتىنى ساقلاپ قالغان، بىسماركقا تەسلىم بولۇشنى 6 ئايدەك ئارقىغا سوزغان ئىدى. دۇفور ئورلېانچى، يىخۇي ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا «ھورىيەتچى» ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئەزەلدىنلا باستۇرۇش بۇجاڭى ۋە ھەربىي ھالەت بۇجاڭى ئىدى.

ئۇ بىرىنچى قېتىم 1839 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى يەنى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق قوراللىق قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن[102] داچېن بولغان، شۇڭا ئۇ شۇ چاغدا ئىيۇل ھوكۇمىتىنىڭ رەھىمسىز باستۇرۇش داچېنى ئىدى.

(1848 ـ يىل) 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ھەربىي ھالەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولغان كاۋىنياك 1849 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى[103] لۇئى ـ فىلىپپىنىڭ ئىككى داچېنىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ نېيگېسىغا كىرگۈزدى (دۇفور ئىچكى ئىشلار بۇجاڭى

بولدى، يەنە **ۋىتۇيىينمۇ** بار ئىدى). كاۋىنياك ئۇلارنى **پۈۋاتې كوچىسى**[104] (تىيىر)نىڭ تەلىۋىگە بىنائەن خىزمەتكە تەيىنلىگەن، چۈنكى پۈۋاتې كوچىسى كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇ مۇشۇنداق چارىلەر بىلەن، بولۇش ئالدىدا تۇرغان زوڭتۇڭ سايلىمىدا باۋخۇاڭداڭنىڭ قوللىشىغا ئېرىششنى ئۈمىت قىلاتتى. دۇفور ئەڭ قانۇنسىز ۋاستىلەر بىلەن كاۋىنياكنى نامزاتلىقتا ئېرىشتۈردى. قورقىتىش ۋە پارا بېرىش يولى بىلەن سايلىنىش مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىگە يەتتى. دۇفور فرانسىيىدە باشقىلارنى ھاقارەتلەيدىغان نۇرغۇن باسما ماتېرىيال تارقىتىپ، باشقا نامزاتلارغا ھۇجۇم قىلغان، بولۇپمۇ لۇئى بوناپارتقا ھۇجۇم قىلغان ئىدى، بۇ ئۇنىڭ كېيىن لۇئى بوناپارتنىڭ بۇجاڭى بولۇشىغا توسالغۇ بولمىدى. دۇفور يەنە بىر قېتىم **1849 - يىل 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى ھەربى ھالەتنىڭ** بۇجاڭى بولۇپ قالدى (بۇ قېتىمقى ھەربى ھالەت گومىن زىۋىيجۇن فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ رىمنى توپقا تۇتقانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن ئوتكۈزگەن نامايىشقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بولغان ئىدى). ئەمدى ئۇ يەنە ھەربى ھالەت بۇجاڭى بولۇپ قالدى، بۇ قېتىمقى ھەربى ھالەت ۋېرسالدا ئېلان قىلىندى (ھەربى ھالەت رايونى سېنا ۋە ۋازا ئۆلكىلىرى ئىدى). ھەرقانداق بىر ئۆلكىدە ھەربى ھالەت ئېلان قىلىش چوڭ ھوقۇقى تىيېرغا بېرىلدى. ئەمدى، 1839 - يىل ۋە 1849 - يىلىدىكىگە ئوخشاش، دۇفور يېڭى باستۇرۇش قانۇنى، يېڭى مەتبۇئات قانۇنى، «ھەربى قاتنىڭ سوت قىلىش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇش» قانۇنىنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ ھەرقايسى باش جىيەنچاڭ‌گۇەنلەرگە

تارقاتــقان بىر ئومۇمى ئۇقتۇرۇشىدا، **«سۈلھى تۈزۈش»** دــگەنگە ئوخشاش سادالار گېزىت ساھەسىدىكىــلەرنىڭ جىــنايىتى بولىدۇ، دەپ قاتتىق ئەيىپلەنــگەن، زادى كەڭــچىلىك قىلــماي، قاتــتىق جازالاش لازىم، دېيىلگەن. فرانسىيىنىڭ ئەدلىيە ساھەسىدىكىلەرنىگە نىسبەتەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى شۇكى، پەقەت بىرلا باش جيەنچاگۇەن (مايەن ئولكىسىدىكى)[1] دۇفورغا خەت يېزىپ، خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان......

«بۇ ئىچــكى ئۇرۇش مەزگىــلىــدە مەمۇرى دائىــرىلەر مېنى پارتىيە ــ گۇرۇھلار كۈرىشىگە قاتنىشىپ، مېنىڭ ۋىجــدانىم پۈتۈنــلەي گۇناسىز دەپ ھېساپلىغان گۇڭــمىنلارغا پەقەت ئــۇلار مۇرەســە دــگەن سوزنى قىلــىپ قويغانلىقى ئۈچۈنــلا زىيانكەشلىك قىلىشقا بۇيرۇدى، شۇڭا، مەن بۇنــداق بىر مەمۇرى دائىرە ئۈچۈن ئىشلىيەلمەيمەن.»

دۇفور 1869 ــ يىلى لۇئى بوناپارتــقا قارشى سۇئىقەست قىلغان «ئەركىنلىك ئىتــتىپاقى»غا مەنــسۇپ بولغىنــدەك، 1847 ــ يىلىمۇ گىزوغا قارشى سۇئىقەست قىلغان «ئەركىنلىك ئىتتىپاقى»غا مەنسۇپ ئىدى[105].

ئەمدى 3 ــ ئاينىڭ 10 ــ كۈنىدىــكى پەرمان بىلەن ئوي ئىجا- رىسى پەرمانىغا كەلسەك، شۇنى كورستىشىمىز كېرەكــكى، مەيلى دۇفور، مەيلى پىكار بولسۇن (ئىككىلىسى لۇيشى)، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئوبــدان خوجايىنــلىرى پارىژنىڭ مۇھاسىرىــدە تۇرۇۋاتــقانــلىقى سەۋەبىدىن بىرەر تىيىنــمۇ زىيان تارتــىشنى خالىمايدىــغان ئوي ئىگىلىرى ۋە **بايلار** ئىدى.

---

ھــازىــر، 1848 ــ يــىــلــدىــكــى فــېــۋرال ئــىــنــقــىــلاۋــىــدىــن

---

[1] ل. ۋاشرون.ــــ تەھرىردىن

كېيىنكىگە ئوخشاش، بۇ ئادەملەرنىڭ جۇمھۇرىيەتكە دېگەن سۆزى — ئۆز ۋاقتىدا جاللاتنىڭ دون كارلوسقا دېگەن سۆزى: ‹Je vais t'assassiner, mais c'est pour ton bien.› («مەن سېنى سېنى دەپ ئۆلتۈرىمەن.»)

## لېكونت ۋە كلېمون توما

ۋىنوۋا مونمارتىر ئېگىزلىكىنى ئىشغال قىلىشقا ئۇرۇنغاندىن كېيىن (3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سائەت 4تە ئۇلار قىزىل ساراي باغچىسىدا ئېتىپ تاشلاندى)، لېكونت جياڭجۇن بىلەن كلېمون توما 81 - دائىمى تۈەننىڭ كەيپىياتى ئۈستۈن ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىپ ئېتىپ تاشلاندى. بۇ **جۇڭياڭ ۋېيىۋەنخۇيدىكى** بىرقانچە ۋەكىلنىڭ قاتتىق توسۇشىغا قارىماي ئىجرا قىلىنغان شەخسى سوتنىڭ تېز ھەركىتى ئىدى. لېكونت دېگەن بۇ جيەنجاڭ تاقىغان قاتىل پىگال مەيدانىدا ئۆز قوشۇنلىرىغا قولىدا تومۇرنىڭ سۇنۇغىمۇ بولمىغان بىر توپ ئانا - بالىنى ئوققا تۇتۇشقا ئۇدا 4 قېتىم بۇيرۇق بەرگەن. ئەسكەرلەر بۇ بىر توپ ئادەمنى ئاتماي، ئۇنى ئېتىپ تاشلىغان. كلېمون توما ھەربى لاۋازىمات ئەمەلدارى بولغان، ئۇ ئىيۇن قىرغىنى (1848 - يىل) ھارپىسىدا گومنباۋچىلار تەرىپىدىن (ئۇ شۇ گېزىتنىڭ جىڭلىسى بولغان) ۋاقىتلىق ئۇستۇرۇلگەن «جياڭجۇن» ئىدى؛ ئۇنىڭ قىلچى پارىژ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ساپ قېنى بىلەن بويالغانكى، ئەزەلدىن باشقا دۈشمەننىڭ قېنىنى ئۇزىگە يۇقتۇرۇپ باقمىغان. ئۇ ئىيۇن قوزغىلىڭنى قەستەن كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋە زەھەرخەندىلىك بىلەن پىلانلىغان ئادەملەردىن بىرى، شۇنداقلا شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ ئەڭ رەھىمسىز

جاللاتلرىدىن بىرى. 1870 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، پارىژ پۈرولېتارىياتىنىڭ گومىن زىۋېيجۈنى شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىگە جايلاشقان «دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتى»گە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان ھەمدە ھوكۇمەت خادىملىرىنى قولغا ئالغان چاغدا، ئۆزىنى ئۆزى ئەمەلدار قىلىشىۋالغان بۇ ئادەملەر، ئۇلارنىڭ بىر شېرىگى بولغان پىكار يېقىندىلا كېپىدە تۇرىدىغان ئادەملەر دەپ ئاتىغان بۇ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى چوقۇم **گۇڭشېغا** بېرىدىغانلىقى ھەققىدە **قەسەم** ئىچىشكەن ئىدى. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن بوشىنىپ چىقىۋالغاندىن كېيىن، تروشۇينىڭ برېتانى ئەسكەرلىرىنى دەررۇ ئېلىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنى تولىمۇ ئىشىنىپ كېتىپ قويۇپ بەرگەن ھېلىقى ئادەملەرگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، ئۇلاردىن بىرى يەنى **تامىزې ئەپەندى** گومىن زىۋېيجۈنىڭ زۇڭسىلىڭلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەسىمىدىن **ۋازكېچىشنى** رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كلېمون تومانىڭ يەنە تەلىيى كېلىپ قالدى. ئۇ گومىن زىۋېيجۈنىڭ زۇڭسىلىڭلىغىغا تەيىنلىنىپ، تامىزېنىڭ ئورنىنى ئالدى. ئۇ تروشۇينىڭ «پىلانى»نى ئىجرا قىلىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق نامزات ئىدى. «ئۇ ئەزەلدىن پرۇسسىيلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىدى»، ئۇ گومىن زىۋېيجۈن بىلەنلا ئۇرۇش قىلدى، ئۇ گومىن زىۋېيجۈننى پارچىلىدى، بولۇۋەتتى، ئۇنىڭغا توھمەت قىلىپ، ئۇنى قارىلىدى، گومىن زىۋېيجۈندىكى تروشۇي «پىلانى»غا قارشى تۇرغان جۇڭگوەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تازىلاپ چىقاردى، گومىن زىۋېيجۈندىكى بىر قىسىم كىشلەرنى يەنە بىر قىسىم كىشلەرگە قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتتى، گومىن زىۋېيجۈننى تازا مەسخىرىگە قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى ئەسكىرىي كۈچىنى خورىتىدىغان «ھۇجۇم»غا

سالدى. بۇ ئەبلەخقە ئىيۇن قىرغىنىدىكى ئەرۋاھلار يېپىشۋالدى، ئۇ 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى پارىژ خەلقىنى يەنە قىرغىن قىلىش پۇرىغىنى پۇرىغانـدا، ئەسلا ھوكۇمەت تەرەپنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىختىيارسىز ھالدا يېڭىۋاشتىن ئۇرۇش سەھنىسىگە چىقتى. خەلقنىڭ غەزىۋى ئۇرلەش بىلەنلا، ئۇ شەخسى سوتـنىڭ قۇربانى بولدى. جۇمھۇرىيەتـنى نابۇت قىلىش ئۈچۈن پارىژنى دىكابىرچى ئۇنسۇر ۋىـنوۋانىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ھەمدە پۇيې ـ كېرتىيې تۈزگەن توختامـغا ئاساسەن ھاراق پۇلى ئالـغان ھېلىقى كىشلەر بولسا ھازىر بىمالال: قاتىل! قاتىل! دەپ چۇقان كوتىرىشمەكتە. «پۇرولېتارلار»نىڭ ساپ قېنىنى شوراشقا ئالدىراپ كەتكەن ياۋروپا گېزىتلىرىمۇ ئۇلارنىڭ بۇ چۇقانلىرىغا ئاۋاز قوشتى. «پومىششىكلار يىغۇيى»دا ئەسەبىلەرچە، «ئىچ ئاغرىتىدىـغان» بىر كورۇنۇش قىزىق ئويۇن ئوينالدى؛ بۇ قېتىممۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭ بۇ ئىككى بۇرادىرىنىڭ جەسىدى ئۇلار ئۈچۈن دۇشمەنگە تاقابىـل تۇرۇشـتا تېپىلـماس قورال بولـدى. ئۇلار پارىژ بىلەن جۇڭيانىڭ ۋېيىۇەنخۇيـدىن تىزگىنلەشكە ئامالسىز قالغان بىر ۋەقەگە جاۋابكار بولۇشـنى تەلەپ قىلىشتى. 1848 ـ يىل 6 ـ ئاي كۈنلىرى «تەرتىپـچى شەخسلەر» پارىژ چوڭ جۇجياۋسىـنىڭ ئولـتۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن قوزغىلاڭچىلارغا قارشى پۈتۈن ياۋروپانى زىلزىلىگە كەلتۇرگەن غـەزەپلىـك غوغىنى قانـداق قوزغىغانلىغى كىشلەرگە مەلۇم. ئەمىلىيەتـتە، ئۇلار ھەتتا شۇ چاغـدىلا چـوڭ جۇجياۋنىڭ قول ئاستىدا بولغان ۋە ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ كوچا ئىستىھكاملىرىغا بارغان ئاساسىي ياردەمچى جاكمې ئەپەندىنىڭ گۇۋالىق سوزىدىنلا چوڭ جۇجياۋنى قوزغىلاڭچىلار ئەمەس، بەلكى كاۋىنـياك ئارمىيىسى

ئېتىپ تاشلىغانلىغىنى پۈتۈنلەي بىلگەن ئىدى، بىراق، چوڭ جۈجىيازىنىڭ جەسىدى دەل ئۆلارنىڭ مەقسىدى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. پارىژنىڭ هازىرقى چوڭ جۈجىياۋسى داربۇۋا ئەپەندى گۈڭشى ۋېرسال هوكۈمىتىنىڭ ۋەهشى زوراۋانلىغىغا تاقابىل تۇرۇش، ئۇزىنى قوغداش ئۈچۈن گوروگە ئېلىپ تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى، ئۇنىڭ تىيىرغا يازغان بىر پارچە خېتىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا ئاجايىپ بىر خىل ئالدىن سېزىش باردەك قىلاتتى، يەنى **ترانسىونان ئاتا**[106] ئۇنىڭدىن نەپ ئېلىشنى جىددى ئۈمىت قىلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ جەسىدىدىن پايدىلىنىپ بىر مۇقەددەس غەزەپلىك كەيپىيات قوزغىماقچى بولغاندەك قىلاتتى. ۋېرسالدىكى مەتبۇئاتنىڭ، داربۇۋا ئۇلۇمگە هوكۈم قىلىندى، دەپ جاكالىمايدىغان كۈنى يوق دىيەرلىك؛ «تەرتىپچى شەخىلەر»نىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس زوراۋانلىغىدىن، بارلىق ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇمۇمى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىغىدىن ئېيتقاندا، گۈڭشى ئەمەس، باشقا هەرقانداق بىر هوكۈمەت بولىدىغان بولسا، داربۇۋانى ئۇلۇمگە هوكۈم قىلىشنى ئاللىقاچان تەستىقلىغان بولاتتى. ۋېرسال هوكۈمىتى تېخى ئەمدىلا بىرىنچى قېتىم هەربى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشى بىلەن، شىبەنبىڭلارغا باشچىلىق قىلىپ هەقىقانىيەت يولىدا قەهرىمانلىق قىلغان فلورانسنى ئۆلتۈرگەن **دېمارې** شاڭۋېي دەرهاللا تىيىرنىڭ مۇكاپات لاتىسىغا ئېرىشتى. فلورانس 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى «دولەت مۇداپىە» هوكۈمىتى ئەزالىرىنىڭ هاياتىنى قۇتقۇزۇۋالغان ئىدى. پارىژدىن قېچىپ كەتكەن ۋىنوۋا (قاچقۇن) پەخرى جۈنتۈەن چوڭ كىرىست ئوردىنى بىلەن مۇكاپاتلاندى، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئەسىر چۈشكەن قەهرىمان يولدىشىمىز دۇۋالنى

كوپ تەرەپلىك قورغاندا ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ئىدى، ئۇنىڭ كورسەتكەن ئىككىنچى خىزمىتى بولسا ئەسىر چۈشكەن، پارىژ خەلقى تەرەپتە تۇرغان نەچچە ئونلىغان دائىمى ئارمىيە ئەسكىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىمقى ئىچكى ئۇرۇشنى «دىكابىر ئۇسۇلى»[107] بىلەن باشلىغانلىقى ئىدى. گاللىففې جياڭجۇن — لوندوندىكى بىر ئەرزەن باھالىق ئەدەبىيات قەلەندىرىنىڭ كېلىشكەن تەسۋىرى بىلەن ئېيتقاندا، «گىرىملىك تانسىلاردا ياسىنىشتا ئىككىنچى دىگونىڭ ئاجايىپ كورۇنۇشلىرىدىن بىرى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ھېلىقى خۇجۇي خانىمنىڭ ئېرى» — رۇئېي ئەتراپىدا گومىن زىۋېيجۇننىڭ بىر دۈيجاڭى، فۇگۇەنى ۋە ئەسكەرلىرىگە «تۇيۇقسىز ھۇجۇم» قىلىپ، ئۇلارنى دەررۇ ئېتىپ تاشلىغان، ئارقىدىنلا بىر ئېلان چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ كورسەتكەن بۇ خىزمىتىنى ماختىغان. بۇلار — ۋېرسال ھوكۇمىتى رەسمى تىلغا ئالغان ھەم شەرەپ دەپ بىلگەن قاتىللىق ۋەقەلىرىدىن پەقەت بىرنەچچىسىلا. 80 - دائىمى تۇەننىڭ 25 ئەسكىرىنى 75 - دائىمى تۇەن «ئاسى» دەپ ئېتىپ تاشلىغان.

«كوممۇنىزىمچىلار قوشۇنىدىن ئەسىر ئېلىنغان، دائىمى ئارمىيە كىيىمىنى كىيگەنلىكى كىشى شۇ يەردىلا دەرھال ئېتىپ تاشلاندى، ئۇلارغا زادى كەڭچىلىك قىلىنمىدى. ھوكۇمەت ئارمىيىسى ئىنتايىن ۋەھشى.»

«تىيېر ئەپەندى يىغۇيغا فلورانسنى ئۇلۇمگە ھوكۇم قىلغانلىقى توغرىسىدىكى كىشىنى روھلاندۇرىدىغان تەبرىكلەش دوكلات قىلدى.»

..........................

ۋېرسال. 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى. تىيېر دىگەن تەقى - تۇرقى قاملاشمىغان بۇ پاكار ۋېرسالغا يالاپ ئېلىپ مېڭىلغان ئەسىرلەر توغرىلىق توختالغىنىدا (ئۆزىنىڭ ئېلانىدا) مۇنداق دىگەن:

«ھەققانى زاتلار (پىرتىنىڭ چاپارمەنلىرى!)نىڭ غەمكىن كوزلىرى نومۇسسىز دېموكراتىيە تۈزۈمى ئاستىدىكى مۇنداق نومۇسسىز چىرايلارنى ئەزەلدىن كورگەن ئەمەس.»

«ۋىنوۋا قوزغىلاڭ كوتەرگەن جۇنگۇەنلەرگە ياكى دائىمى ئارمىيە ئەسكەرلىرىگە ھەرقانداق ئىچ ئاغرىتىشقا ئېتىراز بىلدۇردى.»

4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى. **گۇڭشېنىڭ قىساس ئېلىش** (ۋە گوروگە ئېلىش) **توغرىسىدىكى پەرمانى:**

«ۋېرسال ھوكۇمىتىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك قانۇنىنى ۋە ئۇرۇش قانۇنىنى ئۇچۇقتىن ـ ئۇچۇق ئاياق ئاستى قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ فرانسىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن تاشقى دۇشمەنلەرمۇ قىلالمىغان، كىشىنى چوچۇتىدىغان زوراۋانلىقلارنى قىلغانلىقىنى كوزدە تۇتۇپ......شۇنى ئالاھىدە قارار قىلىمىزكى......» (پەرمانىنىڭ ھەرقايسى ماددىلىرى ئاخىردا كورستىلىدۇ)108

## 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى. گۇڭشېنىڭ ئېلانى:

«ۋېرسالدىكى باسمىچىلار بىزدىن ئەسىر چۈشكەنلەرنى ھەر كۈنى قىرماقتا ۋە ئاتماقتا، بىز ھەر سائەت، ھەر مىنۇت ئۇلارنىڭ يېڭى قانلىق ۋەقە تۇغدۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپماقتىمىز...... خەلق ھەتتا غەزەپـ لەنگەن ۋاقىتلىرىدىمۇ، يەنىلا ئىچكى ئۇرۇشتىن نەپرەتلەنگىنىگە ئوخشاش، قان توكۇلۇشتىن نەپرەتلەنمەكتە، لېكىن، ئۇلارنىڭ دۇشمەنىنىڭ ۋەھشى خورلىشى ۋە قىرىشىدىن ئوزىنى قوغداش مەسئۇلىيىتى بار، شۇنىڭ ئۇچۇن، قانچىلىك بەدەل بېرىلسۇن، قانغا قان، جانغا جان ئېلىنىدۇ.»109

«پارىژغا قارشى ئۇرۇش قىلغان شەھەر ساقچىلىرى كۈنىگە 10 فرانك ئېلىپ تۇردى.»

**ۋېرسال. 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى.** يۇقۇرى دەرىجىلىك جۇنگۇەنلەر ۋە باشقا كورۇپ تۇرغۇچىلار ئۇرۇش ئەسىرلىرىنىڭ

(قاچاق ئەسكەرلەر ئەمەس) رەھىمسىزلىك بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە دائىر كىشىنى چوچۇتىدىغان تەپسىلاتلار ئۈستىدە زوقلىنىپ سوزلىشىپ يۈردى.

داربۇۋا تىيېرغا يازغان خېتىدە مۇنداق ئېتىراز بىلدۈرگەن

«ھەددىدىن ئاشقان رەھىمسىز ھەركەتلەر ئوزئارا قىرغىن قىلىشتەك ئۇرۇش تېرورلۇغىنى ئاشۇرۇۋەتتى».

دېگېرى (مادلېن چىركوۋىنىڭ باشقۇرغۇچىسى)مۇ ئوخشاش تەلەپپۇزدا مۇنداق دەپ يازغان:

«بۇ ئۆلتۈرۈشلەر پارىژنىڭ قاتتىق غەزىۋىنى قوزغىدى، بۇ قورقۇنچلۇق قىساس ئېلىشقا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن». «بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ئادەم ئۆلۈمگە ھوكۇم قىلىنسا، بۇ يەردە نەزەربەنت قىلىنىپ گوروگە ئېلىنغان نۇرغۇن ئادەملەردىن ئىككىسى ئۆلۈمگە ھوكۇم قىلىنىدۇ، دەپ قارار قىلىندى. مېنىڭ دىندارلىق سالاھىيىتىم بىلەن سىزگە قويغان تەلەپلىرىمنىڭ قانچىلىك جىددى، قانچىلىك مۇتلەق زورۇر ئىكەنلىكىنى ئويلىنىپ كورۇڭ.»

بۇنداق خىلمۇ-خىل زوراۋانلىقلار يۈز بېرىۋاتقان چاغدا، تىيېر ھەرقايسى ئولكە شېڭجاڭلىرىغا: «يىخۇي خاتىرجەم يىغىن ئوتكۈزمەكتە» (يىخۇيمۇ ناھايىتى ئازادە①) دەپ ئېيتقان.

تىيېر ۋە ئۇنىڭ «پومىششىكلار يىخۇيى»دىكى 15 كىشىلىك ۋېيىۋەنخۇي[110] **«ۋېرسال ئارمىيىسىگە تېخىلىۋاتقان، ئويدۇرۇپ چىقىلغان، شۇ يەرنىڭ ئوزىدىلا ئۆلتۈرۈش ۋە قىساس ئېلىش**

① بۇ نېيگې شۇشياڭى ئۆللۈۋېيىنىڭ سوزىدىن ئېلىنغان. پرۇسسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىش ھارپىسىدا ئۆللۈۋېي ئوزىنىڭ ئۇرۇش جاۋابكارلىقىنى «ئازادىلىك بىلەن» ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. — تەھرىردىن

**ھەركىتى**»نى نومۇسسىزلىق بىلەن «رەسمى ئىنكار قىلدى».
لېكىن ترانسنونان ئاتا ئۆزىنىڭ **پارىژنى توپقا تۇتۇش توغرىسىدىكى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـكۈندىكى ئومۇمى ئۇقتۇرۇشىدا** مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر بىرنەچچە پاي زەمبىرەك ئوقى ئېتىلغان بولسا، ئۇنى ۋېرسال ئارمىيىسى ئاتمىغان، بەلكى بەزى توپىلاڭچىلار ئۆزىنى جەڭ قىلىۋاتقان كىشى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاتقان، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلار بېشىنى چىقىرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.»

تىيېر كەم دېگەندە بىر ئىشتا يەنى يالغانچىلىق بىلەن تولغان ئاخباراتلارنى ئېلان قىلىشتا ئۆزى چوقۇنىدىغان قەھرىمان ناپولېون I دىن ئېشىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرسەتتى. (ئەلۋەتتە، پارىژ تىيېر ئەپەندىنى قارىلاش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزى توپقا تۇتماقتا!)

گوگۇشى بوناپارتچى ئەبلەخلەرنىڭ بۇ ۋەھشى ئىغۋاگەرچىلىكىگە جاۋابەن، گۆرۈگە ئېلىنغان بەزى ئادەملەرنى نەزەربەنت قىلىپ، قىساس ئالىمىز، دەپ تەھدىت سېلىش بىلەنلا چەكلەندى، لېكىن ئۇنىڭ تەھدىدى زادى ھەرىكەتتە كۆرۈلمىدى! ھەتتا جۈنگۈەنچە ياسىنىۋالغان شىيەنبىڭلار، ھەتتا قولغا ئېلىنغانلاردا يېنىدىن بومبا چىققان شەھەر ساقچىلىرىمۇ ھەربى فاتىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىلمىدى! گوگۇشى ئۆزىنىڭ ئىككى قولىنى بۇ ئاتارمەن ـ چاپارمەنلەرنىڭ قېنى بىلەن بۇلغاشنى خالىمىدى!

3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن، كلېمون توما قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بۇجاڭى لېفلوغا گومىن زىۋېيجۈننىڭ توتتىن ئۈچ قىسمىنى قورالسىزلاندۇرۇش توغرىسىدا بىر پىلان سۇنغان. ئۇ مۇنداق دېگەن:

«توپىلاڭچىلارنىڭ جەۋھىرى مونىمارتىر ئەتراپىغا توپلانغان ھەمدە بېلۋىل بىلەن بىردەك ھەركەت قىلماقتا.»

## گومىن يىغۆي

ۋېرسالدا ھوقۇق تۇتقان شەخسلەر بارلىق قورولىلارنى بۇرۇنلا دۇشمەنگە تاپشۇرۇپ بەرگەن، قىلچە مۇداپىئەسى بولمىغان پارىژنى سېتىۋەتكەن ئىدى. ئۇلار 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى دۇشمەننىڭ بېسىمى ئاستىدا گومىن يىغۆينى سايلاپ چىقتى، بۇ ۋېرسال يىغۆيىنىڭ پەقەت بىرلا مەقسىدى بار ئىدى ـــ 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ۋېرسالدا ئىمزالانغان تەسلىم بولۇش كېلىشىمگە ئاساسەن ئېنىق بەلگىلەنگەن بىردىن ـ بىر مەقسەت يەنى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ياكى سۇلھى شەرتنامىسى ئىمزالاشنى بەلگىلەش؛ ئەگەر سۇلھى شەرتنامىسى ئىمزالىنىدىغان بولسا، سۇلھى شەرتنامىسىنىڭ شەرتلىرى ئۈستىدە كېلىشىش ھەمدە پرۇسسىيە ئارمىيىسىنى فرانسىيە زېمىنىدىن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تېزرەك چېكىندۈرۈپ كېتىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئىدى.

## شانزى، پارىژنىڭ چوڭ جۇجياۋسى ۋە باشقىلار

شانزىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى سېپسىنىڭ چېكىنىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا دېگۈدەك بولدى. باۋخۇاڭپەي مۇخبىرلارنىڭ ھەممىسى بىردەكلا، **بۇ جياڭجۈن ئۆلۈمگە ھوكۇم قىلىندۇ، دەپ ھېسابلاشقان.** ئۇلار بۇ يېقىملىق ھەركەتنى قىزىللارغا تاڭماقچى بولۇشقان. ئۇلار، شانزىنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا 3 قېتىم بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى، بۇ نوۋەت ئۇ راستلا ئېتىپ تاشلىنىدىغان بولدى، دېيىشكەن.

**ۋاندوم مەيدانى ۋەقەسىدىن**① **كېيىن** ۋېرسال ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ۋېرسالغا ھۇجۇم قىلىندۇ، دەپ مولچەرلەنگەن، چۈنكى گۇڭشې ھەركىتىنىڭ رەھبەرلىرى، ئەگەر گومىن يىخۇي ھەرقانداق دۈشمەنلىك ھەركەت قوللانسا، بىز ۋېرسالغا يۈرۈش قىلىمىز، دەپ جاكالىغان ئىدى. يىخۇي ھېچقانداق دۈشمەنلىك ھەركەت قوللانمىدى. ئەكسىچە، ئۇ ئوخشاشلا بىر جىددى تەكلىپنى ماقۇللاپ، پارىژدا گۇڭشې سايلىمى ئۆتكۈزۈشنى ۋە باشقىلارنى قارار قىلدى. يىخۇي مۇشۇ يول قويۇشلار بىلەن ئۆزىنىڭ كۈچسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا، **باۋخۇاڭداڭ ۋېرسالدا خىلمۇ ـ خىل سۇئىقەستلەر ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىشماقتا ئىدى.** بوناپارتنىڭ جياڭجۈنلىرى ۋە ئومال گۇڭجۇي[111]. فافىر بىسماركنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى، ئۇ خەتتە، تەرتىپ ئەگەر 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىگىچە ئەسلىگە كەلمىسە، گېرمانىيە ئارمىيىسى پارىژنى ئىشغال قىلىدۇ، دىيىلگەنلىكىنى ئوچۇق ئىقرار قىلدى. قىزىل ئۈنىسۇرلار ئۇنىڭ نەيرىڭىنى سېزىۋالدى. ۋاندوم مەيدانى ۋەقەسىنى يالغان ھوججەت ياساشنىڭ ئۈستىسى، **رەزىل، قەبىھ ئىيىزۇئىت جۇل فافىر** قوزغىدى، ئۇ (3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى؟) ۋېرسال يىخۇيىنىڭ مۇنبىرىگە چىقىپ، ئۆزىنى توۋەن ئورۇندىن ئوستۇرگەن خەلقنى ھاقارەتلەپ، پارىژ بىلەن باشقا ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ ـ قارشىلىق پەيدا قىلدى.

**3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى. گۇڭشېنىڭ ئېلانى:**

---

① مۇشۇ كىتاپنىڭ 311 ــ 314 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن. ــ تەرجىماندىن

«بۈگۈن، سىلەر ھەتتا قوغلاپ زەربە بېرىشنى راۋا كورمىگەن جىنايەتچىلەر كوكسى ـ قارىنىڭلارنىڭ كەڭلىكىدىن تازا پايدىلىنىپ، پارىژ شەھرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا باۋخۇاڭلىق سوئىقەست ئېلىپ بارىدىغان بىر ئوۋا سالدى. ئۇلار ئىچكى ئۇرۇش پەيدا قىلماقچى؛ ئۇلار بارلىق چىرىك ئۇسۇللارنى قوللانماقچى؛ ئۇلار ھەرقانداق كىشى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، سوئىقەست قىلىشنى خالايدۇ؛ ئۇلار نومۇسسىزلىقتا چەتئەلدىن ياردەم تىلەش دەرىجىسىگىچە بېرىپ يەتتى.»112

# تىيېر

4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، تىيېر سېنا ئولكىسىدىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ چۈيجاڭلىرىنى، چۈيجاڭ ياردەمچىلىرىنى، شەھەر ئەتراپىدىكى شەھەر ـ جېن سەنيىخۇي ئەزالىرىنى كۈتۈۋالغاندا مۇنداق دىگەن:

«جۇمھۇرىيەت ھەقىقەتەن مەۋجۇت. مەمۇرى باشلىق—پەقەت ئاددى بىر گۇگمىن.»

تىيېرنىڭ نەزىرىدە فرانسىيىنىڭ 1830 ـ يىلدىن 1871 ـ يىلغىچە بولغان ئىلگىرىلىشى شۇ يەردە: 1830 ـ يىلى لۇئى ـ فىلىپپ «ئەڭ ياخشى جۇمھۇرىيەت» ئىدى؛ 1871 ـ يىلغا كەلگەندە، لۇئى ـ فىلىپپ سۇلالىسىنىڭ تاشقا ئايلانغان داچېنى پەتەك تىيېرنىڭ ئوزى **ئەڭ ياخشى جۇمھۇرىيەت بولۇپ قالغان.**

تىيېر ئەپەندى ئوز ھوكۇمرانلىقىنى ھوقۇق دائىرىسىدىن ئېشىپ كېتىش بىلەن باشلىدى. گومىن يىخۇي ئۇنى يىخۇي نېيگېسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن ئىدى؛ ئۇ ئوزىنى فرانسىيىنىڭ مەمۇرى باشلىقلىقىغا تەيىنلىۋالدى.

## گومىن يىخۇي ۋە پارىژ ئىنقىلاۋى

چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن چاقىرىلغان گومىن يىخۇي 1 ـ ئايىنىڭ 28 ـ كۇنىدىكى ۋېرسال كېلىشىمىنىڭ رەسمى بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ياكى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلىش ياكى سۇلھى شەرتلىرىنى بەلگىلەش مەقسىدى ئۇچۇنلا سايلانغان ئىدى. پارىژدىكى تەسلىمچىلەر فرانسىيە خەلقىنى ئاۋاز بېرىشكە قاتنىششقا چاقىرغان چاغدا، ئۇزلىرى يىخۇينىڭ بۇ پەۋقۇلئاددە ۋەزىپىسىنى ئېنىق بەلگىلىگەن ئىدى. يىخۇينىڭ تەركىۋىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە مۇشۇنىڭ بىلەن ئىزاھلىغىلى بولىدۇ. تەسلىمچىلەر ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى قوللارچە باش ئېگىپ قوبۇل قىلدى، بۇ كېلىشىمدىكى شەرتلەرنىڭ ئۇزىلا ئۇرۇشنى زادىلا داۋاملاشتۇرالمايدىغان قىلىپ قويدى. شۇڭا يىخۇي ئەمىلىيەتتە پەقەت بىر خورلىنىش سۇلھى شەرتنامىسىنى ئىمزالىيا ـ لايتتى؛ بۇ پەۋقۇلئاددە خىزمەتنى ئورۇنلاش ئۇچۇن فرانسىيىنىڭ ئەڭ يامان ئادەملىرى ئەڭ مۇۋاپىق ئادەملەر ھېساپلىناتتى.

جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىغىنى شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىدە ئۇزىچىلا دولەت مۇداپىيە ھوكۇمىتى قۇرۇۋالغان دەۋا ھوددىگەرلىرى ئېلان قىلمىدى، بەلكى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۇنى پارىژ خەلقى ئېلان قىلدى. ئۇ پۇتۇن فرانسىيىنىڭ بىردەك ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇ پارىژنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك قارشىلىق كورسىتىشىنى ئاساس قىلغان 5 ئايلىق ئۇرۇشى ئارقىلىق ئۇزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۇردى. ئەگەر جۇمھۇرىيەت ئېلىپ بارغان ھەمدە جۇمھۇرىيەت نامىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئۇرۇش بولمىغان

بولسا، ئۇ ھالدا، سېداندىكى تەسلىمدىن كېيىن، دىگو بىسمارك تەرىپىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولاتتى، تىيېر ئەپەندى باشچىلىغىدىكى دەۋا ھوددىگەرلىرى پارىژغا ۋاكالىتەن تەسلىم بولماي، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ كەيئېنگە ساياھەتكە بېرىپ قالماسلىغىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تەسلىم بولغان بولاتتى، پومىششىكلار يىخۇيى دىگەن نىمىۇ زادى بولمىغان بولاتتى. پارىژ جۇمھۇرىيەت ئىنقىلاۋىنى باشلىغانلىغى ئۈچۈنلا، پومىششىكلار يىخۇيى قۇرۇلدى. پومىششىكلار يىخۇيى ، تىيېر ئەپەندى كىشىنىڭ كوڭلىنى ئېلىش- تۈرۈپ قايتا - قايتا ئېيتقىنىدەك، ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىخۇي ئەمەس؛ ئەگەر ئۇ جۇمھۇرىيەت ئىنقىلاۋىدا يۈزبەرگەن ۋەقەلەرنى خاتىرىلىگۈچىلا بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ بوناپارت سۇلالىسىنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىغىنى جاكالاش ھوقۇقىمۇ بولمىغان بولاتتى. شۇڭا، فرانسىيىنىڭ بىردىن - بىر قانۇنىي ھاكىمىيىتى — پارىژنى مەركەز قىلغان **ئىنقىلاپنىڭ** ئۆزى. بۇ ئىنقىلاپنى ئېلىپ بېرىش كىچىك ناپولېونغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىككىنچى دىگونى پەيدا قىلغان ھەمدە ئىككىنچى دىگو ھاكىمىيىتى ئاستىدا راۋاج- لىنىپ يۇقۇرى پەللىگە يەتكەن ئىجتىمائى ۋە سىياسى شەرت - شارائىتنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش ئۈچۈن ئىدى؛ ئەگەر بۇ ئىجتىمائى ۋە سىياسى شەرت - شارائىتنى فرانسىيە پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىدىن ئىبارەت يېگى كۈچ تۈپ يىلتىزىدىن يوقاتمىغان بولسا، فرانسىيە خۇددى بۇ قېتىمقى پرۇسسىيىگە قارشى ئۇرۇش روشەن كورسىتىپ بەرگىنىدەك، بىر مۇردىغا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. پومىششىكلار يىخۇيى ئىنقىلاپتىن ھازىرقى «مەمۇرى دائىرە»لەر ئۈستىگە ئالغان، ئۆزىنى چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا ساتىدىغان ئاپەت

خاراكتېرلىق شەرتنامىنى ئىمزالاش ۋەكىللىك ھوقۇقىنىلا ئالـغان ئىدى. شۇڭا، بۇ پومېششىكلار يېڭىۋىننىڭ ئىنقىلاپنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەسلىم بولغۇچىلار دېمەكچى بولغانلىقى راستىلا كىشىنى چوچۇتەرلىك دەرىجىدە ھوقۇق دائىرىسىدىن ئېشىپ كەتكەنلىك. ئۇنىڭ پارىژغا قاراتقان ئۇرۇشى پرۇسسىيە سىداۋلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا قىلغان بىر قېتىملىق قورقۇنچاق شۇئان توپىلىڭدىنلا[113] ئىبارەت. بۇ فرانسىيىنى قەتلى قىلىدىغان قىپ-يالىڭاچ سۇئىقەست بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىدى چۈشكۈنلەشكەن، زەئىپلەشكەن، چىرىگەن سىنىپلارنىڭ ئىمتىيازىنى، لۈكچۇەنلىك ئورنىنى ۋە ھەشەمەتلىك تۇرمۇشىنى ساقلاپ قېلىش ئىدى، دەل مۇشۇ سىنىپلار فرانسىيىنى چوڭقۇر يار گىرداۋىغا ئېلىپ باردى، ئۇنى پەقەت ھەقىقى ئىجتىمائى ئىنقىلاپنىڭ ھېركۇلىسچە بۈيۈك قوللىلا قۇتقۇزۇۋالالايدۇ.

## تىيېرنىڭ ئەڭ خىللانغان ئارمىيىسى

تىيېر ئەپەندى تېخى «موھىم دولەت ئەربابى» بولۇشتىن ئىلگىرىلا، تارىخشۇناس سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ يالغانچىلىق ماھارىتىنى كۆرسەتكەن ئىدى. لېكىن، يەر پاپىسىغا خاس شوھرەتپەرەسلىك بۇ قېتىم ئۇنى رەسۋا قىلدى، ئۇنى ئەڭ قاتتىق مەسخىرىگە قالدۇردى. ئۇنىڭ تەرتىپچىلەر ئارمىيىسى بىسماركنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئەمدىلا پرۇسسىيە تۇرمىلىرىدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن بوناپارت چېرىكلىرىدىنىڭ داشقاللىرى، جياۋخۇاڭنىڭ زۇئاف ئەسكەرلىرى، شارېتنىڭ شۇئان ئەسكەرلىرى، كاتېلىنونىڭ ۋاندى ئەسكەرلىرى، ۋالېنتىننىڭ «شەھەر جەڭچىلىرى»[114]، پېترىنىڭ بۇرۇنقى شەھەر ساقچىلىرى ۋە لۇئى بوناپارت دەۋرىدە ئارمىيىدە پايلاقچىلا بولغان، تىيېر

ئەپەندىنىڭ قولىدا بولسا ئارمىيىنىڭ جەۋھىرىنى تەشكىل قىلغان ۋالېنتىننىڭ كورسىكا شيەنبىڭلىرى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى جيەنجاڭ تاقىغان پايلاقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا تۇراتتى، ئۇلارغا ئار ـ نومۇسنى يوقاتقان، جەڭدىن باش تارتىدىغان دىكابىرچى يۈەنشۈەيلەر قوماندانلىق قىلاتتى. مانا مۇشۇ بىر تۇركۇم قېتىش ـ قوماش قىلىنغان، ئىپسىپ ئولتۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان بىرنەمىلەرگە تىيېر ئەپەندى **«فرانسىيىدە ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان ئەڭ خىللانغان ئارمىيە»** دەپ چىرايلىق ئات قويغان! ئۇ پرۇسسىيىلىكلەرنى سېن ـ دېنىسدا تۇرىۋېرىشكە يول قويىدى، دېيىلسە، بۇ پەقەت ئۇنىڭ ۋېرسالدىكى مۇشۇ «ئەڭ خىللانغان ئارمىيە»نىڭ سۈرى بىلەن ئۇلارنى قورقىتىپ قويۇش ئۈچۈن بولغان ئىدى.

## تىيېر

خىلمۇ ـ خىل ئۇششاق سىياسى ئالدامچىلىقلار. تىنىماي يىخۇي سۇئىقەستنى پىلانلىغۇچى تىيېر ئەپەندى ئەزەلدىن بىر «قابىلىيەت-لىك» گېزىتچى، گەپ ئويىنىتىدىغان «مۇنازىرىخور»، يىخۇي ئالدامچىلىغىنىڭ مۇتەخەسسىسى، ۋاپاسىزلىقىنىڭ ئۈستىسى، يىخۇيدىكى پارتىيە ـ گۇرۇھلار كۆرىشىدە ئۇششاق نەيرەڭۋازلىق، رەزىل مەككارلىق ۋە سۇئىقەست، ھىلە ـ مىكىرنىڭ پىرى. بۇ مۇدھىش پاكار يېرىم ئەسىر جەريانىدا فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ چىن كوڭلى بىلەن چوقۇنۇشىغا ئىگە بولۇپ كەلدى، چۈنكى ئۇ مۇشۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ سىنىپىي چىرىكلىكىنىڭ ئەڭ ھەقىقى ئىدىيىۋى ۋەكىلى. ئۇ قارشى گۇرۇھلار قاتارىدا تۇرغاندا، ئۇزىنىڭ كەم بولسا

بولمايدىغان ئەركىنلىك توغرىسىدىكى چىرىك ۋەز - نەسىھەتلىرىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي تەكرارلايدۇ، ئۇ تەختكە چىققاندا بولسا، بۇ ئەركىنلىكلەرنى باسىدۇ. ئۇ ھاكىمىيەت سىرتىدا تۇرغاندا، دائىم فرانسىيىنىڭ قىلىچى بىلەن ياۋروپاغا ھەيۋە قىلىدۇ. ئۇنىڭ دىپلوماتىيىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەمىلىيەتتە نىمىدىن ئىبارەت بولدى؟ ئۇ شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، 1841 - يىلى لوندون ئەھدىنامىسىنىڭ خورلۇغىنى قوبۇل قىلدى[115]؛ گېرمانىيىنىڭ بىرلىكىگە قارشى جاراڭلىق سوزلىرى بىلەن پرۇسسىيىگە قارشى ئۇرۇشنى تېزلەتتى؛ 1870 - يىلى، ئۇ ياۋروپا ئوردىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك زىيارەت قىلىپ، ئۇلارغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ، فرانسىيىنىڭ يۈزىنى قويمىدى؛ 1871 - يىلى، ئۇ پارىژ تەسلىمنا-مىسىگە قول قويۇپ، «ھېچقانداق بەدەلنى ئايىمايدىغان تېچلىق»نى قوبۇل قىلدى ھەمدە پرۇسسىيىگە يالۋۇرۇپ، ئۇنىڭ بىر ئىشتا ئۆزىگە يول قويۇشىغا ئېرىشۋالدى—ئۆزىنىڭ ئاياق ئاستى قىلىنغان مەملىكىتىدە ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش ئۈچۈن يول قويۇشقا ۋە ئىچكى ئۇرۇش قوزغايدىغان ۋاستىلەرگە ئىگە بولۇۋالدى. ئەلۋەتتە، ھازىرقى زامان جەمىيىتىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ھاياتىي كۈچنى بۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەر زادى بىلمەيدۇ، ئۇ ھەتتا ھازىرقى زامان جەمىيىتىنىڭ يۈزىدە بولۇۋاتقان ئەڭ روشەن ئۆزگىرىشلەرنىمۇ چۈشىنەلمەيدۇ. مەسلەن، ئۇ فرانسىيىنىڭ كونا قوغدىنىش چېگرا بېجى تۈزۈمىگە خىلاپ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇقەددەس نەرسىلەرگە ھورمەتسىزلىك قىلغانلىق دەپ ئەيىپلىدى؛ ئۇ لۇئى - فىلىپپىنىڭ داچېنى بولغان چېغىدا تومۇريول سېلىشنى ھەتتا كەمسىتىپ بىمەنە غەلىتە ئىش دەپ ئەيىپلىدى؛ ئۇ ھەتتا

لۇئى بوناپارت زامانىدىمۇ فرانسىيىنىڭ چىرىك ھەربى تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى ھەرقانداق تەدبىرگە قاتتىق قارشى تۇردى. ئۇ ــ پىكىر قىلمايدىغان، ئېتىقاتسىز، يۈرەكسىز ئادەم.

ئۇ ئۇزىنى كورسىتىش، ھوقۇقىنى ھىمات قىلىپ، كۈچىنى كورسىتىش، دولەت غەزىنىسىگە قول تىقىش كويىدىلا يۈرگەنلىكتىن، قارشى گۇرۇھلۇق ئورۇنغا سىقىپ چىقىرىلغان چاغدا، رەقىپلىرىنىڭ ئورنىغا چىقىش ئۇچۇن، ھامان قولىدىن كېلىدىغانلىكى ۋاستىنى قوللىنىپ، ئاممىنى قۇترىتىپ، چوڭ بالايى ـ ئاپەت پەيدا قىلاتتى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ــ بىر كەسپىي «ئىنقىلاپچى». شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ــ كونا قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئېسىلىۋالىدىغان ئەڭ پۇچەك مۇتەئەسسىپ ئادەم ۋە باشقىلار. ئۇ ئىشچىلار سىنىپىنى **«پەس خەلق»** دەپ ھاقارەتلەيدۇ. قانۇن چىقىرىش يىغىنىدىكى ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھەمرىيى **بېلى** ئەپەندى (ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش، كاپىتالىست، شۇنداقتىمۇ پارىژ گۇگشېسىنىڭ ۋېيىۋەنى) بىر ئاشكارا باياناتىدا ئۇنىڭغا مۇنداق دىگەن:

«ئەمگەكنى كاپىتالغا قۇل قىلىپ بېرىش (asservissement) سېنىڭ سىياسىتىڭنىڭ ئاساسى بولۇپ كەلدى. سەن پارىژ شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىدە ئەمگەكچىلەر جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى جاكالانغانلىقىنى كورگەن كۇنۇڭدىن تارتىپ، فرانسىيىگە: ئۇلارنىڭ ھەممىسى جىنايەتچىلەر! دەپ تىنماي جار سېلىپ كېلىۋاتىسەن.»

تىيېر ئەپەندىنىڭ ئۇزىنىڭ ئىچكى ئىشلار بۇجاگى ئېرنېست پىكارنى «خەلقارا جەمىيەت»نىڭ پارىژ بىلەن خەۋەرلىششىنى توسۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۇشۇرۇشكە ئۇندىگەنلىكى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس (3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۇنىدىكى **يىغۇي**

**يىغىنى). تىيىر ئوزىنىڭ شىڭجاڭلىرى ۋە ۋىلايەت چۇيجاڭلىرىغا بەرگەن ئومۇمى ئۇقتۇرۇشىدا مۇنداق دىگەن:**

«يامان ئىشچىلارغا قارىغاندا ئادىمى ناھايىتى كوپ ياخشى نىيەتلىك ئىشچىلار چۇشىنىشى كېرەككى، ئەگەر بولىغا يەنە بىر نوۋەت قولدىن كېتىپ قالسا، ئۇ ھالدا، ئۇلار بۇنى ئىنتېرناتسونال بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ماھىرلاردىن كورۇشى كېرەك، ئۇ كىشلەر ئوزلىرىنى ئەمگەكنى ئازات قىلغۇچى دەپ ئاتىۋالغىنى بىلەن، ئەمىلىيەتتە ئەمگەكنىڭ زالىم پادىشالىرى.»

**ئىنتېرناتسونال** بولمىسا.....①

(ئەمدى پۇل مەسلىسى ئۇستىدە توختىلىمىز). (تىيىر بىلەن فافىر ئوزلىرىنىڭ پۇللىرىنى لوندونغا خۇيلىۋەتكەن.) ئارازلاشسا قاراقچىلار، ئىچكى سىرى ئېچىلار، دىگەن ماقال بار. شۇڭا، بىز ئۇنىڭ بەتبەشىرىسى توغرىسىدىكى تەسۋىرىمىزنى ئاياقلاشتۇرۇۋاتقىنىمىزدا، لوندوندا چىقىدىغان، ئۇنىڭ ۋېرسالدىكى جياڭلىڭلىرىنىڭ خوجايىنىغا مەنسۇپ بولغان ئورگان گېزىتىدىن نەقىل كەلتۇرگىنىمىز ھەممىدىن تۇزۇك بولار. 3-ئاينىڭ 28-كۇنىدىكى «ۋەزىيەت گېزىتى»[116] مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«تىيىر ئەپەندى ھەر نوۋەت داچېن بولغىنىدا ئەسكەرلىرىنى ھامان خەلقنى قىرىشقا سالدى. ئۇ ئاتلارنى قىردى، ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا تەگدى، ھوكۇمەتنىڭ پۇلىنى يەۋالدى، باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوغرىلىۋالدى، خائىنلىق قىلىپ، يوشۇرۇن قەست قىلدى، ئۇ تازا قارا نىيەت، ئۇنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.»

**قۇۋلۇق بىلەن ھىلە-مىكىر ئىشلىتىشنىڭ، ئىشنى باشقىلارغا دوڭگەپ قويۇشنىڭ ماھىرى.**

---

① قولىيازمىدا بۇ جۇملىنىڭ ئاخىرى يېزىلىپ بولمىغان.—تەھرىردىن

ئىيۇل ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرى، ئۇ جۇمھۇرىيەتچىلەرگە ئارىلىشىپ يۈرگەن ئىدى، لۇئى - فىلىپپ ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە، ئۇ ئۆزىنىڭ كونا شەپقەتچىسى لاففىتنى سىقىپ چىقىرىپ، بىرىنچى قېتىم داچېنلىق ئورۇنغا ئىگە بولۇۋالدى. ئۇنىڭ قىلغان بىرىنچى ئىشى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھەمكارلاشقۇچىسى ئارمان كاررېلنى زىندانغا تاشلاش بولدى. ئۇ بېرى گۇگىجۇي خانىمغا تاقابىل تۇرۇشتا پايلاقچى ۋە تۇرمە تۇغۇت ئانىسى بولۇشقا تايىنىپ لۇئى - فىلىپپنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇۋالدى. لېكىن ئۇنىڭ پائالىيىتىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى قوزغىلاڭ كوتەرگەن پارىژ جۇمھۇرىيەتچىلىرىنى ترانسنونان كوچىسىدا قىرىش ۋە گېزىت - ژورناللارنى مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى سىنتەبىر پەرمانىنى تۈزۈش بولدى، كېيىن بۇ پەرمانلار گاللىشىپ كەتكەن قوراللار تاشلىۋېتىلگەندەك تاشلىۋېتىلدى. 1840 - يىلى، ئۇ ئۆزىنىڭ نەيرەڭۋازلىغىغا يۆلىنىپ يەنە بىر نوۋەت تەختكە چىققاندىن كېيىن، پارىژنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش فاكئەننى ئوتتۇرىغا قويدى. «گومىنباۋ»چى بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرىدىن باشقا بارلىق دېموكراتلار بۇ فاكئەننى پارىژنىڭ ئەركىنلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈشكە ئۇرۇنۇش دەپ ھېساپلاپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان ئىدى. تىيېر ئەپەندى جۇگىيىۋەن مۇنبىرىدە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قاتتىق ئەيىپلىشىگە جاۋابەن مۇنداق دېگەن:

«بۇ قانداق گەپ؟ سىلەر، شەھەر مۇداپىئەسى كۈچەيتىلسە، ئەركىنلىككە خەۋپ سالىدۇ، دەپ ھېساپلامسىلەر؟...... بۇنداق تەسەۋۋۇر ھېچقانداق رېياللىقنى نەزەرگە ئالمىغانلىق بولىدۇ. سىلەر ئالدى بىلەن، مەلۇم بىر ھوكۇمەت ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مەلۇم بىر پەيتتە پارىژنى

توپقا تۇتۇشقا جۈرئەت قىلدۇ، دەپ قەستەن تۆھمەت قىلىۋاتىسىلەر. بۇ قانداق گەپ؟ بىر ھۆكۈمەت مەجرۇھ ھەربىلەر قوروسىنى ياكى مەشھۇر ئادەملەر خاتىرە ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىسىنى بومبا بىلەن پارتلىتىۋەتكەن، سىلەرنىڭ ئائىلىلىرىڭلارنىڭ تۇرار جايلىرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەندىن كېيىنمۇ، يەنە سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا چىقىپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئەستىقلىشىڭلارنى تەلەپ قىلالامدۇ! بۇنداق بىر ھۆكۈمەتنىڭ غەلىبىدىن كېيىن يۈت تىرەپ تۇرۇشى غەلىبىدىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا يۈز ھەسسە تەس.»

شۇنداق، مەيلى لۇئى-فىلىپپ ھۆكۈمىتى بولسۇن، بوناپارتىنىڭ مۇۋەققەت ھۆكۈمىتى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىمۇ پارىژدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىپ، ئاندىن ئۇنى توپقا تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى. شەھەر مۇداپىئە گۈڭشلىرىدىن بۇنداق پايدىلىنىش ئۇسۇلى بۇ گۈڭشلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پىلانلىغۇچىسى تىيېر ئەپەندىگە قالدۇرۇلغان ئىدى.

1848-يىل 1-ئايدا، ناپلېسنىڭ توپ ئوقى پادىشاسى[1] پالېرمو شەھرىنى توپقا تۇتقاندا، تىيېر ئەپەندى يەنە جۈكىيىۋەندە نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېگەن:

«مۇھتەرەم ئەپەندىلەر، سىلەرنىڭ پالېرمودا يۈزبەرگەن ۋەقەدىن خەۋىرىڭلار بار. بىر چوڭ شەھەرنىڭ ئۇدا 48 سائەت توپقا تۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلىغىنىڭلاردا ھەممىڭلار قورقۇپ كېتىسىلەر. زادى كىم توپقا تۇتتى؟ ئۇرۇش ھوقۇقىنى ئىشلىتىۋاتقان تاشقى دۈشمەن توپقا تۇتتىمۇ؟ ياق، مۇھتەرەم ئەپەندىلەر، ئۇنى ئۆز ھۆكۈمىتى توپقا تۇتتى. زادى نېمە ئۈچۈن؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ بەختسىز شەھەر ئۆز ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلدى. خوش، ئۇ ئۆز ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشنى

---

① فېردىناند II. — تەھرىردىن

تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈنلا 48 سائەت توپقا تۇتۇلدى. مېنىڭ ياۋروپا جامائەتچىلىكىگە مۇراجىئەت قىلىشىمغا رۇخسەت قىلىڭلار. ياۋروپا بويىچە، ئېھتىمال، ئەڭ ئۇلۇق بولغان بۇ مۇنبەردە تۇرۇپ، بۇنداق ھەركەتنى غەزەپلىك سوزلەر بىلەن ئەيىپلەش ئىنسانىيەت ئۈچۈن قوشۇلغان بىر خىل توھپە بولىدۇ. مۇھتەرەم ئەپەندىلەر، بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن ئاۋستىرىيىلىكلەر ئۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، ئۇزاق ۋاقىتقىچە مۇھاسىرىدە قېپقالماسلىقى ئۈچۈن لىل شەھىرىنى توپقا تۇتماقچى بولغاندا، كېيىن، ئىنگلىزلارمۇ ئۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، كوپىنھاگېننى توپقا تۇتقاندا، يېقىندا، ئوز ۋەتىنى ئۈچۈن خىزمەت كورسەتكەن مۇۋەققەت پادىشا ئېسپارتېرو بارسېلونا شەھىرىنى توپقا تۇتۇپ، ئۇ يەردىكى قوزغىلاڭنى باستۇرماقچى بولغاندا پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئورتاق غەزەپ ساداسى ياڭراتقان ئىدى.»

ئاردىن بىر يىلدىن كوپرەك ۋاقىت ئوتكەندىن كېيىن، تېيېر فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ئارمىيىسىنىڭ رىمنى توپقا تۇتۇشىنىڭ ئەڭ تەلۋىلەرچە ئاقلىغۇچىسى بولۇپ قالدى، ئۇ ئوزىنىڭ دوستى شانگارنىي جياڭجۇننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختىدى، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ دوستى فرانسىيە ئاساسىي قانۇننى بۇزۇش قىلمىشىغا ئېتىراز بىلدۈرگەن پارىژ كومىن زۇڭبېيجۇننى قىلچىنى ئوينىتىپ چاپقان ئىدى.

1848 ـ يىل فېۋرال ئىنقىلاۋىدىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن، گىزونىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىغان، ئۇزاق ۋاقىتقىچە مەنسەپلىك بولالماي ئىچ ـ ئىچىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن تېيېر يېتىپ كېلەي دەپ قالغان خەلق بورىنىنىڭ پۇرىغىنى پۇرىغان ھامان، بۇ خەلق بورىنىنىڭ ئوزىنىڭ رەقىپلىرىنى قوغلىۋېتىشكە ياردەم بېرىشىنى ۋە لۇئى ـ فىلىپپنى ئوزىنى خىزمەتكە قويۇشقا مەجبۇر قىلىشىنى ئۈمىت

قىلدى. شۇنىڭ بىلەن **تىيېر** جۇڭيىيۇەندە ۋالاقلاپ مۇنداق دېدى:

«مەن ئىنقىلاۋىي پارتىيىگە مەنسۇپ، فرانسىيىنىڭ ئىنقىلاۋىي پارتىـ-
يىسىگىلا مەنسۇپ بولۇپ قالماي، بەلكى پۈتۈن ياۋروپانىڭ ئىنقىلاۋىي
پارتىيىسىگىمۇ مەنسۇپ. مەن ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتنىڭ موتىدىللەرنىڭ
قولىدا قېلىشىنى ئۈمىت قىلىمەن...... لېكىن، بۇ ھوكۇمەت قىزغىن
شەخسلەرنىڭ ھەتتا رادىكاللارنىڭ قولىغا ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، مەن
بۇنىڭلىق بىلەن، ئۆزەم ھىمايە قىلىغان ئىشتىن ھەرگىز ۋازكەچمەيمەن.
مەن مەڭگۈ ئىنقىلاۋىي پارتىيىگە مەنسۇپ بولۇپ قالىمەن.»

جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقى جاكالانغاندىن تارتىپ سىياسى
ئۆزگىرىشكە قەدەر فېۋرال ئىنقىلاۋىنى باستۇرۇش ئۇنىڭ بىردىن-
بىر خىزمىتى بولدى.

فېۋرال ئىنقىلاۋى پارتىلىغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى بىرقانچە
كۈندە، ئۇ غەم - غۇسسە بىلەن يوشۇرۇنۇۋالدى، پارىژ ئىشچىلىرى
بولسا ئۇنى شۇنچىلىك پەس كورەتتىكى، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن
ئۆچەكىشىپ يۈرۈشنىمۇ راۋا كورمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ھەممىگە
ئايان شۇنداق قورقۇنچاقلىقى — تىيېرنىڭ ماختىنىپ «بىر كۈنى
رېين دەرياسى بويىدا ئۆلىمەن» دېگىنىنى ئاڭلىغان ئارمان كاررېل
ئۇنىڭغا جاۋابەن: «سەن قاراڭغۇ ئۆڭكۈردە ئۆلىسەن» دېگەن —
ئۇنى ئىيۇن قوزغىلاڭچىلىرى قىرغىن قىلىنىشتىن يەنى خەلق
كۈچلىرى تارمار قىلىنىشتىن بۇرۇن جامائەت سورۇنلىرىدا
كورۈنەلمەيدىغان قىلىپ قويغان ئىدى. دەسلەپ ئۇ پۈۋاتىي
كوچىسىدىكى باش جەمىيەتنىڭ سۇئىقەستىگە مەخپى قوماندانلىق
قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن ئىدى، بۇ سۇئىقەست كېيىن دېگونىڭ
تىرىلىشىگە ئېلىپ باردى؛ ۋەزىيەت خېلىلا ئايدىڭلاشقاندا، ئۇ

ئاندىن يەنە ئاشكارا كورۇنەلەيدىغان بولدى.

---

پارىژ مۇھاسىرىدە تۇرغان مەزگىلدە، بىرەيلەن، پارىژ تەسلىم بولماقچىمۇ، قانداق، دەپ سورىغاندا، جۇل فافىر «تەسلىم» دىگەن سوزنى ئېغىزدىن چىقىرىش ئۇچۇن ئالدى بىلەن پارىژنى توپقا تۇتۇش كېرەك! دەپ جاۋاپ بەرگەن. بۇمۇ ئۇنىڭ پرۇسسىيلىك-لەرنىڭ توپقا تۇتۇشىغا بىلدۇرگەن ئېتىرازىنىڭ ئوينىغان ئويۇندىن باشقا نەرسە ئەمەسلىگىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، پرۇسسىيلىكلەر-نىڭ توپقا تۇتۇشى بىر خىل قۇرۇق ھەيۋىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىگىنى، تىيېرنىڭ توپقا تۇتۇشى بولسا رەھىمسىز رىياللىق ئىكەنلىگىنى كورسىتىپ بېرىدۇ.

يىخۇي مەلئۇنى.

ئۇ ئەمەلدارلىق سورۇنىدا 40 يىل جان باقتى. ئۇ ئەزەلدىن سىياسى ياكى تۇرمۇشىنىڭ ھېچبىر ساھەسىدە پايدىلىق بىرەر تەدبىرنى تەشەببۇس قىلىپ باققان ئەمەس. ئۇ شوھرەتپەرەس، گۇمانخور، راھەتپەرەس بولۇپ، ئەزەلدىن يوللۇق ئىشلار توغرىسىدا يېزىپ باققان ۋە سوزلەپ باققان ئەمەس. ئۇنىڭ نەزىرىدە، شەيئىنىڭ ئوزى ئۇنىڭ قەلەم تەۋرىتىشىنىڭ ۋە گەپدانلىق قىلىشىنىڭلا ئاساسىمىش. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يۇقۇرى مەنسەپ، ئۇستۇن مۇئاش ۋە ئوزىنى كورسىتىش كويىدىن باشقا ھېچقانداق ھەقىقى بىرنىمە يوق، ھەتتا ئۇنىڭ شوۋىنىزىممۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

ئۇ ئوزىنىڭ چاكىنا كەسپىي گېزىتچىلىك خۇسۇسىيىتى بىلەن بىر دەم ئوزىنىڭ ئاخباراتىدا ۋېرسالدىكى ئەسىرلىرىنىڭ قىياپىتىنىڭ سەتلىگىنى مەسخىرە قىلىپ، بىر دەم پومىششىكلار يىخۇينىڭ

«ئازادە، خوشال-خوراملىغى»نى خەۋەر قىلىپ، بىر دەم «مۇلىن-ساك»نى ئىشغال قىلغانلىغى (5-ئاينىڭ 4-كۈنى) ھەمدە 300 كىشىنى ئەسىر ئالغانلىغى توغرىسىدا ئاخبارات ئېلان قىلىپ، ئۆزىنى مەسخىرىگە قالدۇردى.

«قالغان توپىلاڭچىلار يارىدار بولغان ۋە ئۆلگەن 150 ئادەمنى جەڭ مەيدانىدا تاشلاپ، بەدەر تىكىۋەتتى»، ئۇ زەردە بىلەن قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مانا بۇ — ئەتە گۇگشېنىڭ ئۆز ئاخباراتىدا تەبرىكلەيدىغان غەلىبىسى.» «پارىژ پات ئارىدا ئۆزىنى ئېزىۋاتقان ياۋۇز زالىم پادىشادىن ئازات بولىدۇ.»

پارىژ — ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان پارىژ خەلق ئاممىسىنىڭ پارىژى «پارىژ» ئەمەس. «پارىژ — بايلار، كاپىتالىستلار، بىكار تەلەپلەرنىڭ پارىژى» (دۇنيا پاھىشىخانىسى ئەمەسمۇ؟). مانا بۇ — تىيېر ئەپەندىنىڭ پارىژى. ھەقىقى پارىژ، ئەمگەكچان، پىكىرلىك، جەڭگىۋار پارىژ، خەلقىنىڭ پارىژى، گۇگشېنىڭ پارىژى بىر توپ «پەس خەلق». تىيېر ئەپەندىنىڭ پارىژغا ھەتتا فرانسىيىگە تۇتقان ئومۇمى پوزىتسىيىسى ئەنە شۇنداق. «تىنچ نامايىش» ۋە سېپسېنىڭ تىكىۋېتىشى بىلەن ئۆزىنىڭ جاسارىتىنى كورسەتكەن پارىژ: ھازىر ۋېرسال، رۇئېيى، سېن-دېنىدا، لېخې دەرياسى بويىدىكى سېن-جېرمېندا جەم بولغان شۇ كىشىلەر ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ بارغان، «دىن، ئائىلە، تەرتىپ ھەم مۇلۇكدار شەخسلەر»گە بېقىندا بولغان تەنناز خېنىملارنىڭ پارىژى؛ (ھەقىقى «خەۋپلىك» بولغان، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ۋە چۈشكۈن سىنىپنىڭ پارىژى) («francs-fileurs»[77])، جەڭنىڭ بېرىشىنى دۇربۇندىن كورۇپ ھوزۇرلىنىدىغان، «ئىچكى ئۇرۇشنى كوڭۇل

ئېچىپ ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىشلا قىلىۋالغان» پارىژ — مانا شۇلا تېيىر ئەپەندىنىڭ پارىژى (خۇددى كوبلېنتس شەھىرىدىكى جىنىدىن تويغانلار كالون ئەپەندىنىڭ فرانسىيىسى بولغىنىغا ئوخشاش). چاكىنا گېزىتچىلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بۇ ئادەم كورۇنۇشتىكى ئىززەت - ھورمەتنى ساقلاشنىمۇ بىلمەيدۇ، لېكىن ئۇ «جىڭتۇڭچىلار»نىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلماسلىق ئۇچۇن ئاياللار ۋە باللارنى قىردى (زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ جەسىدى نېيىئى خارابىلىرىدىن تېپىلدى). ئۇ كلامارنى بېنزىن بومبىسى بىلەن كويدۇرۇپ تاشلاش ئارقىلىق ئوز بۇيرۇغى بويىچە فرانسىيىدە ئوتكۇزۇلمەكچى بولغان شەھەر - جېنلار سايلىمىنى بېزىمەكچى بولدى. رىم تارىخشۇناسلىرى نېرونىڭ مىجەز - خۇلقىنى تەسۋىرلىگەندە، بۇ يەلماۋۇز پادىشانىڭ، بېيت - قوشاق يازالايدىغان، كومېدىيە ئوينىيالايدىغان تالانتىم بار، دەپ ئوز ئوزىدىن ماختىنىدىغانلىقىنى ئاخىرقى سوز قىلىپ بېرەتتى. لېكىن، تېيىردەك بۇنداق كىچىككىنە كەسپىي گېزىتچى، يىخۇي مەلئۇنى سەھنىگە چىقىرىلىدىغان بولسا، نېرو چوقۇم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىگەن بولاتتى.

تېيىر بوناپارت «جياڭجۇنلىرى»نىڭ پارىژدىن بولۇشىچە قىساس ئېلىشىغا يول قويدى، بۇ — پەقەتلا ئۇنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتكە قارىغۇلارچە قورال بولۇپ رول ئوينىغانلىقى؛ لېكىن، ئۇنىڭ ئاخبارات، نۇتۇق، خىتاپنامىلىرىدىكى قىستۇرما ئويۇنلاردىن بۇ گېزىتچىنىڭ شوھرەتپەرەسلىكى، چاكىنىلىقى ۋە پەس ئارزۇ - ھەۋىسى چىقىپ تۇرىدۇ، بۇ — ئۇنىڭ ئوزىنىڭ رول ئوينىغانلىقى.

---

ئۇ ئوزىنى لىنكولنغا، پارىژلىقلارنى جەنۇپتا توپىلاڭ كوتەرگەن

قۇلدارلارغا ئوخشىتىدۇ. جەنۇپلۇقلار ئەمگەكنى قۇل قىلىش تۈزۈمى ئۈچۈن ۋە قوشما شىتاتلاردىن ئايرىلىپ چىقىش ئۈچۈن جەڭ قىلغان. پارىژ بولسا ئەمگەكنى ئازات قىلىش ۋە ھاكىمىيەتنى فرانسىيىنىڭ قۇلدارى بولماقچى بولغان تىپىردەك مۇشۇ دولەت تەييارتاپلىرىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جەڭ قىلماقتا!

---

ئۇ چۈيجاڭلارغا سوزلىگەن نۇتقىدا مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەر مىنىڭ سوزۈمگە ئىشەنسەڭلار بولىدۇ، مەن ھېچقاچان سوزۈمدىن تېنىۋالغان ئەمەسمەن!»

«بۇ نوۋەتتىكى يىخۇي—فرانسىيدە سايلانغان ئەڭ تەرەققىپەرۋەر يىخۇيلاردىن بىرى.»

«تەرتىپ ۋە ئەمگەك ئۇزلىرىنى جۇمھۇرىيەتنىڭ مەنپەئەتنى ئالاھىدە قوغدىغۇچىلار دەپ ئاتىۋالغانلارنىڭ دائىملىق خەۋپىگە ئۇچرىمىسىلا»،

ئۇ جۇمھۇرىيەتنى قۇتقۇزىدىكەن.

---

ئۇ يىخۇيىنىڭ 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى يىغىنىدا: «يىخۇي ئۇنىڭ ئوزىدىنمۇ تەرەققىپەرۋەر!» ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

---

ئۇ گەپ تالاشقان چاغلىرىدا دائىم ۋېنا شەرتنامىسىنى قاتتىق ئەيىپلەشنى دەستەك قىلىۋالاتتى، لېكىن ئۇ ئوزى ئىمزالىغان پارىژ شەرتنامىسىدە[117]، فرانسىيىنىڭ بىر قىسمىنى بولۇپ بېرىپلا قالماي (فرانسىيىنىڭ ئازغىنا كەم يېرىمىنىڭ بېسىۋېلىنىشىغا يول قويۇپلا قالماي)، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەتتا بىسماركنىڭ سەرپ قىلغان

ئۇرۇش خىراجىتىنى كونكرېت ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە ئىسپاتلاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلماي، بىرقانچە مىليارت ئۇرۇش چىقىمى تۆلەشنى ئۈستىگە ئالدى! ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ تەسلىمنامىسىنى بوردودىكى يىغىنىڭ ماددىمۇ ـ ماددا مۇزاكىرە قىلىشىغا يول قويمىدى!

ئۇ ئومۇر بويى بوربونچى ئۇنسۇرلارنى ئەيىپلەپ كەلدى، ئۇلارنى چەتئەل ئارمىيىسىگە ئەگىشىپ قايتىپ كەلگەن دەپ ئەيىپلەپ كەلدى، ئۇلارنى سۇلھى شەرتنامىسى[118] تۈزگەندىن كېيىن، فرانسىيىنى ئىشغال قىلغان ئىتتىپاقداش دولەتلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا ئىززەت ـ ھورمىتىنى يوقاتتى دەپ ئەيىپلەپ كەلدى، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزى ئىمزالىغان شەرتنامىدە بىسماركتىن تەلەپ قىلغان بىردىن ـ بىر ئىشى، پارىژنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ماڭا 40 مىڭ كىشىلىك ئارمىيە بېرىلسە، دىگەنلىكى بولدى (بۇنى بىسمارك گېرمانىيە گوخۇيىدا ئېيتقان). مەملىكەت ئىچىنى تېچلاندۇرۇش، تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش جەھەتتىن ئېيتقاندا، پارىژنىڭ ئۆزىنىڭ قوراللىق گومىن زىۋېيجۈنى بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي ئامانلىقنى كاپالەتلەندۈرەلەيتتى. لېكىن، تىيېر پارىژنى چەتئەللىكلەرگە تەسلىم قىلدۇرماقچى بولغانىنىڭ سىرتىدا، پارىژنى ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ شېرىكلىرىگىمۇ تەسلىم قىلدۇرماقچى بولدى. مۇشۇ ماددىنى بەلگىلىگەنلىكىنىڭ ئۆزى ئىچكى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقنى بەلگىلىگەنلىك ئىدى. ئۇ بۇ ئۇرۇشنى پىرۇسسىيىنىڭ سۈكۈت قىلىشى بىلەن باشلاپلا قالماي، بەلكى پىرۇسسىيە تەمىنلىگەن قولايلىقلارغىمۇ تاياندى، يەنى پىرۇسسىيە مەرتلىك قىلىپ گېرمانىيە تۈرمىلىرىدىن ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگەن فرانسىيە ئارمىيىسىدىن چۈشكەن ئەسىرلەرگە تاياندى! ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخباراتلىرىدا،

ئۇزىنىڭ ۋە قاقىرنىڭ يىغۇيدا سوزلىگەن سوزلىرىدە پرۇسسىيىگە ئېگىلىپ تىز پۈكتى؛ ئۇ بىسماركتىن ئايرىلىشنى تەلەپ قىلىپ نەتىجە چىقمىغان (خۇددى بىسماركنىڭ ئۇزى ئېيتقاندەك) دىن كېيىن ئۇ يەنە، ھەپتە ئايرىلاپ پرۇسسىيە ئايرىلىشىدۇ، دىگەن نىمە بىلەن پارىژغا تەھدىت سېلىپ تۇردى. بۇ مەلئۇنغا، شوۋىنىزىمنىڭ بۇ چوڭ مۇرىدىغا سېلىشتۇرغاندا، بوربونچىلارنى ھەتتا ئىززەت-ھورمەتنىڭ سۇرىتى دىسمۇ بولىدۇ!

---

پرۇسسىيە تارمار قىلىنغاندىن كېيىن (1807-يىلدىكى تىلسىت سۇلھى شەرتنامىسى)، ئۇنىڭ ھوكۇمىتى پەقەت بىر قېتىم غايەت زور ئىجتىمائى يېڭىلاش (زور ئۇزگىرىش) ئارقىلىقلا، ئاندىن ئۇزىنى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنى قۇتقۇزغىلى بولىدىغانلىقىنى سەزدى. ئۇ فېوداللىق سۇلالە دائىرىسىدە فرانسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ مىۋىلىرىنى كىچىك كولەمدە پرۇسسىيىگە كوچۇردى. ئۇ دىخانلارنى ئازات قىلدى ۋاھاكازا[119].

روسسىيىنىڭ قىرىمدىكى مەغلۇبىيىتى — گەرچە سېۋاستوپولنى قوغداش جېڭى ئۇنىڭغا شان-شوھرەتنى قايتۇرۇپ كېلىشى، پارىژدىكى دىپلوماتىيە غەلىبىسىمۇ چەتئەللىكلەرنى گاڭگىرىتىپ قويۇشى مۇمكىن بولسىمۇ — مەملىكەت ئىچىدە ئۇنىڭ ئىجتىمائى تۇزۇمى ۋە مەمۇرى تۇزۇمىنىڭ چىرىكلىكىنى ئېچىپ بەردى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھوكۇمىتى ئۇرۇشتىن كېيىن نۇڭنۇلارنى ئازات قىلدى، پۈتكۇل مەمۇرى تۇزۇم ۋە ئەدلىيە تۇزۇمىنى ئىسلاھ قىلدى[120]. بۇ ئىككى مەملىكەتتە، دادىللىق بىلەن قىلىنغان ئىجتىمائى ئىسلاھاتلار توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى، بۇ ئىسلاھاتلارنىڭ

ھەممىسى چەكلىمىلىكىكە ئىگە ئىدى، چۈنكى بۇ ئىسلاھاتلارنىڭ ھەممىسىنى خەلق قولىغا كەلتۈرمىگەن (كەلتۈرگەن ئەمەس)، بەلكى پادىشا ئىنئام قىلىغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، يەنىلا بەزى غايەت زور ئىجتىمائى ئۆزگىرىشلەر بولدى، بۇ ئۆزگىرىشلەر ھوكۇمران سىنىپنىڭ ئەڭ قەبىھ ئىمتىيازلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، كونا جەمىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى ئۆزگەرتتى. بۇ ئىككى مەملىكەت ئېغىر كېسەلنى پەقەت باتۇرانە تەدبىرلەر بىلەنلا داۋالىغىلى بولىدىغانلىقىنى سەزدى. ئۇلار پەقەت ئىجتىمائى ئىسلاھات ئېلىپ بارغان، خەلق ئاممىسىنىڭ تەشەببۇسكارلىق ئاملىنى قوزغىغانىدىلا، ئاندىن غەلىبە قىلغۇچىلارغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى سەزدى. 1870 ـ يىلى فرانسىيىدە بولغان بالايى ـ ئاپەت ــ يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىدا تەڭدىشى يوق ۋەقە! ئۇ شۇنى كۆرسەتتىكى، ھوكۇمەت تەرەپ فرانسىيىسى، لۇئى بوناپارتنىڭ فرانسىيىسى، ھوكۇمران سىنىپنىڭ ۋە ئۇنىڭ دولەت تەييارتاپلىرىنىڭ فرانسىيىسى سېسىپ كەتكەن بىر جەسەت. خەلق ھودۇقۇپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان ھەممىدە چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشكە تايىنىپ ھاكىمىيەتنى داۋاملىق تىزگىنلەپ تۇرغان بۇ نومۇسسىزلارنىڭ بىرىنچى غەرىزى نېمە ئىدى؟ ئۇ بولسىمۇ پارىژدىن باشلانغان، خەلق ئاممىسى تەشەببۇس قىلغان شەرەپلىك ئىشنى پرۇسسىيىنىڭ ھامىلىقىدا، لۇئى بوناپارتنىڭ لەشكەرلىرى ۋە پىېترىنىڭ ساقچىلىرى بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش؛ ئىيۇل ئىنقىلاۋى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان بارلىق كونا جېكىتۈكچىلارنىڭ ئەرۋاھىنى ۋە فېۋرال ئىنقىلاۋى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان لۇئى ـ فىلىپپ

دەۋرىدىكى ھەممە جاھىل ئالدامچىلارنى چاقىرىپ، ئۇلار بىلەن بىللە بىر قېتىم ئەكسىلئىنقىلاۋىي تەبرىكلەش زىياپىتى ئۆتكۈزۈش ئىدى! ئۇزىنى تولىمۇ ئايىمايدىغان بۇنداق باتۇرلۇق تارىخىي خاتىرىلەردە كورۈلۈپ باققان ئەمەس! لېكىن، دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىگىنى ھەممىدىن بەك چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغىنى شۇكى، ئۇ ھوكۇمەت تەرەپ ياۋروپاسى بىلەن ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەزەپ ساداسىنى قوزغىماستىن، ئەكسىچە ھېسداشلىق قىلىدىغان ۋە پارىژنى ۋەھشىلەرچە ھاقارەتلەيدىغان تەتۈر ئېقىمنى قوزغىدى! بۇ ھال ئۇزىنىڭ تارىخىي نەمۇنىسگە سادىق بولغان پارىژ فرانسىيە خەلقىنىڭ گۇللىنىشنى يەنى ئۇلارنى كونا جەمىيەتنى گۇللەندۇردىغان كۇرەشچىلەرگە ئايلاندۇرۇشنى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائى گۇللىنىشنى فرانسىيىنىڭ مىللى ئىشىغا ئايلاندۇرۇشنى ئىزلەۋاتقانلىغىنى ئىسپاتلايدۇ! بۇ ئىشلەپچىقىرىدىغان سىنىپنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپتىن ۋە ئۇنىڭ مالايلىرى ھەم دولەت تەييارتاپلىرىدىن قۇتقۇزۇپ، ئازاتلىققا ئېرىشتۇرۇش بولىدۇ؛ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنىڭ بۇ مالايلىرى ۋە دولەت تەييارتاپلىرى فرانسىيىنىڭ: «ئەزرائىلدىن چاپارمىنى يامان» دىگەن ماقالىنىڭ توغرا ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلىدى. پارىژ ئىنسانىيەت بايرىغىنى كوتەردى!

### 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۇنى: ھوكۇمەت

«بارلىق ژورناللاردىن، خاراكتىرىنى ئايرىماي، ھەر نۇسخىسىغا 2 سانتىمدىن ماركا باج ئالىدۇ». «ھەربى ھالەت بىكار قىلىنىشتىن بۇرۇن، يېڭى گېزىت ـ ژورناللارنى تارقىتىشنى مەنئى قىلىدۇ.»

فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان گۇرۇھلىرى

نوۋەت بىلەن **ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ ھوقۇق تۇتۇپ كەلدى:** (كونا بوربونچى ئۇنسۇرلار) **تىرىلىش دەۋرىدە** چوڭ يەر ئىگىلىرى بولدى؛ (لۇئى-فىلىپپ) ئىيۇل يىخۇيى سۇلالىسى دەۋرىدە كاپىتالىستلار بولدى، بوناپارتچىلار بىلەن جۇمھۇرىيەتچىلەر بولسا پەردە ئارقىسىدا ئوچەكىشىپ، ئېلىشىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ خىلمۇ-خىل گۇرۇھۋازلىق تالاش-تارتىشلىرى ۋە سۇئىقەستلىرى، ئەلۋەتتە، **جامائەت پاراۋانلىغى** دىگەن نىقاپ ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىدى، بۇ سۇلالىلەر خەلق ئىنقىلاۋى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلسا، ئىككىنچى بىرى يەنە تەختكە چىقتى. (فېۋرال) جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەممىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. بۇ چاغدا، بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەممە گۇرۇھى **تەرتىپچىلەر پارتىيىسى** بولۇپ بىرلەشتى، بۇ يەر ئىگىلىرى بىلەن كاپىتالىستلار ئەمگەكچى ئىقتىسادىي جەھەتتە قۇل قىلىشنى ساقلاپ قېلىش، بۇنداق قۇل قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان دولەتتىن ئىبارەت ئېزىش ماشىنىسىنى قوغداش مەقسىدىدە ئۇيۇشقان پارتىيە ئىدى. سۇلالىنىڭ ئورنىنى جۇمھۇرىيەت ئالدى، چۈنكى سۇلالە دىگەن بۇ نامنىڭ ئۆزىلا بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر گۇرۇھىنىڭ يەنە بىر گۇرۇھىنى ئىدارە قىلىدىغانلىغىدىن، بىر تەرەپنىڭ غەلىبىسىدىن ۋە يەنە بىر تەرەپنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن دېرەك بېرەتتى (بىر تەرەپنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىشىدىن ۋە يەنە بىر تەرەپنىڭ خورلىنىشىدىن دېرەك بېرەتتى)، **جۇمھۇرىيەت** بولسا بۇرژۇئازىيىنىڭ بىرلەشكەن ھەرقايسى گۇرۇھلىرىنىڭ، خەلقنى **ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ** بارلىق توپىنىڭ نامسىز ھەسسىدارلىق گۇگۇسسى ئىدى؛ ئەمىلىيەتتە بۇ جېگىتۇگچىلار، بوناپارتچىلار، ئورلېانچىلار، بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرى،

ئىپىزوئىتلار ۋە ۋولتىر مۇرتلىرىنىڭ ئوزئارا بىر توپ بولۇپ ئۇيۇشۇشى ئىدى. ئۇلار ئەمدى خانلىق تاجىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرىۋالمايدىغان بولدى، ئۇزلىرىنىڭ گۇرۇھۋازلىق تالاش-تارتىشلىرىنى خەلق مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۇرۇش يولىدىكى كۇرەش دەپ بېزەپ، خەلقنى ئۇنىڭغا قىزىقتۇرالمايدىغان بولدى، ئوزئارا يۇقۇرى-تۇۋەن دەپ ئايرىمايدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ سىنىپىي ھوكۇمرانلىغى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاممىنىڭ ئازاتلىغى بىلەن بىۋاستە، ئاشكارا قارشى نەرسە — **تەرتىپ** ئۇلارنىڭ سىنىپىي ھوكۇمرانلىغىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسى شەرت-شارائىتىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى، ئەمگەكنى قۇل قىلىشنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى؛ بۇرژۇئا تۇزۇمىنىڭ بۇنداق نامسىز شەكلى ياكى جۇمھۇرىيەت شەكلى — بۇنداق بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتى، بۇنداق **تەرتىپچىلەر پارتىيىسى** جۇمھۇرىيىتى بارلىق سىياسى تۇزۇملەر ئىچىدىكى ئەڭ **يىرگىنىشلىك** تۇزۇم. ئۇنىڭ بىۋاستە ۋەزىپىسى، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ بىردىن-بىر ئەھمىيىتى خەلقنى باستۇرۇش. ئۇ — سىنىپىي ھوكۇمرانلىقنىڭ **تېرورلۇغى**. ئۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: خەلق پىداكارلىق بىلەن كۇرەش قىلغان، ئىنقىلاپنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن، جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىپ، گومىن يىخۇي چاقىرىش ئۇچۇن يول تازىلايدۇ، ئاندىن كېيىن، جۇمھۇرىيەتنىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ئەشەددى دۇشمەنلىرىدىن تەشكىل تاپقان يىخۇي كوپچىلىگى جۇمھۇرىيەت توغرىسىدىكى مەشھۇر سوزلىرى بىلەن ئۇزىنىڭ «جۇمھۇرىيىتى»گە كېپىللىك بەرگەن بۇرژۇئازلارنى سەھنىگە چىقىرىدۇ. بۇ جۇمھۇرىيەتچىلەر بۇيرۇقنى بىنائەن خەلقنى غەزەپلەندۇرۇشكە مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارنى قوزغىلاڭ كوتىرىش

قىلتىقىغا چۈشۈردى، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى ئوت ۋە قىلىچ بىلەن يوقىتىدۇ. كاۋېنىياك باشچىلىقىدىكى «گومىنباۋ»چىلار فېۋرال ئىنقىلاۋىدىن كېيىن مۇشۇ رولنى ئوينىدى (ئىيۇن قوزغىلىڭى). بۇ جۇمھۇرىيەتچىلەر ئاما ئالدىدا مۇشۇ جىنايەتنى ئوتكۈزگەندىن كېيىن، كۈچىدىن ئايرىلدى. ئۇلار ئوز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى؛ گەرچە ئۇلارنىڭ پرولېتارىياتقا قارشى ئورتاق كۈرەشتە **تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنى** قوللىشىغا يول قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا، ئۇلار ھوكۈمەتتىن ھەيدەپ چىقىرىلدى، كېيىنكى قاتارغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى، بەلكى پەقەت «كەڭچىلىك»كىلا مۇيەسسەر بولدى. بۇ چاغدا، بىرلەشكەن باۋخۇاڭپەي بۇرژۇئازلار جۇمھۇرىيەت ئاتىسىغا ئايلاندى، «تەرتىپچىلەر پارتىيىسى»نىڭ ھەقىقى ھوكۈمرانلىقى باشلاندى. خەلقنىڭ ماددى كۈچى ۋاقىتنچە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ شۇملۇقلىرى — 4 قېتىملىق ئىنقىلاپ قولغا كەلتۈرگەن ھەممە مۇۋەپپەقىيەتلەرنى يوقىتىش — كەينى-كەينىدىن قىلىنىشقا باشلىدى. **تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ** تۈرلۈك قىلىقلىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پەسەندىلەرنىڭ يۈزى قېلىنلىغى — ئۇلارنىڭ خەلققە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغۇچىلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشى، خەلقنىڭ نامىنى، جۇمھۇرىيەتنىڭ نامىنى سۇئى ئىستىمال قىلىپ تۇرۇپ خەلقنىڭ شىللىسىگە مىنىۋېلىپ، زوراۋانلىق قىلىپ دەۋر سۈرۈشى خەلقنى ناھايىتى قاتتىق غەزەپلەندۈردى. ئەلۋەتتە، بۇنداق **نامسىز** سىنىپى مۇستەبىتلىكنىڭ ۋاقىتلىق شەكلى ئۇزاققا بارالمايتتى، ئۇ پەقەت بىر خىل ئوتكۈنچى باسقۇچ بولۇشلا مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئوزىنىڭ ئىنقىلاپ يانار تېغىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقىنى بىلەتتى. يەنە بىر

تەرەپتىن، تەرتىپچىلەر پارتىيىسى ئىشچىلار سىنىپىغا قارشى جەڭ قىلىشتا، ئۇزىنىڭ **تەرتىپچىلەر پارتىيىسىلىك** رولىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە بىر دەك ئىتتىپاقلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان گۇرۇھلىرىنىڭ بىر بىرىنىڭ پېيىگە چۈشۈش كۈرىشى، ئىنقىلاپنىڭ ماددى كۈچى بۇزۇپ تاشلانغان، ئۇنىڭ ھوكۇمرانلىقى شۇنىڭ بىلەن تۇراقلىشىپ قالغاندەك بولغان (كاپالەتكە ئىگە بولغان) ۋاقىتتا، دەررۇ ئومۇميۈزلۈك پارتلاپ چىقاتتى: ھەر بىر گۇرۇھ ئۇزىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتىنى كونا جەمىيەت تۈزۈمىدە ئۇستۈنلۈككە ئىگە قىلغۇسى كېلەتتى، ھەر بىر گۇرۇھ ئۆز گۇرۇھىدىكى مەنسەپپەرەسلەرنى تىرىلدۈرۈپ تەختكە چىقىرىشنى، شەخسى قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلايتتى. خەلققە قارشى ئورتاق ئۇرۇش بىلەن جۇمھۇرىيەتكە قارشى ئورتاق سۇئىقەست ئۇزئارا بىرلەشكەن بۇنداق ئەھۋال، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھوكۇمرانلار ئىچىدىكى جاڭجاللار ۋە بىر بىرىنىڭ پېيىگە چۈشۈش سۇئىقەستى جەمىيەتنى پالەچ قىلىپ قويدى، ئوتتۇرا سىنىپ ئاممىسىنىڭ بىزارلىقى ۋە بىئاراملىقىنى كەلتۇرۇپ چىقاردى، ئۇلارنىڭ تىجارىتىنى «قالايمىقانلاشتۇردى»، ئۇلارنى ئۇزاق ۋاقىتقىچە خاتىرجەم بولالمايدىغان بىر خىل ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. بۇنداق تۈزۈم ئاستىدا مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنىڭ ھەممە شەرت ـ شارائىتى يارىتىلدى (بارلىققا كەلدى)، لېكىن بۇ — تۇراقسىز، يىخۇيدىكى ھوكۇمەتسىزلىك ھالەت باش بولغان مۇستەبىتلىك تۈزۈم. شۇنىڭ بىلەن **سىياسى ئۆزگىرىش قىلىشنىڭ** پەيتى كەلدى، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بۇ بۇزۇقلار ئورۇننى خالىغان بىر تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قالغان قارا نىيەت ئۇنۇرغا ئوتۇنۇپ

بىرىشكە مەجبۇر بولدى، شۇنداق قىلىپ، سىنىپىي ھوكۇمرانلىقنىڭ **نامىسىز** شەكلى ئاياقلاشتى. لۇئى بوناپارت 4 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتىنى ئەنە شۇنداق ئاياقلاشتۇردى. مۇشۇ پۈتكۈل مەزگىلدە، **تىيېر** تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ «سادىق غالچىسى» بولدى؛ بۇ پارتىيە جۇمھۇرىيەت نامى بىلەن جۇمھۇرىيەتكە قارشى ئۇرۇش ئېلىپ باردى، يەنى خەلققە قارشى سىنىپىي ئۇرۇش ئېلىپ باردى، ئەملىيەتتە دىگونى ياراتتى. ھازىر تىيېر پۈتۈنلەي شۇ چاغدىكىدەك رول ئوينىماقتا، بىراق ئۇ چاغدا ئۇ پەقەت يىخۇيدىكى بىر سۇئىقەستچىلا ئىدى، ھازىر بولسا مەمۇرى باشلىق بولۇپ قالدى، خالاس. ئەگەر ئىنقىلاپ ئۇنى مەغلۇپ قىلمىغان بولسا، ئۇ ھازىرمۇ شۇ چاغدىكىدەك ۋاقىتلىق قورالىلا بولاتتى. مەيلى قانداق بىر ھوكۇمەت ئالماشمىسۇن، ئۇنىڭ بىرىنچى تەدبىرى، مۇقەررەر ھالدا، فرانسىيىنى پرۇسسىيىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ۋە پارىژنى توپقا تۇتقان ئادەمنى بىر تېپپىلا چەتكە چىقىرىۋېتىش ئىدى.

تىيېرنىڭ لۇئى بوناپارتقا تازا قوساق كوپىكى بار ئىدى. ئۇ ئادەم تىيېردىن قورال ۋە ئاخماق تەرىقىسىدە پايدىلانغان ئىدى. بوناپارت سىياسى ئۆزگىرىش قىلغاندىن كېيىن ئۇنى قولغا ئېلىپ چوچۇتۇۋەتكەن (قورقىتىپ جېنىنى ئالغان) ئىدى. بوناپارت يىخۇي تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، شۇنىڭ بىلەن تىيېرنىڭ ھەممە نىمىسىنى يوققا چىقىرىۋەتكەن ئىدى، چۈنكى، تىيېردەك بۇنداق بىر ساپ دولەت تەييارتاپى، گەپ سېتىشىنىلا بىلىدىغان ئادەم پەقەت يىخۇي تۈزۈمىدىلا سىياسى رول ئوينىيالايتتى. ئاخىرقى لېكىن تازا موھىم ئەمەس دىگىلى بولمايدىغان بىر نۇقتا بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇزىنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە ناپولېوننىڭ ئوتۇگىنى

ھەۋەس بىلەن سۈرتۈپ كەلـگەن تىپىر ناپولېونـىنىڭ توھپىـــسىنى شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە تەسۋىرلىگەنكى، گويا بۇ توھپىـلەرنى ئۇنىڭ ئۆزى قوشقان ئىكەندەك دىگەندەك بىر خىل خىيالنى پەيدا قىلغان. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ناپولېون I نىڭ قانۇنىـي تەقلىتچىسى كىچىـك ناپولېـون ئەمەس، بەلكى كىچىك تىپىر ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، لۇئى بوناپارت قىلـغان ھەر بىر رەزىل شۇملۇقـتىن — فرانـسىيە ئارمىـيىسـىنىڭ رىمـنى ئىشـغال قىلغىنىـدىن تارتىـپ پـرۇسـسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلغـىنىغا قەدەر تىپىرنىڭ قولـلىشىغا ئېرىشمىگەن بىرەرىمۇ يوق.

پـەقەت تىپـىردەك مۇشۇنـداق قاپاقـۋاش ئادەمدىلا بىردىـنىلا مۇنـداق خىـيال كېلـىپ چىـقىدۇ: ئۆزى باشلىق بولغان، گومىن يىخۇيىنىڭ يېرىمى جېكتۇكچىلارغا، يېرىمى ئورلېانچىلارغا مەنسۇپ بولغان، ئارمىـيىـسىنى بوناپارتـىنىڭ جياڭجۇنـلىرى ئىگەلـلىگەن جۇمـھۇرىيەت ناۋادا غەلـىبىگە ئېرىشىپ قالسا، ئۇنى بىر تېپىـپ چەتكە چىقىرىۋەتمەسمىش.

---

باشمالـتاقچىلىك بىر ئادەمنىڭ سىـپاگـەرلـىك قىلىـپ تومۇر-لەگـىنىڭ رولـىدا چىـقـماقـچى بولۇشى (چىقۋاتقانـلىغى) دىنىـمۇ بەتتەررەك كىشىنىڭ كوڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان نەرسە يوق. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىپتىقاندا، ۋەھشى ھەركەت قولـلىنىش ۋەزىپـىلا ئەمەس، بەلـكى خام خـىيالـغا پىتىپ قالغان شوھرەتپەرەسلىگىنىڭ تىپاتىر خاراكـتىرلىق ئويۇنى (سەھنىـدىكى نەتىـجىسى). ئۇ «ئوزىنىڭ» ئاخـباراتىـنى يازماقـچى بولـىدۇ، «ئوزىنىڭ» قەتـئىيەتـلىگىـنى ئىـپادىلىمەكـچى بولىدۇ، «ئوزىـنىڭ» ئارمىيىـسى، «ئوزىـنىڭ»

جەنلۇيسى، «ئۇزىنىڭ» توپقا تۇتۇشى، «ئۇزىنىڭ» بېنزىن بومبىسى بولۇشنى ئويلايدۇ، دىكابىر باسمىچلىرىغا پارىژدىن قىساس ئالدۇرۇش رەھىمسىزلىگى بىلەن «ئۇزىنىڭ» قورقۇنچاقلىغىنى ياپماقچى بولىدۇ! ھەقىقەتەن رەزىللىكتە ئۇچىغا چىققان قەھرىمانانە ھەركەت! ئۇ ئۇزىنىڭ ئوينىغان موھىم رولى ۋە ئۇزىنىڭ پۇتۇن دۇنيادا پەيدا قىلغان داۋرىڭىدىن تولىمۇ مەمنۇن! ئۇ ئۇزىنى ئۇلۇق ئادەم دەپ ھېساپلايدۇ: بۇ پاكار، شولگىيى ئېقىپ تۇرىدىغان يىخۇي مەلئۇنى خەلقى ـ ئالەم نەزىرىدە نەقەدەر بۇيۇك (ھەيۋەتلىك) بولۇشقا تېگىشلىك ئىكەن ـ ھە! بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ھەر بىر پەردىسىدىكى قورقۇنچلۇق كورۇنۇشتىن شوھرەتپەرەس تىيېرنىڭ ياسالما كۆلكىلىك ئەپتىنى كورگەندە كىشى راستلا كۆلكىسىنى بېسۋالالمايدۇ! تىيېر ئەپەندى ــ تەسەۋۋۇر كۇچىگە باي بىر ئادەم، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا سەنئەتكارغا خاس خىسلەت ۋە سەنئەتكارغا خاس شوھرەت بار، ھەتتا ئۇ ئۇزىنىمۇ ئالداپ، ئۇزىنىڭ يالغان سوزلىرىگە ۋە ئۇزىنىڭ ئۇلۇقلۇغىغا ئۇزىنى ئىشەندۇرەلەيدۇ.

---

تىيېرنىڭ بارلىق نۇتۇق، ئاخبارات قاتارلىق نىمىلىرىگە ھېچكىمنى كوزگە ئىلمايدىغان شوھرەتپەرەسلىك پۇرىغى سىڭگەن.

---

## كىشىنىڭ كوڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان بۇ تىرىبۇرىي.

مون ۋالېرىن ئىگىزلىگىدىن (بېنزىن بومبىسى بىلەن) قاملاشتۇرۇپ قىلىنغان ھۇجۇم تېرنە كوچىسىدىكى قورولنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئويلەرنى ۋەيران قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ چوڭ ئوتنى ۋە پۇتۇن پارىژنى زىلزىلىگە كەلتۇرگەن قورقۇنچلۇق

زەمبىرەك ئاۋازىنى پەيدا قىلدى. بومبا قەستەن تېرنە كوچىسىغا
ۋە ئېلىسىي باغچىسىغا تاشلانغان ئىدى.
پارتلاتقۇچ بومبا، بېنزىن بومبىسى.

## گۇڭشې

ئەنگلىيىنىڭ شەرەپلىك ئەرزەن باھالىق ئەدەبىيات قەلەندەر-لىرىنىڭ، گۇڭشې **بىز** ئادەتتە چۈشىنىپ كەلگەن ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان ھۆكۈمەتتەك نەرسە ئەمەس، دېگەن شانلىق بىر كەشپىياتى بار. دەرۋەقە، ئۇنداق نەرسە ئەمەس. ئۇ كۈنىنى قوساق تويغۇزۇش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان شەھەر يىخۋي ئەزالىرى، ھۆكۈمەت نامىدىن پايدىلىنىپ ئۆز خۇسۇسىغا پايدا ئالىدىغان دىنىي رايونلار ۋېيىۋەنلىرى ۋە ھۈنەر ئۆگىنىش ئورۇنلىرىدىكى ياۋۇزلۇقتا ئۆچىغا چىققان نازارەتچىلەر چاڭگىلىغا ئېلىنۋالغان ئۇنداق شەھەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى ئەمەس. ئۇ چوڭ-چوڭ يەر ئىگىلىگۈچىلەر، يانچۇغى ئالتۇن-كۈمۈچكە تولغان، قاپاقۋاش دوتلەر چاڭگىلىغا ئېلىنۋالغان ئۇنداق ۋىلايەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى ئەمەس. ئۇ «مۇئاشسىز فاگۇەنلەر»نىڭ[121] ئەدلىيىسىدەك شەرمەندە نەرسە ئەمەس. ئۇ گۇاتۇلار كۇلۇبىغا ۋە «تايمىس گېزىتى»نى ئوقۇشقا تايىنىپ دۆلەتنى باشقۇرىدىغان ئۇنداق سىياسى جەھەتتە ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ئەمەس. ئۇ — خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشى.

---

ئادەمخورلار ئېلىپ بارغان بۇ ئۇرۇشتا كىشىنى تولىمۇ بىزار قىلىدىغىنى — ھۆكۈمەتنىڭ تورىدە ئولتۇرغان يىرگىنىشلىك پاكار

ئالۋاستىنىڭ «چىرايلىق» چېقىرىشى!

ۋېرسالنىڭ ئەسىرلەرنى ۋەھشىيانە خورلىشى بىر دەم ـ يېرىم دەممۇ توختاپ باقمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋېرسال گوڭشېنىڭ ئارتۇقچە رەھىمدىللىكىدىن ئۆزىنىڭ قىساس ئېلىش پەرمانىنى ئىجرا قىلمايدىغانلىقىغا ھەقىقى ئىشەنگەن ھامان، ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان دەھشەتلىك قىرغىننى ئەسلىگە كەلتۈردى!

(ۋېرسالىنىڭ) «پارىژ گېزىتى» مۇنداق دەيدۇ: كلامار پويىز ئىستانسىسىدە ئەسىر چۈشكەن 13 دائىمى ئارمىيە ئەسكىرى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلاندى، ۋېرسالغا يالاپ ئېلىپ بېرىلغان، دائىمى ئارمىيە كىيىمىنى كىيگەن ھەممە ئەسىرمۇ، سالاھىيىتى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغاندىن كېيىن، شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلىنىدۇ!

كىچىك دۇما ئەپەندى مۇنداق دەپ بايان قىلىدۇ: جياڭجۇنلۇك ئۇنۋانى بولمىسىمۇ لېكىن جياڭجۇنلۇك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان بىر ياش (يالاپ ئېلىپ كېتىلىۋېتىپ) بىر يولنى بويلاپ ئەمدىلا نەچچە يۈز قەدەم مېڭىشىغا ئېتىپ تاشلاندى.

**5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى. «كۇلىگباۋ» گېزىتى**[122] مۇنداق دەپ خەۋەر قىلىدۇ: ۋېرسالدا چىقىدىغان «ئەركىنلىك» كەچكى گېزىتىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، «كلاماردا توپلاڭچىلارنىڭ ئارىسىدىن تېپىلغان مۇنتىزىم ئارمىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى (ئۆزىنى لىنكولنغا ئوخشاتقان ھېلىقى تىيىر تەرىپىدىن!)شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلاندى» (لىنكولن قارشى تەرەپنىڭ ئۇرۇش قىلىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلاتتى). «فرانسىيىنىڭ ھەممە شەھەر ـ جېنلىرىنىڭ سېپىللىرىدا تۇرۇپ پارىژلىقلار قاتىل دەپ ھاقارەتلىگەنلەر ـــ دەل مۇشۇلار!» مۇشۇ باسمىچىلار!

دېماري.

گۆكشي ئالاھىدە ئەۋەتكەن ۋەكىللەر ئۆمىكى (4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى) بىسىرتكە بېرىپ، گومىن زىۋېيجۈننىڭ 185 ـ پىيادىلەر يىگىندىكى 4 ئەسكەرنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىق ۋەقەسىنى تەكشۈردى، ئۇ يەردە ۋەكىللەر ھايات قېپقالغان (ئېغىر يارىدار بولغان) **شېففېردىن ھال سورىدى.**

«يارىدارنىڭ ئېيتىشىچە، 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ۋىلژۈيىف ئەتراپىدىكى بېل ـ ئېيېن دىگەن يەردە ئۇ 3 سەپدىشى بىلەن ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان ھەمدە ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگەن. ئۇ چاغدا، ئۇلار ئۆزلىرىنى قورشىۋالغان قوشۇنغا ئۈنۈملۈك قارشىلىق كورسىتىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، قورال تاشلاپ تەسلىم بولغان. دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۇلارنى دەرھال قورشىۋېلىپ، ئەسىر ئالغان، لېكىن ئۇلارغا ھېچقانداق زورلۇق كۈچ ئىشلەتمىگەن، ياكى تەھدىت سالمىغان. ئۇلار ئەسىر ئېلىنىپ بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر دۈيجاڭى كېلىپ، تاپانچىسىنى كوتىرىپ، ئۇلارغا قاراپ ئېتىلغان، بىرەر ئېغىز سوزمۇ قىلماي، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىگە ئوق چىقارغان، ئۇ شۇ يەردىلا ئۆلگەن. ئاندىن ئۇ يەنە شۇ تەرىقىدە گومىن زىۋېيجۈن شېففېرغا ئوق چىقارغان، شېففېرنىڭ كوكرىگىگە ئوق تېگىپ، سەپدىشىنىڭ يېنىغا يىقىلغان. قالغان 2 گومىن زىۋېيجۈن بۇنداق رەزىل ۋەھشىلىكتىن قورقۇپ، كەينىگە داجىغان، لېكىن غالجىرلاشقان دۈيجاڭ ئۇلارغا ئېتىلىپ بېرىپ، يەنە 2 پاي ئوق چىقىرىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن. بۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر شۇ ياۋۇز، رەزىل زوراۋانلىقنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ دۈيجاڭى بىلەن بىللە كېتىپ قالغان، ئۇلارنىڭ زەھەرلىك قولىدا پاجىئەگە ئۇچرىغان قۇربانلار شۇ يەردە قالغان.»[123]

**«نيۇ ـ يورك مۇنبەر گېزىتى»[124] لوندون گېزىتلىرىدىن ئېشىپ كەتتى.**

تيير ئەپەندىنىڭ «فرانسىيىدە ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان ئەڭ تەرەققىپەرۋەر، ئەڭ ئەركىن سايلانغان گومىن يىغىنى» بىلەن ئۇنىڭ «فرانسىيىدە ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان ئەڭ خىللانغان ئارمىيىسى»نىڭ ئاتىلىشى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئوينىغان رولى ئوخشاش بولدى. ئالدامچىلىق سوزلىرى بىلەن سايلاپ چىقىلغان بۇ زەئىپ تەگدىشى يوق يىيۇەن پۇتۇنلەي دىگۇدەك جىگىتوگچىلار ۋە ئورلىيانچىلاردىن تەشكىل تاپتى. 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۇنى تىيرنىڭ بىۋاستە رىياسەتچىلىكىدە ئوتكۇزۇلگەن شەھەر ـ جېنلار سايلىمى بۇ ئادەملەر بىلەن فرانسىيە خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كورسىتىپ بەردى! پارچىلانغان فرانسىيە تەۋەسىدە قېپقالغان 35 مىڭ شەھەر ـ جېنىدا سايلانغان 700 مىڭ (پۇتۇن سانىلا ئېلىنىدى) شەھەر ـ جېن سەنىيىخۇي ئەزاسى ئىچىدە 200 ى جىگىتوگچىلار، 600 ى ئورلىيانچىلار، 7 مىڭى ئاشكارا بوناپارتچىلار، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى جۇمھۇرىيەتچىلەر ياكى كوممۇنىزىمچىلار[1] ئىدى (5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۇنى، «كۇنلۇك خەۋەرلەر»نىڭ **ۋېرسالدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى**). ئورلىيانچىلارنىڭ مومىياسى بولغان تىير باشچىلىغىدىكى بۇ يىغىي دەل ئۇنى چاگىلىغا ئېلىۋالغان ئاز سانلىق ئادەملەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، بۇنىڭغا يەنە باشقا بىرەر ئىسپات كېرەكمۇ؟

## پارىژ

تىير ئەپەندى گوگشىنى بىر ئوچۇم «جىنايەتچىلەر» ۋە «بوشىتىپ تۇرۇلغان جىنايەتچىلەر»نىڭ قورالى، پارىژ داشقاللىرىنىڭ قورالى،

[1] گوگشىنى ھىمايە قىلغۇچىلار كوزدە تۇتۇلىدۇ. ــ تەرجىماندىن

دەپ تەكرار ـ تەكرار ئېيتتى. ۋاھالەنكى، بۇ «بىر ئۇچۇم» جىنىدىن تويغانلار يېڭىلمەس مېكىماخون قوماندانلىق قىلغان، تىيىرنىڭ ئۆز تالانتىدىن ئىلھام ئېلىپ تۇرغان «فرانسىيىدە ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان ئەڭ خىللانغان ئارمىيە»گە 6 ھەپتىدىن كوپرەك ۋاقتتىن بۇيان تاقابىل تۇرۇپ كەلمەكتە!

پارىژلىقلارنىڭ ئۇلۇق ھەركىتى ئۇنىڭغا رەددىيىلا بولۇپ قالمىدى. پارىژدىكى ھەرقايسى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى پىكىر بايان قىلدى.

«پارىژنىڭ ھەركىتىنى مونىمارتىرنىڭ تۈيۈقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقى بىلەن ھەرگىز ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك، كېيىنكىسى پەقەتلا بۇ ھەركەتنىڭ سەۋەپچىسى ۋە باشلىنىش نوقتىسى؛ بۇ ھەركەت ئومۇمىيۈزلۈك بولغان، پارىژلىقلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ھەركەت؛ ھەتتا مەلۇم سەۋەپلەر بىلەن بۇ ھەركەتتىن سىرت تۇرغان زور كوپچىلىك كىشىلەرمۇ بۇ ھەركەتنىڭ ئىجتىمائى قانۇنىيلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ.»

بۇ گەپلەرنى كىم دېگەن؟ **سودا ـ سانائەتچىلەر جەمىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى**، يەنى 7 ـ 8 مىڭ سودا ـ سانائەتچىگە ۋاكالىتەن سوز قىلغان كىشىلەر. ئۇلار ۋىرسالغا بېرىپ مۇشۇ گەپلەرنى دېگەن...... **جۇمھۇرىيەتچىلەر بىرلەشمە ئىتتىپاقى......گۇۋگېجىخۇي ئەزالىرىنىڭ نامايىشى**[125] ۋە باشقىلار.

## باشقا ئۆلكىلەر

كەپسىز ـ چاتاقچى باشقا ئۆلكىلىكلەر.

ئەگەر تىيىر، بىر دەم بولسىمۇ، باشقا ئۆلكىلەرنىڭ ھەممىسى

ھەقىقەتەن پارىژنىڭ ھەرىكىتى بىلەن دۈشمەنلىشىدۇ، دەپ ھېساپلىغان بولسا، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇلارغا ئەڭ زور قولايلىق يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى بۇ ھەرىكەتنى ۋە ئۇنىڭ «خىلمۇ-خىل پاجىەلىرى»نى بىلىش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە قىلغان بولاتتى. ئۇ باشقا ئۆلكىلىكلەرنى بۇ ھەرىكەتنىڭ پۈتكۈل ھەقىقى ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرى، ئۆز قۇلىغى بىلەن ئاڭلىغانلىرى ئارقىلىق بۇ ھەرىكەتنىڭ ئەسلىدە راستلا شۇنداق ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرگەن بولاتتى. لېكىن ئۇ زادىلا بۇنداق قىلمىدى! تىيېر ۋە ئۇنىڭ «دۆلەت مۇداپىئە ئەرباپلىرى» باشقا ئۆلكىلەردە پارىژنى ھىمايە قىلىدىغان ئومۇمى قوزغىلاڭ كۆتىرىلىپ كەتمىسۇن دەپ، پروۋىنسىيىلىكلەر پارىژنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە باشقا ئۆلكىلەردىن پارىژغا خەۋەر كىرگۈزمىگىنىگە ئوخشاش، **يالغان گەپ تېپمى** بىلەن باشقا ئۆلكىلەرنى مۇھاسىرە قىلىشقا ئۇرۇندى. باشقا ئۆلكىلەرنىڭ پارىژنى پەقەت ۋېرسالنىڭ camera obscura (غەلىتە كۆرسىتىدىغان ئەينىكى) بىلەن كۆزىتىشىگىلا رۇخسەت قىلدى (ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە ۋېرسال گېزىت-ژورناللىرى تارقاتقان يالغان گەپ ۋە تۆھمەتلەرلا يەتكۈزۈلۈپ، كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىۋارى لۆڭدۈەن قىلىندى). 20 مىڭ بوشتىپ تۇرۇلغان جىنايەتچى بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتىدۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ — بۇنداق تۆھمەتلەر پايتەختنىڭ شەنىنى بۇلغىماقتا ئىدى.

> «ئىتتىپاق ھەقىقى ئەھۋالنى بايان قىلىپ، باشقا ئۆلكىلەر بىلەن پارىژ ئوتتۇرىسىدىكى نورمال مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ بىرىنچى مەجبۇرىيىتى دەپ ھېساپلايدۇ.»[126]

ئەمدى ئۇلار پارىژنى مۇھاسىرە قىلغاندا، ئۇزلىرى پارىژدا مۇھاسىرىدە قالغان ۋاقتىدىكىدەك قىلدى.

«ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا، ئىمغۇا ئۇلارنىڭ ئەڭ ياقتۇرىدىغان قورالى. ئۇلار پايتەختتىكى گېزىتلەرنى مەنئى قىلدى، مۇسادىرە قىلدى، خەۋەرلەرنى توستى، خەت ـ چەكلەرنى ئېچىپ تەكشۈردى، شۇڭا، باشقا ئولكىلەر جۇل قاقىر، پىكارغا ئوخشاش نىملەر تارقىتىشنى خالىغان خەۋەرلەرگىلا ئىگە بولالايتتى، ئۇلارنىڭ بۇ گەپلەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ كورۇشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.»

تىيېرنىڭ ئاخباراتى، پىكارنىڭ ئومۇمى ئۇقتۇرۇشى، دۇفور-نىڭ...... شەھەر ـ جېنلار ئېلانى. ۋېرسالدىكى قاراقچى گېزىتلەر ۋە نېمىسلار. كىچىك «تۇگباۋ» گېزىتى[127]. باشقا جايلارغا ساياھەتكە بارغاندا يول خېتى ئېلىش تۈزۈمىنى يېڭىۋاشتىن يولغا قويۇش. ھەممە يەردە تىڭ ـ تىڭلاپ يۇرىدىغان پايلاقچىلار قوشۇنى. (پرۇسسىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئىدارە قىلىشىدىكى روئان قاتارلىق جايلاردا) ئۇزلۇكسىز قولغا ئېلىش ۋە باشقىلار. پارىژنىڭ 4 ئەتراپىغا تارقالغان كۆر مىڭلىغان ساقچى ئەمەلدارلىرى شىيەنبىڭ، ساقچى ئىدارىسى جۇيجاڭى ۋالېنتىننىڭ، مۇشۇ توپلاڭچى شەھەردە چىقىرىلغانلىكى گېزىت، مايىللىغىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئى نەزەر، پۇتۇنلەي مۇسادىرە قىلىنسۇن ھەم خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا كويدۇرۇپ تاشلانسۇن، دىگەن بۇيرۇغىنى تاپشۇرۇۋالغان، بۇ مۇقەددەس مەھكىمە شەرئى ئەۋج ئالغان دەۋردىكى قىلىق بىلەن ئوپ ـ ئوخشاش.

تىيېر ھوكۇمىتى دەسلىۋىدە ھەرقايسى ئولكىلەرگە كومىن زىۋېيجۇننىڭ جەڭگىۋار يىگىلىرىنى تەشكىللەش ھەم ئۇلارنى

ۋېرسالغا ئەۋەتىپ پارىژغا تاقابىل تۇرۇشنى مۇراجەت قىلغان①.

خۇددى لىموژدىكى گېزىتتە128 بېسىلغىنىدەك، «باشقا ئۇلكىلەر تېيىر ۋە ئۇنىڭ "پومىشىكلار يىخۇيى" تەلەپ قىلغان پىدائىي جەڭگىۋار يىگىلارنى ئەۋەتىشنى رەت قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇزلىرىنىڭ نارازىلىغىنى بىلدۇردى.»

تېيېرنىڭ ئەتىراپىغا توپلانغان بىردىن - بىر «باشقا ئۇلكىلەر» ئارمىيىسى برېتانى ئۇلكىسىنىڭ ئاز سانلىق دوتلىرى بولۇپ، ئۇلار جەڭ قىلغاندا ئاق بايراق كوتىرىپ، ھەر بىرى مەيدىسىگە ئەيسانىڭ ئاق لاتىدىن ياسالغان مۇقەددەس يۇرىكىنى تاقىشۋالاتتى، «ياشىسۇن پادىشا! » دەپ توۋلاپ تۇراتتى.

**سايلام. 5 - ئاينىڭ 6 - كۇنىدىكى «ئىنتىقامچىلار گېزىتى»**[129].

**دۇفور ئەپەندىنىڭ مەتبۇئات قانۇنى** (4 - ئاينىڭ 8 - كۇنى). ئۇنىڭ ئاشكارا ئېلان قىلىنىشى باشقا ئۇلكە گېزىتلىرىنىڭ «ھەددىدىن ئاشقان سوزلىرى»گە تاقابىل تۇرۇش ئۇچۇن ئىدى.

ئۇنىڭدىن قالسا، باشقا ئۇلكىلەردە كوپلەپ قولغا ئېلىشلار. باشقا ئۇلكىلەر **گۇمانلىقلارنى بىر ياقلىق قىلىش قانۇنىنىڭ**[130] بىر تۇتاش ئىدارە قىلىشى ئاستىغا ئېلىنغان.

**باشقا ئۇلكىلەرگە قارىتىلغان ئىدىيىۋى قامال ۋە ساقچىلار قامىلى.**

**4 - ئاينىڭ 23 - كۇنى. ھافور خەۋىرى.** شەھەر - جېن

① قولىيازمىدا بۇ سوزنىڭ ئالدىغا يەنە: «بىسماركتىن ئەسىر ئېلىنغان ئارمىينى ئېلىشتىن ئىلگىرى......ئالاقزادىلىك بىلەن مۇراجەت قىلغان......» دىگەن سوزلەر يېزىلغان. — تەھرىردىن

سەنيىخۇيلىرى پارىژ بىلەن ۋېرسالغا سەنيىخۇيىنىڭ 3 ئەزاسىنى ئەۋەتكەن، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى كېلىشتۇرۇپ قويۇش، بۇنىڭ بىلەن جۇمھۇرىيەتنى ساقلاپ قېلىش، پۈتۈن فرانسىيىگە شەھەر ـ جېنلار سايلام ھوقۇقى بېرىش ئاساسىدا ئىچكى ئۇرۇشنى ئاياقلاشتۇرۇش ئىدى...... **4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، پىكار بىلەن تىيېر لەۋندىن كەلگەن ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلدى** ــ ئۇلارنىڭ جاۋاۋى: **«ھېچنىمىنى ئايىماي ئاخىرغىچە ئۇرۇش قىلىمىز»** دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

لىون ۋەكىللىرىنىڭ خېتىنى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى گرېپپو يىغىنىغا سۇندى[131].

باشقا ئۆلكىلەرنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى شەھەر ـ جېن سەنيىخۇيلىرى ۋېرسالغا ۋەكىللەر ئومىگى ئەۋەتىپ، ھوكۇمەت دائىرىلىرىدىن پارىژ ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەرگە ماقۇل بولۇشنى ئوتتۇندى، بۇ ئۇلارنىڭ تازا زىتىغا تېگىدىغان ھەركەت ئىدى؛ پۈتۈن فرانسىيىدىكى شەھەر ـ جېنلاردىن بىرەرىمۇ تىيېرنىڭ ۋە «پومېشچىكلار يىغىنى»نىڭ ھەركىتىنى ماختاپ بايانات ئېلان قىلمىدى؛ **دۇفورنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى باش جيەنچاگۇەنلەرگە تارقىتىپ بەرگەن سۆلھىگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى ئومۇمى ئۇقتۇرۇشىدا** تاپا ـ تەنە قىلىپ ئېيتىلغىنىغا قارىغاندا، ھەرقايسى ئۆلكە كېڭەشلىرىمۇ شۇ شەھەر ـ جېن سەنيىخۇيلىرىغا ئوخشاش،

«ئومۇمى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن كومىن يىغىنى ئۆزى ئورنىغا ئىگە بولۇۋالغان پارىژ كۆكچىسى بىلەن بىر قاتارغا قويدى ھەمدە كومىن يىغىنى پارىژنىڭ شەھەر ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلمىدى دەپ

ئەيپلگەن ۋاھاكازا».

ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ قاملاشمىغىنى شۇكى، مۇشۇ شەھەر ـ جېن سەنيىخۇيلىرى، مەسلەن، **ئوش شەھەر ـ جېن سەنيىخۇيى**

«گومىن يىخۇينىڭ دەرھال پارتىزغا ئۇرۇش توختىتىدىغانلىقىنى ئېيتىشنى بىردەك تەلەپ قىلدى ھەمدە 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سايلانغان يىخۇينىڭ ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى، چۈنكى ئۇنىڭ مۇددىتى توشقان ئىدى» (دۇفورنىڭ 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى **ۋېيرسال يىخۇيدا قىلغان سوزى**).

ئەستە تۇتۇش كېرەككى، بۇلارنىڭ ھەممىسى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سايلانغان شەھەر ـ جېن سەنيىخۇيلىرى ئەمەس، بەلكى يەنىلا كونا شەھەر ـ جېن سەنيىخۇيلىرى ئىدى[132]. ئۇلار ئەۋەتكەن ۋەكىللەر ئومەكلىرى شۇنچىلىك كوپ ئىدىكى، تىيېر ئۇلارنى ئەمدى ئۆزى قوبۇل قىلماسلىق قارارىغا كېلىپ، ئۇلارنى كۆتۈۋېلىشقا بىر نېيكې ياردەمچىسىنى قويدى.

**ئاخىردا، 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈندىكى سايلام** — بۇ گومىن يىخۇي ۋە گومىن يىخۇينى ۋۇجۇتقا چىقارغان ئەشۇ قېتىمقى تۇيۇقسىز سايلام ئۈستىدە چىقىرىلغان ئاخىرقى ھوكۇم ئىدى. ئەگەر، ھەرقايسى ئۆلكىلەر مۇشۇ كەمگىچە ۋېرسالغا پاسسىپ قارشىلىق كورسىتىپلا كەلدى، قوزغىلاڭ كوتىرىش يولى بىلەن پارىژنى قوللىمىدى، دېيىلسە، بۇ كونا ھاكىمىيەتنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلەردە يەنىلا ئۆزىنىڭ جۇيدىيەنلىرىنى ساقلاپ كەلگەنلىكىدىن، دىگونىڭ باشقا ئۆلكىلەرنى بىھۇش ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىدىن بولغان، ئۇرۇش بولسا بۇنداق ھالەتنى ساقلاپ قېلىۋەردى. روشەن كورۇنۇپ تۇرۇپتۇكى، باشقا ئۆلكىلەر بىلەن پارىژنىڭ ئوتتۇرىسىدا

تۇرغىنى ۋېرسال ئارمىيىسى، ۋېرسال ھوكۇمىتى ۋە يالغان گەپتىن ئىبارەت ئۇزۇن سېپىل ئىدى. مۇشۇ ئۇزۇن سېپىل ئۆرۈلۈپ چۈشسە، باشقا ئۆلكىلەر پارىژ بىلەن بىرلىشىپ كېتەتتى.

ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك شۇكى، بۇ ئادەملەر (تېيېرغا ئوخشاش بىر توپ ئادەملەر) ئومۇمىي سايلام ھوقۇقى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى شارائىتىدىمۇ ئۆزىگە كۆتۈلمىگەن يەردىن پېيشكەللىك ئېلىپ كېلىش ئېھتىمالى بولغانلىقتىن، 1850 - يىلى بىر قېتىملىق يىخۇي سۇئىقەستىدىن پايدىلىنىپ، **ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىنى** ئەمەلدىن قالدۇرغان ئىدى (ئۇ چاغدا بوناپارت ئۇلارنى قىلتاققا چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىلكىدە پۈتۈنلەي بويسۇندىغان قىلىۋېلىش ئۈچۈن، سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغاندىن كېيىن ئۆزى تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ يىخۇيىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ياردەم قىلغان ئىدى)؛ ئەمدى، ئومۇمىي سايلام بوناپارتىنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا پەقەت مەمۇرىي دائىرىلەرنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇققىلا ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان، مەمۇرىي دائىرىلەرنىڭ ئالدامچىلىق قىلىش، كۆتۈلمىگەن ھەركەتلەرنى قىلىش ۋە ساختىپەزلىك قىلىشىنىڭ ماشىنىسى قىلىپ قويۇلغاندىن كېيىن بولسا، يەنە شۇ كىشىلەر ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىنىڭ تەلۋىلەرچە ھىمايىچىلىرى بولۇۋالدى، ئۇلار ئومۇمىي سايلامنى ئۆزلىرىنىڭ پارىژغا تاقابىل تۇرۇشىنىڭ «قانۇنىي» ئاساسى قىلىۋالدى. (**شەھەرلەر ئىتتىپاقى قۇرۇلتىيى) (5 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى «چاقىرىق گېزىتى»**!) [133]

## تروشۇي، جۇل فافېر ۋە تىيېر، باشقا ئۇلكىلىكلەر

بەزىلەر مۇنداق دەپ سورىشى مۇمكىن: تىيېر، فافېر، دۇفور، گارنىې - پاژېس (ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارغا ئوخشاش پەقەت ئاز ساندىكى لۇكچەكلەر)قا ئوخشاش زاۋالغا يۈزتۇتقان بۇ يىخۇي مەلئۇنلىرى ۋە سۇئىقەستچىلەر قانداقلارچە ھەر قېتىملىق ئىنقىلاپتىن كېيىن ئۈزلۈكسىز يېڭىۋاشتىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەمۇرى چوڭ ھوقۇقنى تارتىۋېلىۋاتىدۇ؟ ئىزچىل تۈردە ئىنقىلاپنى سۇئىستىمال قىلغان ۋە ئىنقىلاپقا خائىنلىق قىلغان، ئىنقىلاپنى ئەمەلگە ئاشۇرغان خەلقنى قىرغان، خەلق ئىلگىرىكى ھەر قېتىملىق ھوكۇمەتتىن قولغا كەلتۈرگەن ئازغىنا زىيۇجۇيىلىق يول قويۇشلارنى تارتىۋالغان بۇ ئادەملەر نىمىشقا شۇنداق قىلالايدۇ؟ (ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ شۇ يول قويۇشلارغا قارشى تۇرغان ئىدى.)

بۇ ناھايىتى ئاددى. ئالدى بىلەن، ئۇلار گەرچە، فېۋرال ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى تىيېرغا ئوخشاش، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن بەكمۇ چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن خەلق كەڭ قوساقلىق قىلىپ ئۇلارغا يەنىلا تەگمىگەن. خەلقنىڭ ھەر قېتىمقى ئوڭۇشلۇق قوزغىلىڭىدىن كېيىن، خەلقنىڭ ئەشەددى دۈشمەنلىرى كېلىشىش توغرىسىدا چۇقان سالغىلى تۇرىدۇ، خەلق ئۆزىنىڭ غەلىبىسىگە مەپتۇن بولۇپ كەتكەن دەسلەپكى باسقۇچتا بۇنداق چۇقانلار خەلقنىڭ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشىدۇ. بۇ دەسلەپكى باسقۇچ ئوتۇپ كەتكەندىن كېيىن، خەلق ماددى كۈچنى يەنە ئىگەللەپ تۇرىدىغانلا بولسا، تىيېر ۋە دۇفورغا ئوخشاش ئادەملەر يوشۇرۇنۇۋالىدۇ - دە، ئاستىرتىن ئۆزىنىڭ شۇملۇغىنى قىلىدۇ. مۇبادا خەلق

قورالسىزلاندۇرۇلسا، ئۇلار دەرھال يېڭىۋاشتىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ھەمدە بۇرژۇئازىيە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ سەركەردىسى قىلىۋالىدۇ.

ياكى فافېر، گارنىې - پاژېس، جۇل سىمون قاتارلىقلارغا (ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارغا ئوخشاش بىرقانچە ياشراق شەخسكە) ۋە 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن كېيىنكى تىيېرنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش، ئەسلىدە لۇئى - فىلىپپ ھوكۇم سۈرگەنىدە «سالاپەتلىك» جۇمھۇرىيەتچى قارشى گۇرۇھ بولغان بولسا، كېيىن لۇئى بوناپارت ھوكۇم سۈرگەندە يىخۇيىچى قارشى گۇرۇھ بولىدۇ. ئىنقىلاپ ئۇلارنى سەھنىگە چىقارغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئورناتقان ئەكسىيەتچىل تۈزۈم ئۇلارنىڭ قارشى گۇرۇھلۇق ئورنىغا ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، ھەقىقى ئىنقىلاپچىلارنى بولسا سەرگەردان قىلىدۇ، ئۆلۈمگە ھوكۇم قىلىدۇ ۋە سۈرگۈن قىلىدۇ. خەلق ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇيدۇ، ئوتتۇرا سىنىپ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئادىمى دەپ قارايدۇ؛ ئۇلارنىڭ رەسۋا ئۆتمۈشى ئۇنتۇلىدۇ - دە، ئۇلار يەنە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ خائىنلىق ھەركىتى ۋە نومۇسسىز شۇملۇقلىرىنى يېڭىۋاشتىن باشلايدۇ.

---

**5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېرىم كېچە: كلامار كەنتى** ئارمىيە قولىغا چۈشۈپ قالدى، پويىز ئىستانسىسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىدا ئىدى (بۇ ئىستانسا ئىسسى قورغىنىنى تىزگىنلەپ تۇراتتى). 22 - لىيېبكىيىلك تاسادىپىلا پەيدا بولۇپ (نوۋەتچى قاراۋۇل ئۇلارنىڭ جېنچا دۈينى كىرگۈزۈۋەتكەن، چۈنكى **خائىن** ئۇلارغا **كۆلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغان**)، كوپچىلىكى كارۋاتتا ياتلىق ئۇخلاۋاتقان قوغدىغۇچى ئارمىيىگە ئويلىمىغان يەردىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى،

60لا كىشىنى ئەسىر ئالدى، **قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئارمىيىسىدىن 300 نى سىداۋ سانچىپ ئۆلتۈردى.** ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەسىرلەر ئارىسىدىكى دائىمى ئارمىيە ئەسكەرلىرى سوراق قىلىنمايلا دەرھال ئېتىپ تاشلاندى. **تېيىر 5-ئاينىڭ 2-كۈنى شىڭجاڭلار، خەلق ئىشلىرى دائىرىلىرى ۋە ھەربى دائىرىلەرگە چىقارغان ئومۇمى ئۇقتۇرۇشىدا** نومۇس قىلماي مۇنداق دىدى:

«ئۇ (گۈڭشى) بەزى جياڭجۈنلەر (كىلوزېرى!)نى ئېتىپ تاشلاش ئۈچۈنلا قولغا ئالدى. ئۇ پۈتۈنلەي قاملاشمىغان بىر گۈڭئەن ۋېيۈەنخۈي تەشكىل قىلدى!»

لاكرېتېل جياڭجۈن قوماندانلىقىدىكى ئارمىيە ئىسسى قورغىنى بىلەن مونرۇۋژ ئارىسىغا جايلاشقان **مۇلىن-ساك كوپ تەرەپلىك قورغىنىنى** ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىۋالدى، قوغدىغۇچى ئارمىيە جۇڭخۇيگۇەن **گاللىپىنىڭ** ئاسلىق قىلغانلىقى، ۋېرسال ئارمىيىسىگە كۆلگىنى ساتقانلىقى ئۈچۈن تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. گۈڭشى ئەزالىرىدىن 150 ى سىداۋ سانچىپ ئۆلتۈرۈلدى، 300 دىن ئارتۇقراغى ئەسىر ئېلىندى. «تايمس گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى: تېيىر ئەپەندى قەتئىيەتلىك كورستىدىغان چاغدا ناھايىتى ئاجىزلىق قىلدى (بۇ قورقۇنچاق **ئۆز ئاماللىقىدىن ئەنسىرىمىسە بولمايدىغان چاغدا** ھامان ئاجىز ئىدى)، بەزى يول قويۇشلار ئارقىلىق ھەممىگە ئىگە بولغان چاغدا بولسا ناھايىتى قەتئىلىشىپ كەتتى (بۇ لۇكچەك فرانسىيىنى كۈچ بىلەن قىرىدىغان، غادىيىۋېلىپ سىپاگەرلىك بىلەن ھەيۋە قىلىپ، ئۆز ئاماللىقىنى ھەقىقى كاپالەتكە ئىگە قىلغان چاغلاردا ھامان قەتئى ئىدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەقلى مانا شۇ يەردە، ئانتونى ئېيتقىنىدەك،

تىيېر بىر «ئادىل جاناپ»[1]) دېدى.

---

تىيېرنىڭ **مۇلىن - ساك** توغرىسىدىكى ئاخباراتى (5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى) :

«پارىژ ئۆزىنى ئېزىۋاتقان يىرگىنىشلىك زالىم پادىشانىڭ چاڭگىلىدىن ئازات بولدى» («ۋېرسال - لىقلار گومىن زىۋېيجۇن قىياپىتىگە كىرىۋالغان.») («زور كوپچىلىك گۆشتى ئەزالىرى تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندا ئۆلتۈرۈلگەن ياكى ئەسىر ئېلىنغان»).

**پىكار: «بىزنىڭ توپچى ئەسكەرلىرىمىز توپقا تۇتقىنى يوق، لېكىن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق چىقاردى»** (پىكارنىڭ «شەھەر - جېنلار تۇڭباۋسى» گېزىتى).

«تۇرمىگە قامالغان، ئولەر ھالەتتە ياتقان بىلانكى، شيەنبىڭلار تەرىپىدىن كاللىسى ئېلىنغان فلورانس، ۋىنوۋانىڭ بۇيرۇغى بىلەن ئېتىپ تاشلانغان دۇۋاللار 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قولغا چۈشكەن ئىدى، لېكىن زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىغان.»

---

[1] شېكىسپىرنىڭ «يۇلىئوس كايزا» دېگەن سەھنە ئەسىرىنىڭ ئۈچىنچى پەردە ئىككىنچى كورۇنۇشىگە (ئانتونىنىڭ برۇتۇس توغرىسىدىكى سوزىگە) قارالسۇن. — تەھرىردىن

# گۇڭشې

## 1. ئىشچىلار سىنىپى ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىرلەر

**بولكا ئىشچىلىرىنىڭ كېچىدە ئىشلىشى** مەنئى قىلىنىدى (4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى).

ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىلار ئىگىلىگىدىكى زاۋۇتلاردا زاۋۇت ئىگىلىرى قاتارلىقلار (زاۋۇدى بار سودىگەرلەر) (چوڭ ـ كىچىك **ياللىغۇچىلار**)نىڭ ئۆز ئالدىغا قولغا كىرگۈزۈۋالغان **شەخسى ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى** (بۇ زاۋۇت ئىگىلىرى ئەرز ـ شىكايەت ئىشلىرىدا ھەم فاكۇەن، ھەم ئىجرا قىلغۇچى ئەمەلدار، ھەم غەلىبە قىلغۇچى ۋە شاھىت ئىدى) بىكار قىلىندى؛ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى **جەرىمانە قويۇش، پۇل كۇلاپ قېلىش** قاتارلىق جازالار بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ مۇئاشىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان **ئۆز ئالدىغا جىنايى ئىشلار فادىيەنى تۈزۈش** ھوقۇقى بىكار قىلىندى؛ ياللىغۇچىلار بۇ پەرمانغا خىلاپلىق قىلسا، جازاغا تارتىلىدىغان بولدى؛ 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن كېيىن ئېلىۋېلىنغان **جەرىمانە ۋە كۇلاپ قېلىنغان پۇللار** ئىشچىلارغا قايتۇرۇپ بېرىلىدىغان بولدى (4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى). گورو ـ خانىلاردىكى گوروگە قويۇلغان نەرسىلەرنى سېتىش توختىتىلدى (3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى).

پارىژدىكى زور بىر تۈركۈم دۇكان ۋە زاۋۇتلار ئىگىلىرى

قېچىپ كەتكەنلىكتىن تاقىلىپ قالغان. بۇ ــ سانائەت كاپىتالىستلىرىنىڭ كونا چارىسى، ئۇلار «سىياسىي ئىقتىسات قانۇنىيىتىنىڭ زىيالىق رولىغا ئاساسەن»، ئۆزلىرىنى ئىشچىلارنىڭ ئەمگىكىدىن پايدا ئېلىش، بۇنى ئىشچىلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ شەرتى قىلىش ھوقۇقىغىلا ئىگە دەپ قالماي، بەلكى بىراقلا ئىشنى توختىتىپ، ئىشچىلارنى كوچىدا قالدۇرۇش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە دەپ ھېساپلايدۇ ــ غەلىبە قازانغان ھەرقانداق ئىنقىلاپ ئۇلارنىڭ «تۈزۈمى»نىڭ «تەرتىۋى»گە تەھدىت سالغاندا، ئۇلار بىر قېتىم سۇنئىي ۋېيجى پەيدا قىلىشىدۇ. گۇڭشې ئىنتايىن دانالىق بىلەن گۇڭشېنىڭ بىر ۋېيىۋەنخۇيىنى ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىن سايلانغان ۋەكىللەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئىگىلىرى تاشلاپ كەتكەن دۇكان ۋە زاۋۇتلارنى ئىشچىلارنىڭ كوپىراتسىيە تەشكىلاتلىرىغا قانداق تاپشۇرۇپ بېرىش ھەم قېچىپ كەتكەن كاپىتالىستلارنىڭ چىقىمىنىڭ قانچىلىكىنى تولەپ بېرىش توغرىسىدا ئۇلار بىلەن بىللە مەسلىھەتلىشىشكە تەيىنلىدى (4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى)؛ (بۇ ۋېيىۋەنخۇي ئىگىلىرى تاشلاپ كەتكەن زاۋۇتلارنى تۇڭجى قىلىشقىمۇ مەسئۇل قىلىندى).

گۇڭشې ھەرقايسى رايونلۇق ھوكۇمەتلەرگە 75 سانتىمدىن ياردەم پۇلى تارقاتقاندا، گومىن زىدۋېيجۇندىكىلەردىن قالغان ئاتالمىش غەيرى رەسمىي جورىلار، ئانىلار ۋە تۇل خوتۇنلارغا بىر كوزدە قاراش، پەرقلەندۇرمەسلىك توغرىسىدا بۇيرۇق چۇشۇردى.

ھازىرغا قەدەر پارىژدا مەخسۇس «تەرتىپچى شەخسلەر» ئۇچۇن بېقىپ كېلىنگەن پاھىشە ئاياللىرىنى ــ لېكىن بۇ شەخسلەرنىڭ «بىخەتەرلىكى» ئۇچۇن ئۇلار ساقچىلارنىڭ ھەيۋىسى بىلەن جىسمانەن قول قىلىشى ئاستىدا تۇراتتى ــ گۇڭشې خورلۇققا

چىداپ كەلگەن قۇللۇق ئورنىدىن ئازات قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىپپەت ـ نومۇسىنى سېتىش تۈزۈمىنى يېتىشتۈرىدىغان تۇپراقنى ۋە شەخسلەرنى تازىلىدى. ئالى دەرىجىلىك جالاپلار — تەنناز خېنىملار — تەرتىپ ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا، ئەلۋەتتە، ساقچىلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ قولى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ خوجايىنى ئىدى.

ئەلۋەتتە، گوڭشې خەلقىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى (مائارىپنى) قايتا تەشكىللەشكە ۋاقىت چىقىرالمىدى؛ لېكىن، گوڭشې ئۇنىڭدىكى دىن ۋە دىنىي ھوقۇقچىلىق تەركىۋىنى تازىلاپ چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئىدىيىۋى ئازاتلىقى جەھەتتە بىر باشلىنىش بولدى. ئۇ بىر ۋېيىۋەنخۇيىنى (باشلانغۇچ ۋە كەسپىي) مائارىپنى تەشكىللەشكە تەيىنلىدى (4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى). گوڭشې ھەممە ئوقۇش بۇيۇملىرىنى، مەسىلەن، كىتاپ، خەرىتە، قەغەز ۋاھاكازالارنى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئايرىم تۇردە ئۇزى قاراشلىق رايونلۇق ھوكۇمەتلەردىن ئېلىشى، ئاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارغا پۇلسىز تارقىتىپ بېرىشى؛ ھەرقانداق ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەرقانداق بانا بىلەن ئوقۇغۇچىلاردىن مۇشۇ ئوقۇش بۇيۇملىرىنىڭ پۇلىنى ئالماسلىغى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى **(4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى)**.

**گوروخانىلار**: ئومۇمەن 1871 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن بۇرۇن گوروگە قويۇلغان، قىممىتى 20 فرانكتىن ئېشىپ كەتمەيدىغان كىيىم ـ كېچەك، ئوي جاھازى، ئىچكى كىيىم، كىتاپ، يوتقان ـ كورپە ۋە ئەمگەك قوراللىرىنى بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن باشلاپ گورو ھوججىتىگە ئاساسەن ھەقسىز ئېلىۋالسا بولىدىغان بولدى **(5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى)**.

## 2. ئىشچىلار سىنىپى ئۈچۈن، لېكىن ئاساسلىقى، ئوتتۇرا سىنىپ ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىرلەر

**4-ئايدىن بۇرۇنقى يېقىنقى 3 پەسىللىك ئۆي ئىجارىسى پۈتۈنلەي كېچىرىم قىلىندى:** ئومۇمەن مۇشۇ 3 پەسىلدىن بىرىگە ئىجارە تولەپ بولغانلار تولىنىپ بولغان پۇلنى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆي ئىجارىسى ئۈچۈن ئالدىن تولەنگەن ھەق قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولدى. بۇ پەرمان جاھازلىق ئۆي-ئىمارەتلەرگىمۇ لايىق ئىدى. ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ئىجارىگە ئالغۇچىلارغا چەكلەنگەن مۇددەتتە ئۆيدىن كوچۇش توغرىسىدا قىلغان ئۇقتۇرۇشلىرى كېيىنكى 3 ئايدا كۈچىدىن قالدى **(3-ئاينىڭ 29-كۈنى)**.

*Échéances* (مۇددىتى توشقان چەكلەرنىڭ تولىنىشى) **(چەكلەرنىڭ مۇددىتى توشۇشى)**: ۋاقتى ئوتكەن چەكلەر ۋاقتىنچە سۈيلەپ ئېلىنمايدۇ **(4-ئاينىڭ 12-كۈنى)**.

بارلىق مۇشۇ خىلدىكى سودا چەكلىرى بۇ يىل 7-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن باشلاپ 2 يىلغىچە (مۇددەتكە، تۈركۈمگە بولۈپ) قايتۇرۇلىدۇ، قەرز پۇلغا ئۈسۈم ئېلىشقا بولمايدۇ. مۇددىتى توشقان قەرز پۇلىنىڭ ئومۇمى سانى **8 ئۈلۈشكە بولۇنۇپ، ھەر 3 ئاي بىر قەرەل ھېساپلىنىپ، قەرەل بويىچە قايتۇرۇلىدۇ** (بىرىنچى قەرەل 7-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن باشلاپ ھېساپلىنىدۇ). پەقەت تۈركۈمگە بولۈپ تولىنىدىغان مۇشۇ قەرز پۇل ۋاقتىدا تولەنمىسە، ئاندىن قانۇنغا ئاساسەن سۈيلەپ ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ **(4-ئاينىڭ 16-كۈنى)**. دۇفورنىڭ ئىجارىگە ئېلىش ۋە قەرەللىك چەك قانۇنى پارىژدىكى قائىدە-يوسۇنغا ئىنتائەت

قىلىدىغان زور كوپچىلىك دۇكاندارلارنى ۋەيران قىلدى.

تاكى بۇگۈنگىچە ۋەزىپىسىدىن پايدىلىنىپ بېيىپ كەلگەن گۇۋاچىلار، قانۇن ساقچىلىرى، كىم ئارتۇق قىلىپ ساتقۇچىلار، ئىجرا قىلغۇچى ئەمەلدارلار ۋە باشقا ئەدلىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى گۇڭشېنىڭ ھوكۇمەت خىزمەتچىلىرىگە ئۆزگەرتىلىپ، باشقا ئىشچىلارغا ئوخشاش گۇڭشېدىن مۇقىم ئىش ھەققى ئالىدىغان بولدى.

تىببى شۇبىيۇەنىنىڭ جياۋشۇلىرى قېچىپ كەتكەنلىكتىن، گۇڭشې بىر ۋېيىيۇەنخۇيىنى ئەمدى دولەتكە يولىنىۋالمايدىغان بەزى **ئەركىن داشۇبلە**رنى قۇرۇشقا تەيىنلىدى؛ ئىمتىھاندىن ئوتكەن ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا، تىببى پەنلەر بوشىسى دىگەن ئۇنۋانىنىڭ بولۇش-بولماسلىغىدىن قەتئى نەزەر (ئىلمىي ئۇنۋاننى شۇبىيۇەن بىرىدۇ)، دوختۇرلۇق قىلىشقا شەرت-شارائىت تۇغدۇرۇپ بەردى.

باشقا ئەدلىيە خادىملىرىغا ئوخشاش، ھەرقانداق سىنىپىنىڭ ھوكۇمىتىدە خىزمەت ئوتەشنى باشتىن-ئاياق خالاپ كەلگەن **سېنا ئولكىسى ھەق تەلەپ ئىشلىرى فاتىگىنىڭ** فاگوۇەنلىرى قالماي قېچىپ كەتكەنلىكتىن، گۇڭشې بىر لۇيشىنى، ئومۇمى سايلام ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك فاتىگلار قايتا تەشكىل قىلىنغانغا قەدەر، ئەڭ جىددى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ تۇرۇشقا تەيىنلىدى **(4-ئاينىڭ 26-كۇنى)**.

### 3. ئومۇمى تەدبىرلەر

**ئەسكەر ئېلىش تۇزۇمىنى بىكار قىلىش.** ھازىرقى ئورۇشتا ھەربى خىزمەت ئوتەيدىغانلىكى كىشى ھەربى خىزمەت ئوتەشى (گومىن زىۋېيجۇن بولۇشى) كېرەك، بۇ پارىژغا

يوشۇرۇنغان بارلىق جاسۇسلار ۋە قورقۇنچاقلارنى تازىلاپ چىقىرىشنى ئەڭ ياخشى تەدبىر (**3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى**).

**قىمارنى مەنئى قىلىش (4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى).**

جياۋخۇيلارنى دۆلەتتىن ئايرىش؛ دىنىي يۈيسۇەننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ جياۋخۇيلارنىڭ پۈتۈن مال - مۈلكىنى دۆلەت مۈلكى دەپ ئېلان قىلىش (**4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى**).

گۈڭشې بىر شەخسنىڭ دوكلادىغا ئاساسەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، **«تەرتىپچىلەر ھۆكۈمىتى»**نىڭ ئەسلىدە بار بىر كاللا كېسىش ماشىنىسىدىن باشقا، يەنە يېڭى (ئىشلىتىشكە تېخىمۇ لايىق، يوتكەشكە تېخىمۇ قولايلىق) بىر كاللا كېسىش ماشىنىسىنى ياساشقا بۇيرۇق بەرگەنلىكىنى بەلكى ھەققىنى ئالدىن تولىگەنلىكىنى بىلگەن. گۈڭشې كونا - يېڭى ئىككى كاللا كېسىش ماشىنىسىنى 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خەلقى - ئالەم ئالدىدا كۆيدۈرۈپ تاشلاشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ۋېرسالدىكى گېزىتلەر پۈتۈن دۇنيادىكى «تەرتىپچىلەر» گېزىتلىرىنىڭ ماسلىشىپ دوس تارتىشىپ بېرىشى بىلەن بۇ ئىشنى مۇنداق دەۋالدى: پارىژ خەلقىنىڭ بۇ ئىككى كاللا كېسىش ماشىنىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىشى گۈڭشې ۋەييۇەنلىرىنىڭ قان ئىچەرلىك ھەركىتىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن! (**4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى**) 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىكى ئىنقىلاپتىن كېيىن، بارلىق سىياسى مەھبۇسلار دەرھال قويۇپ بېرىلدى. لېكىن گۈڭشې **لۇئى بوناپارت** ۋە ئۇنىڭ ئېسىل ۋارىسلىرىنىڭ دۆلەت مۇداپىيە ھوكۇمىتىنىڭ **ھوكۇمرانلىغى** ئاستىدا نۇرغۇن ئادەمنى ھېچقانداق جىنايىتى يوق نوقۇل سىياسى گۇمان بىلەنلا تۈرمىگە قاماپ قويغانلىغىنى بىلەتتى. شۇڭا، گۈڭشې ئۆزىنىڭ بىر ۋەييۇەنىگە — پروتوغا بۇنى

تەكشۈرۈپ چىقىشنى تاپشۇردى. ئۇ قامالغىنىغا 6 ئاي بولغان لېكىن بىر قېتىممۇ سوراق قىلىنىپ باقمىغان 150 ئادەمنى قاماقتىن بوشاتتى؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر بوناپارت هوكۇمرانلىقى دەۋرىدىلا قولغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قامالغىنىغا بىر يىل بولغان لېكىن ئۇلارنىڭ هېچقانداق جىنايىتى يوق، سوراقمۇ قىلىنىپ باقمىغان (**4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى**). دولەت مۇداپىە هوكۇمىتىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تازا ئوبدان چۈشەندۇرۇپ بېرىدىغان بۇ پاكىت ئۇلارنى تازا چىچاڭشىتىۋەتتى. ئۇلار، گوڭشې هەممە جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بەردى، دەپ تۇرۇۋالدى. لېكىن جىنايىتى بېكىتىلگەن جىنايەتچىلەرنى زادى كىم قويۇۋەتتى؟ يالغان هوججەت ياسىغان جىنايەتچى جۇل فافېر. ئۇ تەختكە چىقىپ تېخى ئورنى ئىسسىماي تۇرۇپلا «تۆغ گېزىتى» ۋەقەسىدە ئوغرىلىق قىلغانلىقى ۋە يالغان هوججەت ياسىغانلىقى ئۇچۇن جازاغا هوكۇم قىلىنغان **پىك بىلەن تايفېرنى** ئوپئول ـ توپئوللا قويۇۋەتتى. بۇ ئىككى ئەپەندىنىڭ بىرى يەنى تايفېر هېچ ئەيمەنمەستىن پارىژغا قايتىپ كەلدى، لېكىن ئۇ قايتىدىن ئوزىنىڭ سالاهىيىتىگە لايىق قارارگاهقا ئاپىرىپ قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ۋېرسال هوكۇمىتى يەنە پۇتۇن فرانسىيىدىكى **هەرقايسى مەركەزىي تۇرمىلەر**دىكى جازاغا تارتىلغان ئوغرىلارنىمۇ تىيىر ئەپەندىنىڭ ئارمىيىسىگە قاتنىشىش شەرتى بىلەن قويۇپ بەردى!

**ۋاندوم تۇۋرۇكىنى چېقىۋېتىشكە بۇيرۇق بېرىلدى**، چۈنكى بۇ تۇۋرۇك

«ۋەهشىلىكىنىڭ خاتىرىسى، قوپال قورال كۈچى ۋە ساختا شوهرەتنىڭ سىمۋولى ئىدى، جۇنگوجۇيىنى ئىززەتلەيتتى، خەلقارالىق هوقۇقنى ئىنكار

قىلاتتى» (4 ـ ئاپرېلنىڭ 12 ـ كۈنى)[134].

**فرانكېل** (گېرمانىيىلىك، ئىنتېرناتسونال ئەزاسى)نىڭ كۈڭشى ۋېيىۋەنلىكىگە **سايلانغانلىقى** كۆچكە ئىگە، دەپ ئېلان قىلىندى: «چۈنكى پارىژ كۈڭشېسىنىڭ بايرىقى دۇنيا جۇمھۇرىيىتىنىڭ بايرىقى بولۇپ، چەتئەللىكلەر كۈڭشى ئەزاسى بولالايدۇ» (**4 ـ ئاپرېلنىڭ 4 ـ كۈنى**)[135]؛ ئۇزاق ئۆتمەي فرانكېل كۈڭشى ئىجرائىيە ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ ۋېيىۋەنلىكىگە سايلاندى (**4 ـ ئاپرېلنىڭ 21 ـ كۈنى**).

«ئاخبارات» كۈڭشى يىغىنلىرىنىڭ خاتىرىسىنى ئېلان قىلىشقا باشلىدى (**4 ـ ئاپرېلنىڭ 15 ـ كۈنى**).

پاسكال گرۇسسې چەتئەللىكلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىپ ئىشلەتمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا پەرمان چىقاردى. پارىژدا چەتئەللىكلەرگە بۇنداق تەكەللۇپ بىلەن مۇئامىلە قىلغان ھوكۇمەت ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان (**4 ـ ئاپرېلنىڭ 27 ـ كۈنى**).

كۈڭشى سىياسى قەسەم ۋە كەسپىي قەسەمنى بىكار قىلدى (**5 ـ ئاپرېلنىڭ 4 ـ كۈنى**).

سېن ـ ئونورې رايونى ئانژۇ كوچىسىدىكى (1816 ـ يىلى تەڭدىشى يوق يىيۋەن سالغان) **«لۇئى XVI ئۈچۈن جىنايىتىنى يۇيۇش چىركوۋى» دەپ ئاتالغان خاتىرە بىنا چېقىپ تاشلاندى (5 ـ ئاپرېلنىڭ 7 ـ كۈنى)**.

## 4. جامائەت خەۋپسىزلىكى تەدبىرلىرى

«سادىق» گومىن زىۋېيجۈن قورالسىزلاندۇرۇلدى (**3 ـ ئاپرېلنىڭ 30 ـ كۈنى**).

گۆڭشي گۆڭشىنىڭ قوشۇنى ئىچىدە ھەم گۆڭشىدىن، ھەم ۋىرسال يىخۇيىدىن ئۇرۇن ئىگىلەشكە يول قويۇلمايدىغانلىغىنى جاكالىدى (**3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى**).

**قىساس ئېلىش پەرمانى.** ئۇ زادىلا ئىجرا قىلىنمىدى. روھانى ئەرباپلارلا قولغا ئېلىندى، يەنى **پارىژنىڭ چوڭ جۇجياۋسى ۋە مادلىن چىركاۋىنىڭ باشقۇرغۇچىسى**؛ ئىيېزۇئىتلارنىڭ ھەممە كاتتىۋاشلىرى؛ بارلىق ئاساسىي چىركاۋلارنىڭ مۇئاشلىق پوپلىرىلا قولغا ئېلىندى؛ **بۇ ئادەملەرنىڭ بىر قىسمى** گۆرۈگە ئېلىنغانلار سۈپىتىدە **قولغا ئېلىنغان**، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ۋىرسال تەرەپ بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكى، يەنە بىر قىسمى چىركاۋنىڭ مال ـ مۈلكىنى گۆڭشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن باش تارتماقچى بولغانلىغى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان (**4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى**).

«باۋخۇاگداگچىلار بەئەينى ياۋايىلاردەك جەڭ قىلىدۇ؛ ئۇلار ئەسىرلەرنى ئېتىپ تاشلايدۇ، يارىدارلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، دالا ئۇرۇشى دوختۇرخانىلىرىنى توپقا تۇتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارمىيىسى مىلتىقنىڭ پايناكىنى ئاسمانغا قىلىپ كوتىرىۋالىدۇ، ئاندىن قارا نىيەتلىك بىلەن تۇيۇقسىز ئوت ئاچىدۇ.» «گۆڭشىنىڭ ئاخباراتى»136.

بۇ قىساس ئېلىش پەرمانلىرى توغرىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك:

بىرىنچىدىن، كاپىتالىستلار، بىكار تەلەپلەر، تەييارتاپلار كېتىشكەندىن كېيىن، پارىژ جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى تەبىقىدىكىلەر، **پارىژدىكى راھىپلارنى ھىساپقا ئالمىغاندا**، ۋىرسال بىلەن ئالاقىلىشىپ ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى. پارىژنىڭ چوڭ جۇجياۋسى ۋە مادلىن چىركاۋىنىڭ باشقۇرغۇچىسى پەقەت

گوروگە ئېلىنغاندىن كېيىن، «**ئۆزلىرىنىڭ قېنى توكۇلۇشى**»دىن قورقۇپ، ئاندىن تىيېرغا خەت يازدى.

ئىككىنچىدىن، گۆڭشې قىساس ئېلىش، گوروگە ئېلىنىدىغانلارنى تۇتقۇن قىلىش ۋە باشقىلار توغرىسىدا پەرمان ئېلان قىلىغاندىن كېيىن، پېتىرنىڭ قول ئاستىدىكى قوزىلار بىلەن ۋالېنتىنىنىڭ قول ئاستىدىكى شيەنبىڭلار ۋېرسالدىكى ئەسىرلەرنى ۋەھشىيانە خورلاشنى توختاتمىدى، ئەسىر چۈشكەن پارىژ ئەسكەرلىرىنى ۋە گومىن زىۋېيجۈننى قىرىشنى پەقەت ۋاقىتلىقلا توختاتتى، لېكىن گۆڭشېنىڭ ھەددىدىن زىيادە كەڭچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ 4-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى پەرماننى ئىجرا قىلمايدىغانلىقىنى كورگەن ۋېرسال ھوكۇمىتى دەرھال ھەسسىلەپ ياۋۇزلۇق بىلەن قىرغىننى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ چاغدا، كەڭ كولەملىك قىرغىن يەنە يېڭىۋاشتىن باشلاندى. گۆڭشې گوروگە ئېلىنغانلاردىن، ئەسىرلەردىن بىرەرىنىمۇ ئۆلتۈرمىدى، ھەتتا گومىن زىۋېيجۈنچە ياسىنىپ پارىژغا كىرىۋېلىپ جاسۇسلۇق قىلغان شيەنبىڭ جۈنگۈەنلەرنىمۇ ئۆلۈمگە ھوكۇم قىلمىدى، پەقەت ئۇلارنى قولغا ئالدى.

**كلامار كوپ تەرەپلىك قورغىنى تۈيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىدى** (5-ئاينىڭ 2-كۈنى). **پويېز ئىستانسىسى پارىژلىقلارنىڭ قولىدا ئىدى**، قىردى، سىداۋ سانچىپ ئۆلتۈردى، 22-لېيبىڭيىڭ (**گاللىفې؟**) ھېچقانداق رەسمىيەتتىن ئۆتكۈزمەيلا دائىمى ئارمىيە ئەسكەرلىرىنى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلىدى (**5-ئاينىڭ 2-كۈنى**). ئىسسى قورغىنى بىلەن مۇنرۇژ ئارىسىغا جايلاشقان **مۇلىن-ساك كوپ تەرەپلىك قورغىنى** جىزخۇيگۈەن **گاللىبېنىڭ** ئاسلىق قىلىپ، ۋېرسال ئارمىيىسىگە كۆلىڭنى ساتقانلىقى ئۈچۈن،

كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. گۇڭشې ئەزالىرى كارۋاتتا تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندا توساتتىن تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىدى، ئۇلارنىڭ كوپچىلىگى قىرىپ تاشلاندى (**5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۇنى**؟).

**4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۇنى**، گومىن زىۋېيجۇنىنىڭ 4 ئەسكىرى (بۇ ئىش گۇڭشېنىڭ بىسىرتكە ئەۋەتكەن پەۋقۇلئاددە ۋەكىللىرى تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى، ۋىلژۇيېف ئەتراپىدىكى بېل ـ ئېپىن دىگەن يەردە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان 4 كىشىدىن بىرىلا ھايات قېپقالغان، ئۇنىڭ ئىسمى **شېففېر**). بۇ 4 ئەسكەر ئاتلىق ئەسكەرلەر تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان، ئۇلار قارشىلىق كورسىتىشكە ئامالسىز قالغانلىقتىن، ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ مەجبۇرلاش بۇيرۇغى بىلەن تەسلىم بولغان ھەمدە قورالسىزلاندۇرۇلغان. بۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۇلارغا قىلچە زىيان ـ زەخمەت يەتكۇزمىگەن. لېكىن ئارقىدىنلا ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ دۇيجاڭى يۇگۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى تاپانچا بىلەن بىر ـ بىرلەپ ئېتىپ يىقىتقان. ئۇلارنى شۇ يەردىلا تاشلاپ كەتكەن. شېففېر ئېغىر يارىدار بولغان بولسىمۇ، بىراق ھايات قېپقالغان.

كىلامار پويىز ئىستانسىسىدا ئەسىر چۇشكەن 13 دائىمى ئارمىيە ئەسكىرى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلاندى، ۋېرسالغا ئېلىپ بېرىلغان، دائىمى ئارمىيە كىيىمىنى كىيگەن ھەممە ئەسىرمۇ، سالاھىيىتى تەكشۇرۇپ ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ئېتىپ تاشلىنىدۇ (ۋېرسالنىڭ «ئەركىنلىك گېزىتى»). ھازىر ۋېرسالدا تۇرۇۋاتقان كىچىك دۇما مۇنداق دەپ بايان قىلىدۇ: جياڭجۇنلۇك ئۇنۋانى بولمىسىمۇ لېكىن جياڭجۇنلۇك ۋەزىپىسىنى ئوتەۋاتقان بىر ياش يالاپ ئېلىپ كېتىلىۋېتىپ، بىر يولنى بويلاپ ئەمدىلا نەچچە يۇز قەدەم مېڭىشىغا

بىر بوناپارتچى جياڭجۈننىڭ بۇيرۇغى بىلەن ئېتىپ تاشلاندى. شيەنبىڭلار پارىژ بۇدۇيى بىلەن گومىن زىۋپيجۈننى بەزى ئۆيلەردە قورشىۋېلىپ، ئۆيلەرگە كىرسىن چېچىپ ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. گومىن زىۋپيجۈننىڭ بەزى ئەسكەرلىرىنىڭ جەسىدى (كويۇپ كومەچ بولۇپ كەتكەن) تېرنە كوچىسىدىكى باسما زاۋۇدىنىڭ قۇتقۇزۇش دۇيى تەرىپىدىن يوتكەپ كېتىلدى (4 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى «كۆلىڭباۋ» گېزىتى). «ئۇلارنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىنىش هوقۇقى يوق ئىدى.»

**تيېر، بلانكى، چوڭ جۈجياۋ، شانزى جياڭجۈن.** (تيېر ئوزىنىڭ بوناپارتچىلىرىنى ئېتىپ تاشلىنىشقا رازى دەيدۇ.)

**ئۆيلەرنى ئاختۇرۇش ۋە باشقىلار.** كازىمىر بۇئى بىر تەكشۈ- رۈش ئومىگىنىڭ جۈشلىغىغا تەيىنلىنىپ، 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى مۇستەبىتلەرنىڭ شۈملۈقلىرىنى تەكشۈردى **(4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى)**. شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرى ئاختۇرۇلدى، هۆججەتلەر مۇسادىرە قىلىندى، لېكىن ئۆي جاهازلىرى ئېلىپ كېتىلمىدى، كىم ئارتۇق قىلىپمۇ سېتىلمىدى. (مۇسادىرە قىلىنغان هۆججەتلەر 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى شەخسلەرگە، تيېر قاتارلىقلارغا ۋە بوناپارت ساقچىلىرىغا تەئەللۇق ئىدى.) مەسىلەن، تۇرمىنىڭ باش تەپتىشى **لافوننىڭ** ئۆيىدە ئېلىپ بېرىلغان ئاختۇرۇش **(4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى)**. تيېر قاتارلىقلار ۋەتەن ساتقۇچلار بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى (مال - مۈلكى) ئاختۇرۇلدى، لېكىن **پەقەت هۆججەتلەرلا** مۇسادىرە قىلىندى.

**ئۆز ئىچىدىكى قولغا ئېلىشلار**: بۇ سىياسى مەبۇتلارغا ۋە «كاتتا شەخسلەر»گە تولىمۇ ئېھتىياجلىق بولغان بۇرژۇئازلارنى

قاتتىق چوچۇتۇۋەتتى.

(5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈندىكى «كۈنلۈك خەۋەرلەر»نىڭ پارىژ خەۋىرى)

«گۇگۇشىنىڭ ئىگەللەپ تۇرغىنى قانداق ھاكىمىيەت بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، لېكىن بۇ ھاكىمىيەت دائىم قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ تۇرىدۇ. چوڭ ھوقۇق ئەتە كىمنىڭ قولىدا بولىدىغانلىقىنى بىز بۈگۈن بىلەلمەيمىز. بۇنداق ئەھۋال كىشىنى غەزەپلەندۈرىدۇ، يەنە كېلىپ كىشىنى مەيۈسلەندۈرىدۇ...... بۇ پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئالمىشىش ـ ئۆزگىرىشلەر جەريانىدا، كىشىلەر ھەممىنى باشقۇرىدىغان بىر قولنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك ھېس قىلىشىدۇ. گۇگۇشى بىر توپ تەڭ مىقتاردىكى ئاتوملارنىڭ بىرىكمىسى، ئۇلار بىر بىرىدىن گۇمانلىنىشىدۇ. باشقىلارنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئالىي ھوقۇقلۇق بىرەر كىشى يوق.»

گېزىتلەرنى پېچەتلەش!

## 5. مالىيە تەدبىرلىرى

**5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈندىكى «كۈنلۈك خەۋەرلەر»گە قارالسۇن.**

ئاساسىي چىقىم ئۆرۈشقا ئىشلىتىلىدۇ!

مۇسادىرە قىلىپ ئېلىنغىنى پەقەت 8 مىڭ 928 فرانك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭ ھەممىسى روھانى ئەرباپقا ئوخشاشلاردىن ئېلىنغان.

5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈندىكى «ئىنتىقامچىلار گېزىتى».

# گۇڭشې

## گۇڭشېنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە جۇڭياڭ ۋېيىۋەنخۇي

سېدان مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، لىوندا، ئاندىن مارسېل، تۇلۇز قاتارلىق جايلاردا ئارقا-ئارقىدىن گۇڭشې قۇرۇلغانلىقى جاكالاندى. گامبېتتا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى باستۇردى[137].

10-ئاينىڭ باشلىرى پارىژدا بولغان تۈرلۈك ھەركەتلەرنىڭ مەقسىدى گۇڭشې قۇرۇش، بۇنىڭ بىلەن تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە 9-ئاينىڭ 4-كۈنىدىكى قوزغىلاڭنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئىدى. 10-ئاينىڭ 31-كۈنىدىكى ھەركەت گۇڭشېنى قۇرالمىدى، بۇنىڭ سەۋەبى بىلانكى، فلورانس ۋە شۇ چاغدىكى ھەركەتنىڭ باشقا رەھبەرلىرىنىڭ گېپىدە تۇرىدىغان بۇ ئادەملەرگە يېنىكلىك بىلەن ئىشىنىپ كەتكەنلىكى ئىدى، بۇ ئادەملەر شۇ چاغدا ئىستىپا بېرىپ تەختتىن چۈشۈپ، پارىژنىڭ ھەممە رايونىدا ئەركىن سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن گۇڭشېلارغا ئورنىنى بېرىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچىشكەن ئىدى. 10-ئاينىڭ 31-كۈنىدىكى ھەركەت شۇنىڭ ئۈچۈن مەغلۇپ بولدىكى، يەنە ئۇنىڭ رەھبەرلىرى بۇ ئادەملەرنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇۋالغان ئىدى، لېكىن بۇ ئادەملەر بولسا تاقەتسىزلىك بىلەن ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇۋالغان شەپقەتچىلىرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ھەركەتنىڭ رەھبەرلىرى

تـروشۇي بىلەن فىرىـنىڭ جىـنىنى ئېلىپ قېچىشىغا يول قويۇشى بىلەنلا، فىرى ترۇشۇينىڭ برىتانى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئۇلارغا تۇيۇقـسىز ھـۇجۇم قىلـدى. ئەسـتە تۇتۇش كېرەكـكى، 10ـئاينىڭ 31ـكۈنى، ئۇزلىرىچە «دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتى» دەپ ئاتىشۋالغان ھوكۇمەت خەلقنىڭ يول قويۇشى بىلەنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇ ھەتتا بىر قېتىملىق ئومۇمخەلق ئاۋاز بېرىشىـدەك كومىدىـيىنىمۇ تېـخى ئويـناپ چىقـمىغان ئىدى.[138] مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئەلۋەتـتە، ھەركەتنىڭ خاراكتىرىنى بۇرمىـلاش، ئۇنى پرۇسـسىيـلىكـلەر بىلەن تىـل بىرىكـتۇرگەن سۇئىـقەست دەپ ھاقارەتـلەش ھەمـدە ئۇلارنىڭ ئارىـسىدىـكى بىرلا كىشى ئۇز گېپىدىن تېنۇۋېـلىشنى خالىماي ئىستىپا بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغان① پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كلېمون تومانى گومىن زدۋېيجۇنـگە زۇڭـسلىك قىلىپ تەيىنلەش يولى بىلەن تروشۇينىڭ برىتانى ئەسكەرلىرىنى كۇچەيتىشـتىن ئوڭاي ئىش يوق ئىدى — بۇ برىـتانى ئەسكەرلىرىـنىڭ دولەت مۇداپىـە ھوكۇمـتى ئۇچۇن ئوينـغان رولـى خۇددى كورسىكا باندىتـلىرىنىڭ لۇئى بوناپارت ئۇچۇن ئويـنىغان رولىغا ئوخـشاش ئىـدى؛ تېرورلۇق ۋەزىـيەت كەلـتۇرۇپ چىقارغان بۇ قاقۋاشلار شۇ چاغدا قارغۇلارچە ئەكسـيەتچىلىك ۋە ئەجەلـلىك ئۇقۇشۇلـماسلىق ۋەزىيـتىنى كەلتۇرۇپ چىقىرىش ئۇچۇن، ئوتتۇرا سىنىپنىڭ جۇدۇڭلۇق ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرغان ئىشچىلار يىڭـلىرىدىن قورقۇشتەك روھىي ھالـىتىدىن ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك كەيـپىياتىدىن پايدىلىـنىپ، ھەرقايـسى ئىشچىلار يىڭلىرى ئارىـسىدا گۇمان ۋە ئىناقسىزلـىق تارقىتىشنى ئەڭ ئوڭاي

① تامىزى.ــ تەھرىردىن

ئىشقا ئاشۇرالايتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش قەستىدە ئىزچىل قوللىنىپ كەلگەن ئۇسۇلى ئىدى. چۈنكى ئۇلار 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تۇيۇقسىز ۋاستىلەر بىلەن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان ئىدى، شۇڭا، ئەمدى ئۇلار ئەكسىيەتچىل تېرورلۇق دەۋرىدىكى ھەققى بوناپارتچە بولغان بىر قېتىملىق ئومۇمخەلق ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق بۇ ھاكىمىيەتنى ساختا خەلق ئىرادىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزەلەيتتى.

ئەگەر 1870 - يىل 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا گوڭشې پارىژدا غەلىبىلىك قوزغىلغان بولسا (شۇ چاغدا، فرانسىيەنىڭ باشقا چوڭ شەھەرلىرىدە قوزغىلىشقا باشلىغان ئىدى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن شۇنداق قىلاتتى)، ۋەتەننى قوغداش ئىشلىرىنى ۋەتەن ساتقۇچلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا خۇددى ھازىر پارىژنىڭ قەھرىمانانە كۈرىشى ئىپادىلىگەندەك تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بېغىشلاپلا قالماي، بەلكى ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرىنى تامامەن ئۆزگەرتكەن بولاتتى. ئۇ جۇمھۇرىيەتچىلىك فرانسىيە ئۇرۇشىغا ئايلىنىپ، 19 - ئەسىرنىڭ ئىجتىمائىي ئىنقىلاپ بايرىقىنى ئېگىز كۆتىرىپ، پرۇسسىيەدىن ئىبارەت بۇ تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلاپنىڭ بايراقدارىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن بولاتتى. ئۇ چىرىپ ھالى قالمىغان بىر سۇئىقەستچى قاقۋاشنى ياۋروپادىكى ھەممە ئوردىغا يالۋۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتمەي، بەلكى يېڭى - كونا دۇنيادىكى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاممىنى توك ئېقىمىغا ئوخشاش قوزغىغان بولاتتى. 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىكى گوڭشې **ئالدىنىپ ۋۇجۇتقا چىقمىغانلىقتىن** جۇل فاۋر قاتارلىقلار فرانسىيەنىڭ

پرۆســـيگە تەســـلىم بولۇشنى تېزلــتەلىدى ھەمدە ھازىرقى بۇ ئىچكى ئۇرۇشنى قوزغىدى.

لېكىن، شۇنىسى ناھايىتى ئوچۇقكى، 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى ئىنقىلاپ ئورۇننى تارتىۋالغۇچىلار سېداندا تەسلىم بولۇپ، پادىشا ـ لىق ئورۇن بوش قېلىپ، جۇمھۇرىيەتــنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى ـ دىن؛ پارىژ ئۆزاققىچە قارشىلىق كورسەتكەنلىكى ـ گەرچە بۇنداق قارشىلىق كورستىش ئۇنىڭ دۇشمەنلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلــغان بولــسىمۇ ـ بۇنىڭ بىلەن چەتــئەل تاجاۋۇزچىــلىرىنىڭ قولــدىن بۇ جۇمھۇرىيەتــنى تارتىۋالغانــلىقىدىن دېــرەك بېرىپلا قالماي، بەلــكى بۇ ئىنقــلاپ يەنە ئىشچــلار سىنىپىنىڭ قەلبىدە پەيدىن ـ پەي چوڭقۇر ئورۇن ئالماقتا ئىدى. جۇمھۇرىيەت ئەمدى ئوتتۇپ كەتــكەن مەلۇم شەيئــنىڭ نامى ئەمەس ئىدى. ئۇ يېڭى بىر دۇنياغا ھامىلدار ئىدى. ئۇنىڭ ھەقىقى خاھىشنى گەرچە بىر توپ قارا نىيەت لۈكچەلەر ۋە ياغلىما سوز قىلغۇچىلار ئالدامچىلىق. يالغان گەپ. چاكىنا بۇرمىلاشلار بىلەن خەلقى ـ ئالەمدىن يوشۇر ـ غان بولــسىمۇ، لېكىن ئۇ پارىژدىكى (ۋە فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى) ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ داۋاملىشۋاتقان ھەركىتىدە تەكــرار ئىپادىــلىنىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ شوئارى مەڭــگۈ بىردەك بولدى ـــ **گۇڭشې!**

گۇڭشې ـــ دىگوغا ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەرت ـ شارائىتىغا قارشى ئىنقلاپىنىڭ ئاكتىپ شەكــلى دەسلەپ فــرانىــ ـ يىنىڭ جەنۇبىــدىكى بەزى شەھەرلەردە قۇرۇلۇشــقا تەمشەلــگەن ئىــدى؛ پارىــژ مۇھاسىرىـــدە تۇرغان مەزگىلــدە، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ داۋاملىشۋاتقان ھەركەتلەر داۋامىدا گۇڭشېنىڭ قۇرۇلىدىغانلىقى

تەكرار ـ تەكرار جاكالانغان ئىدى، لېكىن دولەت مۇداپىە هوكۇ-
مىتى ۋە «تەسلىم بولۇش پىلانى»نىڭ باش قەھرىمانى تروشۇينىڭ
برېتانى ئەسكەرلىرى هىلە ئىشلىتىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلىۋەتتى؛
كېيىن، 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۇنى گۇڭشېنىڭ غەلىبىلىك قۇرۇلغانلىغى
ئاخىر جاكالاندى، لېكىن ئۇ شۇ كۇنىلا توساتتىن دۇنياغا كېلىپ
قالغان ئەمەس. ئۇ ئىشچىلار ئىنقىلاۋىنىڭ بەلگىلەنگەن تەۋرەنمەس
نىشانى ئىدى. پارىژنىڭ تەسلىم بولۇشى، بوردودا بولغان
جۇمهۇرىيەتكە ئاشكارا قارشى تۇرۇش سۇئىقەستى، مونمارتىرغا
كېچىسى تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىش بىلەن باشلانغان سىياسى
ئۆزگىرىش — مانا بۇلارنىڭ هەممىسى پارىژنىڭ بارلىق جانلىق
كۇچلىرىنىڭ گۇڭشې ئەتراپىغا ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۇردى.
«دولەت مۇداپىە ئەربابلىرى»نى گۇڭشېنى ئەمدى پارىژ ئىشچىلار
سىنىپىنىڭ ئەڭ ئاڭلىق، ئەڭ ئىنقىلاۋىي قىسمىنىڭ يېتىم هالدىكى
كۇرىشى بىلەنلا چەكلىيەلمەيدىغان قىلىپ قويدى.

دولەت مۇداپىە هوكۇمىتىگە دەسلەپتە پەقەت كۇتۇلمىگەن
ئەهۋال ئاستىدا، ناچار تەدبىر تەرىقىسىدە، ئۇرۇشتىكى زورۇر
تەدبىر تەرىقىسىدىلا يول قويۇلغان ئىدى. ۋاهالەنكى، پارىژ
خەلقىنىڭ ئىككىنچى دىگودىن ئىبارەت بۇ يالغانچى دىگوغا بەرگەن
هەقىقى جاۋاۋى مۇنداق — گۇڭشې.

شۇڭا، شۇنداق دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇكى، پۇتۇن پارىژدىكى
جانلىق كۇچلەرنىڭ (بوناپارتىزىمنىڭ تۇۋرۇكى ۋە ئۇنىڭ قول-
چومغى بولغان قارشى گورۇهلار، چوڭ كاپىتالىستلار، پۇل مۇئامىلە
دەللاللىرى، ئالدامچىلار، هورۇنلار ۋە چېرىپ كەتكەن دولەت
تەييارتاپلىرىنى هېساپقا ئالمىغاندا) دولەت مۇداپىە هوكۇمىتىگە قارشى

قوزغىلىڭى گەرچە 3-ئاينىڭ 18-كۈنى تىل بىرىكتۈرۈپ قىلىنغان سۈئىقەستكە قارشى تۇنجى غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قوزغىلاڭ شۇ كۈنلا باشلانغان ئەمەس، بەلكى 1-ئاينىڭ 28-كۈنى يەنى تەسلىم بولغان كۈنى باشلانغان ئىدى. گومىن زىۋېيجۈن — يەنى پارىژنىڭ قوراللانغان بارلىق ئەر ئاھالىسى — ئۆزى تەشكىللەنگەن ھەمدە شۇ كۈندىن باشلاپ ئەمەلىيەتتە پارىژغا ھوكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى، ئۇ بىسماركنىڭ ئىلتىپاتىغا تايىنىپ قۇرۇلغان تەسلىمچىلەرنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىن ئېشىپ كەتكەن ھوكۈمىتىدىن سىرت مۇستەقىل تۇراتتى. ئۇلار ئەسلى ئۆزلىرىگە مەنسۇپ بولغان شۇڭا تەسلىم بولۇش ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ قولىدا قالغان قورال ۋە زەمبىرەكلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلدى. بۇ قوراللارنىڭ بىسماركنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىگەنلىكى جۇل فاۋرنىڭ كەڭ قوساقلىق قىلغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى قوراللانغان پارىژنىڭ بۇ قوراللارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جۇل فاۋر ۋە بىسمارك بىلەن ئېلىشىشتىن باش تارتمىغانلىقىدىن بولدى. پارىژ تاشقى دۈشمەنگە دۈچ كەلگەنلىكىنى ۋە تېچلىق تەنپەنى ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋەزىيەتنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىشنى خالىمىدى. ئۇ ئىچكى ئۇرۇشنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. ئۇ نوقۇل مۇداپىئەلىك مەيدانىغا رىئايە قىلىپ، پارىژنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىدىن قانائەتلەندى. لېكىن، ئۇ ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن، قەتئىي تۇردە تەشكىللەش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، قارشىلىق كۆرسىتىشكە تەييارلاندى. (تەسلىمچىلەر ھەتتا تەسلىم بولۇش شەرتنامىسىدىمۇ ئۆزلىرىنىڭ فرانسىيىنىڭ پرۇسسىيىگە تەسلىم بولۇشىدىن پايدىلىنىپ، پارىژنى تىزگىنلىمەكچى

بولغانلىغىنى ئېنىق ئىپادىلەشكەن ئىدى. ئۇلار پرۇسسىيەدىن قەتئىي تەلەپ قىلغان بىردىن-بىر يول قويۇش — بۇنى ئۇلار يول قويۇش سۇپىتىدە بىسماركتىن تىلىمىسمۇ، بىسمارك بۇنى بىر شەرت قىلىپ ئۇلارغا تاڭاتتى — 40 مىڭ ئەسكەر ئېلىپ پارىژنى باستۇرۇش ئىدى. پارىژدا 300 مىڭ گومىن زىۋېيجۈن بولۇپ، ئۇ پارىژنى مۇھاپىزەت قىلىش، تاشقى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئىچكى تەرتىپنى ساقلاش ئۈچۈن يېتىپ ئاشاتتى، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، يەنە بۇ 40 مىڭ ئەسكەرنى تەلەپ قىلىشتا باشقا مەقسەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بەلكى بۇ ئاشكارا ئېتىراپمۇ قىلىنىغان ئىدى.) پارىژ تولىمۇ ئاددى بىر پىلانغا ئاساسەن، ھازىرقى ھەربى تەشكىلات ئۇستىگە بىر يۇرۇش سىياسى بىرلەشمە تەشكىلاتنى قوشتى. بۇ سىياسى بىرلەشمە پۈتۈن گومىن زىۋېيجۈننى ھەر بىر لىيەننىڭ **ۋەكىللىرى** ئارقىلىق ئۆزئارا باغلايدىغان ئىتتىپاق ئىدى؛ لىيەن ۋەكىللىرى يىڭ ۋەكىللىرىنى سايلىغان ئىدى، ئاندىن يىڭ ۋەكىللىرى باش ۋەكىل، تۈەنجاڭلارنى سايلاپ چىقىتان ئىدى، ئۇلار بىر رايونغا ۋەكىل بولۇپ، باشقا 19 رايوننىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ھەمكارلاشقان ئىدى. گومىن زىۋېيجۈننىڭ كوپچىلىك جەڭگىۋار يىڭلىرى سايلاپ چىققان بۇ 20 ۋەكىل **جۇڭياڭ ۋېييۈەنخۈينى** تەشكىل قىلغان ئىدى، دەل ئۇ 3-ئاينىڭ 18-كۈنى مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇق ئىنقىلاپنى قوزغىغۇەتتى ھەمدە پارىژنىڭ ھازىرقى شانلىق كۆرىشىدە بۇگۈنگىچە ئۆز ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ كەلمەكتە. تاللاش جەھەتتە، بۇنداق ئەستايىدىل، ئىنچىكە بولغان سايلام ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان، ئۆزلىرىنى سايلىغان ئاممىغا بۇنداق تولۇق ۋەكىللىك

قىلىدىغان ۋەكىللەرمۇ ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان. مۇناسىۋەتسىز كىشىلەر قارشى پىكىر بىرىشىپ، بۇ ۋەكىللەر ــ نامسىز كىشىلەر، دىيىشتى ــ دەرۋەقە، ئۇلار ئىشچىلار سىنىپىغىلا تونۇش، ئۇلار ئۇچىغا چىققان مەككار ئەبلەخلەر ئەمەس، ئوتتۇرىدىن ئورۇن ئۈچۈن ئەسكىلىكلەرنى قىلغانلىقى ۋە نام ـ مەنپەئەت، ئورۇن ئۈچۈن ھە دەپ يۇقۇرىغا ياماشقانلىقى بىلەن داڭ چىقارغان مەشھۇر كىشىلەرمۇ ئەمەس ــ بۇنداق قارشى پىكىرلەرگە ئۇلار مەغرۇرانە ھالدا: «ئەيىنى زاماندىكى 12 ئەسھابە شۇنداق ئىدى» دەپ جاۋاپ بەردى؛ ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ ھەركىتى بىلەن بۇنداق ئەيىپلەشلەرگە جاۋاپ بەردى.

## كوممۇنىنىڭ خاراكتىرى

ئۆزىنىڭ ھەممە يەرگە سىڭىپ كىرگەن بەلكى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ھەربى ئىشلىرى، گۇەنلىياۋلىرى، راھىپلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرى بىلەن، خۇددى بوغما ئىلانغا ئوخشاش، جانلىق شەھەر ئاھالىسى جەمىيىتىنى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئورىۋالغان (چىرمىۋالغان) ھوقۇق جۇگىياگىغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن دولەت ماشىنىسى دەسلەپ پادىشالىق مۇستەبىتلىك دەۋردە ئىجات قىلىنغان بولۇپ، ئۇ چاغدا ئۇ يىڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ھازىرقى زامان جەمىيىتىنىڭ فېودالىلىق تۈزۈمىنىڭ بويۇنتۇرۇغىدىن قۇتۇلۇش يولىدىكى كۈرەشتە بىر قورال بولغان ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئاقسوڭەكلەر، شەھەرلەر ۋە راھىپلارنىڭ لىگجۇلۇق ئىمتىيازلىرىنىڭ ھەممىسى بىرلىككە كەلگەن دولەت ھاكىمىيىتىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى؛ بىرلىككە كەلگەن بۇ دولەت ھاكىمىيىتى فېودال

تورىلەرنىڭ ئورنىغا مۇئاش ئالىدىغان دولەت ئەمەلدارلىرىنى قويدى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى پومېششىكلارنىڭ يۇندىخور غالچىلىرىنىڭ ۋە شەھەر ئاھالىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ قولىدىكى قورالنى دائىمىي ئارمىيىگە تاپشۇرۇپ بەردى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۆزئارا توقۇنۇشقۇچى كۈچلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان تولىمۇ مۇرەككەپ (ئاجايىپ - غارايىپ) ھوكۇمەتسىزلىك ھالەتىنىڭ ئورنىغا شىتۇغلۇق، دەرىجە بويىچە ئىش تەقسىم قىلىدىغان دولەت ھاكىمىيىتىنىڭ بىر تۇتاش پىلانىنى قويدى. مىللىي بىرلىكنى ئورنىتىش (مىللىي دولەت بەرپا قىلىش)نى ۋەزىپە قىلغان بىرىنچى قېتىملىق فرانسىيە ئىنقىلاۋى بارلىق جايلار، رايونلار، شەھەرلەر ۋە ئولكىلەرنىڭ مۇستەقىللىغىنى يوقىتىشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپ پادىشالىق مۇستەبىتلىك تۈزۈم باشلىۋەتكەن ئىشلارنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، يەنى دولەت ھاكىمىيىتىنى تېخىمۇ مەركەزلەشتۈردى، تېخىمۇ تەشكىللىك قىلدى ھەم بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئىدارە قىلىدىغان دائىرىسى ۋە جژنېڭنى كېڭەيتتى، ئۇنىڭ ئورگانلىرىنى، ئۇنىڭ مۇستەقىللىغىنى ۋە ئۇنىڭ رىيال جەمىيەتنى تىزگىنلەيدىغان تەبىئەتتىن تاشقىرى قۇدرىتىنى ئاشۇردى، بۇنداق قۇدرەت ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ تەبىئەتتىن تاشقىرى بولغان جەننىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلىيالىرىنىڭ رولىنى ئالدى. ھەرقايسى ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدىن كېلىپ چىققان ھەر بىر ئۇششاق، ئايرىم مەنپەئەت جەمىيەتتىن بولۇنۇپ چىقىپ ھەممىدە دولەت مەنپەئەتى شەكلىدە مۇقىملىشىپ، جەمىيەتنىڭ ئۈستىدە مۇستەقىل تۇرىدىغان ھەم جەمىيەت بىلەن قارىمۇ - قارشى بولغان مەنپەئەتكە ئايلاندى، بۇنداق دولەت مەنپەئەتى قاتتىق

بەلگىلەنگەن، مەرتىۋىسى ئېنىق بولغان ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان دولەت ئىشلىرى مۇتىۋەللىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

شەھەر ئاھالىسى جەمىيىتىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ۋە بۇ جەمىيەتنىڭ مۇكەممەل ئىنكاسى بولۇۋالغان بۇ تەييارتاپ ئوسمە گوش بىرىنچى بوناپارتنىڭ ھوكۇمرانلىغى ئاستىدا تولۇق راۋاجلاندى. تىرىلگەن سۇلالە ۋە ئىيۇل سۇلالىسى بۇ تەييارتاپ ئوسمە گوشكە تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئىش تەقسىم قىلىش ئىمكانىيىتىنى بەرگەندىن باشقا، ھېچقانداق يېڭى نەرسە قوشمىدى؛ بۇنداق ئىش تەقسىماتى شەھەر ئاھالىسى جەمىيىتىنىڭ ئىچىدىكى ئىش تەقسىماتىنىڭ يېڭى مەنپەئەتدار گۇرۇھنى بارلىققا كەلتۈرۈشىگە، شۇنىڭ بىلەن دولەت پائالىيىتىگە يېڭى دۈيشياڭلارنى يارىتىپ بېرىشىگە ئەگىشىپ كېڭەيدى. فرانسىيىنىڭ يىخىي تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيىتى ۋە پۈتۈن ياۋروپا قۇرۇقلۇغىدىكى ھەرقايسى مەملىكەت ھوكۇمەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ 1848 - يىلدىكى ئىنقىلاپقا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدە خەلقنىڭ ھەركىتىگە نىسبەتەن تۈرلۈك باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللاندى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ھوكۇمەت ھاكىمىيىتىنىڭ ھەركەت قورالىرى ۋە مەركەزلىشىش دەرىجىسىنى كۈچەيتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭدىن كورۇۋالغىلى بولىدۇكى، بارلىق ئىنقىلاپ كىشىنى بوغىدىغان دولەت ماشىنىسىدىن ئىبارەت بۇ ئالۋاستىنى ئىرغىتىپ تاشلىمىدى، بەلكى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. خوجا بولۇش ھوقۇقىنى نوۋەت بىلەن تالىشىدىغان ھوكۇمران سىنىپ ئىچىدىكى ھەرقايسى گۇرۇھلار، ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلار بۇ ناھايىتى چوڭ ھوكۇمەت

ماشىنىسىنى ئىگەللەش (تىزگىنلەش) (تارتىۋېلىش) ۋە ئۇنى باشقۇرۇشنى غەلىبە قىلغۇچىلارنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى دەپ قارىدى. بۇ ھۆكۈمەت ماشىنىسى كۈچىنى توپلاپ، ناھايىتى چوڭ دائىمى ئارمىيە قۇردى، كۆپلەپ دۆلەت تەييارتاپلىرى ۋە غايەت كۆپ دۆلەت قەرزىنى پەيدا قىلدى. پادىشالىق مۇستەبىتلىك دەۋردە ئۇ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى كۈرەش قورالى بولدى، بۇ كۈرەش فرانسىيە ئىنقىلاۋى مەزگىلىگە كەلگەندە چېكىگە يەتتى؛ بىرىنچى بوناپارت دەۋرىدە، ئۇ ئىنقىلاپنى بېسىش، خەلقنىڭ بارلىق ئەركىنلىك ھوقۇقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىپ قالماي، بەلكى فرانسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ بىر خىل قورالى سۈپىتىدە سىرتقا ھۇجۇم قىلىش، فرانسىيە ئۈچۈن قۇرۇق-لۇقتا ئومۇمەن فرانسىيىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بەزى دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، ئۇنى فېئودالىق سۇلالىلەر ئورنىغا قويۇش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلدى. تىرىلگەن سۇلالە ۋە ئىيۇل سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ كۈچلۈك سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بىر خىل ۋاستىسىلا بولۇپ قالماي، بەلكى خەلقنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىۋاستە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى تولۇقلايدىغان قوش ئېكسپىلاتاتسىيە ۋاستىسى بولۇپ قالدى، چۈنكى ئۇ بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش جەھەتتە ھەممە كاتتا ئورۇنلارغا ئىگە بولۇشنى كاپالەتلەندۈردى. ئاخىر، 1848 ـ يىلدىكى ئىنقىلاۋى كۈرەش مەزگىلىدە، ئۇ ئىنقىلاپنى يوقىتىدىغان، خەلق ئاممىسىنىڭ ئازاتلىق يولىدىكى بارلىق تەلەپلىرىنى ئۇجۇقتۇرىدىغان قورالغا ئايلىنىپ قالدى. لېكىن، بۇنداق دۆلەت تەييارتاپى ئىككىنچى دىگو دەۋرىدىلا ئۆزىنىڭ

ئەڭ ئاخىرقى تەرەققىياتىغا ئېرىشتى. دائىمى ئارمىيىگە، باشقۇر-مايدىغىنى يوق گۈەنلياۋ تۈزۈمىگە، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرىدىغان راھىپلارغا، قۇللۇق خاراكتېرىدىكى ئەدلىيە تىشىسىگە ئىگە ھوكۈمەت ھاكىمىيىتى جەمىيەتتىن شۇ دەرىجىدە ئايرىلىپ قالدىكى، ئېچىقاپ كەتكەن جىنغا ئوخشاش بىر توپ جېنىدىن تويغانلارنى ئارقا تىرەك قىلغان، قابىلىيەتسىزلىكتە كۆلىكىلىك ھالغا چۈشۈپ قالغان تەۋەككۈلچى ئۇنىڭ مۇ ئۇنى ئىشلىتەلەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ كونا ياۋروپانىڭ 1789 ـ يىلدىكى ئىنقىلاپ ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ھازىرقى زامان دۇنياسىغا قارشى تۇرۇش ئۇچۇن ئۇيۇشقان قورالىلىق ئىتتىپاقىنى بانا قىلىشى ھاجەتسىز بولۇپ قالدى. قارىماققا، ئۇ ئەمدى يىخۇي نېيگېسىغا ياكى قانۇن چىقىرىش يىخۇيىغا بېقىنىدىغان سىنىپىي ھوكۇمرانلىق قورالىغا ئوخشىماي-دىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق دولەت ھاكىمىيىتى ئىككىنچى دىگودا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ۋە يۇقۇرى ئىپادىسىنى تاپتى: ئۇ ھەتتا ھوكۇمران سىنىپنىڭ مەنپەئەتىنى دەپسەندە قىلدى؛ ئۇ ئۆزى تاللىغان قانۇن چىقىرىش ئورگىنى ۋە ئۆزى مۇئاش بېرىدىغان سەنىيۈەننى ھوكۇمران سىنىپنىڭ زىبۇ ـ زىننەت خاراكتېرىدىكى يىخۇيىنىڭ ئورنىغا قويدى؛ ئۇنىڭ چەكسىز ھوقۇق ـ كۈچى ئومۇمى سايلامنىڭ تەستىقىدىن ئۆتتى، ئۇ «تەرتىپ»نى قوغدايدىغان يەنى پومىشچىك ۋە كاپىتالىستلارنىڭ ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۈستىدىن ھوكۇمرانلىق قىلىش «تەرتىۋى»نى قوغدايدىغان زورۇر شەرت، دەپ ئومۇم تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى؛ ئۇ بۇرۇنقى ئەبجەغى چىققان نىقاپ ئارقىلىق بۇگۈنكى خىيانەت قىلىش ۋە چىرىكلىشىش بىلەن ئوتكۇزۇۋاتقان بەزمىلىرىنى ياپتى، ئەڭ چىرىك تەييارتاپلار

گۆرۈھنى — پۇل مۇئامىلە ئالدامچىلىرىنىڭ غەرىزىنىڭ ئەمەلگە ئېشىۋاتقانلىقىنى ياپتى؛ ئۇ بۇرۇنقى بارلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى — پەسكەش شۇملۇقنىڭ ھەممە ئەسكىلىكلىرىنىڭ مەنبەسىنى **ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى**. بىر قارىماققا، بۇ مۇشۇ ھۆكۈمەت ھاكىمىيىتىنىڭ جەمىيەت ئۈستىدىن قازانغان ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسى؛ ئەمەلىيەتتە، بۇ مۇشۇ جەمىيەتتىكى بارلىق چىرىك ئۇنسۇرلارنىڭ قىلغان ئەسكىلىكى ئىدى. ھەقىقى ئەھۋالدىن خەۋىرى يوق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، بۇ گويا مەمۇرى ھاكىمىيەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ھاكىمىيىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىلا، گويا ئۆزىنى جەمىيەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھاكىمىيەت دەپ ھېساپلاپ كەلگەن سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق شەكلىنىڭ ئاخىر ئۆزىنى جەمىيەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى دەپ ھېساپلاپ كەلگەن سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق شەكلىنى مەغلۇپ قىلغانلىقىلا ئىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە، بۇ شۇ سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئاخىرقى، چۈشكۈن، بىردىن-بىر مۇمكىن بولغان شەكلى بولۇپ، ئۇ ھەم ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئۆزىگە نومۇس كەلتۈرىدۇ، ھەم ئۇنىڭ ئاسارىتىدىكى ئىشچىلار سىنىپىغا نومۇس كەلتۈرىدۇ.

4 - سىنتەبىر پەقەت جۇمھۇرىيەتنى ئۇجۇقتۇرغان ھېلىقى مۇدھىش تەۋەككۈلچى ئۇنسۇرلارنى مەغلۇپ قىلىپ، جۇمھۇرىيەتنى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈردى. **گۇڭشېلا دېگوننىڭ ئۆزىگە** ھەقىقى قارىمۇ-قارشى نەرسە، شۇنداقلا دۆلەت ھاكىمىيىتىگە، مەركەزلەشتۈرۈلگەن مەمۇرى ھاكىمىيەتكە قارىمۇ-قارشى نەرسە، ئىككىنچى دېگو ئەنە شۇنداق ھاكىمىيەتنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئىپادە شەكلىلا، خالاس. ئەمەلىيەتتە، بۇ دۆلەت

ھاكىمىيىتىنى بۇرژۇئازىيە ياراتقان، ئۇ دەسلەپ فېودالىزىم تۈزۈمىنى بۇزىدىغان ۋاستە بولغان، كېيىن ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىق تەلەپلىرىنى باسىدىغان ۋاستە بولدى. ئۆتكەنكى ھەر قېتىملىق ئەكسىيەتچىلىكنىڭ ۋە ئىنقىلاپنىڭ ئوينىغان رولى تەشكىللەنگەن بۇ ھاكىمىيەتنى — تەشكىللىنىپ ئەمگەكنى قول قىلىدىغان زورلۇق كۈچىنى — بۇ قولدىن ئۇ قولغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ بۇ گۇرۇھىدىن ئۇ گۇرۇھىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشلا بولۇپ كەلدى. ئۇ ئىزچىل تۈردە ھۆكۈمران سىنىپنىڭ قول قىلىشى ۋە پايدا ئېلىشىنىڭ ۋاستىسى بولۇپ كەلدى. ئۇ ھەر قېتىملىق يېڭى ئۆزگىرىشتە يېڭى كۈچلەرنى قوبۇل قىلىپ تۇردى. ئۇ ھەر قېتىملىق خەلق قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇشنىڭ قورالى بولدى؛ ئىشچىلار سىنىپى كۆرەش قىلغان ھەممە باشقىلار تەرىپىدىن پايدىلىنىلىپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئۆزلىرىنى ئەزگۈچىلەرنىڭ بۇ گۇرۇھىدىن ئۇ گۇرۇھىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئىشچىلار سىنىپىنى بېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپ قايسىبىر خىل دۆلەت ھاكىمىيىتى شەكلىگە — جېكتوكلۇق، ئاساسىي قانۇنلۇق، جۇمھۇرىيەتلىك ياكى خانلىق تۈزۈملۈك دۆلەت ھاكىمىيىتى شەكلىگە قارشى تۇرىدىغان ئىنقىلاپ ئەمەس. ئۇ — **دۆلەتنىڭ** ئۆزىگە، جەمئىيەتنىڭ تەبىئىتىن تاشقىرى بۇ غەلىتە تۇرەلمىسىگە قارشى تۇرىدىغان ئىنقىلاپ، ئۇ خەلقنىڭ ئۆز مەنپەئەتى يولىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى يېڭىۋاشتىن ئىگەللىشى ئىدى. ئۇ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ بۇ گۇرۇھىدىن ئۇ گۇرۇھىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاپ ئەمەس،

بەلكى سىنىپى ھوكۇمرانلىقىنىڭ بۇ ئەشەددى ماشىنىسىنىڭ ئۆزىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاپ. ئۇ سىنىپى ھوكۇمرانلىقىنىڭ مەمۇرى ھوقۇق شەكلى بىلەن يىخۆي شەكلى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تېتىقسىز كۈرەش ئەمەس، بەلكى ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇ ئىككى خىل شەكىلگە قىلىنغان قارشىلىق، بۇ ئىككى خىل شەكىل بىر بىرىنى تولۇقلايدۇ، يىخۆي شەكلى مەمۇرى ھوقۇقىنىڭ ئادەم ئالدايدىغان بېقىندا نەرسىسىلا، خالاس. ئىككىنچى دىگو دولەتنى مۇشۇ تەرىقىدە چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شەكلى. گۆكشى ئۇنىڭ مۇتلەق ئىنكار قىلىنىشى، شۇڭا، گۆكشى 19 ـ ئەسىردىكى ئىجتىمائى ئىنقىلاپنىڭمۇ باشلىنىشى. شۇنىڭ ئۈچۈن، گۆكشىنىڭ پارىژدىكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئى نەزەر، ئۇ مۇقەررەر ھالدا **پۈتۈن دۇنيادا قەد كۆتەرگۈسى**. گۆكشى دەرھال ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئىشچىلار سىنىپى تەرىپىدىن ئازاتلىقتا ئېرىشىش كۈيى سۈپىتىدە قىزغىن قارشى ئېلىندى. بۇنىڭ ئالدىدا پرۇسسىيە بويسۇندۇرغۇچىلىرىنىڭ شەرىپى ۋە بۇرۇنقى توھپىلىرى ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار توغرىسىدىكى خىيالى يېغىلىشلارغا ئوخشاپ قالدى، خالاس.

**پەقەت ئىشچىلار سىنىپىلا** بۇنداق يېڭى تەلپۈنۈشنى «گۆكشى» دىگەن سوز بىلەن ئىپادىلىيەلەيتتى ھەمدە جەڭگىۋار پارىژ گۆكشىسى ئارقىلىق باشلىيالايتتى. ھەتتا ئىككىنچى دىگو گەۋدىلەندۈرگەن دولەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىپادە شەكلى گەرچە ھوكۇمران سىنىپنىڭ غۇرۇرىغا ئاز ـ تولا زىيان يەتكۈزگەن، گەرچە ئۇلارنىڭ يىخۆينىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئارزۇلىرىنى يوققا چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ

سىنىپىي ھوكۇمرانلىغىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇمكىن بولغان شەكلى ئىدى. ئۇ گەرچە ھوكۇمران سىنىپنىڭ بۇرۇنقى سىياسى ئورنىنى تارتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ــ ئۇزلىرىنىڭ تۇزۇمدە ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائى جەھەتلەردىكى تۇرلۇك ئەخلاقسىزلىق، نومۇسسىز. لىقلارنى بولۇشچە ئەۋج ئالدۇرىدىغان بەزمە. ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە بىلەن ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئوزلىرى ياشاۋاتقان ئىقتىسادىي شەرت. شارائىت تۇپەيلىدىن، يېڭى بىر ئىنقىلاپنى بەرپا قىلالمايدۇ؛ ئۇلار پەقەت ياكى ھوكۇمران سىنىپقا ئەگىشىپ ماڭىدۇ، ياكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەگەشكۇچىلىرىدىن بولىدۇ. دېخانلار ئىككىنچى دىگونىڭ پاسسىپ ئىقتىسادىي ئاساسى؛ جەمىيەتتىن ئايرىلغان، يەنە كېلىپ جەمىيەتنىڭ ئۇستىدە مۇستەقىل تۇرىدىغان ھېلىقى **دولەت** مۇشۇ ئاساستا ئوزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۇرگەن. پەقەت پۇتۇن جەمىيەت ئالدىدا يېڭى ئىجتىمائى ۋەزىپىنى ئوز زىممىسىگە ئالغانلىغى ئۇچۇن ئىلھام بەخش كۇچكە ئىگە بولغان پۇرولېتارىيات يەنى بارلىق سىنىپلارنى ۋە سىنىپىي ھوكۇمرانلىقنى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان پۇرولېتارىياتلا سىنىپىي ھوكۇمرانلىقنىڭ قورالىنى ــ دولەتنى يەنى مەركەزلەشكەن ھالدا تەشكىللەنگەن، جەمىيەتنىڭ خادىمى بولماي، جەمىيەتنىڭ خوجايىنلىق ئورنىغا چىقىۋالغان ھوكۇمەت ھاكىمىيىتىنى پاچاقلاپ تاشلىيالايدۇ. ئىككىنچى دىگو ھوكۇمران سىنىپنىڭ دېخانلارنىڭ پاسسىپ قوللىشىغا تايىنىپ تۇرۇپ، پۇرولېتارىياتقا قارشى قىلغان ئاكتىپ كۇرىشى جەريانىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى جياۋخۇينىڭ ئورنىنى ئالغان دولەتنىڭ تەرەققى قىلىپ يۇقۇرى

پەللىگە يەتكەن ئەڭ ئاخىرقى شەكلى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە قىپ - يالىڭاچ پەسكەش شەكلى ئىدى. ئىككىنچى دىگو پۇرولېتارىياتقا قارشى تۇرۇش داۋامىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنى پاچاقلاپ تاشلىغانمۇ پۇرولېتارىيات بولدى، لېكىن پۇرولېتارىيات ئۇنى پاچاقلاپ تاشلاشتا ھوكۇمەت (مەركەزلەشكەن) ھاكىمىيىتىنىڭ بىر خىل ئالاھىدە شەكلى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى مۇشۇنداق ھاكىمىيەتنىڭ ئەڭ كۈچلۈك بولغان، كورۈنۇشتە گويا جەمىيەتنىڭ ئۈستىدە مۇستەقىل تۇرىدىغان ئىپادە شەكلى سۈپىتىدە شۇنداقلا مۇشۇنداق ھاكىمىيەتنىڭ ئەڭ پەسكەش ئەمىلىي مەۋجۇدىيىتى سۈپىتىدە پاچاقلاپ تاشلىدى، بۇ ئەمىلىي مەۋجۇدىيەتنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى ئىچكى جەھەتتە چېكىگە يەتكەن چىرىكلىك، تاشقى جەھەتتە قاپاقۋاش ئىقتىدارسىزلىق، بېشىدىن ئايىغىچە رەزىل - ئىپلاسلىق.

لېكىن، سىنىپىي ھوكۇمرانلىقنىڭ بۇنداق شەكلى بۇزۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، مەمۇرى ھوقۇق، دولەتنىڭ ھوكۇمەت ماشىنىسى ئىنقىلاپنىڭ زەربە بېرىدىغان، ئەڭ چوڭ، بىردىن - بىر دۈشىمىنى بولۇپ قالدى.

يىخۇي تۇزۇمى فرانسىيەدە ئاياقلاشتى. ئۇنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ۋە ئەڭ تولۇق ھوكۇمرانلىغى 1848 - يىل 5 - ئايدىن سىياسى ئۆزگە- رىشكىچە بولغان يىخۇي تۇزۇمىدىكى جۇمھۇرىيەت بولدى. يىخۇي تۇزۇمىنى ئۇجۇقتۇرغان دىگو دەل مۇشۇ تۇزۇمنىڭ ئۆزىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئىككىنچى دىگو دەۋرىدىكى يىخۇي تۇزۇمى گەرچە قانۇن چىقىرىش ئومىگى ۋە سەنىيۇەن تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، — پرۇسسىيە بىلەن ئاۋستىرىيىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى

ھەربى پادىشالىق دولەت مۇشۇنداق نۇسخا بويىچە قايتا ئىشلەنگەن ئىدى ــ لېكىن ئۇمۇ بىر خىل كومىدىيىلا، مۇستەبىتلىك تۈزۈمنىڭ ئەڭ ناچار بېقىندىسىلا ئىدى. فىرانسىيىدە يىخۇي تۈزۈمنىڭ شۇ چاغلاردىلا ئومرى تۈگەپ بارار يېرىگە بېرىپ بولغان ئىدى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىنقىلاۋى ئۇنى تىرىلدۈرمەيتتى، ئەلۋەتتە.

گۇڭشې ــ بۇ، جەمىيەتنىڭ دولەت ھاكىمىيىتىنى يېڭۋاشتىن قايتۇرۇۋېلىپ، ئۇنى جەمىيەت ئۈستىدىن ھوكۇمرانلىق قىلىدىغان، جەمىيەتنى باسىدىغان كۈچتىن جەمىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىگە ئايلاندۇرۇشى؛ خەلق ئاممىسىنىڭ دولەت ھاكىمىيىتىنى يېڭۋاشتىن قايتۇرۇۋېلىپ، ئۇنى ئۆز كۈچى قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزىنى ئېزىدىغان تەشكىللىك كۈچ ئورنىغا قويۇشى؛ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائى ئازاتلىققا ئېرىشىشىنىڭ سىياسى شەكلى، بۇنداق سىياسى شەكىل خەلق ئاممىسىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇلارنى ئېزىشتە ئىشلەتكەن ئىجتىمائى سۈنئى كۈچلەرنىڭ (يەنى خەلق ئاممىسىنى ئەزگۈچىلەر تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان كۈچلەرنىڭ) (بۇ ئەسلى خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ كۈچى ئىدى، لېكىن ئۇيۇشتۇرۇلۇش بىلەن ئۇلارغا قارشى تۇردى ۋە زەربە بېرىپ كەلدى) ئورنىنى ئالدى. بۇ شەكىل خۇددى ھەممە ئۇلۇق شەيئىلەرگە ئوخشاش تولىمۇ ئاددى. بۇرۇنقى بارلىق ئىنقىلاپلاردا ھەممە تارىخىي تەرەققىيات ئۈچۈن زورۇر بولغان ۋاقىت ھامان بىكارغا كەتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق غەلىبە قىلغان كۈنلەردە ئۆزىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن قورالنى قويۇپ قويۇش بىلەنلا، بۇ قوراللار ئايلىنىپ كېلىپ خەلقنىڭ ئۆزىگە قارشى تۇرۇشقا ئىشلىتىلدى. بۇ قېتىم بۇرۇنقى ئىنقىلاپنىڭ قائىدىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئالدى بىلەن

ئارمىيىنىڭ ئورنىغا گومىن زۇڭپىجۇن قويۇلدى.

«9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن بۇيان، جۇمھۇرىيەت بىرىنچى قېتىم ئۆز دۈشمىنىنىڭ ھوكۇمىتىدىن ئازات بولدى...... شەھىرىمىز ئۈچۈن گۈڭمىنلارنى قوغداپ دائىرىلەر (ھوكۇمەت) نىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراتمايدىغان گومىنجۇن قۇرۇلۇپ، ھوكۇمەتنى قوغداپ گۈڭمىنلارغا قارشى تۇرىدىغان دائىمى ئارمىيىنىڭ ئورنىغا قويۇلدى.» (جۇڭگىياڭ ۋېيبۇەنخۇينىڭ 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈندىكى ئېلانى)139

(خەلق پۈتۈن مەملىكەت مقياسىدا مۇشۇنداق گومىنجۇن تەشكىل قىلىدىغانلا بولسا، دائىمى ئارمىيىنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىغىلى بولاتتى؛ بۇ بارلىق ئىجتىمائى تەرەققىياتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىرىنچى زورۇر شەرتى بولۇپ، ئۇ باج ـ سېلىق سېلىش ۋە دولەت قەرزدار بولۇشىنىڭ بۇنداق مەنبەسىنى ۋە سىنىپىي ھوكۇمرانلىقنىڭ ــ مەيلى ئادەتتىكى سىنىپىي ھوكۇمرانلىق بولسۇن ياكى ئۆزىنى ھەممە سىنىپلارنى قۇتقۇزغۇچى دەپ ئاتىۋالغان بىر تەۋەككۈلچىنىڭ ھوكۇمرانلىغى بولسۇن ــ ھوكۇمەتنى تارتىۋېلىشى-نىڭ بۇنداق دائىمى خەۋپىنى دەرھال يوقىتاتتى.) ئەينى ۋاقىتتا ئۇ چەتئەل تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشنىڭمۇ ئەڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەمىلىيەتتە، باشقا بارلىق دولەتلەرنىمۇ ماددى بايلىقنى خورىتىدىغان ھەربى ماشىنىنى ساقلاپ قالالمايدىغان قىلىپ قوياتتى؛ ئۇ دىخانلارنى خۇن بېجىدىن ھەم بارلىق دولەت بېجىنى ۋە دولەت قەرزىنى چەكسىز ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان مەنبەدىن ئازات قىلدى. پەقەت مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، **گۈڭشې دىخانلارنىڭ چوڭ بىر بەختى ـ تەلىيى،** دىخانلار ئازاتلىغىنىڭ خەۋەرچىسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ

«مۇستەقىل ساقچى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بۇ ئوغرىلارنىڭ ئورنىغا گۆڭشى خىزمەتكارلىرىنى قويدى. ئومۇمى سايلام ھوقۇقى بۇنىڭدىن بۇرۇن قالايمىقان ئىشلىتىلىپ، ياكى يىخۆي ئۇسۇلى بىلەن مۇقەددەس دولەت ھاكىمىيىتىنى تەستىقلاشنىڭ قورالى قىلىناتتى، ياكى ھوكۇمران سىنىپنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇق قىلىۋېلىناتتى، خەلققە بىرنەچچە يىلدا بىر قېتىم ئۇنى ئىشقا سالغۇزۇپ، يىخۆي تۇزۇمىدىكى سىنىپىي ھوكۇمرانلىقنى تەستىقلىتاتتى (مۇشۇنداق ھوكۇمرانلىقنى تاللاشنىڭ قورالى ئىدى)؛ ئەمدى بولسا ئومۇمى سايلام ھوقۇقى ئۆزىنىڭ ھەقىقى مەقسىدى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولدى: ھەرقايسى گۆڭشىلار ئۆزلىرىنىڭ مەمۇرى ۋە قانۇن تۈزىدىغان ھوكۇمەت خىزمەتچىلىرىنى سايلىدى. بۇرۇن، مەمۇرى ۋە سىياسى باشقۇرۇش سىرلىق ئىش، ئۇ — قولدىن كەلمەيدىغان خىزمەت، ئۇنى تەربىيە ئالغان ئالاھىدە تەبىقىغە يەنى دولەت تەييارتاپلىرى، يۇقۇرى مۇئاشلىق خوشامەتكۇيلار، بىكار تەلەپ ئەمەلدارلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يۇقۇرى ئورۇنلۇق موتىۋەرلەرگىلا ھاۋالە قىلىش كېرەك، دەپ قارايدىغان بىر خىل خاتا تۇيغۇ بار ئىدى، بۇ تەبىقە ئاما ئارىسىدىن تەربىيە كورگەن ئۇنسۇرلارنى قوبۇل قىلاتتى ھەمدە ئۇلار ئارقىلىق تەبىقىلىق جەمىيەتنىڭ تووەن قاتلىمىدىكى ئامىنىڭ ئۆزىگە قارشى تۇراتتى. ھازىر بۇنداق خاتا تۇيغۇ تۈگىدى. دولەتنىڭ تەبىقە تۈزۈمى تەلتوكۇس بىكار قىلىنىپ، خەلقنىڭ شىللىسىگە مىنىۋېلىپ، زوراۋانلىق قىلىپ دەۋر سۈرگەن لويىلارنىڭ ئورنىغا خالىغان چاغدا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشقا بولىدىغان خىزمەتكارلار قويۇلدى، ساختا مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا ھەقىقى

مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قويۇلدى، چۈنكى بۇ خىزمەتكارلار دائىم جامائەتنىڭ نازارىتى ئاستىدا خىزمەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئالىدىغان ھەققى بىر مەلىكىلىك ئىشچىنىڭ كىرىمىگە باراۋەر بولۇپ، ھەر ئايدا 12 فۇنت ئىسترلىڭ ئىدى، يىللىق ئەڭ يۇقۇرى مۇئاشىمۇ 240 فۇنت ئىسترلىڭدىن ئاشمايتتى؛ پەن ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ھېكسلېي جىياۋشۇنىڭ مولچىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇنداق مۇئاش لوندون خەلق مائارىپ ئىدارىسى كاتىۋىنىڭ ئىش ھەققىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىدىن سەل كۆپرەك ئىكەن. دولەت ئىشلىرى سىرلىق، ئالاھىدە، دېيىلگەن بۇ بىر يۇرۇش ئالدامچىلىق گۆكشى تەرىپىدىن پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلاندى؛ گۆكشى ئاساسەن ئادەتتىكى ئىشچىلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇ پارىژ مۇداپىئەسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بوناپارتىنىڭ قولچوماق ئارمىيىسىگە قارشى جەڭ قىلدى، بۇ ناھايىتى چوڭ شەھەرنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىشىنى كاپالەتلەندۈردى، بۇرۇن ھوكۇمەت، ساقچى ئىدارىسى ۋە ئۆلكىلىك ھوكۇمەتلەر ئۆز ئۈستىگە ئالغان پۈتۈن ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئەڭ قىيىن، ئەڭ مۇرەككەپ ئەھۋالدا، ئۆز خىزمىتىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا، ئاددى ـ ساددىلىق بىلەن ئىشلىدى؛ ئۇ خۇددى مىلتون «قولدىن كەتكەن بىھىش» دىگەن ئەسىرىنى يازغاندىكىگە ئوخشاش، بىرنەچچە فۇنت ئىسترلىڭلا ھەق ئالدۇ؛ ئۇ خىزمەتنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىشلەيدۇ، ئۆزەمنىڭ راست دەپ تۇرۇۋالمايدۇ، قەغەزۋازلىق ئىشخانىسىغا بېكىنىپ ئولتۇرۇۋالمايدۇ، خاتالىقنى ئېتراپ قىلىشنى نومۇس دەپ قارىماي، ئۇنى باتۇرلۇق بىلەن تۈزىتىدۇ. گۆكشى بارلىق ۋەزىپىنى — ھەربى، مەمۇرى، سىياسى ۋەزىپىنى بىر يوللا **ھەقىقى ئىشچىلارنىڭ ۋەزىپىسىگە**

ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى ئەمدى تەربىيە ئالغان ئالاھىدە تەبىقە خۇسۇسى ئىگىلىۋالالمايدىغان قىلدى. (ئىچكى ئۇرۇش ۋە ئىنقىلاپنىڭ قالايمىقانچىلىق ئەھۋالىدا تەرتىپنى ساقلىدى)، (ئومۇمىيۈزلۈك جانلاندۇرۇش يولىدا تەدبىرلەر كوردى). گۇڭشىنىڭ ئايرىم تەدبىرلىرىنىڭ قىممىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، گۇڭشىنىڭ ئەڭ موھىم تەدبىرى — ئۇنىڭ ئوزىنىڭ تەشكىلى، بۇ تەشكىل شۇ بىر ۋاقىتتا تاشقى دۇشمەنلەر بىلەن سىنىپىي دۇشمەنلەرنىڭ تەھدىدىگە دۇچكەلگەن ئەھۋال ئاستىدا تەييارلىقسىزلا قۇرۇلدى، گۇڭشىي ئوزىنىڭ مەۋجۇتلۇغى بىلەن ئوزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كورسەتتى، ئوزىنىڭ ھەركىتى بىلەن ئوزىنىڭ نەزىرىيىسىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى فرانسىيىنى بويسۇندۇرغۇچى غەلىبە قىلغۇچىلار ئۇستىدىن قازىنىلغان بىر غەلىبە ئىدى، ئەسىر ئېلىنغان پارىژ باتۇرلۇق بىلەن بىر سەكرەپلا يېڭىۋاشتىن ياۋروپانىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا ئېرىشتى، ھالبۇكى، بۇ رەھبەرلىك ئورۇن ۋەھشى زورلۇق كۈچكە تايىنىپ ئېرىشىلگەن بولماستىن، بەلكى پارىژ باشلامچىلىق بىلەن ئىجتىمائىي ھەركەتكە رەھبەرلىك قىلىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى مەملىكەت ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەنلىكتىن ئېرىشىلگەن ئىدى.

ئەگەر ھەممە چوڭ شەھەرلەر پارىژنى ئۈلگە قىلىپ گۇڭشىي قۇرغان بولسا، ئۇ ھالدا، ھەرقانداق ھوكۇمەتنىڭ بۇ ھەركەتنى تۇيۇقسىز ئەكسىيەتچىل ھەركەت بىلەن باستۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەتتا بۇ دەسلەپكى ھەركەت بىلەن ئەمەلىي كۈچلەرنى يېتىشتۇرۇش ۋاقتىنى قولغا كەلتۇرۇپ، ھەركەتنىڭ

غەلىبىسىگە كاپالەت بەرگىلى بولاتتى. فرانسىيە بويىچە مۇستەقىل ئىشلەيدىغان، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان گۇڭشىلار قۇرۇلغان بولاتتى؛ دائىمى ئارمىيىنىڭ ئورنىنى گومىنجۇن ئالغان بولاتتى؛ زور تۇركۇمدىكى دولەت تەييارتاپلىرى چەتكە قېقىپ چىقىرىلغان بولاتتى؛ راھىپلار تەبىقىسىنىڭ ئورنىنى ئوقۇتقۇچىلار ئالغان بولاتتى؛ دولەت فاكۇەنلىرى گۇڭشى ئورگىنى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن بولاتتى؛ دولەت پۇخرالىرى ۋەكىللىرى سايلىمى ئەمدى ھەممە چوڭ ھوقۇقلارنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ھوكۇمەتنىڭ نەيرەڭۋازلىق ئىشلىتىدىغان ئىشى بولماي، بەلكى تەشكىللەنگەن ھەرقايسى گۇڭشى ئىرادىسىنىڭ ئاڭلىق ئىپادىسى بولغان بولاتتى؛ دولەتنىڭ ۋەزىپىسى بىرقانچە ئومۇمىيۈزلۈك، دولەت خاراكتېرلىق مەقسەتكە ئۈيغۇن ۋەزىپە بىلەنلا چەكلەنگەن بولاتتى.

مانا بۇ — **گۇڭشى**، يەنى **ئىجتىمائى ئازاتلىقنىڭ سىياسى شەكلى**، ئەمگەكچىلەر ئۆزلىرى ياراتقان ياكى تەبىەت بەخش قىلغان ئەمگەك ۋاستىلىرىنى لۇڭدۇەن قىلىۋالغان ئەشۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان ھاكىمىيەت (قۇللۇق) ئاستىدىن ئەمگەكنى ئازات قىلىشنىڭ سىياسى شەكلى. خۇددى دولەت ماشىنىسى بىلەن يىخۇي تۈزۈمى ھوكۇمران سىنىپنىڭ ھەقىقى جېنى ئەمەس، بەلكى پەقەت ھوكۇمران سىنىپنىڭ ھوكۇمرانلىق قىلىشىدىكى تەشكىللىك باش ئورگىنى، پەقەت كونا تەرتىپنىڭ سىياسى كاپالىتى، شەكلى ۋە ئىپادىسى بولغىنىدەك، گۇڭشىمۇ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىجتىمائى ھەركىتى ئەمەس، شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ گۈللىنىش ھەركىتىمۇ ئەمەس، بەلكى پەقەت تەشكىللىك ھەركەتنىڭ ۋاستىسى. گۇڭشى سىنىپى كۈرەشنى

بىكار قىلمايدۇ، ئىشچىلار سىنىپى دەل سىنىپىي كۈرەش ئارقىلىق بارلىق سىنىپلارنى يوقىتىشقا، شۇنىڭ بىلەن بارلىق سىنىپىي ھوكۇمرانلىقنى يوقىتىشقا تىرىشىدۇ (چۈنكى گۇڭشې بىر خىل ئالاھىدە مەنپەئەتكە ۋەكىللىك قىلمايدۇ؛ ئۇ «ئەمگەك»نىڭ ئازاتلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئەمگەك بولسا شەخسىي تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي ۋە تەبىئىي شەرتى، ئاز سانلىق كىشىلەر پەقەت تارتىۋېلىشقا، ئالدامچىلىق ۋە مەككارلىققا تايىنىپلا ئۇنى كوپچىلىك كىشىلەرگە تاڭالايدۇ)، لېكىن، گۇڭشې مۇۋاپىق موھىت يارىتىپ، سىنىپىي كۈرەشنى ئەڭ مۇۋاپىق، ئەڭ ئىنسانىيەتچىلىك ئۇسۇل بىلەن ئۆزىنىڭ بىرقانچە ئوخشاش بولمىغان باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتەلەيدىغان قىلىدۇ. گۇڭشې كەسكىن ئەكسىيەتچىلىكنى ۋە ئوخشاشلا كەسكىن ئىنقىلاپنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. گۇڭشې توۋەندىكى تەدبىرلەر بىلەن **ئەمگەكنى ئازات قىلىشقا** — ئۆزىنىڭ ئۇلۇق نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلىدى: ئۇ بىر تەرەپتىن، دولەت تەييارتاپلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدا بولمىغان ھەركەتلىرىنى ۋە خالىغىنىچە ئەسكىلىك قىلىش ھەركەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، زور مىقتاردىكى خەلق مەھسۇلاتلىرىنى دولەت يەلماۋۇزلىرىنى بېقىشقا ئىسراپ قىلىشنىڭ مەنبەسىنى ئېتىپ تاشلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىگە تەڭ كېلىدىغان ئىش ھەققى بىلەن يەرلىك ۋە مەملىكەت خاراكتېرلىق ئەمەلىي مەمۇرى ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. بۇنىڭدىن كورۇۋالغىلى بولىدۇكى، گۇڭشې ئۆز خىزمىتىنى كەڭ كولەملىك ئىقتىسات قىلىش بىلەن باشلىغان، سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزگەرتىش بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىسلاھات بىلەن باشلىغان.

ئەگەر گۈڭشي تەشــكىلاتلىرى پۈتۈن مەملــكەت دائىرىـــسىدە مۇستەھكەم قۇرۇلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ يەنە بېشىغا كېلىش ئېھتىمالى بولغان ئاپەت قۇلىــدارلارنىڭ بەزى پارچە - پۇرات توپىلاڭــلىرى بولاتتى، بۇ توپىلاڭلار گەرچە تېز تەرەققىيات ئېشلىرىغا ۋاقتىنچە توسقۇنلۇق قىلىسمۇ، لېكىن ئىجتىمائى ئىنقىلاپنىڭ قورالىنىشىنىلا كۈچەيتەتتى، شۇنىڭ بىلەن ھەركەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتەتتى.

ئىشــچىلار سىنىپى ئۆزىــنىڭ ســنىپىي كۈرەشــنىڭ ئوخــشاش بولمىغان بىرقانچە باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈشى كېرەكلىكىنى بىلىدۇ. ئۇلار ئەمــگەك قۇل قىلىنىدىغان ئىقتىسادىي شارائىتــنىڭ ئورنىغا ئەركىــن، بىرلەشــكەن ئەمــگەك شارائىــتىنى قويۇشــنى خېلى بىر مەزگىل ئىــچىدە تەدرىــجى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىــدىغانلىــقىنى (بۇ ئىقتىــسادىي جەھەتــتىكى ئۆزگەرتىش بولۇپ ھېساپــلىنىدۇ)؛ بۇ يەردە تەقسىمات ئۇسۇلىنىلا ئۆزگەرتىش زورۇر بولۇپ قالماي، بەلكى يېڭى بىر ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلىنىڭ بولۇشى زورۇرلۇكىنى، ياكى توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى (ھازىرقى زامان سانائىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان) تەشكىللىك ئەمگەك جەريانىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىشــلەپچىقىرىشــنىڭ ھەر خىل ئىجتىــمائى شەكىلــلىرىنى قۇللۇق كىشەنلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ھازىرقى سىنىپىي خاراكتىرىدىن خالاس قىلــش (بىكار قىلــش) ئۈچۈن يەنە پۈتۈن مەملــكەت دائىــرىسىــدە ۋە خەلقارا دائىــرىــدە ماسلىــشــش ئاساســدىكى ھەمــكارلىــقــنى يولغا قويۇش زورۇرلۇكىــنى بىــلىــدۇ. ئۇلار بۇ گۈللەندۈرۈش ئىشى مەنپەئەتدارلىق ۋە سىنىپىي شەخسىيەتچىلىك-نىڭ ئۆزلۈكسىز قارشىــلىقىغا ئۇچراپ تۇرىدىغانــلىقىنى، شۇڭا ئۇ ئارقىغا سوزۇلىدىغانلىقىنى، توسقۇنلۇققا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئۇلار، خۇددى ئۆتمۈشتە «قۇللۇق تۈزۈم ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلىرىنىڭ زىيانلىق رولى» ۋە «نۆكىنۆلۈق تۈزۈم ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلىرىنىڭ زىيانلىق رولى»نىڭ ئورنىنى باشقىلار ئالغىنىغا ئوخشاش، ھازىرقى «كاپىتال بىلەن يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ تەبىي قانۇنىيەتلىرىنىڭ زىيانلىق رولى»نىڭ ئورنىنى پەقەت يېڭى شارائىتنىڭ ئۇزاق تەرەققىيات جەريانىنى ئۆتكۈزگەندىلا «ئەركىن، بىرلەشكەن ئەمگەكنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلىرىنىڭ زىيانلىق رولى» ئالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشچىلار سىنىپى كۈرەشىنىڭ سىياسىي تەشكىلىي شەكلى ئارقىلىق دەرھال ئالغا قاراپ چوڭ قەدەم تاشلاشقا بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن بۇ ھەرىكەتنى باشلاشنىڭ پەيتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ.

## دېخانلار

**(ئۈرۈش چىقىمى).** گۆكشى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنلا، جۇگياڭ ۋېيبوەنخۇي ئۆزىنىڭ «ئاخباراتى» ئارقىلىق: **«ئۈرۈش چىقىمىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۈرۈشنىڭ باش جىنايەتچىلىرى تۆلىشى لازىم»**[140] دەپ ئېلان قىلغان. بۇ «تەرتىپچى شەخسلەر» ئەڭ قورقىدىغان «مەدەنىيەتكە قارشى چوڭ سۇيىقەست» ئىدى. بۇ ئەڭ ئەمەلىي مەسىلە. ئەگەر گۆكشى غەلىبە قىلىدىغان بولسا، بۇ ئۈرۈش چىقىمىنى ئۈرۈشنىڭ باش جىنايەتچىلىرى تۆلىشى لازىم بولاتتى؛ ئەگەر ۋېرسال غەلىبە قىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ ئۈرۈش چىقىمىنى يەنىلا ساپ قېنىنى ئاققۇزغان، خانىۋەيران

قىلىنغان، بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغان، خىراجەتلەرنى ئۇز ئۇستىگە ئالغان ئىشلەپچىقارغۇچى ئاما تولىشى لازىم بولاتتى، مالىيە زومىگەرلىرى بولسا ھەتتا مۇشۇ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇنىڭدىن پايدا ئۇندۇرۇۋالاتتى. ئۇرۇش خىراجىتىنى كىمنىڭ تولىشى ئىچكى ئۇرۇشقا باغلىق. بۇ ئىنتايىن موھىم مەسىلىدە، گۇڭشې ئىشچىلار سىنىپى بىلەن ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىگىلا ۋەكىللىك قىلىپ قالماي، ئەمەلىيەتتە **بۇرژۇئازىيە** (باي كاپىتالىستلار) (باي پومېششىكلار ۋە ئۇلارنىڭ دولەت تەييارتاپلىرى)دىن باشقا پۇتۇن ئوتتۇرا سىنىپنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ ۋەكىللىك قىلماقتا. ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن **فرانسىيە دېخانلىرىنىڭ** مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلماقتا. ئەگەر تىيېر ۋە ئۇنىڭ «پومېششىك يىغۇي ئەزالىرى» غەلىبە قىلىدىغان بولسا، ئۇرۇش بېجىنىڭ كوپ قىسمى دېخانلارنىڭ شىللىسىگە ئارتىلىدۇ. بىراق، بەزىلەر شۇ دەرىجىدە ئاخماقكى، ئۇلار ھەتتا «پومېششىك يىغۇي ئەزالىرى»نىڭ چۇقانلىرىنى تەكرارلاپ ئۇلار — چوڭ پومېششىكلار — «دېخانلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ» دېيىشمەكتە، بۇنداق دېخانلار، ئەلۋەتتە، ساددا كوڭۇللۇكى بىلەن، ئوزلىرىنى بىر مىليارت تولەم — ئىنقىلاپ تولىمىنى[141] تولەشكە مەجبۇر قىلغان ياخشى «پومېششىكلار» ئۇچۇن تولىمۇ تاقەتسىزلىك بىلەن يەنە نەچچە مىليارت ئۇرۇش چىقىمى تولەيدىكەن-دە.

دەل مۇشۇ ئادەملەر دېخانلاردىن يەنە 45 سانتىم قوشۇمچە باج[142] ئېلىپ، مۇشۇ يول بىلەن فېۋرال جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىناۋىتىگە قەستەن زىيان يەتكۇزگەن ئىدى؛ بىراق، ئۇ چاغدا ئۇلار ئىنقىلاپ نامىدىن، ئىنقىلاپ ۋۇجۇتقا كەلتۇرگەن «ۋاقىتلىق

ھوكۇمەت» نامىدىن بۇ باجنى قوشقان ئىدى. ھازىر، ئۇلار ئۇرۇش چىقىمىنى ئۆزىنىڭ شىللىسىدىن دېخانلارنىڭ شىلـلىسىگە ئارتىش ئۈچۈن، ئۆز نامىدىن گوڭشې جۇمھۇرىيىتىگە قارشى ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بارماقتا! دېخانلار ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن خوشال بولىدىكەن-دە!

گوڭشې ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلماقچى، تەرتىپچىلەر پارتىيىسى بولسا بۇنداق خۇن بېجىنى دېخانلارغا مەھكەم تاڭماقچى. تەرتىپچىلەر پارتىيىسى باجگىرلارنى ئەۋەتىپ، دېخانلارغا مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ، ئۇلاردىن تەييارتاپ، ئىسراپخور دولەت ماشىنىسىنىڭ راسخوتـلىرىنى شىلىۋالماقچى، گوڭشې بولسا ئۇلارغا بىر ئەرزەن ھوكۇمەت بەرمەكـچى. تەرتىپـچـلەر پارتىيـىسى شەھەرلەردىكى جازانىخورلارنى دېخانلارنىڭ يىلىكلىرىنى داۋاملىق شوراپ، ئېزىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلماقچى، گوڭشې بولسا دېخانلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئازغىنا يەرلىرىنمۇ بېسىۋالغان رەنە قەرزى ئالۋاستىلىرىدىن ئازات قىلماقچى. گوڭشې دېخانلارنىڭ ئاساسىي كىرىمىنى يۇتۇۋالىدىغان، تەييارتاپ ئەدلىيە خادىملىرى — گۇۋاچىلار، قانۇن ساقچىلىرى ۋە باشقىلارنىڭ ئورنىغا ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەقـقىغە تەڭ كېلـىدىغان ئىش ھەقـقى ئالىدىغان لېكىن دېخانـلارنىڭ ئەمگـىگـە تايىنىپ ئۆزلىرىنى سەمرىتمەيـدىغان گوڭشې خىزمەتـچىلىرىنى قويـماقچى. گوڭشې فرانسىيە دېخانلىرىنى چىرمىۋالغان ھەممە ئەدلىيە ئۆمچۈك تورىنى يەنى ئۇنىڭ ئۈسـتىدە تۇرۇپ دېخانلارنىڭ قېنىنى شوراي-دىغان بۇرژۇئازىيە ئۆمچۈكـلىرى — فاگوەن ۋە چۇيجاڭـلار — نىڭ ئەدلىيە ئۆمچۈك تورىنى بۇزۇپ تاشلىماقچى! تەرتىپچىلەر پارتىيىسى دېخانلارنى شيەنبىڭلارنىڭ ھوكۇمرانلىغى ئاستىغا قويماقچى، گوڭشې بولسا ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ئىجتىمائى ھاياتى ۋە سىياسى ھاياتىنى

ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى! گۈڭشى ئۇلارنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەلىم بېرىشى بىلەن بىلىم ئالىدىغان قىلماقچى، تەرتىپچىلەر پارتىيىسى بولسا ئۇلارنى راھىپلارنىڭ نادانلىقتا قالدۇرىدىغان ھوكۇمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىماقچى! لېكىن، فرانسىيە دېھقانلىرى ھەممىدىن بۇرۇن ئويلاپ-چاملاپ ئىش قىلىشقا ماھىر كىشىلەر! ئەگەر روھانى ئەرباپلارنىڭ مۇئاشى ئەمدى باجگىرلار ئارقىلىق دېھقانلاردىن قىستاپ-زورلاپ ئېلىنماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ دىني تەبىي ئېتىقادىغا خاس «ئىختىيارىي ھەرىكىتى»گە باغلىق بولىدىغان بولسا، ئۇلار بۇنى چوقۇم ئىنتايىن ئەقىلگە مۇۋاپىق بولىدى دەپ قارىغان بولاتتى!

لۇئى بوناپارتنى فرانسىيە دېھقانلىرى جۇمھۇرىيەت زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلىغان، لېكىن ئىككىنچى دېگونى بولسا (ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىن بىلەن قانۇن چىقارغۇچى يىغىن شارائىتىدىكى جۇمھۇرىيەتنىڭ نامسىز ھوكۇمرانلىقى دەۋرىدە) تەرتىپچىلەر پارتىيىسى تەسىس قىلغان! 1849 - ۋە 1850 - يىللاردا فرانسىيە دېھقانلىرى ئۆزلىرىنىڭ چۈيجاڭلىرىنى ھوكۇمەتنىڭ شىڭجاڭلىرىغا، ئۆزلىرىنىڭ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ھوكۇمەتنىڭ دىندارلىرىغا، ئۆزلىرىنى ھوكۇمەتنىڭ شيەنبىڭلىرىغا قارشى قويغان، شۇنداق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمىلىيەتتە نىمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى كورسىتىشكە باشلىغان ئىدى! تەرتىپچىلەر پارتىيىسى 1849 - يىلى بولۇپمۇ 1850 - يىل 1 - ئاي ۋە 2 - ئايدا چىقارغان تۈرلۈك ئەكسىيەتچىل پەرمانلار[143]، ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، فرانسىيە دېھقانلىرىغىلا قارىتىلغان ئىدى! ئەگەر، فرانسىيە دېھقانلىرىنىڭ لۇئى بوناپارتنى زۇڭتۇڭ قىلىپ سايلىشى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق

ئىنقىلاپتا ئېرىشكەن پۈتۈن مەنپەئەتلىرىنى خاتا ھالدا بىرىنچى ناپولېئونغا مەنسۇپ دەپ ئادەتلىنىپ قالغانلىقىدىن بولغان، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، سىياسى ئۆزگىرىشتىن كېيىن، فرانسىيىنىڭ بىرقانچە ئولكىسىدىكى دېھقانلارنىڭ قوراللىق قوزغىلىشى ۋە شىيەنبىڭلارنىڭ ئۇلارنى تۇتقۇن قىلىشى دەل شۇ خىلدىكى خاتا تۇيغۇنىڭ تېز بەربات بولۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ! ئىككىنچى دىگو خاتا تۇيغۇنى سۇنئى يوسۇندا كۈچ قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئاساسىغا قۇرۇلغان، ئەنئەنىۋى بىر تەرەپلىمە قاراش ئاساسىغا قۇرۇلغان، گۈۋشىپ بولسا دېھقانلارنىڭ جانىجان مەنپەئەتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمىلىي ئېھتىياجى ئاساسىغا قۇرۇلدۇ.

فرانسىيە دېھقانلىرىنىڭ ئوچەمەنلىكى پومشىشك يىخۇي ئەزالىرى، قورغان لىڭجۇلىرى، بىر مىليارت تولەمنى شىلىۋالغان كىشلەر ۋە يەر ئىگىلىرى قىياپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان شەھەر كاپىتالىستلىرىنىڭ ئۈستىگە مەركەزلەشمەكتە. بۇ ئادەملەرنىڭ دېھقانلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشى ئىككىنچى دىگو شارائىتىدا مىسلىسىز تېز ئەۋج ئالغان ئىدى، بۇنداق ئەھۋالنىڭ بىر قىسمى دولەتنىڭ سۇنئى تەدبىرلىرى تەرىپىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان ئىدى، بىر قىسمى ھازىرقى زامان يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىنىڭ تەبىي نەتىجىسى ئىدى. پومشىشك يىخۇي ئەزالىرى فرانسىيە گۈۋشىپ جۇمھۇرىيىتىنىڭ 3 ئايلىق ھوكۇمرانلىقى دېھقانلار-نىڭ ۋە يېزا ئىگىلىك پرولېتارىياتىنىڭ ئۇلارغا قارشى قوزغىلاڭ كوتىرىشىنىڭ سىگنالى بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار گۈۋشىپغا غالجىرلارچە ئوچمەنلىك قىلدى! دېھقانلارنىڭ ئازاتلىقى، ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەتتا شەھەر پرولېتارىياتىنىڭ

ئازاتلىقىغا قارىتىلغاندا تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. دېھقانلار شەھەر پرولېتارىياتىنىڭ ئۆزلىرىگە رەھبەر ۋە ئاكا بولۇشىنى خۇشاللىق بىلەن ناھايىتى تېز قوبۇل قىلاتتى. ئەلۋەتتە، فرانسىيىدە، ياۋروپا قۇرۇقلۇغىدىكى مۇتلەق كۆپچىلىك دۆلەتلەردىكىگە ئوخشاش، شەھەر ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى بىلەن يېزا ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى ئوتتۇرىسىدا، سانائەت پرولېتارىياتى بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى. زور كۆلەملىك، تەشكىللىك ئەمگەك، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ مەركەزلىشىشى ــ بۇ، پرولېتارىياتنىڭ كۈتكەن ئۈمىدى، شۇنداقلا پرولېتارىيات ھەرىكىتىنىڭ ماددىي ئاساسى، گەرچە ھازىرقى ئەمگەك تەشكىلى مۇستەبىتلەرچە بولسىمۇ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋاستىسى بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ۋە قۇل قىلىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە لۈكچىدەۋەن قىلىنغۇچىلار قولىغا مەركەزلەشكەن بولسىمۇ. پرولېتارىياتنىڭ قىلماقچى بولغىنى مۇشۇنداق تەشكىللىك ئەمگەكنىڭ ۋە مۇشۇ مەركەزلەشكەن ئەمگەك ۋاستىلىرىنىڭ ھازىرقى كاپىتالىستىك خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق ۋە سىنىپىي ئېكسپلاتاتسىيە ۋاستىسىدىن ئەركىن بىرلەشكەن ئەمگەك شەكلىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئايلاندۇرۇش. يەنە بىر تەرەپتىن، دېھقانلارنىڭ ئەمگىكى بولسا يەككە ـ يىگانە، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى پارچە-پۇرات ۋە تارقاق. مۇشۇنداق ئىقتىسادىي پەرقلەر ئاساسىدا، ئۈستقۇرۇلما سۈپىتىدە، تامامەن ئوخشاش بولمىغان بىر يۈرۈش ئىجتىمائىي ـ سىياسىي نۇقتىنەزەر بەرپا قىلىندى. لېكىن بۇنداق

دىخانلار مۇلۇكچىلىگى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ نورمال باسقۇچىدىن يەنى ئۇ يەنىلا بىر خىل رىيال مەۋجۇدىيەت بولۇپ تۇرۇش، يەنىلا جەمىيەت ئىقتىسادىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، يېزا ئىشلەپچىقارغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىنى نورمال تۇرمۇش شارائىتىدا تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە مال ـ مۇلۇك شەكلى بولۇپ تۇرۇش باسقۇچىدىن ئاللىقاچان ئېشىپ كەتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ زاۋالغا يۈزتۇتقان دەۋرىگە كىردى. بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئىچىدىن غايەت چوڭ بولغان، شەھەر يالىلانىما ئىشچىلىرى بىلەن مەنپەئەتى تامامەن بىر بولغان (يېزا پۇرولېتارىياتى) prolétariat foncier يېتىشىپ چىقتى. نۇڭىيشۇېنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ئارقىسىدا، بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزى ئاللىقاچان چىرىپ كەتكەن ئىدى. ئاخىردا، دىخانلارنىڭ مۇلۇكچىلىك ھوقۇقىنىڭمۇ ئۆزگىرىپ قۇرۇق ناملا قالدى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئەمگىگىنىڭ مىۋىسى تارتىۋېلىندى، ئۇلارغا مۇلۇكچىلىك ھوقۇقى توغرىسىدىكى خىيالىي تۇيغۇلا قالدى. چوڭ نۇڭچاڭ ئىگىلىرىنىڭ رىقابىتى، خۇن بېجى، دولەت باج ـ سېلىغى، شەھەر گوروخانا خوجايىنلىرىنىڭ جازانىخورلۇق بىلەن شىلىۋېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ تېنىنى چىرمىۋالغان ئەدلىيە تۈزۈمىنىڭ تۈرلۈك شەكىلدىكى ئۇستىلىق بىلەن بۇلاپ ـ تالىشى ئۇلارنى ھىندىستان دىخانلىرىنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار ھەر سائەت ـ ھەر مىنۇت مەھرۇم قىلىندى ـــ ھەتتا ئۇلار نامدىكى مۇلۇكچىلىك ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىلىندى ـــ ۋە يېزا پۇرولېتارىياتى ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىخانلار بىلەن پۇرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدا ئايرىمىلىق كەلتۈرۈپ

چىقىرىدىغان نەرسە دېخانلارنىڭ ئەمەلىي مەنپەئەتى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ خاتا تۇيغۇسى ۋە بىر تەرەپلىمە قارىشى بولۇپ قالدى. ئەگەر، گۇڭشې، بىز ئىزاھلاپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھازىرقى ئىقتىسادىي شارائىتتىمۇ دېخانلارغا دەرھال چوڭ مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان بىردىن-بىر ھاكىمىيەت، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، پەقەت گۇڭشېدىن ئىبارەت مۇشۇ ھوكۇمەت شەكلىلا ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە كاپالەتلىك قىلالايدۇ؛ بىر تەرەپتىن، ئۇلارنى پومىششىكلارنىڭ مەھرۇم قىلىشىدىن قۇتقۇزۇ-ۋالالايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنى نامىدىكى مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىنى دەپ شىلىنماسلىق، ئېغىر ئىش قىلماسلىق ۋە نامراتلىق دەردىنى تارتماسلىق ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ نامىدىكى يەر مۈلۈكچىلىكى ھوقۇقىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىگە بولغان ئەمەلىي مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىغا ئايلاندۇرالايدۇ؛ ھەم ئۇلارنى جەمئىيەت ئېھتىياجى ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن لېكىن ھازىر بولسا بىر خىل دۈشمەنلىك قىلغۇچى ئامىل سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۆزلۈكسىز تاجاۋۇز قىلىپ تۇرغان ھازىرقى زامان نوكيىشۇبىسىنىڭ پايدىسىدىن بەھرىمەن بولۇش، ھەم ئۆزىنىڭ ھەققىي مۇستەقىل بولغان ئىشلەپچىقارغۇچىلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايدۇ. ئۇلار گۇڭشې جۇمھۇرىيىتىدىن دەرھال نەپ ئالالىغان ئىكەن، مۇقەررەر ھالدا گۇڭشېغا تېز ئىشەنچ باغلايدۇ.

## جۇمھۇرىيەتچىلەر بىرلەشمىسى (جۇمھۇرىيەتچىلەر ئىتتىپاقى)

تەرتىپسىزلەر پارتىيىسى ئىككىنچى دېگونىڭ يارامسىز ھاكىمىيىتى

شارائىتىدا ئۇز ھوكۇمرانلىغىنى چېكىگە يەتكۈزدى، بۇ پارتىيە ئۇزىنىڭ ئەگەشكۈچى مالايلىرى، قولچوماقلىرى، دولەت تەييارتاپلىرى، پايلاقچىلىرى، «تەنناز خېنىملىرى» ۋە **يۇقۇرى دەرىجىلىك لۈكچەكلەرنى** تولۇقلىغۇچى ھېلىقى چوڭ بىر توپ توۋەن دەرىجىلىك **لۈكچەكلىرىنىڭ** (ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنىڭ) ئەگىشىشى بىلەن پارىژدىن ئايرىلدى (پارىژدىن چىقىپ كەتتى). لېكىن، ئوتتۇرا سىنىپ ئىچىدىكى ھەقىقى جانلىق كۈچلەر ئىشچىلارنىڭ ئىنقىلاۋى ئارقىسىدا، ئۇزلىرىنىڭ قورچاق ۋەكىللىرىدىن قۇتۇلۇپ، فرانسىيەدە بولۇپ ئوتكەن ئىنقىلاپلار تارىخىدا بىرىنچى قېتىم بۇ تەرتىپسىزلەر پارتىيىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ باشقا يول تۇتتى ھەمدە ئۇزلىرىنىڭ ھەقىقى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن كوكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. مانا بۇ «جۇمھۇرىيەتچىلەر ئەركىن ئىتتىپاقى»[144] بولۇپ، ئۇ پارىژ بىلەن باشقا ئولكىلەر ئوتتۇرىسىدا ۋاستىلىك رول ئوينىماقتا، ۋېرسالنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلماقتا ھەم كۇڭشې بايرىغى ئاستىدا ئالغا باسماقتا.

## جەمىيەتتىكى باشقىلارنىڭ ئەمگىگە تايانماي تىرىكچىلىك قىلىدىغان ھەرقايسى سىنىپلارغا ۋەكىللىك قىلىشۋاتقان گۇڭشې ئىنقىلاۋى

بىز كورۇپ ئوتتۇقكى، پارىژ پرولېتارلىرى فرانسىيە دىخانلىرىنى قوغداش ئۇچۇن جەڭ قىلدى، ۋېرسال بولسا فرانسىيە دىخانلىرىغا قارشى جەڭ قىلدى؛ «پومىششىك يىخۇي ئەزالىرى»نىڭ، دىخانلار پارىژ ساداسىنى ئاڭلاپ قالسا، بۇ ئىككىسىنى قامالغا

تاينىپ ئايرىۋەتكىلى بولماسمىكىن، دەپ بىشى بەك قاتاتتى؛ تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ پارتىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشى دىخانلارنى داۋاملىق ئۆزلىرىنىڭ قۇلى قىلىشقا، دىخانلارنى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ «خالىغانچە ئىجارە-باج ئالىدىغان» دۇيىشياگى قىلىشقا ئۇرۇنۇش ئىدى.

ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە تارىختا بىرىنچى قېتىم ئاشكارا ھالدا ئىشچىلار ئىنقىلاۋى ئەتراپىغا ئۇيۇشتى، ئۇلار بۇ ئىنقىلاپنى ئۆزلىرىنى ۋە فرانسىيىنى قۇتقۇزىدىغان بىردىن-بىر ۋاستە دەپ جاكالىدى! ئۇلار ئىشچىلار بىلەن بىرلىكتە كومىن زىۋىپيجۇننىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلدى، ئۇلار ئىشچىلار بىلەن كوڭشىپدا بىللە يىغىن ئاچتى، ئۇلار جۇمھۇرىيەتچىلەر بىرلەشمىسى ئىچىدە تۇرۇپ، ئىشچىلار ئۈچۈن ۋاستىچى بولدى!

كوڭشى يولىغا قويغان ئاساسىي تەدبىرلەر پارىژدىكى ئوتتۇرا سىنىپلار يەنى قەرز ئالغۇچى سىنىپلارنى قۇتقۇزۇپ، قەرز بەرگۈچى سىنىپلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىدى! ئىيۇن قوزغىلىڭى (1848-يىلى)دا بۇ ئوتتۇرا سىنىپ كاپىتالىستلار سىنىپى ۋە ئۇنىڭ جياڭجۇنلىرى بىلەن دولەت تەيياراتپىلىرىنىڭ بايرىغى ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، پرولېتارىياتقا قارشى تۇرغان ئىدى. ئۇلار 1848-يىل 9-ئاينىڭ 19-كۈنى «دوستلۇق توختىمى»[145] رەت قىلىنىش بىلەن دەرھال جازاغا تارتىلدى. ئىيۇن قوزغىلىڭى ئۈستىدىن قىلىنغان غەلىبە ئەينى ۋاقىتتا قەرز ئىگىلىرىنىڭ غەلىبىسى ئىكەنلىكىنى، باي كاپىتالىستلارنىڭ قەرزدارلار يەنى ئوتتۇرا سىنىپ ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسى ئىكەنلىكىنى دەرھال ئاشكارىلاپ قويدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە تېگىشلىك «بىر قاداق گوش»نى رەھىمسىزلىك

بلەن شلۋېلشتى[1]. 1849 ـ يل 6 ـ ئاينڭ 13 ـ كۈنى، بۇ ئوتتۇرا سنپنڭ گومن زىۋېيجۇنى قورالسزلاندۇرۇلدى ھەم بۇرژۇئازىيە ئارمىيىسىنڭ قىرشغا ئۇچرىدى! ئىككنچى دىگو دەۋرىدە، دولەت بايلىغى قالايمىقان ئىسراپ قلنغانلىغى، باي كاپىتالىستلار بۇنڭ بلەن ئوزلىرىنى سەمرىتكەنلىگى ئۈچۈن، بۇ ئوتتۇرا سنپ پاي چېكى دەلاللىرى، چوڭ تومۇريول خوجايىنلىرى، كوچمە مۈلۈك ئامانەت ـ قەرز كۆكسلىرىغا ئوخشاش ئالدامچى گۆكسلارنڭ تالان ـ تاراج قلشغا، كاپىتالىستلارنڭ بىرلەشمە تەشكلاتى (ھەسسدارلق گۆكسسى)نڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قلشغا ئۇچرىغان ئىدى. ئەگەر، بۇ سنپ سياسى ئورۇن جەھەتتە تۆۋەنلتىلگەن، ئىقتىسادىي مەنپەئەت جەھەتتە زەربە يېگەن، دىيىلسە، ئۇ ھالدا، ئۇ مەنىۋى جەھەتتە مۇشۇ تۈزۈمنڭ نومۇسسز بەزمىلىرى تەرىپىدىن غەزەپلەندۇرۇلگەن ئىدى. ئۇرۇش داۋامىدىكى تۈرلۈك رەسۋاچىلىقلار ئۇلارغا تاقەت قلىپ تۇرغىلى بولمايدىغانلىغىنى ھېس قلدۇرغان، ئۇلارنڭ فرانسۇزلۇق ھېسسىياتىنى قوزغىغان ئىدى. فرانسىيە بۇ ئۇرۇش ئېلىپ كەلگەن تۈرلۈك ئاپەتلەرنى، مىللەتنڭ ھالاك بولۇش ۋېيجىسنى ۋە ئىقتىسادىي سۇنۇشنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ ئوتتۇرا سنپ ھېس قلدىكى، ھالاكەت ۋە خەۋپتىن بىردىنبىر قۇتقۇزالايدىغىنى فرانسىيىنڭ قۇلدارى بولۇشنى خام خيال قلىۋاتقان چىرىك سنپ ئەمەس، بەلكى ئىشچىلار سنپىنڭ ئۇلۇغۋار ئىرادىسى ۋە گىگانت ئادەملەردەك كۈچى!

[1] شېكىسپىرنڭ «ۋېنتسىيە سودىگىرى» دىگەن سەھنە ئەسىرىنڭ تۈتىنچى پەردە بىرىنچى كۆرۈنۈشى.ـــ تەرجىمدىن

ئۇلار شۇنى ھېس قىلدىكى، پەقەت ئىشچىلار سىنىپىلا ئۇلارنى راھىپلارنىڭ ھوكۇمرانلىقىدىن ئازات قىلالايدۇ، پەننى سىنىپي ھوكۇمرانلىق قورالىدىن خەلقنىڭ كۈچىگە ئايلاندۇرالايدۇ، ئالىملارنىڭ ئۆزىنى سىنىپي بىر تەرەپلىمە قاراشنى بازارغا سالغۇچى، نام-مەنپەئەت قوغلاشقۇچى دۆلەت تەييارتاپلىرىدىن، كاپىتالىنىڭ ئىنتىپاقچىسىدىن ئەركىن ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىگۈچىلەرگە ئايلاندۇرالايدۇ! پەن پەقەت ئەمگەك جۇمھۇرىيىتىدىلا ئۆزىنىڭ ھەقىقى رولىنى ئوينىيالايدۇ.

## جۇمھۇرىيەت پەقەت سوتسىيال جۇمھۇرىيەت دەپ ئاشكارا جاكالانغاندىلا، ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ

خۇددى ئىككىنچى دىگو دۆلەت شىيەنبىڭى ۋە دىندارلار قولىدىكى تەشكىلسىز «ئومۇمى سايلام» توغرىسىدىكى خام خىيالنى بۇزۇپ تاشلىغىنىدەك، بۇ قېتىمقى ئىچكى ئۇرۇش «جۇمھۇرىيەت» توغرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى خام خىيالنى بۇزۇپ تاشلىدى. فرانسىيىدىكى بارلىق جانلىق كۈچلەر ئېتىراپ قىلدىكى، فرانسىيىدە ۋە ياۋروپادا جۇمھۇرىيەت پەقەت «سوتسىيال جۇمھۇرىيەت» بولغاندىلا، ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ؛ بۇنداق جۇمھۇرىيەت كاپىتالىستلار بىلەن پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ قولىدىكى دۆلەت ماشىنىسىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا گۇڭشېنى قويۇشى لازىم؛ گۇڭشې «ئىجتىمائى ئازاتلىق»نى جۇمھۇرىيەتنىڭ ئۇلۇق نىشانى دەپ ئوچۇق جاكالىشى، شۇنىڭ بىلەن گۇڭشېنىڭ تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق بۇنداق ئىجتىمائى ئۆزگەرتىشنى كاپالەتلەندۈرۈشى لازىم. باشقا خىلدىكى ھەرقانداق

جۇمھۇرىيەت پەقەت مەلۇم شەكىلدىكى دىگوغا قەدەم تاشلاشنى ئۇزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى قىلغان بارلىق باۋخۇاڭچى پارتىيە-گۇرۇھلار — بىرلەشكەن جىڭتۇڭچىلار، ئورلىيانچىلار ۋە بوناپارتى-چىلار — نىڭ **نامىسىز** تېروررلۇغىلا، ئۇزلىرىنىڭ پەسكەشلىكلىرىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كىيىن، ھامان دىگو بىلەن ئاياقلىشىدىغان سىنىپىي ھوكۇمرانلىقنىڭ **نامسىز** تېروررلۇغىلا بولۇپ قالىدۇ!

پومىششىكلار يىخۇيىدىكى كەسىپىي جۇمھۇرىيەتچىلەر شۇنداق كىشىلەر ئىدىكى، ئۇلار 1848 — 1851 - يىللاردىكى سىناقنى، پارىژنى باستۇرىدىغان ئىچكى ئۇرۇشنى كورۇپ تۇرۇپ كورمەسلىككە سالدى، سىنىپىي مۇستەبىتلىكنىڭ **جۇمھۇرىيەت شەكلىگە** بولسا مۇمكىن بولغان، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان بىر خىل شەكىل دەپ چىن قەلبىدىن ئىشەندى؛ ئەمەلىيەتتە، تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ جۇمھۇرىيەتكە مۇھتاج بولۇشى پەقەت ئۇنى بىر خىل سۇئىقەستنىڭ تەشكىلىي شەكلى قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن جۇمھۇرىيەتكە قارشى تۇرۇش، مۇشۇ پارتىيىگە بىردىن - بىر ئۇيغۇن بولغان سىنىپىي مۇستەبىتلىك شەكلىنى — پادىشالىق تۇزۇمنى، ياكى تېخمۇ توغرى-سىنى ئېيتقاندا، دىگو تۇزۇمنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇش ئۇچۇن ئىدى. 1848 - يىلى، رازىمەنلىك بىلەن ئالدانغان بۇ دوتلەر سەھنە ئالدىغا چىقىرىلدى، بۇ ھال ئىيۇن قوزغىلىڭى باستۇرۇلغانلىقى سەۋىۋىدىن، ئۇلار فرانسىيىنىڭ قۇلدارى بولۇش خام خىيالىدا بولۇپ كەلگەن بارلىق گۇرۇھلارنىڭ **نامسىز** ھوكۇمرانلىقىنى تىكلەش ئۇچۇن يول تازىلاپ بولغىنىغا قەدەر داۋام قىلدى. 1871 - يىلى، ۋېرسالدا، ئۇلار دەسلىۋىدىلا سەھنىنىڭ ئارقىسىغا چىقىرىلىپ، تيېرنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئۇچۇن «جۇمھۇرىيەتچىلىك»

زىنـنەت بۇيۇمـى بولۇپ بەردى ھەم ئۇلارنىڭ داخىل بولۇشى بوناپارت جىياڭجۇنلىرىنىڭ پارىژغا قارشى ئۇرۇشىنى قانۇنىيلاشتۇرۇپ بەردى! بۇ بىچارىلەر ئۆزىنى ئۆزى مەسخىرىگە قالدۇرغانلىغىنى تۇيماي، يەنە Salle des Paume (ۋاڭچيۇ زالى)دا ئۆز پارتىيىسى- نىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، 1789 ـ يىلدىكى پېشقەدەملىرىگە قارىغاندا ئۆزلىرىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ قانداق دەرىجىگە يېتىپ قالغانلىغىنى ئىپادىلىدى[146]! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شېلشي ئېقىمدىكىلىرى ئارقىلىق پارىژنى ئالداپ، قورالنى تىيېرغا تاپشۇرتماقچى بولۇشتى، سېسېنىڭ قول ئاستىدىكى «تەرتىپچى» گومىن زۇۋېيجۈنىنىڭ ياردىمى بىلەن، پارىژنى قورال تاشلاشقا مەجبۇرلىماقچى بولۇشتى! لۇئى بىلانغا ئوخشاش ئاتالمىش پارىژنىڭ سوتسىيالىزىمچى يىخۇي ئەزالىرى ئۈستىدە توختىلىشىمىزنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. ئۇلار دۇفورغا ئوخشاشلارنىڭ ۋە «پومىشىك يىخۇي ئەزالىرى»نىڭ ئۆزلىرىنى ھاقارەتلىشىگە ئىتائەتمەنلىك بىلەن چىداپ، تىيېرنىڭ «قانۇنىي» ھوقۇقىغا مەپتۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، باندىتلار ئالدىدا ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چېكىپ، ئۆزلىرىنى پۈتۈنلەي نومۇسسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتى!

---

## ئىشچىلار ۋە كونت

ئىشچىلارنىڭ تەرەققىياتى ھازىر سوتسىيالىستىك مەزھەپ باسقۇ- چىدىن ئېشىپ كەتتى، لېكىن ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئۇلار ھېچقاچان كونتچىلارنىڭ چاڭگىلىدا بولۇپ باققان ئەمەس. بۇ مەزھەپنىڭ **ئىنتېرناتسونالغا** بەرگىنى 6 ـ 7 كىشىلىك بىر

جىۋبۇلا بولۇپ، بۇ جىۋبۇنىڭ گاڭلىكى باش ۋېيىۋەنخۇي تەرىپىدىن رەت قىلىندى[147]. پارىژ ئىشچىلىرىغا مەلۇمكى، كونت سىياسى جەھەتتە دىگو تۈزۈمى (شەخس **مۇستەبىتلىك**)نىڭ جارچىسى؛ سىياسى ئىقتىسات جەھەتتە كاپىتالىستلار ھوكۇمرانلىقىنىڭ جارچىسى؛ ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ھەممە دائىرىسىدە ھەتتا ئىلىم-پەن دائىرىسىدىمۇ تەبىقە تۈزۈمىنىڭ جارچىسى؛ پارىژ ئىشچىلىرىغا شۇنىسىمۇ مەلۇمكى، ئۇ يېڭى دىنىي ئەقىدىلەر ھەققىدىكى سوئال-جاۋاپلارنىڭ ئاپتورى، يېڭى دىنىي ئەقىدىلەر ھەققىدىكى بۇ سوئال-جاۋاپلار كونا جياۋخۇاڭ ۋە كونا ئەۋلىيالارنىڭ ئورنىغا يېڭى جياۋخۇاڭ ۋە يېڭى ئەۋلىيالارنى قويدى.

ئەگەر، كونتنىڭ مۇرىتلىرىنى فرانسىيىدىكىگە قارىغاندا ئەنگلىيىدە خەلق كۆپرەك قارشى ئالدۇ، دىيىلسە، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز مەزھىبىنىڭ ئەقىدىلىرىنى تەرغىپ قىلغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ شەخسى ئېسىل پەزىلەتلىرىدىن بولغان، بۇ يەنە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئىجات قىلمىغان ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىنىپىي كۆرەش شەكلىنى، مەسلەن، ئەنگلىيىدىكى ئىشچىلار بىرلەشمىسىنى ۋە ئىش تاشلاشلارنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن بولغان. كېزى كەلگەندە ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ كۆرەش شەكىللىرىنى ئۇلارنىڭ پارىژدىكى دوست-يارەنلىرى غەيرى ئىش دەپ ئەيىپلىدى.

## گۇڭشې (ئىجتىمائى تەدبىرلەر)

پارىژ ئىشچىلىرى ھازىرقى بۇ ئىنقىلاپنى قوزغىدى ھەمدە قەھرىمانانە پىداكارلىق روھى بىلەن بۇ كۆرەش ئېلىپ كەلگەن ئاساسىي زەربىگە بەرداشلىق بەرمەكتە — بۇ يېڭى ئىش ئەمەس.

بۇ — فرانسىيەدە بولۇپ ئۆتكەن ئىنقىلاپلارنىڭ گەۋدىلىك خۇسۇسى-
يىتى! بۇ — پەقەت ئۆتكەن ئىشلارنىڭ تەكرارلىنىشى! ئىنقىلاپنىڭ
خەلق ئاممىسى **نامىدىن** ھەممە ئاشكارا ھالدا خەلق ئاممىسى يەنى
ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئاممىسىنىڭ **مەنپەئەتى ئۈچۈن** ئېلىپ بېرىل-
غانلىقىمۇ بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپنىڭ ئۆتكەندە بولۇپ ئۆتكەن
ئىنقىلاپلارغا ئوخشايدىغان يېرى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپنىڭ يېڭى
خۇسۇسىيىتى شۇ يەردىكى، خەلق تۇنجى قوزغىلاڭدىن كېيىن ئۆزىنى
قورالسىزلاندۇرمىدى، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ بىر
توپ جۇمھۇرىيەتچى ئالدامچىلىرىنىڭ قولىغا سۇنۇپ بەرمىدى؛ بۇ
قېتىمقى ئىنقىلاپنىڭ يېڭى خۇسۇسىيىتى يەنە شۇ يەردىكى، **ئۇلار**
**گوڭشې** تەشكىل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى
ئىنقىلاۋىنىڭ ھەقىقىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتتى، شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنقىلاپ غەلىبە قازانغان چاغدا بۇ ھوقۇقنى
خەلقنىڭ ئۆز قولىدا ساقلىشىنىڭ چارىلىرىنى تېپىۋالدى، يەنى
ھۆكۈمران سىنىپنىڭ دۆلەت ماشىنىسى، ھۆكۈمەت ماشىنىسى ئورنىغا
ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ماشىنىسىنى قويدى. مانا بۇ — ئۇلارنىڭ
چېكىدىن ئاشقان چوڭ جىنايىتى! ئىشچىلار «بىر تۈمەن يۇقۇرى
قاتلام كىشىلىرى»نىڭ ھۆكۈمرانلىق ئىمتىيازىغا تېگىشكە پېتىنالىدى،
جەمىيەتنىڭ تەشكىللىك دۆلەت كۈچىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى
ئۈچۈن ئىشقا سېلىۋاتقان بۇنداق سىنىپىي مۇستەبىتلىكنىڭ
ئىقتىسادىي ئاساسىنى بۇزۇپ تاشلاشقا بەل باغلىغانلىقلىرىنى ئېلان
قىلالىدى! ياۋروپا قىتئەسىدىكى ۋە ئامېرىكىدىكى ئېسىل سىنىپنى
قاتتىق غەزەپلەندۈرگىنى دەل مۇشۇ بولدى؛ بۇ ئۇلارنىڭ نىمە
ئۈچۈن بۇنى مۇقەددەس نەرسىلەرگە ھاقارەت قىلغانلىق دەپ

ۋاقىرىغانلىغىنى، نىمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ غالجىرلىق بىلەن خەلقنى قىرىشقا چاقىرغانلىغىنى، ئۆزلىرىنىڭ يىخۇي مۇنبىرىدىن ۋە ئۆزلىرىنىڭ مالىيى بولغان گېزىتخانىلاردىن خىلمۇ-خىل ھاقارەت ۋە توھمەت ياغدۇرۇۋاتقانلىغىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ!

گوڭشېنىڭ ئەڭ ئۇلۇق تەدبىرى — ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىغى، ئۇ ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان قىيىن ئەھۋالدا ئىشلىمەكتە، ھەركەت قىلماقتا! پارىژ گوڭشېسى چىقارغان قىزىل بايراق ئەملىيەتتە پارىژ ئىشچىلار ھوكۇمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىغىنىڭ ئالامىتى! ئۇلار ئۆزىنىڭ مەقسىدى ئەمگەكنى ئازات قىلىش ۋە جەمىيەتنى ئۆزگەرتىش ئىكەنلىگىنى ئوچۇق، مەقسەتلىك جاكالىدى! لېكىن ئۇلارنىڭ جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەقىقى «ئىجتىمائى» خاراكتىرى ئىشچىلارنىڭ پارىژ گوڭشېسىنى باشقۇرۇۋاتقانلىغىدىلا! ئۇلارنىڭ تۇرلۇك تەدبىرلىرىگە كەلسەك، ئۇ ئەملىي ئەھۋالنىڭ بەلگىلىشى ئارقىسىدا، ئاساسەن، پارىژنىڭ ھەربى مۇداپىەسى ۋە ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش بىلەن چەكلىنىشكە مەجبۇر ئىدى!

ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بەزى قوغدىغۇچىمەن دەۋالىغان دوستلىرى، بىر تەرەپتىن، ھەتتا ئۆزلىرىچە «سوتسىيالىستىك» دەپ تونۇغان بىرنەچچىلا تەدبىردىنمۇ (ئەملىيەتتە بۇ تەدبىرلەردە خاھىشتىن باشقا زادىلا ھېچقانداق سوتسىيالىستىك نەرسە يوق) يىرگىنىدىغانلىغىنى يوشۇرالماي قېلىشتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار يەنە رازى بولغانلىغىنى بىلدۇرۇشتى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ چوڭ كەشپىياتى بىلەن «شىشېنلار»نى پارىژ گوڭشېسىغا ھېسداشلىق قىلىشقا ئۈندەشكە ئۇرۇنۇشتى. ئۇلارنىڭ چوڭ كەشپىياتى مۇنۇلار: ئىشچىلار — قانداقلا بولمىسۇن ئاقىلانە كىشىلەر، ئۇلار

مەيلى قايسى ۋاقىتتا ھاكىمىيەت تۇتمىسۇن، ھامان سوتسىيالىستىك ئىجادىيەتتىن قەتئىي يۈز ئۆرۈيدۇ! ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ھەقىقەتەن پارىژدا قانىداقتۇ **فالانستېر** قۇرماقچى ئەمەس، قانداقتۇ **ئىكارىيەۋ**[148] قۇرماقچى ئەمەس. ھەقىقەتەن زامانىمىزنىڭ ئەقىللىق كىشىلىرى - دە! ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەقىقىي غايىسى ۋە ھەقىقىي ھەرىكىتى توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەيدىغان ياخشى نىيەتلىك بۇ قوغدىغۇچىلار بىر نۇقتىنى ئۇنتۇپ قېلىشقان. بارلىق سوتسىيالىستىك مەزھەپلەرنىڭ ئاساسچىلىرى شۇنداق بىر دەۋرگە مەنسۇپكى، ئۇ چاغلاردا، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆزى تارىخنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى سۈپىتىدە دۇنيا سەھنىسىگە چىقىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، كاپىتالىزىم جەمئىيىتىنىڭ ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا تېخى يېتەرلىك چېنىقمىغان ھەم تولۇق تەشكىللەنمىگەن ئىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئازاتلىققا ئېرىشىشىنىڭ ماددىي شەرت - شارائىتىمۇ كونا دۇنيانىڭ ئۆزىدە تېخى تولۇق پىشىپ يېتىشمىگەن ئىدى. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ نامراتلىق ھالىتى مەۋجۇت ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشىنىڭ شەرتى تېخى ھازىرلانمىغان ئىدى. ھەرقايسى ئۇتوپىيە مەزھەپلىرىنىڭ ئاساسچىلىرى گەرچە مەۋجۇت جەمئىيەتنى پىپەن قىلغان چېغىدا ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ مەقسىدىنى — ياللانما ئەمگەك تۈزۈمىنى ۋە ئۇنىڭ سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي شەرت - شارائىتىنى بىكار قىلىشنى روشەن بايان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھەم جەمئىيەتنىڭ ئۆزىدىن ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ ماددىي شەرت - شارائىتىنى تاپالمايتتى، ھەم ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھەرىكەتنىڭ تەشكىللىك كۈچىنى ۋە ھەرىكەت توغرىسىدىكى تونۇشنى تاپالمايتتى. ئۇلار

يېڭى جەمىيەت توغرىسىدىكى خىيالىي مەنزىرە ۋە فاڭئەن ئارقىلىق هەركەت ئۆچۈن كەملىك قىلىۋاتقان تارىخىي شەرت ـ شارائىتنى تولۇقلىماقچى بولاتتى هەمدە بۇ خىيالىي مەنزىرە ۋە فاڭئەنلەرنى تەشۋىق قىلىشنى ئالەمنى قۇتقۇزۇشنىڭ هەقىقى يولى دەپ هېساپلايتتى. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ هەركىتى رىيال هەركەتكە ئايلانغان ۋاقىتتىن باشلاپ، تۈرلۈك خىيالىي ئۇتوپىيىلەر يوقالدى، — بۇ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۇتوپىزىمچىلار قوغلاشقان مەقسەتتىن ۋازكەچكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ رىيال ۋاستىسىنى تېپىۋالغانلىقىدىن بولغان، — لېكىن ئۇتوپىيىنىڭ ئورنىنى ئالغىنى هەركەتنىڭ تارىخىي شەرت ـ شارائىتىنى هەقىقى چۈشىنىش ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ جەڭگىۋار تەشكىلاتلىرىنىڭ بارغانسىرى توپلىغان كۈچى بولدى. لېكىن، ئۇتوپىزىمچىلار جاكالىغان هەركەتنىڭ ئاخىرقى ئىككى مەقسىدىمۇ پارىژ ئىنقىلاۋى ۋە ئىنتېرناتسىونال جاكالىغان ئاخىرقى مەقسەت ئىدى. پەقەت ۋاستە ئوخشىمايتتى، هەركەتنىڭ رىيال شەرت ـ شارائىتىمۇ ئەمدى ئۇتوپىيە تەمسىلىلىرىنىڭ تۇمانلىرى ئىچىدە كومۇلۇپ قېلىۋەرمەيدىغان بولدى. شۇڭا، پرولېتارىياتنىڭ بۇ قوغدىغۇچىمەن دەۋالغان دوستلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپ جاراڭلىق جاكالىغان سوتسىيالىستىك يۈزلىنىشنى تۈرلۈك يوللار بىلەن بۇرمىلىشى ئۇزلىرىنىڭ نادانلىقى بىلەن ئۇزلىرىنى ئالدىغانلىقىلا، خالاس. ئەگەر بۇ ئادەملەر ئىشچىلار هەركىتى ئەۋلىيالىرىنىڭ ئۇتوپىيىلىك ئىجادىيىتىنى يەنىلا «ئىجتىمائى ئىنقىلاپ» دەپ تونۇسا، يەنى ئەگەر ئۇلار ئىجتىمائى ئىنقىلاپنى يەنىلا «ئۇتوپىيىلىك» دەپ تونۇسا، ئۇ هالدا،

سەۋەبلىك پارىژ پۇرولېتارىياتىدا بولمايدۇ.

---

### جۇڭگىياڭ ۋېيىۋەنخۇينىڭ 3 - ئاينىڭ 20 - كۈندىكى «ئاخباراتى»:

«پايتەخت پۇرولېتارلىرى ھاكىمىيەت بېشىدىكى (ھوكۇمران) سىنىپنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغانلىقى ۋە ساتقىنلىق قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، جامائەت ئىشلىرى (دۆلەت ئىشلىرى)نىڭ رەھبەرلىكى (باشقۇرۇشى)نى ئۆز قولىغا ئېلىپ، ۋەزىيەتنى قۇتقۇزۇشنىڭ ۋاقتى - سائىتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندى (compris).»

ئۇلار «بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسى ئىقتىدارسىزلىقى ۋە روھىي چۈشكۈنلۈكى» «فرانسىيىنىڭ بەختسىزلىكى»نىڭ مەنبەسى، دەپ كۆرسەتتى ۋە ئۇنى قاتتىق ئەيىپلىدى.

«ئىشچىلار ھەممىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ، لېكىن ھېچنەرسىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكى ۋە قان - تەرلىرى بىلەن ياراتقان مەھسۇلاتلارنىڭ تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۆزلىرى نامراتلىق ئازاۋىنى تارتىدۇ......ئۇلارنىڭ ئۆز ئازاتلىق ئىشلىرى ئۈچۈن تىرىشىشىغا مەڭگۈ رۇخسەت قىلىنمامدۇ؟...... پۇرولېتارىيات ئۆز ھوقۇقىنىڭ دائىم تەھدىتكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ھەققانى ئارزۇلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىنىۋاتقانلىقىنى، ۋەتىنىنىڭ تاغ - دەريالىرىنىڭ ۋەيران بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بارلىق ئۈمىتلىرىنىڭ تارمار قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ (en s'emparant du pouvoir)، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇش، ئۆزىنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەت بېرىش ئۆزىنىڭ دەرھال ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسى ۋە مۇتلەق ھوقۇقى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.»149

بۇ يەردە ناھايىتى ئېنىق ئېيتىلغان: ئىشچىلار سىنىپى ھوكۇمىتى، ئالدى بىلەن، فرانسىيىنى قۇتقۇزۇش، ئۇنى ھوكۇمران سىنىپ

ئۇنىڭغا تاڭغان ۋەيرانچىلىق ۋە چىرىكلىكتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن زورۇر؛ بۇ سىنىپلار (فرانسىيىنى ئىدارە قىلىش قابىلىيىتىنى يوقاتقان سىنىپلار)نىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش **مىللەتنى قۇتقۇزۇشنىڭ زورۇر شەرتى.**

لېكىن، بۇ يەردە يەنە ناھايىتى چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتىلغان: ئىشچىلار سىنىپى ھوكۇمىتى پەقەت **ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆز ئازاتلىقى** ئۈچۈن تىرىشقاندىلا، ئاندىن فرانسىيىنى قۇتقۇزۇپ، مىللى ئىشلارنى ئورۇنلىيالايدۇ، چۈنكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىقىنىڭ شەرتى — ئەينى ۋاقىتتا فرانسىيىنىڭ گۈللىنىشىنىڭمۇ شەرتى.

ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھوكۇمىتى ئەمگەكنىڭ ئەمگەك ۋاستىلىرىنى لۇڭدۇەن قىلغۇچىسى، كاپىتالغا قارشى ئۇرۇش دەپ ئېلان قىلىندى.

بۇرژۇئا **شوۋىنىزمى** بىر خىل ساختا زىننەتلا بولۇپ، ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ تۈرلۈك يولسىز تەلەپلىرىگە مىللى تون كىيگۈزىدۇ. شوۋىنىزىم — دائىمى ئارمىيە ياردىمى بىلەن خەلقارا كۈرەشنى ئۇزارتىدىغان ۋاستە، ئۆز مەملىكىتىدىكى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى قۇترىتىپ، باشقا بىر مەملىكەتتىكى ئىشلەپچىقارغۇچى قېرىنداشلارغا قارشى تۇرغۇزۇش يولى بىلەن ئۆز مەملىكىتىدىكى ئىشلەپچىقار-غۇچىلارنى بويسۇندۇرىدىغان ۋاستە، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ خەلقارا ھەمكارلىقىنى توسىدىغان ۋاستە، ۋاھالەنكى، بۇنداق ھەمكارلىق ئىشچىلار سىنىپى ئازاتلىقىنىڭ بىرىنچى موھىم شەرتى. سېدان مەغلۇبىيىتىدىن كېيىنكى قوغدىنىش ئۇرۇشىدا شوۋىنىزىمچى بۇرژۇئازىيە ھەممە يەردە پالەچلىك رول ئوينىدى، شۇنىڭ بىلەن، بۇنداق شوۋىنىزىم (ئۇ ئاللىقاچان بىر قۇرۇق سوز بولۇپ قالغان)نىڭ

ھەقىقى خاراكتېرى ئاشكارىلىنىپ چىقتى: بۇ فرانسىيىنىڭ تەسلىم بولۇشىدا ئىپادىلەندى، تېيېر دېگەن بۇ شۋىنىزىمچى ئالىي مۇتتەۋەللىنىڭ بىسماركنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئېلىپ بارغان ئىچكى ئۇرۇشىدا ئىپادىلەندى! شۇنداقلا گېرمانىيىگە قارشى ئىتتىپاقنىڭ ئوغرى مۇشۇكتەك تىمىسقىلاپ يۈرىدىغان ساقچىلار نەيرىڭىدە ئىپادىلەندى①، تەسلىم بولغاندىن كېيىن، پارىژ شەھىرى ئىچىدە چەتئەللىكلەرنى تۇتقۇن قىلىشتا ئىپادىلەندى. ئۇلار، پارىژ خەلقى (ۋە پۈتۈن فرانسىيە خەلقى) مىللىي ئۆچمەنلىك كەيپىيات بىلەن ئاخماق قىلىنىپ، چەتئەللىكلەر ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان قەستەن زىيانكەشلىك بىلەن قايمۇقتۇرۇلۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقى ئارزۇلىرىنى، ساتقىنلارنى ئۇنتۇپ قالسىكەن، دەپ ئۈمەت قىلاتتى!

قەستەن قوزغىتىلغان بۇنداق ھەركەت ئىنقىلاۋىي پارىژنىڭ ساداسى ئالدىدا قانداق يوقاپ (غايىپ بولۇپ) كەتتى ـ ھە! پارىژ ئۆزىنىڭ خەلقارا خاھىشىنى جاراڭلىق جاكالىدى — چۈنكى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئىشلىرى ھەممە يەردە ئوخشاش، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ قايسى دولەت تەۋەلىكىدە بولسۇن (كىيىۋالغىنى قانداق مىللىي كىيىم بولسۇن)، ھەممە يەردە ئوخشاش، — ئۇ چەتئەللىكلەرنىڭ كوممۇنىغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقىنى

---

① پارىژ كوممۇنىسى مەزگىلىدە، ئەكسىيەتچىل «پارىژ گېزىتى» تۆھمەت خاراكتېرلىق خەۋەر ئېلان قىلىپ، ئىنتېرناتسونالنىڭ پارىژ جۈزئىسى گېرمانىيىگە قارشى ئىتتىپاقنىڭ كورسەتمىسىگە ئاساسەن ئىنتېرناتسونالدىكى ھەممە نېمىسلارنى چىقىرىۋەتتى، دېدى. («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 17 ـ توم، 312—313 ـ بەتلەرگە قارالسۇن) — تەرجىماندىن

بىر پىرىنسىپ قىلىپ جاكالىدى، ئۇ ھەتتا بىر چەتئەللىك ئىشچىنى[1] (ئىنتېرناتسونالنىڭ ئەزاسى) ئىجرائىيە ۋېيىيۈەنخۇيىغا سايلىدى، ئۇ فرانسىيە شوۋىنىزمىنىڭ سىمۋولى — ۋاندوم تۈۋرۈكىنى چېقىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى!

بۇرژۇئا شوۋىنىزمچىلىرى فرانسىيىنى پارچىلىۋەتكەن ھەم چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۇزبېشىمچىلىق بىلەن قىلغان بۇيرۇغى ئاستىدا ھەركەتكە كەلگەن چاغدا، پارىژ ئىشچىلىرى ئۆز مەملىكىتىدىكى سىنىپىي ھوكۇمرانلارغا زەربە بەردى، بۇنىڭ بىلەن تاشقى دۈشمەنلەرگە قاتتىق زەربە بېرىلدى؛ ئۇلار بارلىق مەملىكەتلەر ئىشچىلىرىنىڭ شېيەنفېڭى بولۇش ئورنىغا ئېرىشىپ، مەزھەپلەر گۇرۇھىنى تۈگەتتى!

بۇرژۇئازىيىنىڭ ساپ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ھەرقايسى ئەللەر «مىللىي» سانائىتىنىڭ ھەقىقى ئىگىلىرىگە نىسبەتەن ناھايىتى تەبىي ئىش ئىدى، لېكىن، ئۇلارنىڭ مالىيە، سودا ۋە سانائەت پائالىيىتى دۇنياۋى خاراكتېرغا ئىگە بولغانلىقتىن، بۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ھازىر پەقەت كىشلەرنى ئالدايدىغان نىقاپلا قالدى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان شارائىتتا، بۇ نىقاپ بارلىق مەملىكەتلەردىمۇ فرانسىيىدىكىگە ئوخشاشلا ئېچىپ تاشلىنىدۇ.

## «پومېششىكلار يىغىنى»نىڭ جايلارغا بېرىلگەن ھوقۇقى ۋە گۇگۇشى

بەزىلەر، پارىژنىڭ ۋە فرانسىيىنىڭ باشقا شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېخانلار ھوكۇمرانلىغىنىڭ زۇلمى ئاستىدا تۇرماقتا،

---

[1] لېو فرانكېل. — تەھرىردىن

پارىـژنىڭ ھازىرقـى كۆرىشى ئۆنى دىخانـلارنىڭ ھوكۈمرانـلىغى ئاستىدىن ئازات قىلىش ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ، دىيىشىدۇ! بۇنىڭدىنمۇ ئاخمىقانە يالغان گەپ ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان!

جۇڭـياڭ تۇرۇشـلۇق جاي ۋە ھـوقۇق مەركەزلەشـتۈرۈلـگەن ھـوكۈمەت ماشىنىسـىنىڭ گىنجۇيـدىـسى بولغان پارىژ دىخانلارنى شيەنبىڭلار، باجگىرلار، شىڭجاڭلار، راھىپلار ۋە يەر خوجايىنلىرىـنىڭ ھوكۈمرانلىغىغا يەنى دىخانلارنى دىخانلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ مۇستەبىت ھوكۈمرانلىغىغا ئۈچراتتى، دىخانلارنى پۈتۈن تىرىكچىـلىكتىن مەھرۇم قىلدى (ئۇلارنى ئولۇم گىرداۋىغا ئاپىرىپ قويدى). ئۇ دىخانچىـلىق رايونلىرىـنىڭ مۇسـتەقىل ھايات كەچۈرىـدىغان بارلىق ئورگانلىرىنى ئىلىپ تاشلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، پارىژنى چوڭ لاگىر قىلغان، ھوقۇق جۇڭياڭغا مەركەزلەشـتۈرۈلگەن دولەت ماشىنىسى باشقا ئولكىلەرنىڭ پۈتۈن ھوقۇق - كۈچىنى ھوكۈمەتكە، يەر خوجايىنلىرىغا، شيەنبىڭلارغا ۋە راھىپلارغا ئوتكۈزۈپ بەرگەن ئىكەن، بۇ ئادەملەر بۇنداق ھوقۇق - كۈچتىن پايدىلىنىپ، ھوكۈـمەت ۋە ھوكۈمەت ۋەكىلـلىك قىلـغان سىنىپ ئۈچۈن ئىشلەيـدۇ، ھوكۈمەت، تەييارتاپلار، كاپىتالىستلار ۋە ھورۇنلارنىڭ دۇنيا پاھىشىـخانىـسى بولغان پارىـژغا قارشى تۇرماي، بەلـكى ئىشـچىـلار ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ پارىژىغا قارشى تۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، پارىژنى جىدى قىلغان ھوكۈمەتكە مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھوقۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىغى ئۈچۈن، دىخانلار ھوكۈمەت ۋە كاپىتالىستلار پارىژىنىڭ باستۇرۇشىغا ئۈچرىماقتا، ئىشچىلارنىڭ پارىژى بولسا دىخانلارنىڭ دۈشمەنلىرىـنىڭ قولـىدا تۇرغان باشقا ئولـكىلەر ھاكىمىيىتـىنىڭ باستۇرۇشىغا ئۈچرىماقتا.

**ۋېرسالىنىڭ «تۇڭباۋ» گېزىتى** (3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۇنى) مۇنداق دىدى:

«پارىژ ئەركىن شەھەر بولالمايدۇ، چۇنكى ئۇ ــ پايتەخت.»

بۇنىسى راست. پارىژ، هوكۇمران سىنىپنىڭ ۋە ئۇنىڭ هوكۇمىتىنىڭ بۇ پايتەختى «ئەركىن شەھەر» بولالمايدۇ؛ ھەرقايسى ئولكىلەرمۇ بۇنداق بىر پارىژنى پايتەخت قىلغانلىقى ئۇچۇن «ئەركىن» بولالمايدۇ. پەقەت **پارىژ گۇڭشېسى** بولغاندىلا، ھەرقايسى ئولكىلەر ئەركىن بولالايدۇ. **تەرتىپچىلەر پارتىيىسى** پارىژغا شۇنىڭ ئۇچۇن شۇنچە غالجىرلىق بىلەن ئوچمەنلىك قىلىدۇكى، بىرىنچىدىن، پارىژ ئوزىنىڭ تەرتىپچىلەر پارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ هوكۇمىتىنىڭ هوكۇمرانلىقىدىن قۇتۇلغانلىقىنى جاكالىدى، ئىككىنچىدىن، پارىژ مۇشۇنداق ھەركىتى بىلەن دېخانلارنى ۋە ھەرقايسى ئولكىلەرنى تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ هوكۇمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇش سىگنالىنى بەردى.

**گۇڭشې «ئاخباراتى»، 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۇنى:**

«3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۇنىدىكى ئىنقىلاپ پارىژنىڭ خەلق سايلىغان لېكىن يەنىلا تازا مەركەزلەشتۇرۇلگەن مەملىكەتلىك ھاكىمىيەتنىڭ مۇستەبىتلىك تىزگىنلىشىدىكى گۇڭشې ۋەكىللىك تۇرگىنىغا ئىگە بولۇشىنى كاپالەتلەندۇرۇشنى بىردىن ـ بىر مەقسەت قىلمايدۇ. ئۇ فرانسىيىنىڭ بارلىق شەھەر ـ جېڭلىرىغا مۇستەقىللىقنى ئېلىپ بېرىدۇ ۋە ھەقىقى ساقلايدۇ، شۇنداقلا تېخىمۇ يۇقۇرى ھەممە يەرلىك تورۇنلارغا ــ ئولكىلەر، چوڭ مەمۇرى رايونلارغا ــ مۇستەقىللىقنى ئېلىپ بېرىدۇ ۋە ھەقىقى ساقلايدۇ، بۇ يەرلىك تورۇنلار ئوزلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ئۇچۇن بىر ھەقىقى مىللى ئەھدىنامە ئاستىدا ئۇيۇشىدۇ؛ ئۇ جۇمھۇرىيەتنى كاپالەتلەندۇرىدۇ ھەم ئۇنى ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ......پارىژ

ئوزىنىڭ كورۇنۇشتىكى چوڭ ھوقۇقىنى ئوز قولىدا تۇتۇش ئورنىدىن ۋازكەچتى، — بۇنداق چوڭ ھوقۇقنى ئوز قولىدا تۇتۇش ئەمىلىيەتتە پارىژنىڭ ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىشى ئىدى، — لېكىن ئۇ ئوزىنىڭ مەنىۋى كۈچى ۋە ئىدىيىۋى تەسىرىدىن ۋازكەچمىدى، بۇنداق مەنىۋى كۈچ ۋە ئىدىيىۋى تەسىر ئۇنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى فرانسىيەدە ۋە ياۋروپادا ئارقا-ئارقىدىن غەلىبە قازىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.»150

«بۇ نوۋەت پارىژ پۈتۈن فرانسىيە ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم خىزمەت قىلدى ۋە جاپا-مۇشەققەتكە چىداشلىق بەردى؛ ئۇ كۈرەش قىلىپ، قۇربانلار بېرىپ، فرانسىيەنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق، مەمۇرى، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە جانلىنىشىنى، فرانسىيەنىڭ شەرىپى ۋە گۈللىنىشىنى تەييارلىماقتا.» (پارىژ كۈڭشىيسىنىڭ شار بىلەن تارقىتىلغان گاگلىگى)151

تىيېر ئەپەندى ھەرقايسى ئولكىلەرنى ئايلانغان چېغىدا، سايلام ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئالدى بىلەن ئوزىنىڭ ھەرقايسى جايلاردا سايلىنىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. لېكىن بىر قىيىنچىلىق بار ئىدى. باشقا ئولكىلەردىكى بوناپارتچىلار ئۇ چاغدا ئەسقاتمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. (ئۇنىڭ ئۈستىگە تىيېر ئۇلارغا مۇھتاج ئەمەس ئىدى، ئۇلارمۇ تىيېرغا مۇھتاج ئەمەس ئىدى.) ئورلېئانچىلارنىڭ نۇرغۇن مويسىپىتلىرىمۇ بوناپارتچىلار بىلەن بىر ئېقىمدا بولغانغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يېزىلاردىكى جېكتۇكچى پومېشچىكلاردىن ياردەم سوراش لازىم بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئەزەلدىنلا سىياسى بىلەن كارى يوق ئىدى، ئۇلار ئاسان كولدۇرلاتقىلى بولىدىغانلاردىن ئىدى. مۇشۇ ئادەملەر ۋېرسال يىغىنىغا ئوزىنىڭ لۇئى XVIII نىڭ «تەڭدىشى يوق يىيۇەنى»گە ئوخشاپ كېتىدىغان روشەن خاراكتېرىنى، ئوزىنىڭ «پومېششىكلار يىغىنى»لىق خاراكتېرىنى بەردى. ئۇلار شوھرەتپەرەسلىكنىڭ مەجبۇرلىشى ئارقىسىدا،

بوناپارتىنىڭ ئىككىنچى دىكوسىنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئەگىشىپ، چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھامىلىغىدا ئۇزلىرىنىڭ پەيتى ئاخىر يەنە 1814 ـ ۋە 1815 ـ يىللاردىكىگە ئوخشاش يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، ئەلۋەتتە. بىراق، ئۇلار يەنىلا باشقىلار پايدىلىنىدىغان قوراللا ئىدى. ئۇلار قانداق ھەركەت قىلسۇن، 1848 — 1851 ـ يىللاردىكىگە ئوخشاش، تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ بىر ئۇنسۇرى ۋە ئۇنىڭ «نامىسىز» تېرورلۇغىنىڭ قورالى سۈپىتىدىلا ھەركەت قىلالايتتى. ئۇلار ئېلان قىلغان ئۇز پارتىيە ـ گۇرۇھلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە غالجىرانە سوزلەر يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان شىرىكچىلىككە قىزىقچىلىق خاراكتىرىنى بېرىش ئۇچۇنلا ئىدى، خالاس. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇلار ئۇزلىرىگە بېرى گۇڭجۇي خانىمنىڭ تۇرمە تۇغۇت ئانىسىنىڭ باشلىق بولۇشىغا، ئۇزلىرىگە دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتىدىكى جا جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ بۇجاڭ بولۇشىغا يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار ۋەزىپىسى ئورۇنلىنىپ بولغان ھامان، بىر تېپىپ چەتكە چىقىرىپ قويۇلاتتى. لېكىن — بۇ، تارىخنىڭ مەسخىرىسى — تۇرلۇك ئەھۋاللارنىڭ بۇنداق غەلىتە ماسلىشىشى ئارقىسىدا، ئۇلار پارىژغا ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۇنىڭ «بىرلىككە كەلگەن بولۇنمەس جۇمھۇرىيەت» (بۇ — لۇئى بلاننىڭ سوزى، تېيىر ئۇنى فرانسىيىنىڭ بىرلىكى دەپ ئاتايتتى) كە ئاسىلىق قىلغانلىقىنى جازالىدى؛ ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇزلىرىنىڭ بىرىنچى ھەركىتى دەل بىرلىككە ئاسىلىق قىلىش بولدى، چۈنكى ئۇلار «پارىژنىڭ كاللىسىنى ئالىمىز ۋە پايتەختلىك نامىنى ئېلىپ تاشلايمىز» دېيىشكەن ھەمدە يىخۇينى باشقا ئولكىلەرنىڭ بىر شەھرىدە قۇرماقچى بولۇشقان ئىدى. ئەمىلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ھەقىقى

ئۈمىت قىلىدىغىنى ھوقۇق جۇڭياڭغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن تۈزۈمدىكى دولەت ماشىنىسى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مۇشۇ دولەت ماشىنىسىنىڭ شېكچاكلىرى ۋە بۇجاك-لىرىنىڭ چەكلىشىدىن ئازدۇر-كۆپتۇر قۇتۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا فېئوداللار قورغانلىرىنىڭ ئۆز ئۆلكىسى ۋە ئۆز جايىدىكى لېڭجۇلۇق ھوقۇق-كۈچىنى قويۇش ئىدى. ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى بىر خىل ئەكسىيەتچى فرانسىيىچە **جايلارغا بېرىلگەن ھوقۇق** ئىدى. پارىژنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى بولسا ئۆتكەندە فېئوداليزمغا قارشى تۇرۇش رولىنى ئوينىغان ھوقۇق جۇڭياڭغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن تۈزۈمنىڭ ئورنىغا فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ ئۆزى گۆڭشې تەشكىلى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن سىياسىي بىرلىكنى قويۇش ئىدى، ھوقۇق جۇڭياڭغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن بۇنداق تۈزۈم ھازىر پەقەت سۈنئىي ئورگانىزمىنىڭ بىرلىكىگە ئايلىنىپ قالدى، بۇ تۈزۈم شيەنبىڭلارغا ۋە قىزىل-قارا ئارمىيىگە تايىنىپ، رېئال جەمئىيەت ھاياتىنى باسماقتا، ئۇ خۇددى ئالۋاستىدەك جەمئىيەتنىڭ شىلىسىگە مىنىۋېلىپ، پارىژنى يېتىم قالدۇرۇش، باشقا ئۆلكىلەرنى چەتكە قېقىش يولى بىلەن پارىژغا «كۆرۈنۈشتە چوڭ ھوقۇق ئۆز قولىدا تۇرغاندەك» بىر ئورۇن بەردى. پارىژ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان سىياسىي بىرلىكنى فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ سىرتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مانا مۇشۇنداق ھوقۇق جۇڭياڭغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن فرانسىيىنىڭ ئورنىغا قويىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، فرانسىيىنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇشنى ھەقىقى تەشەببۇس قىلىدىغانلار ئەشۇ «پومېشچىك يېخۇي ئەزالىرى» بولۇپ، ئۇلار بىرلىككە كەلگەن دولەت ماشىنىسىغا قارشى، چۈنكى بىرلىككە

كەلگەن دولەت ماشىنىسى ئۇلارنىڭ جايلاردىكى هوقۇق ـ كۈچىگە (لىگجۇلۇق هوقۇقىغا) زىيان يەتكۈزىدۇ، چۈنكى بىرلىككە كەلگەن دولەت ماشىنىسى فېوداللىق تۈزۈمگە قارشى.

پارىژنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى ئەشۇنداق سۇنئى بىر پۈتۈنلۈك تۈزۈمنى بۇزۇپ تاشلاش، چۈنكى ئۇ فرانسىيىنىڭ ھەقىقى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بىرلىككە قارشى، چۈنكى ئۇ سىنىپىي ھوكۈمرانلىقنىڭ بىر خىل ۋاستىسىلا، خالاس.

---

## كونتچىلارنىڭ نۇقتىنەزەرلىرى

مەۋجۇت ئىقتىسادىي تۈزۈمنى تامامەن بىلمەيدىغان ئادەملەر ئىشچىلارنىڭ بۇنداق تۈزۈمنى نىمە ئۈچۈن ئىنكار قىلىدىغانلىقىنى ئەلۋەتتە تېخىمۇ چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇلار ئىشچىلار سىنىپى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئىجتىمائى ئۆزگىرىش دەل ھازىرقى تۈزۈمنىڭ ئۆزىنىڭ تەبىي، تارىخىي، مۇقەررەر مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئەلۋەتتە چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇلار ئەپسۇسلانغان ھالدا «مال ـ مۈلۈك»نى يوقىتىش تەھدىدى ئۈستىدە سوزلىشىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ھازىرقى سىنىپىي شەكلى — بىر خىل ئوتكۈنچى خاراكتېردىكى تارىخىي شەكىل — **دەل** مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۆزى، شۇڭا مال ـ مۈلۈكنىڭ بۇنداق شەكلىنى يوقاتقانلىق مال ـ مۈلۈكنى يوقاتقانلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار فېوداللىق دەۋردە ياكى قۇللۇق تۈزۈم دەۋرىدە تۇغۇلغان بولسا، ئۇلار ھازىر كاپىتال ھوكۈمرانلىقىنىڭ «ئەبىدىلىكى»نى ۋە ياللانما ئەمگەك تۈزۈمنى ئاقلاۋاتقىنىغا ئوخشاش، فېودالىلىق تۈزۈم ۋە قۇللۇق تۈزۈمنى

شەيئىلەرنىڭ ئۆز تەبىستى ئاساسىغا قۇرۇلغان تۈزۈم سۇپىتىدە، زىنفالىق ئاساسنا ئوسۇپ يېتىشكەن تەبىي نەرسە سۇپىتىدە قوغدىغان بولاتتى؛ ئۇلارمۇ بۇ تۈزۈملەرنىڭ تۇرلۇك «يارامسىز يەرلىرى»گە شىددەتلىك زەربە بەرگەن بولاتتى، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئۆز-لىرىنىڭ تولىمۇ بىلمىسىزلىكىدىن قانداقتۇ، بۇ تۈزۈملەر «ئەبىدى» بولىدۇ، «ئەخلاقىي چەك» («چەكلىمە»)لەرگە ئىگە، دىگەندەك تۈزىتىش ۋەز-نەسىھەتلىرى بىلەن، بۇ تۈزۈملەر يوقىتىلىدۇ، دىگەن ئالدىنالا ئېيتىلغان تەشەببۇسلارغا رەددىيە بەرگەن بولاتتى.

ئۇلارنىڭ پارىژ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەقسىدى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى بىسمارك ئەپەندىنىڭكى بىلەن ئوخشاش، بىسمارك، گۇڭشېنىڭ قۇرماقچى بولۇۋاتقىنى — پرۇسسىيىچە شەھەر تەشكىلى، دىگەن ئىدى.

ھەي بىچارىلەر! ئۇلار ھەتتا مال-مۈلۈكنىڭ ھەرقانداق بىر خىل **ئىجتىمائى شەكلىنىڭ** ئۆزىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان «ئەخلاقى» بارلىقىنى، مال-مۈلۈكنى ئەمگەكنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان ئەشۇنداق ئىجتىمائى مال-مۈلۈك شەكلى بولسا ھەرگىز شەخسنىڭ «ئەخلاقىي چېكى»نى ياساپ چىقمايدىغانلىقىنى، بەلكى شەخسنىڭ «ئەخلاقى»نى سىنىپىي بويۇنتۇرۇقتىن ئازات قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

---

خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ پۈرىگى پارىژدا ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى! فېۋرال ئىنقىلاۋى ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈككە قاتتىق نەپرەت بىلدۈرگەن ئىنقىلاپ دەپ ئاتالغان ئىدى. خەلق بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپنى «يوقالسۇن چوڭ ئوغرىلار!

يوقالسۇن قاتىللار!» دېگەن سادا بىلەن جاكالىدى. بۇ — خەلقنىڭ ھېسسىياتى. بۇرژۇئازىيىگە كەلسەك، ئۇلار خىيانەت قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ ماكان بولۇشنى تەلەپ قىلىشتى! لۇئى بوناپارت (كىچىك ناپولېون) ھوكۇمرانلىغى دەۋرىدە، ئۇلارنىڭ بۇ تەلىۋى قانائەتلەندۇرۇلدى. پارىژ — بۇ غايەت چوڭ شەھەر، تارىخىي ئىجاتچانلىق روھىغا ئىگە بۇ شەھەر دۇنيادىكى بارلىق ھورۇنلار ۋە ئالدامچىلارنىڭ راھەت-پاراغەتلىك ئۇۋىسىغا ئايلاندۇرۇلغان، دۇنيا پاھىشىخانىسىغا ئايلاندۇرۇلغان ئىدى! «ئېسىل زاتلار» چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پارىژى يېڭىۋاشتىن ئوزىنى كورسەتتى، پارىژ باتۇرلۇق، پىداكارلىق روھىغا باي، ئوزىنىڭ غايەت زور ۋەزىپىسى ئالدىدا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىققا ئىگە! مۇردىخانىلاردا بىرمۇ مۇردا قالمىدى، كوچىلار تىمتاس بولۇپ قالدى. پارىژنىڭ ئىچى ھېچقاچان بۇنداق تېپ-تېچ بولۇپ باقمىغان. تەنناز خېنىملارنىڭ ئورنىنى پارىژنىڭ قەھرىمان ئاياللىرى ئالدى! غەيۇر، قەتئىي، كۇرەش قىلىۋاتقان، ئەمگەك قىلىۋاتقان، پىكىر يۇرگۇزۇۋاتقان پارىژ! ئۇلۇقۋار، ئوچۇق-ئازادە پارىژ! دۇشمەنىنىڭ ۋەھشى زوراۋانلىغىنى كوزدە تۇتۇپ، پارىژ دۇشمەن ئەسىرلىرىنى كىشىلەرگە زەخمى يەتكۇزەلمەيدىغان قىلىپ قويدى، خالاس! پارىژ تەنناز خېنىملار ۋە شاللاق ئوسمۇرلەرنىڭ ئەمدى يەنە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇشىنى ھەرگىز خالىمايتتى. پارىژ بۇ غايەت چوڭ شەھەرنى ئىگىلىۋالغان ھەمدە ئۇنى خۇسۇسى ئىلكىگە ئېلىۋالغان، كېرەكسىز، گۇمانخور، شەخسىيەتچى بۇ مۇناپىقلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا ياكى ئۇلارنى ئوزگەرتىشكە بەل باغلىدى. ئىككىنچى

دىگودىكى ھەرقانداق كاتتا شەخسنىڭ ئەمدى: «پارىژنىڭ ئەڭ ياخشى كوچىلىرىدا شات ـ خوراملىق تولۇپ تاشقان، لېكىن باشقا كوچىلىرىدا نامراتلار تولۇپ ياتقان» دېيىشكە ھەقىقى يوق.

**(4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى «ھەقىقەت گېزىتى»):**

«پارىژدا جىنايەت ئەنزىلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە ئازايدى. ئوغرىلار ۋە تەنناز خېنىملار قالمىدى، يوشۇرۇن ئولتۇرۇش ۋە كوچىدا بۇلاڭچىلىق قىلىش تۈگىدى: باۋشۇ ئۇنسۇرلارنىڭ ھەممىسى ۋېرسالغا قېچىپ كەتتى!»

«گۈگۈمنلار ساقچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندىن بۇيان، ئەڭ چەت، خىلۋەت كوچىلاردىمۇ كېچىدە بۇلاڭچىلىق قىلىش ۋەقەسى بولغانلىقى ھەققىدە بىرەر قېتىم ئەنزە مەلۇم قىلىش بولمىدى.»

# *پارچىلار

## تېپىر پومىشىك يىخۇي ئەزالىرى توغرىسىدا

بۇ پارتىيە

«پەقەت 3 خىل ۋاستىنى ئىشلىتىشنىلا بىلىدۇ: تاشقى دۈشمەنىنىڭ بېسىپ كىرىشى، ئىچكى ئۇرۇش ۋە ھوكۇمەتسىزلىك ھالەت ...... بۇنداق بىر ھوكۇمەت مەڭگۇ فرانسىيە ھوكۇمىتى بولالمايدۇ» (1833 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، جۇگىيىۋەن).

## دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتى

مۇشۇ تروشۇي ئۆزىنىڭ مەشھۇر گاڭلىگىدا: «پارىژ زۇڭدۇسى مەڭگۇ تەسلىم بولمايدۇ» دېگەن؛ جۇل فافىر ئومۇمى ئۇقتۇرۇشىدا: «ھەرگىز قورغانلىرىمىزنىڭ بىر تال تېشىنىمۇ بېرىۋەتمەيمىز، بىر چى زېمىنىمىزنىمۇ بېرىۋەتمەيمىز» دېگەن؛ دۇكرومۇ «يا ئۆلۈم، يا كورۇم، ئۇنداق قىلمىساق، ھەرگىز پارىژنىڭ يۈزىگە قارىمايمىز» دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن. كېيىن دۇكرو بوردودا ئۆزىنىڭ جېنى پارىژ «توپىلاڭچىلىرى»نى باستۇرۇش ئۈچۈن يەنە لازىم بولىدىغانلىغىنى سەزگەن (بۇ ئەبلەخلەر ۋېرسالغا قاچقان چېغىدا ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل جىنايەت پاكىتلىرىنى ئېلىپ كەتمىگەنلىكىنى بىلەتتى، بۇ جىنايەت پاكىتلىرىنى يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلار پارىژنى قان دېڭىزىغا غەرق بولغان بىر خارابىگە ئايلاندۇرۇۋېتىشتىنمۇ يانمايتتى). (ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە خىتاپنامە[152]،

شار بىلەن تارقىتىلغان)

---

«بۇگۈنكىچە دىگو تۈزۈمى، پادىشالىق تۈزۈم ۋە يىخىۋي ھوكۇمىتى بىرگە تاڭىغان بىرلىك مۇستەبىتلىك قىلىدىغان، ئەقلگە سىغمايدىغان، زوراۋانلىق قىلىدىغان، ئاچكوزلۇك بىلەن ئېغىر سېلىق ئالىدىغان ھوقۇق جۇڭيالىغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن تۈزۈمدىن باشقا نەرسە ئەمەس. پارىژ تەلەپ قىلغان سىياسى بىرلىك ھەممە جايلارنىڭ ئىجادىي رول ئوينىغان كۈچلىرىنىڭ ئىختىيارىي بىرلىشىشى......»، بىرلەشكەن ھەممە گۈڭشېلارنىڭ بىر خىل جۇڭيالىق ۋەكىللىك تەشكىلى. «ھوكۇمەتكە ۋە راھىپلارغا مەنسۇپ بولغان كونا دۇنياغا خاتىمە بېرىش، جۇنغا ھوكۇمرانلىدىغىغا، گۇەنلياۋ تۈزۈمگە خاتىمە بېرىش، مەخسۇس پايدا ۋە ئىمتىيازدىن پايدىلىنىپ پۇرسەتپەرەسلىك قىلىش ھەركىتىگە خاتىمە بېرىش كېرەك — دەل مۇشۇلار بولغانلىقى ئۈچۈنلا، پۇرولېتارىيات قۇللۇق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويۇلغان، دولەت تۈرلۈك بەختسىزلىكلەر ۋە ئاپەتلەرگە ئۇچرىغان ئىدى.» (گۈڭشېنىڭ 4-ئاينىڭ 19-كۈندىكى ئېلانى)153

## شيەنبىڭلار ۋە ساقچىلار

20 مىڭ شيەنبىڭ (فرانسىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ۋېرسالغا يوتكەپ كېلىنگەن ئىدى، ئىككىنچى دىگو دەۋرىدە جەمى 30 مىڭ ئىدى) ۋە 12 مىڭ پارىژ ساقچىسى — مانا بۇلار فرانسىيىدە ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان ئەڭ خىللانغان ئارمىيىنىڭ تايانچىلىرى.

## پارىژدىكى جۇمھۇرىيەتچى يىخىۋي ئەزالىرى

«پارىژدىكى جۇمھۇرىيەتچى يىخىۋي ئەزالىرى ھەم پارىژنى توپقا

تۇتۇشقا ئېتىراز بىلدۈرمىدى، ھەم ئەسىرلەرنى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلاشقا ۋە پارىژ خەلقىنى قارىلاشقا، ھاقارەتلەشكە ئېتىراز بىلدۈرمىدى. ئەكسىچە، ئۇلار يىخۇيغا قاتنىشىش، سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېلىش يولى بىلەن بۇ بارلىق ھەركەتلەرنى ماختاپ كوككە كوتەردى، ئۇزلىرىنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلىك سۈپىتى بىلەن ئىگە بولغان ئىناۋىتى ئارقىلىق بۇ ھەركەتلەرنى قوللىدى. ئۇلار باۋخۇاڭداڭىنىڭ ئىتتىپاقچىسى ۋە ئاڭلىق چوماقچىسى بولۇپ قالدى. بىز، ئۇلار ئۇزلىرىنىڭ ۋەكىللىككە سايلانغانلىق گۇۋاھنامىلىرىنى ساتتى، جۇمھۇرىيەتنى ساتتى، دەپ جاكالايمىز.» (جۇمھۇرىيەتنى قوغدىغۇچىلار باش جەمىيىتى154) (5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى)

«جۇڭگىياڭغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھوقۇق پارىژنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدى، باشقا جايلارنىڭ ھەممىسنى جانلىقلىقتىن مەھرۇم قىلدى.» (لامېننې)

«بۇگۈن، ھەممە بىر مەركەزگە يىغىلدى، بۇ مەركەز بولسا، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، دولەتنىڭ ئۇزى.» (مونتېسكيۇ)155

## ۋاندوم مەيدانى ۋەقەسى ۋاھاكازالار

ھەرقايسى ليەن كورسەتكەن ۋەكىللەردىن تەشكىل قىلىنغان گومىن زىۋېيجۈن جۇڭگىياڭ ۋېيۈەنخۇيى پرۇسسىيە ئارمىيىسى پارىژغا بېسىپ كىرگەن چاغدا، گومىن زىۋېيجۈن ئۇزى پۇل ئىانە قىلىپ ياساتقان زەمبىرەكلەر ۋە كوپ ئېغىزلىق زەمبىرەكلەرنى مونمارتىر، بېلۋىل ۋە لا ـ ۋىللېتكە ئېلىپ كېلىۋالدى. دولەت مۇداپىئە ھوكۇمىتى بۇ زەمبىرەك ۋە كوپ ئېغىزلىق زەمبىرەكلەرنى دەل پرۇسسىيىلىكلەر بېسىۋېلىش ئالدىدا تۇرغان كوچىلارغا تاشلاپ كەتكەن ئىدى.

3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سەھەردە، ھوكۇمەت گومىن زىۋېيجۈنگە قاتتىق مۇراجەت چىقاردى، لېكىن 400 مىڭ كىشىلىك گومىن

زىۋېيجۇندىن پەقەت 300 ىلا ئاۋاز قوشتى.

3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئەتىگەن سائەت ئۈچتە ساقچىلار ۋە دائىمى ئارمىيىنىڭ بىرقانچە يىگى مونارتىر، بېلۋىل ۋە لا - ۋىللېتلەرگە يېتىپ بېرىپ، زەمبىرەكلەرنى ساقلاۋاتقان مۇھاپىزەتچىلەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، زەمبىرەكلەرنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالماقچى بولدى.

گومىن زىۋېيجۇن قارشىلىق كورسەتتى. دائىمى ئارمىيە ئەسكەرلىرى **لېكونت جياڭجۇننىڭ تەھدىدى ۋە بۇيرۇغىغا قارىماي** مىلتىقنىڭ پاينەكلىرىنى ئاسمانغا قارىتىۋالدى، شۇ كۈنى لېكونت ۋە كلېمون تومالار بىرلا ۋاقىتتا قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئولتۈرۈلدى.

(«دائىمى ئارمىيە ئەسكەرلىرى مىلتىقلىرىنىڭ پاينەكلىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ، قوزغىلاڭچىلار بىلەن قول تۇتۇشتى.»)

ئورېل دې پالادىنىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرى بېسىلىپ بولدى، پارىژدا décembrisation① قىلىش توغرىسىدىكى ھوججەتمۇ تېپىلدى.

3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، جۇڭياڭ ۋېيىيۈەنخۇي پارىژدىكى ھەربى ھالەتنىڭ ئېلىپ تاشلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى؛ 20 - كۈنى، پېكار **سېنا ۋە ۋازا ئۆلكىلىرىدە** ھەربى ھالەت ئېلان قىلدى.

**3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى** (سەھەر، ئۇ ئۇزىنىڭ غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا يەنىلا ئىشىنەتتى) **تىيېرنىڭ تامغا چاپلانغان ئېلاندا** مۇنداق دېيىلگەن:

---

① بۇ 1851 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈندىكىدەك سىياسى ئۆزگىرىش دىگەن مەنىدە. —— تەھرىردىن

«ھوكۇمەت ھەركەتكە ئۇتۇشنى قارار قىلدى. ئۇز ئالدىغا ھوكۇمەت قۇرماقچى بولغان جىنايەتچىلەر قانۇن بويىچە سۇرۇشتۇرۇلۇپ جازاغا تارتىلسۇن، تارتىۋېلىنغان زەمبىرەكلەر قورال-ياراق ئىسكىلاتىغا تاپشۇرۇلسۇن.»

گۇگۇم چۈشكەندە، كېچىلىك تۇيۇقسىز ھۇجۇم مەغلۇپ بولغانلىقتىن، ئۇ **گومىن زىۋېيجۇنگە** مۇراجەت قىلدى:

«ھوكۇمەت سىياسى ئۆزگىرىش قىلماقچى ئەمەس. جۇمھۇرىيەت ھوكۇمىتىنىڭ جۇمھۇرىيەتىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن باشقا ھېچقانداق مەقسىدى يوق ھەم بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.»

ئۇنىڭ قىلماقچى بولغىنى پەقەت

«توپىلاڭچىلار ۋېيىۋەنخۇينى ئەمەلدىن قالدۇرۇش»......«ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىڭژۇدەك ئاھالىلەرگە تونۇش بولمىغان كىشىلەر.»

تۇن كېچىدە، پىكار ۋە ئورىللار ئىمزاسىدا **گومىن زىۋېيجۇنگە** چىقىرىلغان ئۈچىنچى ئېلاندا مۇنداق دېيىلدۇ:

«ئېزىنتۇ يولغا كىرىپ قالغان بەزى كىشىلەر......گومىن زىۋېيجۇنگە ۋە ئارمىيگە تەرسالىق بىلەن قارشىلىق كورسەتمەكتە...... ھوكۇمەت سىلەر-نىڭ ئۇز قوراللىرىڭلارنى ساقلاپ قېلىشىڭلارنى قارار قىلدى. قورالنى قەتئى چىڭ تۇتۇڭلار، شۇنىڭ بىلەن قانۇن-ئىنتىزام ئورنىتىپ، جۇمھۇرىيەتنى قۇتقۇزۇپ، ئۇنى ھوكۇمەتسىزلىك ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاڭلار.»

(17-كۇنى، شېلىشى ئۇلارنى ئالداپ قورالسىزلاندۇرماقچى بولدى.)

**جۇڭياڭ ۋېيىۋەنخۇينىڭ 3-ئاينىڭ 19-كۇندىكى ئېلانى:**

«ھەربى ھالەت ئېلىپ تاشلاندى. پارىژ خەلقى كۇڭشى سايلىمى ئوتكۇزۇشكە چاقىرىلىدۇ.»

**جۇڭياڭ ۋېيىۋەنخۇي شۇ ھوججەتتە گومىن زىۋېيجۇنگە**

**مۇنۇلارنى ئۇقتۇردى:**

«سىلەر بىزگە پارىژ مۇداپىئەسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇزەڭلارنىڭ ھوقۇقۇڭلارنى قوغداشنى تاپشۇرغان ئىدىڭلار...... مۇشۇ پەيتتە بىزنىڭ سايلانغانلىق گۇۋاھنامىمىزنىڭ مۇددىتى توشتى؛ بىز ئۇنى سىلەرگە تاپشۇرۇپ بەرمەكچى، بىز خەلقنىڭ غەزىۋى بىلەن ئەمدىلا ئاغدۇرۇۋېتىلگەن ئادەملەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلەشنى خالىمايمىز.»156

ئۇلار ھوكۇمەت ئەزالىرىنىڭ ۋېرسالغا بىمالال چېكىنىشىگە يول قويدى (ھەتتا ئۇز چاڭگىلىدىكى ئادەملەر بۇنىڭ ئىچىدە، مەسىلەن، فېرى).

ئەسلى 3-ئاينىڭ 22-كۇنى ئۇتكۇزۇلمەكچى بولغان كۇڭشى سايلىمى تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ نامايىشى ئارقىسىدا 3-ئاينىڭ 26-كۇنگە كېچىكتۇرۇلدى.

**3-ئاينىڭ 21-كۇنى**، كومىن يىغىنى «**گۇڭمىنلار بىلەن ئارمىيىگە** (ئەسكەرلەرگە)» چىقىرىلغان ئېلاننىڭ ئاخىرىغا «ياشىسۇن جۇمھۇرىيەت!» دىگەن سوزنى يېزىشقا ۋاقىراپ-جاقىراپ قارشى تۇردى. **تىيېر**: «بۇ بىر ناھايىتى قانۇنلۇق تەكلىپ بولۇشى مۇمكىن» ۋاھاكازا دىدى («پومىشىك يىغىنى ئەزالىرى»نىڭ باشقىچە تەكلىۋى). **جۇل فافىر** چۇقان كوتىرىپ، جۇمھۇرىيەت ئومۇمى سايلام ھوقۇقىدىن ئۇستۇن تۇرىدۇ، دىگەن سوزگە قارشى چىقىپ، «پومىشىك يىغىنى ئەزالىرى»نىڭ كوپچىلىكىگە خوشامەتچىلىك قىلدى، پارىژ خەلقىغە پروسسىيىنىڭ مۇداخىلىسى بىلەن تەھدىت سالدى ھەم **تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ نامايىشىنى** قوزغىدى. **تىيېر**: «**قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ قورالىلىق كۇچ ئەۋەتىپ، پارىژغا ھۇجۇم قىلمايدۇ.**» (ئۇ چاغدا بۇنداق قىلالمايتتى،

چۇنكى تېخى ئارمىيىسى يوق ئىدى.)

جۇڭگىياڭ ۋېيبيۇەنخۇي ئۆزىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا شۇ قەدەر ئىشەنچ قىلالمايتتىكى، ھەتتا پارتىيىنىڭ چۇيجاڭلىرى ۋە ۋەكىللىرىنىڭ كېلىشتۈرۈشىنى تەخىرسىز قوبۇل قىلدى...... تىيېرنىڭ كاجىلىغى ئۇنى (ۋېيبيۇەنخۇيىنى) بىر-ئىككى كۈن ئارتۇقراق ساقلاپ قالدى، بۇ چاغدا ۋېيبيۇەنخۇي بولسا ئۆزىنىڭ تېخى كۈچى بارلىغىنى تونۇدى. ئىنقىلاپچىلار سانسىز خاتالىق ئۆتكۈزدى. ئۇلار ساقچىلارنى قورالسىزلاندۇرمىدى، ئەكسىچە، ئۇلارغا دەرۋازىنى ئېچىۋەتتى؛ ئۇلار ۋېرسالىغا قاتارىدى، ئۇ يەردە نىجات يولتۇز سۈپىتىدە قارشى ئېلىندى؛ 43-دائىمى تۇەننىڭ پارتىيىدىن كېتىشىگە يول قويدى؛ خەلق بىلەن بىرلىكتە كوكۇل ئاچقان بارلىق ئەسكەرلەرنى تارقىتىپ ئۆيلىرىگە قايتۇرۇۋەتتى؛ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ پارىژنىڭ مەركىزىدە تەشكىللىنىشىگە يول قويدى؛ ۋېرسالغا چېقىلمىدى. تىرىدون، جاكلار، ۋارلىن، ۋايانلار، باۋخۇاڭپەيلەرنى دەرھال قوغلىۋېتىش كېرەك، دەپ قارىدى...... فافېر ۋە تىيېرلار پارىژنىڭ قوزغىلاڭ كوتىرىش ھەركىتىنى باستۇرۇش ئۈچۈن پرۇسسىيە دائىرىلىرىدىن جېنىنىڭ بېرىچە ياردەم تىلىدى......

تروشۇي بىلەن كلېمون توما گومىن زىئۇبيېجۇننىڭ قوراللىنىشىنى كۈچەيتىش، تەشكىللىنى كۈچەيتىش يولىدىكى بارلىق ئىنتىلىشلىرىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن توسقۇنلۇق قىلماقچى بولدى. جۇڭگىياڭ ۋېيبيۇەنخۇي ۋېرسالىغا يۈرۈش قىلماقچى بولغانلىغىنى قارار قىلغان ۋە ھەركەتكە كەلگەن، بۇ ئىشتىن كۆڭۈلچى خەۋەرسىز ئىدى، بۇ ھەتتا كۆڭۈلچى روشەن ئىپادىلىگەن ئارزۇغا بىۋاستە خىلاپ ئىدى......

**بېرژېرې**...... مون ۋالېرېن بولغانلىغى ۋە كۆربېۋادىكى پوتەي سەۋئۇدىن، گۆگشى ئەسكەرلەرى نېيئى كوۋرۆگنى چىڭ ساقلاپ قالالمىدى، لېكىن بۇ كوۋرۆكنى پارتىلىتىۋەتمىدى، نەتىجىدە باۋخۇاكېپەيلەر بۇ كوۋرۆكنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، ئۇ يەردە مۇداپىە گۆگشلىرىنى كۆچەيتىپ، پارىژغا بارىدىغان قاتناش يولىنى ساقلاپ قالدى......

خۇددى **لىتترې** ئەپەندى بىر خېتىدە ئېيتقىنىدەك (4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىكى «كۈنلۈك خەۋەرلەر»):

«پارىژ قورالسىزلاندۇرۇلغان، پارىژنىڭ پۇت ـ قولى ۋىنوۋا، ۋالېنتىن، پالادىن قاتارلىقلار تەرىپىدىن چۈشەپ قويۇلغان ئىكەن، جۇمھۇرىيەتمۇ نابۇت بولغان بولىدۇ. پارىژلىقلار بۇ نۇقتىنى چۈشەندى. ئۇرۇشمايلا تەسلىم بولۇشنى ياكى ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان قورقۇنچلۇق كۆرەشكە تەۋەككۇلچىلىك بىلەن قاتنىشىشنى تاللاشقا توغرا كەلگەندە، ئۇلار جەڭ قىلىشنى خالىدى؛ مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇشقا مەجبۇر بولدۇم.»

رىمغا يۈرۈش قىلىش كاۋنىياك، جۇل فافېر ۋە تىيېرلارنىڭ قىلغان ئىشى.

«جۇمھۇرىيەتلىك ھاكىمىيەت تىجرىسىنىڭ بارلىق ئىچكى ئارتۇقچىلىقلىرىغا ۋە پادىشالىق ھاكىمىيەت تىجرىسىنىڭ تاشقى كۆچلىرىگە ئىگە بىر ھوكۇمەت. مېنىڭ كوزدە تۇتقىنىم لېدىنباك جۇمھۇرىيەت...... بۇ ــ نۇرغۇن جەمىيەتلەردىن تەركىب تاپقان يېڭى جەمىيەت، ئۇ يېڭى قاتناشقان ئەزالارنىڭ كوپىيىشىگە ئەگىشىپ، تاكى كۆچىيىپ ئۇز ئەزالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەت بېرەلىگۈدەك بولغانىغا قەدەر ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ بارىدۇ. بۇنداق جۇمھۇرىيەت......ئوزىنىڭ غايەت زور كولىمىنى ساقلاپ قالالايدۇ، ئىچكى قىسىمىمۇ چىرىكلىشىپ كەتمەيدۇ. بۇنداق جەمىيەت شەكلى ھەممە

قىينچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ.» (مونتېسكيۇ. «قانۇن روھى توغرىسىدا»، 9 ـ باب، 1 ـ بۆلۈم)[157]

## 1793 ـ يىل ئاساسىي قانۇنى[158]:

78 ـ ماددا ـــ جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەر بىر شەھەر ـ جېنىدا شەھەر ـ جېن مەمۇرى ئورگىنى تەسىس قىلىنىدۇ؛ ھەر بىر ۋىلايەتتە ۋاستىلىك مەمۇرى ئورگان تەسىس قىلىنىدۇ؛ ھەر بىر ئۆلكىدە مەركىزىي مەمۇرى ئورگان تەسىس قىلىنىدۇ. 79 ـ ماددا ـــ شەھەر ـ جېنلارنىڭ ئەمەلدارلىرى شەھەر ـ جېن يىغىنلىرىدا سايلىنىدۇ. 80 ـ ماددا ـــ يەرلىك مەمۇرى ئەمەلدارلار ئۆلكىلىك ۋە ۋىلايەتلىك قايتا سايلانغۇچىلار يىغىنىدا سايلىنىدۇ ۋە تەيىنلىنىدۇ. 81 ـ ماددا ـــ شەھەر ـ جېنلىق ھوكۇمەتلەر ۋە مەمۇرى ئورگانلار ھەر يىلى ئۆز ئەزالىرىنىڭ يېرىمىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

ئىجرائىيە ۋېيىۋەنخۇيى. 62 ـ ماددا ـــ 24 ۋېيىۋەندىن تەركىب تاپىدۇ. 63 ـ ماددا ـــ ھەر بىر ئۆلكىنىڭ قايتا سايلانغۇچىلار يىغىنى بىر نەپەر نامزات سايلاپ چىقىدۇ. قانۇن چىقىرىش ئومىگى ئومۇمى ئىسىملىك ئىچىدىن ۋېيىۋەنخۇي ئەزالىرىنى تاللىۋالىدۇ. 64 ـ ماددا ـــ ئىجرائىيە ۋېيىۋەنخۇيى ھەر نۆۋەتلىك قانۇن چىقىرىش ئومىگىنىڭ خىزمەت ئۆتەش مۇددىتىنىڭ ئاخىرقى بىر ئېيى ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنىدا ئۆز ئەزالىرىنىڭ يېرىمىنى ئالماشتۇرىدۇ. 65 ـ ماددا ـــ ئىجرائىيە ۋېيىۋەنخۇيى ئومۇمى سىياسى ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. 66 ـ ماددا ـــ ئىجرائىيە ۋېيىۋەنخۇيى ئۆز ئەزالىرىدىن باشقا، جۇمھۇرىيەتنىڭ ئومۇمى سىياسى ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدىغان باش ئەمەلدارلارنى تەيىنلەيدۇ. 68 ـ ماددا ـــ بۇ باش ئەمەلدارلار بىر ۋېيىۋەنخۇي بولۇپ ئۇيۇشمايدۇ، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە ئالاقە بولمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھېچقانداق شەخسى ھوقۇقى بولمايدۇ. 73 ـ ماددا ـــ ئىجرائىيە ۋېيىۋەنخۇيى ئۆزى تەيىنلىگەن ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىيالايدۇ ۋە ئالماشتۇرالايدۇ.

پارىژنىڭ تەرتىپچىلەر پارتىيىسى، بىر تەرەپتىن، جۇل فافېرنىڭ

گومىن يىخۇيىدا چىقارغان ئىچكى ئۇرۇش چاقىرىقىدىن ئىلھام ئالدى — ئۇ، پرۇسسىيىلىكلەر: ئەگەر پارىژلىقلار دەرھال تەسلىم بولمىسا ئارىلاشمىز، دەپ تەھدىت سېلىۋاتىدۇ، دىدى — يەنە بىر تەرەپتىن، خەلقىنىڭ ئۇلارغا نىسبەتەن سەۋرى - تاقەت قىلىپ تۇرغانلىقىنى ۋە جۇڭگىياڭ ۋېيۈەنخۇينىڭ ئۇلارغا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتۇۋاتقانلىقىنى كوردى، شۇڭا بىر قېتىم تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنى دادىللىق بىلەن بەلگىلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى **تىنچ نامايىش** — ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتكە قارشى تىنچ نامايىش نىقاۋى بىلەن غوغا كوتەردى. بۇ ھەقىقەتەن بىر قېتىملىق مىلىسىز غەلىتە تىنچ نامايىش بولدى.

«پۈتۈن ھەركەت گويا تۇيۇقسىز كەلگەندەك بولدى. بۇنىڭغا ئالدىن قىلچە مۇداپىيە كورۇلمىگەن ئىدى.»

«بىر توپ ۋاڭ - چۇڭ كوتەرگەن شېنشىلار»، ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ئېكران، كۇتلۇگۇن ۋە ئانرى دې پېنلارغا ئوخشاش دىگونىڭ چوشقا كۇچۇكلىرى بار ئىدى، بۇ بىر توپ ئادەم گومىن زىۋېيجۇننىڭ ئايرىم قاراۋۇللىرى (پوسلىرى)نى ھە دەپ ھاقارەتلەشتى ھەمدە قورالىنى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇدى، قاراۋۇللار ۋاندوم مەيدانىغا تېز قايتىپ كەلدى، گومىن زىۋېيجۇن دەرھال مەيداندىن يېڭى شىياۋتىيەن كوچىسىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار ئالا - توپىلاڭچىلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغاندا، بۇيرۇققا بىنائەن ئوق چىقارمىدى، ئالا-توپىلاڭچىلار بولسا «يوقالسۇن قاتىللار! يوقالسۇن ۋېيۈەنخۇي!» دەپ چۇقان كوتىرىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى، گومىن زىۋېيجۇننى ھاقارەتلىدى، ئۇلارنىڭ مىلتىقلىرىنى تارتىۋالدى، تاپانچا بىلەن گۇگمىن **مالژۇرنال** (ۋاندوم مەيدانى

سەنموبۇسىنىڭ جۇڭگۋېيسى) (جۇڭگىياڭ ۋېيىيۈەنخۇيىنىڭ ۋېيىيۈەنى)نى ئاتتى. بىرژېرې جياڭجۈن ئالا-توپىلاڭچىلارنى چېكىنىشكە (تارقىلىپ كېتىشكە، ئارقىغا قايتىشقا) دەۋەت قىلدى. تەخمىنەن 5 مىنۇتتەك دۇمباق چېلىندى ۋە sommations (ئەنگلىيىنىڭ پاراكەندىچىلىكنى بىكار قىلىش بۇيرۇغى ئوقۇغىنىغا تەڭ كېلىدۇ) بېرىلدى. ئۇلار ھاقارەتلىك جار سېلىش بىلەن جاۋاپ قايتۇردى. 2 گومىن زىۋېيجۈن ئېغىر يارىدار بولۇپ يىقىلدى. بۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ سەپداشلىرى يەنىلا ئىككىلىنىپ، ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقاردى. **ئالا-توپىلاڭچىلار ئېھتىيات سېپىنى زورلۇق بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈشكە ۋە ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى.** بىرژېرې ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇق بەردى، ھېلىقى توخۇ يۈرەكلەر بەدەر تىكىۋەتتى. **ئالا-توپىلاڭ** دەرھال تارمار قىلىندى، ئوققا تۇتۇشمۇ توختىدى. بەزىلەر بىرنەچچە ئۆيدىن گومىن زىۋېيجۈنگە قارىتىپ ئوق چىقاردى. 2 كىشى — ۋالەن ۋە فرانسۋا — ئۆلدى، 8 كىشى يارىدار بولدى. ھېلىقى «تېچلىقپەرۋەر زاتلار» تېرى-پېرەڭ بولۇپ قاچقان كوچىلارنىڭ ھەممە يېرىدە تاپانچا ۋە ھاسا قىلىچلار تاشلىنىپ ياتاتتى (تېچلىق كوچىسىدىن نۇرغۇن تېرىۋالغىلى بولاتتى). مولىنې زىجۈې ئارقا تەرىپىدىن (ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن) ئېتىپ تاشلاندى، ئۇنىڭ يېنىدىن زەنجىر بىلەن چىگىۋالغان بىر **خەنجەر** چىقتى.

**يىغىلىش ھەربىي دۇمبىغى چېلىندى.** بۇ قېتىمقى «قۇرۇق قول» نامايىش بولغان كوچىلاردا نۇرغۇن ھاسا قىلىچ، تاپانچا، خەنجەرلەر تاشلىنىپ ياتاتتى. قوزغىلاڭچى ئارمىيە بۇ ئادەملەرگە ئوق چىقىرىش بۇيرۇغىنى تاپشۇرۇۋېلىشتىن بۇرۇن قارشى تەرەپ تاپانچا

ئاتتى. نامايىشچىلارنىڭ ئۆزى باسقۇنچىلار ئىدى (شىرىدان جياڭجۇن بۇ ئەھۋاللارنى دېرىزىدىن ئۆز كوزى بىلەن كورۇپ تۇرغان).

بۇ تاپانچا، ھاسا قىلىچ ۋە خەنجەر بىلەن قوراللانغان پارىژ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋەنوۋا ئۆزىنىڭ شەھەر ساقچىلىرى، ئەسكەرلىرى، زەمبىرەكلىرى ۋە كوپ ئېغىزلىق زەمبىرەكلىرى بىلەن يېتەلمىگەن مەقسەتكە يەتمەكچى بولغانلىقى ئىدى. پارىژنىڭ «قارا خەلقى» پارىژ «شېنشىلىرى»نىڭ ئۆزلىرىنى قوراللىسىزلاندۇرۇشقا يول قويمىدى، بۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ يامان بولدى!

1849 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى پارىژ گومىن زىۋېيجۈنى فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ رىمغا ھۇجۇم قىلغانلىق جىنايىتىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ بىر قېتىم ھەقىقى «قۇرۇق قول»، «تېچ» نامايىش قىلغان چاغدا، شاڭگارنىې جياڭجۇن ئۇلارغا چېپىش، ئېتىش ۋاستىلىرى بىلەن تاقابىل تۇرغان ئىدى، ئۇنىڭ يېقىن دوستى تىيېر ئۇنى تازا ماختىغان ئىدى. ھەربى ھالەت ئېلان قىلىندى، يېڭى باستۇرۇش پەرمانى، يېڭى سۇرگۈن، يېڭى تېرورلۇق ھوكۇمرانلىقى باشلاندى! جۇڭياڭ ۋېيىۋەنخۇي ۋە پارىژ ئىشچىلىرى بۇنداق ئىشلارنى قىلمىدى، بۇ قېتىمقى توقۇنۇشتا مۇداپىەدە قاتتىق تۇرۇپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغۇچىلار (خەنجەر ئالغان شېنشىلار) نىڭ ئويلىرىگە تېپ ـ تېچ قايتىپ كېتىشىگە يول قويدى؛ ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەنلىكى ھەم ئۇلاردىن بۇ قېتىمقى تەۋەككۇلچىلىك ھەركەتنىڭ جاۋاپكارلىقىنى سۈرۈشتۈرمىگەنلىكى ئۇچۇن، ھەتتا ئۇلار يۇرىگىنى قاپتەك قىلىپ، 2 كۈندىن كېيىن ۋېرسالدىن ئەۋەتىلگەن دېڭىز ئارمىيىسى شاڭجياڭى سېسسېنىڭ قوماندانلىقىدا يەنە بىر قېتىم توپلىنىپ، ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش ئۇچۇن يەنە

بىر قېتىم ئۇرۇنۇشقا پېتىنالىدى.

ھالبۇكى، بۇ قېتىمقى ۋاندوم ۋەقەسى ۋېرسالدا بىر مەھەل پۈتۈن دۇنياغا ياڭرىغان «قۇرۇق قول گۇڭمىنلارنى قىردى» دېگەن چۇقاننى كەلتۈرۈپ چىقاردى. دىققەت، ھەتتا تىيېرمۇ دائىم ئىككى جياڭجۈننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك ۋەقەسىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلەپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىمقى «قۇرۇق قول گۇڭمىنلارنى قىرىش» ۋەقەسىنى تاشقىرىغا بىرەر قېتىم ئېيتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.

بۇ خۇددى ئوتتۇرا ئەسىردە ئاتلىقلارنىڭ ئاددى خەلققە قارىتا ھەرقانداق قورالنى ئىشلىتىشكىلا يول قويۇلۇپ، ئاددى خەلقنىڭ ئۆزلىرىنى قوغدىشىغا يول قويۇلمىغىنىدەك ئىش بولدى.

(3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى. **ۋېرسال. تىيېر:**

«بەزىلەر مېنى پادىشالىق تۈزۈم ئورنىتىش كويىدا بولماقتا دەپ ئەيىبلەشتى، مەن بۇنى رەسمىي ئىنكار قىلىمەن. مەن خىزمەتكە ئولتۇرغان چاغدا، جۇمھۇرىيەت پاكىت بولۇپ قالغان ئىدى. خۇدا ۋە بەندە ئالدىدا مەن ئۇنىڭغا ھەرگىز ئاسىيلىق قىلمايدىغانلىقىمنى جاكالايمەن.»)

تەرتىپچىلەر پارتىيىسى ئىككىنچى قېتىم توپىلاڭ كۆتەرگەندىن كېيىن، پارىژ خەلقى ھېچقانداق قىساس ئېلىش ھەركىتىنى قوللانمىدى. جۇڭياڭ ۋېيىۋەنخۇي ھەتتا بىر چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزدى: ئۆزىنىڭ ئەڭ قەيسەر ئەزالىرىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىمىدى، دەرھال ۋېرسالغا يۈرۈش قىلمىدى، بۇ چاغدا، ۋېرسال بولسا دېڭىز ئارمىيىسى شاڭجياڭى سېيسې قېچىپ كەتكەن ۋە تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ گومىن زۇۋېيجۈنى شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تازا ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، مالىماتاڭ

بولۇپ كەتكەن ئىدى، چۈنكى ئۇ يەردە تېخى ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كۈچ ئويۇشتۇرۇلمىغان ئىدى.

گۇڭشې سايلىمى ۋاقتىدا، تەرتىپچىلەر پارتىيىسى ئاۋاز بېرىشتىن پايدىلىنىپ، يەنە بىر قېتىم ئېلىشىپ كوردى، ئۇلار يەنە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، پارىژدىن كوپلەپ چىقىپ كېتىشنى ئورۇنلاپ بولدى. سايلام جەريانىدا بۇرژۇئا ئۇنسۇرلار (رايونلۇق ھوكۇمەت قوروسىدا) گومىن زىۋېيجۇن قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ خوشال پاراڭلاشتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە دېيىشكىنى «تۇركۇملەپ ئۆلۈم جازاسى بېرىش»، «كوپ ئېغىزلىق زەمبىرەك»، «كەيئېنگە سۇرگۈن قىلىپ ئازاپلاش»، «كوللىكتىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈش»تىن باشقا نىمە بولمىدى.

«تۈنۈگۈنكى قاچقۇنلار بۈگۈن شىرىن سوزلەر بىلەن شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىدىكىلەرنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ، ۋېرسالغا توپلانغان پومېشچىك يىغۇي ئەزالىرى ۋە بوناپارت جىياڭجۈنلىرىنىڭ يېتەرلىك كۈچ بىلەن ئۇلارغا ئوت ئېچىشىنى كۈتتى.»

تېيېر گومىن زىۋېيجۇنگە قاراتقان ئىككىنچى قېتىملىق قوراللىق ھۇجۇمنى **4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىكى** ۋەقە بىلەن باشلىدى. جەڭ پارىژغا يېقىن كۇربېۋا بىلەن نېيئى ئارىلىغىدا بولدى. گومىن زىۋېيجۇن مەغلۇپ بولدى، نېيئى كوۋرۇگىنى تېيېرنىڭ ئەسكەرلىرى ئىشغال قىلىۋالدى. پارىژدىن ھۇجۇمغا ئوتۇپ، بىر مەھەل كۇربېۋا، پيۇتونى ۋە نېيئى كوۋرۇگىنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان نەچچە مىڭ كىشىلىك گومىن زىۋېيجۇن يېڭىلىپ قالدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئەسىر چۈشتى. نۇرغۇن قوزغىلاڭچىلار ئاسى دەپ دەرھال ئېتىپ تاشلاندى. ۋېرسال ئارمىيىسى ئالدى بىلەن ئوت ئاچتى.

**گۇگشې:**

«ۋېــرسال ھوكۇمىتى بىزگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ ئارمىيىگە تايىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا، ئۇ شارېتىنىڭ جياۋخۇاڭ زۇڭاي ئەسكەرلىرىنى، تروشۇينىڭ برېتانى ئەسكەرلىرىنى، ۋالېنتىنــنىڭ شيەنبىگلىرىنى ئەۋەتىپ، نېيشىنى توپقا تۇتتى.»159

4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ۋېرسال ھوكۇمىتى ئاساسەن **شيەنبىگلار، دېگىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملىرى، ئورمان ساقچىلىرى ۋە ساقچىلاردىن** تەركىــپ تاپــقان بىر شى ئارمىيە ئەۋەتتى. **ۋىنوۋا** 2 پىيادە ئەسكەرلەر لۇيىنى، **گاللىففې** بىر ئاتـلىق ئەسكەرلەر لۇيــى بىلەن بىر توپــچى ئەسكەرلەر لــيەنىنى باشلاپ، كۇربېۋاغا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

**پارىژ. 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى. مىللېر.** (بايانات)

«پارىژ خەلقىنىڭ ھېچقانداق ھۇجۇم قىلىش غەرەــزى يوق ئىدى...... بۇ چاغدا ھوكۇمەت سابىق دىگو ئەسكەرلىرىدىن تەركىپ تاپقان قولچوماق ئارمىيــگە سابىق سەنىيــۋەن ئەزاسىنىڭ قومانــدانــلىقىدا پارىژغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بەردى.»160

# «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ ئىككىنچى نۇسخىسى

## (1) دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتى. پارىژدىكى يىغىن ئەزالىرى تروشۇ، فافىر، پىكار، فىرى

پارىژ ئىشچىلىرى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىغان جۇمھۇرىيەت پۈتۈن فرانسىيىنىڭ بىردەك ئالقىشىغا ئېرىشتى. پارىژنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىنى ئاساس (خېشىن) قىلغان 5 ئايلىق مۇداپىئە ئۇرۇشى جۇمھۇرىيەتنى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە قىلدى. ئەگەر جۇمھۇرىيەت نامىدىن ئېلىپ بېرىلغان بۇ قېتىمقى مۇداپىئە ئۇرۇشى بولمىغان بولسا، بويسۇندۇرغۇچى ۋىلگېلم①ئۆزىنىڭ «ياخشى قېرىندىشى» لۇئى بوناپارتنىڭ دىگوسىنى تىرىلدۈرگەن بولاتتى. پارىژ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەقىقى رەھبەر- لىرى تېخى بوناپارت تۈرمىسىدە ياتقان، يەنە كېلىپ پرۇسسىيە ئارمىيىسى پارىژغا يېقىنلىشىپ قېلىپ، پارىژ تەمتىرەپ قالغان پەيتتە، بىر توپ لۇيشىلار — تيېر ئۇلارنىڭ سىياسىچىسى،

---

① پرۇسسىيە پادىشاسى ۋىلگېلم I كۆزدە تۇتۇلدۇ. فرانسىيە تارىخىدا «بويسۇندۇرغۇچى ۋىلگېلم» دېگەن بىرەيلەن بولۇپ، ئۇ 1066 - يىلى ئەنگلىيىنى بويسۇندۇرغان، ماركس بۇ يەردە كىنايىلىك سېلىشتۇرما قىلدۇ. — تەرجىماندىن

تروشۇي ئۇلارنىڭ جىياڭجۇنى ـــ ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىدە خىزمەتكە ئولتۇرۇۋالدى. تىيېر، جۇل فافېر، پىكار قاتارلىقلار شۇ چاغدا پارىژنىڭ فرانسىيىگە رەھبەرلىك قىلىشىدەك تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىغا شۇنداق قاتتىق ئىشەنگەنكى، ئۆزلىرىنىڭ 1869 - يىلى قانۇن چىقىرىش ئومىگىگە سايلانغانلىق پاكىتىنى كوتىرىپ چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتى تەشكىل قىلىشقا سالاھىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتى.

بۇ ئادەملەر تەختكە چىقىپ 5 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئالدىنقى قېتىمقى ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئىككىنچى خىتاپنامىمىزدە ئۇلارنىڭ زادى قانداق بىرنىمىلەر ئىكەنلىكىنى سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ بەرگەن ئىدۇق①. ئەگەر، ئۇلار پارىژنىڭ پىكرىنى ئالماي ھوكۇمەتنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، پارىژمۇ ئۇلارنىڭ قارشىلىق كورسىتىشىگە پەرۋا قىلماي، جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئۆزىلا ئېلان قىلىۋەتتى. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ قوللانغان بىرىنچى تەدبىرى تىيېرنى ياۋروپا مەملىكەتلىرىنىڭ ئوردىلىرىغا يېلىنىش ئۈچۈن ئەۋەتىش، ئىمكانىيەت يار بەرسە، جۇمھۇرىيەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، پادىشالىقنى تىكلەش شەرتى بىلەن چەتئەلنىڭ ياراشتۇرۇپ قويۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش بولدى. پارىژ شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىشىلەرنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا يول قويغان (ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشىغا يول قويغان)كى، بۇ كىشىلەر تەنتەنىلىك بىلەن قەسەم بېرىپ، بۇ ھاكىمىيەتنى پەقەت **دولەت مۇداپىە** مەقسىدى ئۈچۈنلا ئىشلىتىشكە

① مۇشۇ كىتاپنىڭ 51 ـــ 52 - بەتلىرىگە قارالسۇن. ـــ تەرجىماندىن

ۋەدە بەرگەن ئىدى. ھالبۇكى، پارىژنى ئەستايىدىل قوغداش ئۈچۈن، پەقەت ئىشچىلار سىنىپىنى قوراللاندۇرۇپ (بۇنداق قىلماي بولمايدۇ)، ئۇلارنى گومىن زىۋىيجۇن قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇش ھەمدە ئۇلارنى ئۇرۇش داۋامىدا چېنىقتۇرۇش كېرەك ئىدى. لېكىن، پارىژنى قوراللاندۇرۇش، سوزسىز، ئىجتىمائى ئىنقىلاپنى قوراللاندۇرۇش بولاتتى. پارىژنىڭ پرۇسسىيلىكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى، سوزسىز، جۇمھۇرىيەتنىڭ فرانسىيىدىكى سىنىپىي ھوكۇمرانلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى بولاتتى. دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتى مىللى بۇرچ بىلەن سىنىپىي مەنپەئەت ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولغان چاغدا، بىر دەم-يېرىم دەممۇ ئىككىلىنىپ تۇرماستىن، ئوزىنى ۋەتەن ساتقۇچ ھوكۇمەتكە ئايلاندۇرۇۋەتتى. جۇل فاۋېر گامبېتتاغا يازغان بىر پارچە خېتىدە، تروشۇي پرۇسسىيە ئەسكەرلىرىدىن ئەمەس، بەلكى پارىژ ئىشچىلىرىدىن مۇداپىە كورۇۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. پارىژ مۇھاسىرە قىلىنىپ ئاردىن 4 ئاي ئوتكەندىن كېيىن، ئۇلار تەسلىم بولۇش توغرىسىدا سوز ئېچىشقا مۇۋاپىق پەيت كەلدى، دەپ ھېساپلاشتى؛ شۇنىڭ بىلەن تروشۇي جۇل فاۋېرنىڭ ۋە ئوزىنىڭ باشقا ھەمرالىرىنىڭ ئالدىدا، پارىژ چۈيجاڭلىرى يىغىنىدا تۆۋەندىكى سوزلەرنى قىلدى:

«مېنىڭ ھەمرالىرىمنىڭ 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كەچقۇرۇن ماڭا قويغان بىرىنچى سوئالى پارىژنىڭ پرۇسسىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇھاسىرىسىگە بىزە بولىمۇ بەرداشلىق بېرىپ تۇرالىغۇچىلىكى بارمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت بولدى. مەن شۇ چاغدا، قىلچە ئىككىلەنمەستىن، يوق، دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدىم. ھازىر بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەمرالىرىمدىن بىرنەچچىسى مېنىڭ سوزۇمنىڭ راست ئىكەنلىكىنى، بەلكى مېنىڭ بۇ قاراشتا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ

كېلىۋاتقانلىقىمنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەن ئۇ چاغدا ئۇلارغا مۇنداق دېگەن ئىدىم: ھازىرقى ئەھۋالدا پارىژنىڭ پرۇسسىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇھاسىرىسىگە بەرداشلىق بەرمەكچى بولۇشى تولىمۇ ئاخماقلىق. ئەلۋەتتە، مەن شۇ چاغدا مۇنداق بىر جۈملە سۆزنىمۇ قوشۇپ قويغان ئىدىم: بۇ بەلكىم قەھرىمانلارچە ئاخماقلىق بولسا كېرەك، ئەمما، بەرىبىر، ئاخماقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس...... ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى (بۇنى ئۇنىڭ ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان) مېنىڭ ئالدىن قىلغان ھۆكمۈمنى ئاغدۇرۇۋەتكىنى يوق.»

(تروشۇينىڭ بۇ قىسقىغىنا نۇتقىنى ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن، شۇ چاغدا سورۇندا بار چۈيجاڭلاردىن كوربون ئەپەندى ئېلان قىلدى). دېمەك، جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىغان كۈنى ئاخشىمىلا تروشۇينىڭ ھەمراھلىرى ئۇنىڭ «پىلانى» **پارىژنى ۋە فرانسىيىنى تەسلىم قىلدۇرۇشتىن** باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى بىلگەن ئىدى. پارىژنىڭ «قەھرىمانلارچە ئاخماقلىق»قا بېرىلىش كېسەلىنى داۋالاپ ساقايتىش ئۈچۈن، ئۇلار پارىژغا قانلىق قىرغىنچىلىق ۋە ئاچارچىلىق ئازاۋىنى تارتقۇزماقچى ھەمدە بۇ ۋاقىتنى 9-ئاينىڭ 4-كۈنىدىكى ئورۇن تارتىۋالغۇچىلارنى قوغداپ، دېكابىرچى ئۇنسۇرلارنىڭ قىساس ئېلىشىغا قايتا ئۇچراتمايدىغان قىلغانغا قەدەر سوزماقچى بولۇشتى. ئەگەر «دۆلەت مۇداپىئەسى» «ھۆكۈمەت»نىڭ ساختا نىقاۋىلا بولمىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن خىزمەتكە ئولتۇرۇۋالغان بۇ ھۆكۈمەت ئەزالىرى 9-ئاينىڭ 5-كۈنىلا ئىستىپا بېرىپ، تروشۇينىڭ «پىلانى»نى ئوچۇق-ئاشكارا ئېلان قىلىپ، پارىژ خەلقىنى ياكى بويسۇندۇرغۇچىلارغا دەرھال تەسلىم بولۇشقا ياكى مۇداپىئە ئىشلىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىشقا ئۈندىگەن بولاتتى. بۇ ئالدامچىلار ئۇنداق قىلمىدى، بەلكى بەزى دىبدىبىلىك

خىتاپنامىلەرنى ئېلان قىلىپ، تروشۇي — بۇ «زۇڭدۇ مەڭگۇ تەسلىم بولمايدۇ»، تاشقى ئىشلار بۇجاڭى جۇل فاۋىر «ھەرگىز قورغانلىرىمىزنىڭ بىر تال تېشىنىمۇ بېرىۋەتمەيدۇ، بىر چى زېمىنىمىزنىمۇ بېرىۋەتمەيدۇ» دېيىشتى. پۈتۈن پارىژ مۇھاسىرىدە تۇرغان مەزگىلدە، تروشۇينىڭ پىلانى باسقۇچلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئەمەلىيەتتە، پارىژ ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىشقا تەيىنلەنگەن ھېلىقى مۇدھىش بوناپارت قاراقچىلىرى يېزىشقان شەخسى خەتلىرىدە ئىچكى سىرى ئۆزلىرىگە ناھايىتى ئايان بۇنداق كۈلكىلىك مۇداپىئەنى شەرمەندىلىك بىلەن زاڭلىق قىلىشتى (مەسىلەن، گۈڭشى «ئاخباراتى»دا ئېلان قىلىغان پارىژ ۋېيشۇجۈنىنىڭ توپچىلار سىلىڭى، پەخرى جۈنتۈەن چوڭ كىرىست ئوردىنىغا ئىگە بولغان **ئالفونس سىمون گىمونىڭ** توپچىلار شىسىنىڭ جياڭجۈنى **سۇزانغا** يازغان خېتىگە قاراڭ). پارىژ تەسلىم بولغان ۋاقىتتا، ئالدامچىلار نىقاۋىنى ئېلىپ تاشلىدى. **«دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتى»** ئۆزىنى ئاشكارىلىدى (ئەسلى قىياپىتىنى كۆرسەتتى): ئۇ **«بىسماركقا ئەسىر بولغانلاردىن تەشكىل قىلىنغان فرانسىيە ھۆكۈمىتى»** ئىدى — ھەتتا لۇئى بوناپارتمۇ سېداندا تەسلىم بولغاندا بۇنداق رولدا چىقىشنى ئۆزىدەك ئادەم ئۈچۈن تولىمۇ شەرمەندىلىك دەپ ھېساپلىغان ئىدى. بۇ تەسلىمچىلەر 3-ئاينىڭ 18-كۈنىدىكى ۋەقەدىن كېيىن ئالاقزادىلىك بىلەن ۋېرسالغا قېچىپ كەتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇق شۈملۈغىنى ئىسپاتلايدىغان بەزى ھۆججەتلەر پارىژنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى، خۇددى گۈڭشى **باشقا ئۆلكىلەرگە چىقارغان خىتاپنامىسىدە** كۆرسەتكىنىدەك، بۇ ھۆججەتلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن،

«ئۇلار پارىژنى قان دېڭىزىغا غەرق بولغان بىر خارابىگە ئايلاندۇرۇۋېتىشتىنمۇ يانمايتتى»161.

دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتىنىڭ ئەڭ تەسىرى بار بەزى ئەزا- لىرىنىڭ بۇنداق نەتىجىگە كېلىشكە بېرىلىپ كېتىشى يەنە بەزى ئىنتايىن جىددى شەخسى پايدا-زىيان جەھەتتىكى ئويلاردىن بولغان ئىدى. پەقەت جۇل فافېر، ئېرنېست پىكار ۋە جۇل فېررىلارغا نەزەر سېلىپ باقايلى!

ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىنىپ ئارىدىن كوپ ئوتمەي، گومىن يىغىنىنىڭ پارىژدىكى ئەزاسى **مىللىيېر ئەپەندى** بىرمۇنچە ئاساسلىق قانۇن ھوججەتلىرىنى ئېلان قىلىپ، **جۇل فافېرنىڭ** ئالجىردا تۇرۇشلۇق بىر هاراقكەشنىڭ خوتۇنى بىلەن ئويناپ يۈرگىنىدە، ئىلگىر-ئاخىر بىرنەچچە يىل جەريانىدا، بىر يۈرۈش يالغان ھوججەتلەرنى يۈرەكلىك قۇراشتۇرۇپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ هارامدىن تاپقان بالىلىرى نامىدىن ناھايىتى كوپ مىراسنى قولغا كىرگۈزۈۋالغانلىقى، بۇنىڭ بىلەن باي بولۇۋالغانلىقىنى: كېيىن قانۇنىي ۋارىسلار ئەرز-شىكايەت قىلغاندا، بوناپارت فاتىڭى ئۇنىڭغا يان باسقانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇنىڭ يالغان ھوججەتلىرى پاش بولماي قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن ئىدى. ھەرقانچە كۈچەپ كاززاپلىق قىلغىنى بىلەنمۇ بۇ رەھىمسىز قانۇن ھوججەتلىرىنى يوققا چىقىرىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، جۇل فافېر بۇرۇنقىدەكلا ئۆز ئۆزىنى قاغايدىغان باتۇرانە روھ بىلەن زۇۋان سۈرمەي تۇرۇۋالدى، ئىچكى ئۇرۇش مالىماتاڭچىلىقى ئۆزىگە پۇرسەت بېرىدىغان پەيت كەلگەندىلا، ئاندىن ۋېرسال يىغىنىدا پارىژ خەلقىنى ئائىلىدىن، دىنىدىن، تەرتىپتىن ۋە مال-مۈلۈكتىن

يۈز ئورۇشـكە پـېتىنـغان بىر توپ «قاچـقۇنـلار» دەپ قاتـتىق ھاقارەتلىمەكچى بولدى!

**(پىك ۋەقەسى)** يالغان ھوجـجەت ياسـغان بۇ جـىنايەتـچى ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش بىلەنلا، كەسپداش قېرىندىشى پىك ۋە تايـغېـرنى ھېـداشـلىق قىلىپ دەرھال قاماقـتىن بوشاتـتى. بۇ ئىككىسى ھەتتا ئىككىنچى دىگو دەۋرىدىلا، ئوغرىـلىق ۋە يالغان ھوججەت ياسىغانلىق جىنايىتىنى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئېغىر ئىش قىلىشقا ھوكۇم قىلىنغان ئىدى، بۇلاردىن بىرى ــ تايـفېر گۆشى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەيمەنمەستىن پارىژغا قايتىپ كەلدى، بىراق دەرھاللا ئۆزىگە مۇۋاپىق ئورۇنغا ئاپىرىپ قويۇلدى. بۇ چاغدا جۇل فافېر بولسا پۈتـكۈل ياۋروپاغا، پارىژ ئۆزىـنىڭ تۈرمىـلىرىـدىكى ھەممە جىنايەتچىـلەرنى قويۇپ بېرىۋاتىدۇ! دىدى.

**ئېرنېست پىكار** لۇئى بوناپارتـىنىڭ ئىچكى ئىشـلار داچېـنى بولماقـچى بولۇپ بولالمىغان ئىدى، 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئۆزىنى ئۆزى فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىچكى ئىشلار بۇجاڭى قىلىۋالدى. ئۇ ــ **ئارتۇر پىكار** دىـگەن ئادەمـنىڭ ئاكـىسى. ئارتۇر پىـكار ئالدامـچىـلىق قىلىـپ پۇل ـ مالغا ئىـگە بولۇۋالغانلىقـتىن، پارىژ جياۋيىسوسىدىن قوغلاپ چىقىـرىلغان (پارىژ ساقچى ئىدارىسىنىڭ 1867 ـ يىل 7 ـ ئايـىنىڭ 31 ـ كۈنـىدىكى دوكلادىـغا قارالـسۇن) ھەمدە كوچىمە مۈلۈك ئامانەت ـ قەرز گۆشـىنىڭ بىر شوبىسىنىڭ جىڭلىسى بولغان مەزگىلدە، 300 مىڭ فرانكنى ئوغرىلاپ ئىشلەتكەن، شۇڭا ئۆز ئىقرارىـغا ئاساسەن جازاغا تارتىلـغان (پارىـژ ساقـچى ئىدارىسىنىڭ 1868 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنـىدىكى دوكلادىغا قارالـسۇن). بۇ ئىككى دوكلات ئىككىنچى دىگو دەۋرىدىلا ئېـلان

قىلىنغان ئىدى. ئېرنېست پىكار ئەنە شۇ ئارتۇر پىكارنى ئۆزى باشقۇرغان «ئەركىن سايلىغۇچىلار» گېزىتىنىڭ **مەسئۇل مۇھەررىرلىكىگە** تەيىنلىگەن، پۈتۈن پارىژ مۇھاسىرىدە تۇرغان مەزگىلدە، ئۇ بۇ ئىنىسىنى ئۆزىنىڭ مالىيە دەللالى قىلىۋالدى؛ ئارتۇر بولسا ئېرنېست ئىگەللىۋالغان دۆلەت مەخپىيەتلىكىدىن پايدىلىنىپ، جياۋيىسودا تازا بېيىۋالدى، فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ ھەر قەدەمدە مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىشىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ھايانكەشلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىچكى ئىشلار بۇسىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئەركىن سايلىغۇچىلار»دا[①] ئېلان قىلىنغان ئەھمىيەتنى يوقاتقان خەۋەرلەر ۋە ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ يالغان-ياۋداق گەپلىرى بىلەن جياۋيىسونىڭ ئادەتتىكى ھايانكەشلىرىنى ئالدىدى. بۇ ئىككى ئېسىل ئاكا-ئۇكىنىڭ مالىيە توغرىسىدىكى ھەممە خەت-چەكلىرى كۆكشىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. بىرىنچى تۇركۇمدە ئەسىر ئېلىنغان پارىژ گومىن زىۋېيجۇنى ۋېرسالدا پېترىنىڭ «قوزىلىرى»نىڭ ئىنتايىن رەھىمسىزلىك بىلەن خورلىشىغا ئۇچرىغاندا، ۋېرسال ھۆكۈمىتىنىڭ ج. مىللېرى بولغان ئېرنېست پىكارنىڭ «ئىككى قولىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سالغان ھالدا توپ-توپ ئەسىرلەر ئارىسىدا ئۇ ياق-بۇ ياققا مېڭىپ، ئۇلارنى خالىغىنىچە زاڭلىق قىلغانلىقى» ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

---

① ماركس «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ بېكىتىلگەن نۇسخىسىغا مۇنداق تۈزىتىش كىرگۈزگەن: ئېرنېست پىكار دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە بۇجاڭى؛ «ئەركىن سايلىغۇچىلار» گېزىتى مالىيە بۇسىنىڭ ئورگان گېزىتى (مۇشۇ كىتاپنىڭ 65-بېتىگە قاراڭ). — تەھرىردىن

**جوْل فېرى** 9-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن ئىلگىرى بىر گاداي لۈيشى ئىدى. ئۇ مۇھاسىرە مەزگىلىدە، پارىژنىڭ شىجائەتلىك سۇپىتى بىلەن، شەھەر ئىچىدىكى ئاچارچىلىقتىن ئۆستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، كوپلەپ پۇل - مال شىلىۋالدى، ۋاھالەنكى، بۇنداق ئاچارچىلىق ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۇتىمەي ئىشنى قالايمىقانلاشتۇرغانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئىدى. ھوجىجەتلىك دەلىل - ئىسپاتلار ھازىر گۈگشېنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ۋەزىپىسىنى ئۇتىمەي ئىشنى قالايمىقانلاشتۇرغانلىقىدىن ھېساپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان كۈنى ئۇنىڭ جازاغا تارتىلىدىغان كۈنى بولىدۇ.

دىمەك، بۇ ئادەملەرنىڭ ئىشچىلار پارىژىنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى بولۇپ قېلىشى يالغۇز ئۇلارنىڭ ھوكۈمىران سىنىپنىڭ تەييارتاپلىرى، مۇھاسىرە مەزگىلىدە پارىژنى ساتقانلار بولغانلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى ھەممىسىدىن ئاۋال ئۇلار ئادەتتىكى جىنايەتچىلەر بولغانلىقىدىن ئىدى، بۇ جىنايەتچىلەر فرانسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ قورغىنى بولغان پارىژ خارابىگە ئايلانغاندىلا بوشتىپ تۇرۇش كۈۋانامىسىگە ئىگە بولۇشتىن ئۈمىت كۈتەلەيتتى. بۇ جېھەتتىن تويغانلار تىيېرنىڭ بۇجاگى بولۇشقا ئەڭ لايىق ئىدى.

## (2) تىيېر، دۇفور، پۇيې - كېرتىيې

«يىخۇي ئەھمىيىتى»دىن ئىبتىقاندا، شەيئىلەر پەقەت پىكىر بايان قىلىشىنىڭ بانىسى، ئۆز رەقىبىگە زىيانكەشلىك قىلىشىنىڭ، خەلققە يوشۇرۇن زەربە بېرىشىنىڭ ياكى ناتىق ئۆزىنىڭ ئۈستىلىقىنى ئىشقا سېلىشىنىڭ تىمىسى.

بۇ جەھەتتىكى ماھىر تىبىر ئەپەندى، بۇ مۇدھىش پاكار يىرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بېرى، فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ چىن كۆڭلى بىلەن چوقۇنۇشىغا ئىگە بولۇپ كەلدى، چۈنكى ئۇ مۇشۇ بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سىنىپىي چىرىكلىكىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئىدىيىۋى ۋەكىلى ئىدى. ئۇ تېخى موھىم دۆلەت ئەربابى بولۇشتىن ئىلگىرىلا، تارىخشۇناس سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ يالغانچىلىق ماھارىتىنى كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇ بارلىق پاكارلارغا ئوخشاش ئۆزىنى كۆرسىتىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى، نام ـ مەنپەئەت ۋە ئورۇنغا ھېرىس ئىدى؛ ئەقلى كەم بولسىمۇ، قۇرۇق خىيالغا باي ئىدى؛ راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلەتتى، ھەممىدىن گۇمانلىناتتى؛ بىلىمدان ـ زېرەك بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ يۈزەكى كۆرۈنۈشىنى ئىگەللەشكە (ئۆگىنىۋېلىشقا) ھەممە ئۇنى چوڭايتىپ، تاغارلاپ يوقلاڭ گەپ سېتىشقا ماھىر ئىدى؛ ئۇ ـ كەم ئۇچرايدىغان قابىلىيەتلىك مۇنازىرىخور، ئۇچىغا چىققان بىلىمسىز يازغۇچى؛ ئۇششاق سىياسى ئالدامچىلىقنىڭ مۇتەخەسسىسى، ۋاپاسىزلىق ۋە خائىنلىقنىڭ ئۇستىسى، يىغۇيدىكى پارتىيە ـ گۇرۇھلار كۈرىشىدە ئۇششاق نەيرەڭۋازلىق، سۇئىقەست، ھىلە ـ مىكىر ۋە رەزىل مەككارلىقنىڭ پىرى؛ ئۇنىڭدا مىللى بىر تەرەپلىمە قاراش ۋە سىنىپىي بىر تەرەپلىمە قاراشلا بار، پىكىر قىلىش يوق، شوھرەتپەرەسلىكلا بار، ۋىجدان يوق؛ ئىنقىلاپنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، ئۇ رەقىبىنى چەتكە قېقىشقا، خەلقنى قىرىشقا ھەر ۋاقىت تەييار؛ قارشى گۇرۇھلۇق ئورۇندا تۇرغاندا، ئۇ زەھەرخەندىلىك ۋە قارا نىيەتلىك قىلىدۇ؛ چوڭ ھوقۇقنى قولغا ئالغان ھامان، ئۇ يىرگىنىشلىك ئەپتى ـ بەشىرىسىنى كۆرسىتىدۇ، ئىنقىلاپنى

قوزغىتىشتا ھەرقانداق ۋاستىنى قوللىنىشتىن يانمايدۇ؛ بۇ ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەت تارىخى — ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ بالايى - ئاپەت يىلنامىسى. بۇ يەر پاپىسى ياۋروپا ئالدىدا ناپولېون I نىڭ قىلىچىنى ئويىنىتىپ يۈرۈشكە خۇشتار ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە ناپولېون I نىڭ ئۇتۇقىنى ھەۋەس بىلەن سۈرەتلەپلا كەلدى. ئۇنىڭ تاشقى سىياسىتى 1841 - يىلدىكى لوندون ئەھدىنامىسىدىن تارتىپ 1871 - يىلى پارىژ تەسلىم بولغانغا ۋە ئۇ پرۇسسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قانىتى ئاستىدا ئېلىپ بارغان ھازىرقى ئىچكى ئۇرۇشقا قەدەر، باشتىن - ئاياق فرانسىيىنى ئىنتايىن خورلۇققا ئۇچرىتىپ كەلدى. ئۇز ئۆزىدىن چۈشىنىشلىككى، بۇنداق بىر ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان جەمىيىتىدە بولۇۋاتقان بىر قەدەر چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر باشتىن - ئاياق بىر ساماۋى كىتاپ؛ ئۇ پۈتۈن زېھنىنى گەپدانلىق قىلىشقا ئىشلەتكەن-لىگى ئۇچۇن، ھەتتا جەمىيەت يۈزىدە بولۇۋاتقان ئەڭ روشەن ئۆزگىرىشلەرنىمۇ چۈشىنەلمەيدۇ. مەسىلەن، ئۇ فرانسىيىنىڭ كونا قوغدىنىش چېگرا بېجى تۈزۈمىگە خىلاپ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇقەددەس نەرسىلەرگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق دەپ ھارماي ئەيىپلەپ كەلدى. ئۇ لۇئى - فىلىپپنىڭ داچېنى بولغان چېغىدا، تومۇريولنى بىمەنە غەلىتە نەرسە دەپ زاڭلىق قىلغان ئىدى؛ لۇئى بوناپارت دەۋرىدە بولسا، فرانسىيىنىڭ چىرىك ھەربى تۈزۈمى توغرىسىدىكى ھەرقانداق ئىسلاھاتنى يولدىن چىققانلىق دەپ ئەيىپلىگەن ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ ئەھۋالغا قاراپ ئىش كورىدىغان بىر ئاز بىلىسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەشەببۇسى ھېلىدىن - ھېلى ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ كونا قائىدە - تەرتىپ ئەنئەنىلىرىگە

تەرسالىق بىلەن ئۇلگۇدەك يېپىشۋالاتتى؛ ئۇ ئۇزىنىڭ كوپ يىللىق ئەمەلدارلىق ھاياتىدا ئاز ـ ماز بولسىمۇ ئەمەلىي پايدىسى بولغان بىرەر ئىش قىلىغان ئەمەس. بەلكىم پەقەت كونا دۇنيالا كىچىك ناپولېون بىلەن كىچىك تىيېردىن ئىبارەت ئىككى شەخسنى ئۇز بىنا ـ سىغا تاج قىلىۋالغانلىغى بىلەن پەخىرلىنىدىغاندۇ. ئاتالمىش مەدەنى مۇۋەپپەقىيەتلەر بۇنىداق ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدا پەقەت پۇتۇن زېھنى بىلەن ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا ۋە......① شەخسىيەتچە ـ لىككە بېرىلىپ كەتكەنلىگىدىلا كورۇلىدۇ.

تىرىلىش دەۋرىدە جۇمھۇرىيەتچىلەرگە ئارىلىشىپ يۇرگەن تىيېر بېرى گۇگجۇي خانىمغا تاقابىل تۇرۇشتا پايلاقچى ۋە تۇرمە تۇغقۇت ئانىسى بولۇشقا تايىنىپ، لۇئى ـ فىلىپپىنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇۋالدى، لېكىن ئۇ بىرىنچى قېتىم داچېن بولغىنىدا (1834 ــ 1835 ـ يىللىرى)، ئۇنىڭ پائالىيىتىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى يەنىلا قوزغىلاڭ كوتەرگەن جۇمھۇرىيەتچىلەرنى ترانسنونان كوچىسىدا قىرىش ۋە گېزىت ـ ژورناللارنى مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى رەھىمسىز سىنتەبىر پەرمانىنى تۇزۇش بولدى[162].

1840 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ئۇ يەنە بىر قېتىم شۇشياڭ بولغىنىدا، پارىژنىڭ مۇداپىئەسىنى كۇچەيتىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى پارىژنىڭ ئەركىنلىگىگە خەۋپ سالىدىغان بۇ زەھەرلىك ئۇرۇنۇشقا ئېتىراز بىلدۇرگەندە، ئۇ مۇنداق جاۋاپ بەردى:

«بۇ قانداق گەپ؟ سىلەر، شەھەر مۇداپىئەسى كۇچەيتىلسە، ئەركىنلىككە خەۋپ سالىدۇ، دەپ ھېساپلايسىلەر! سىلەر ئالدى بىلەن، مەلۇم بىر

① ئەسلى نۇسخىنىڭ بۇ يېرىدە سوز چۇشۇپ قالغان.ــ تەھرىردىن

هوكۇمەت ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مەلۇم بىر پەيتتە پايتەختنى توپقا تۇتۇشقا ئۇرۇنىدۇ، دەپ قەستەن توھمەت قىلىۋاتىسىلەر...... بۇنداق بىر ھوكۇمەتنىڭ غەلىبىدىن كېيىن پۇت تىرەپ تۇرۇشى غەلىبىدىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا يۈز ھەسسە تەس.»

شۇنداق، تىيېر ئەپەندىنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە ئۇنىڭ بوشتىپ تۇرۇش گۇۋانامىسى ئالغان بۇجاڭلىرىنىڭ شۇنىڭدەك خۇددى ھايۋاندەك «پومىشچىك يىغىۋي ئەزالىرى»نىڭ ھوكۇمىتىدىن باشقا، ھېچبىر فرانسىيە ھوكۇمىتى بۇنداق ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى! بۇلار بولسا شۇنداق تىپىك ھالدا قىلدىكى، بىر قىسىم مۇداپىيە كۈچلىرىنى پرۇسسىيە غەلىبە قىلغۇچىلىرىغا ۋە ئۆز ھامىلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

1848 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، توپ ئوقى پادىشاسى① پالېرمو شەھرىگە تۇتۇش قىلغىنىدا، تىيېر جۈكىيىۋەندە مۇنداق نۇتۇق سوزلىگەن ئىدى:

«مۇھتەرەم ئەپەندىلەر! سىلەرنىڭ پالېرمودا يۈزبەرگەن ۋەقەدىن خەۋىرىڭلار بار. بىر چوڭ شەھەرنىڭ ئۇدا 48 سائەت توپقا تۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلىغىنىڭلاردا ھەممىڭلار قورقۇپ كېتىسىلەر («يىغىۋي» ئەھمىيىتىدىن). زادى كىم توپقا تۇتتى؟ ئۇرۇش ھوقۇقىنى ئىشلىتىۋاتقان تاشقى دۈشمەن توپقا تۇتتىمۇ؟ ياق، مۇھتەرەم ئەپەندىلەر، ئۇنى ئۆز ھوكۇمىتى توپقا تۇتتى.»

(ئەگەر ئۆز ھوكۇمىتى تاشقى دۈشمەن قاراپ تۇرغان ۋە يول قويغان شارائىتتا توپقا تۇتقان بولسا، ئۇ چاغدا، ئەلۋەتتە ھەممىسى توغرا بولغان بولاتتى.)

① فېردىناند II. — تەھرىردىن

«زادى نىمە ئۈچۈن؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ بەختسىز شەھەر ئۆز ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلدى. خوش، ئۇ ئۆز ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈنلا 48 سائەت توپقا تۇتۇلدى.»

(ئەگەر توپقا تۇتۇش 4 ھەپتىدىن ئارتۇق سوزۇلغان بولسا، ئۇ چاغدا، يەنە ھەممىسى توغرا بولغان بولاتتى.)

«مېنىڭ ياۋروپا جامائەتچىلىكىگە مۇراجىئەت قىلىشىمغا رۇخسەت قىلىڭلار. ياۋروپا بويىچە، ئېھتىمال، ئەڭ ئۇلۇق بولغان بۇ مۇنبەردە تۇرۇپ، بۇنداق ھەركەتنى غەزەپلىك سۆزلەر بىلەن (ھەقىقەتەن سۆز بىلەن!) ئەيىپلەش ئىنسانىيەت ئۈچۈن قوشۇلغان بىر خىل تۆھپە بولىدۇ ...... ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەن (تېخى ھېچقاچان ئۇنداق قىلغان ئەمەس) مۇۋەققەت پادىشا ئېسپارتېرو بارسېلونا شەھرىنى توپقا تۇتۇپ، ئۇ يەردىكى قوزغىلاڭنى باستۇرماقچى بولغاندا پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئورتاق غەزەپ ساداسى ياڭراتقان ئىدى.»

خوش، ئاردىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ قەلبى پاك ئادەم جېكتۇكچى ئۇدىنو قوماندانلىقىدىكى فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ئارمىيىسىنىڭ رىمنى توپقا تۇتۇشىنىڭ قارا نىيەت تەشەببۇسچىسى ۋە ئەڭ تەلۋىلەرچە ئاقلىغۇچىسى (ياقلىغۇچىسى) بولۇپ قالدى.

فېۋرال ئىنقىلاۋىدىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن، گىزونىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىغان، ئۇزاق ۋاقىتقىچە ھوقۇق-كۈچكە ئىگە بولالماي ئىچ-ئىچىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن تىيېر بورانىنىڭ يۈرىكىنى پۈرىغان ھامان يەنە جۇڭىيىۋەندە ۋالاقلاپ مۇنداق دىدى:

«مەن ئىنقىلاۋىي پارتىيىگە مەنسۇپ، فرانسىيىنىڭ ئىنقىلاۋىي پارتىيىسىگىلا مەنسۇپ بولۇپ قالماي، بەلكى پۈتۈن ياۋروپانىڭ ئىنقىلاۋىي پارتىيىسىگىمۇ مەنسۇپ. مەن ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتنىڭ موتىدىللەرنىڭ قولىدا قېلىشىنى ئۈمىت قىلىمەن. لېكىن، بۇ ھوكۇمەت قىزغىن شەخسلەرنىڭ

ھەتتا رادىكاللارنىڭ قولىغا ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، مەن بۇنىڭلىق بىلەن، ئۆزەم ھىمايە قىلغان ئىشتىن ھەرگىز يۈز ئۆرۈمەيمەن (ۋازكەچمەيمەن). مەن مەڭگۈ ئىنقىلاۋىي پارتىيىگە مەنسۇپ بولۇپ قالىمەن.»

فېۋرال ئىنقىلاۋى پارتلىدى. ئىنقىلاپ بۇ پەتەكنىڭ خام خىيال قىلغىنىدەك گىزو نېيگېسى ئورنىغا تىيېر نېيگېسىنى قويماي، بەلكى لۇئى - فىلىپپىنىڭ ئورنىغا جۇمھۇرىيەتنى قويدى. جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىغى جاكالانغاندىن تارتىپ سىياسى ئۆزگىرىشكە قەدەر بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپنى باستۇرۇش تىيېر ئەپەندىنىڭ بىردىن - بىر خىزمىتى بولدى. خەلق غەلىبە قىلغان بىرىنچى كۈنىلا ئۇ ناھايىتى غەم - غۇسسە بىلەن يوشۇرۇنۇۋالدى، خەلقنىڭ ئۇنى پەس كورۇشى ئۇنى خەلقنىڭ دەردىنى چىقىرىۋېلىشىدىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىغىنى ئۇ زادىلا بىلمىدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەممىگە ئايان كارامەت جاسارىتى بولسىمۇ، كاۋىنياك دىگەن بۇ بۇرژۇئا جۇمھۇ-رىيەتچىسى پارىژ پرولېتارىياتىنىڭ ماددى كۈچىنى قان دېڭىزىغا غەرق قىلغانغا قەدەر ئۇ يەنىلا داۋاملىق جامائەت سورۇنلىرىدا كورۇنمەي قېچىپ يۈردى. بۇ چاغدا، بۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەر ھەركەت قىلىدىغان مەيدان تازىلىنىپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئامىتى يەنە كەلگەن ئىدى. ئۇ **«تەرتىپچىلەر پارتىيىسى»**نىڭ ۋە ئۇنىڭ **«يىخۇي تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيىتى»**نىڭ ئىدىيىۋى رەھبىرى بولۇپ قالدى، بۇ يىخۇي تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت بىر خىل نامىسىز سۇلالە ئىدى، بۇ نامسىز سۇلالە دەۋرىدە، ھوكۇمران سىنىپنىڭ ھوقۇق تالىشىپ يۈرگەن ھەممە گۇرۇھى بىر بىرى بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈشۇپ، ئىشچىلار سىنىپىنى باستۇرغان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، ئۇلار ئۆز

سۇلالىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش غەرىزىدە بىر بىرىگە ئورا كولاشقان ئىدى.

(ترىلگەن سۇلالە ئاقسوڭەك پومشىشكلارنىڭ سۇلالىسى، ئىيۇل سۇلالىسى — كاپىتالىستلارنىڭ سۇلالىسى، كاۋىنياكنىڭ جۇمھۇرىيىتى — بۇرژۇئا «جۇمھۇرىيەت»چىلىرىنىڭ سۇلالىسى، مۇشۇ ھەممە سۇلالىلەر ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە، بوناپارت پارتىيىسىنى تەشكىل قىلغان بىر توپ ئاچكوز تەۋەككۈلچىلەر فرانسىيىنى تالان-تاراج قىلىشنى توت كوزى بىلەن كۈتكەن ئىدى، لېكىن ۋۇجۇتقا چىقىرالمىدى، بۇ ئۇلارنى «تەرتىپ، مال - مۈلۈك، ئائىلە، دىنىنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى» بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلدى.

بۇ جۇمھۇرىيەت بىرلەشكەن جېكتوگچىلار، ئورلېانىچىلار، بوناپارتچىلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ قۇيرۇغى بولغان بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرىنىڭ نامىسىز سۇلالىسى.)

## (3) پومشىشكلار يىخۇيى

ئەگەر بۇ ھوكۇمەتنى بوردودا مەجلىس ئاچقان پومشىشكلار يىخۇيى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن دېيىلسە، ئۇ ھالدا، بۇ يىخۇيىنى «دولەت مۇداپىە ئەرباپلىرىنىڭ ھوكۇمتى» ئالدىن پىلانلاپ قۇرغان بولىدۇ. بۇ مەقسەت بىلەن، ئۇلار تىيېرنى كەلگۈسىدىكى ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتىنى ھەرقايسى جايلارغا ئالدىن ئۇقتۇرۇش ھەمدە تۇيۇقسىز چوڭ سايلام ئوتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ھەرقايسى ئولكىلەرنى ئارىلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. تىيېر بىر قىينچىلىقنى يېڭىشى كېرەك ئىدى. بوناپارتچىلارنىڭ فرانسىيە خەلقىنى بىزار قىلغانلىقىنى ئېيتمايلا تۇرايلى، ئۇلار كوپ سايلانغان

تەقدىردىمۇ، دەرھال دىگونى تىرىلدۇرەتتى ھەمدە تىيېر ئەپەندىگە ئوخشاش كىشىلەرنى كەيىئىنگە ساياھەت قىلىشقا ئەۋەتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورلېان پارتىيىسىنىڭ ئادىمى ئاز، كۈچى ئاجىز بولۇپ، ئۇزلىرىنىڭ ئورنىنى ۋە بوناپارتچىلار بوشاتقان ئورۇنلارنى تولدۇرالمايتتى. شۇڭا، جەزمەن جېكتۇكچىلارنى تىرىلدۈرۈش كېرەك ئىدى. تىيېرمۇ بۇ سەيىدىن زادى قورقمايتتى. جېكتۇكچىلارنىڭ ھازىرقى زامان فرانسىيە ھوكۇمىتى بولۇشى پىكرىگە سىغمايتتى، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار ھوقۇق تالىشىدىغان رەقىپ بولغاندىمۇ ھېچنىمىگە ئەرزىمەيتتى؛ بۇ پارتىيىنىڭ پۈتۈن پائالىيىتى، تىيېرنىڭ سوزى بىلەن ئېيتقاندا، ھەمىشە «تاشقى دۈشمەننىڭ بېسىپ كىرىشى، ئىچكى ئۇرۇش ۋە ھوكۇمەتسىزلىك ھالەت»تىن ئىبارەت 3 خىل ۋاستىگە تايىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ كەلگەن ئىدى (**تىيېرنىڭ 1833 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۇنى جۇكىيىۋەندە سوزلىگەن سوزى**)، شۇنىڭ ئۇچۇن، بۇ پارتىيە ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەرنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق قارغۇلارچە قورالى ئىدى. 1789 - يىلدىكى ئىنقىلاب مال - مۈلكىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئاز بىر قىسىم جېكتۇكچىلار ناپولېون I نىڭ مالىيى بولۇش ئارقىسىدا بۇرۇنقى بايلىقىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇۋالدى، لېكىن جېكتۇكچىلارنىڭ كوپ قىسمى تىرىلىش دەۋرىدە بىر مىليارت فرانك تولەم تارقىتىپ بېرىلىشى ۋە يەڭ ئىچىدە سوغا بېرىلىشى ئارقىسىدا قايتا مال - مۈلۈك قىلىۋالدى. لۇئى - فىلىپ ۋە كىچىك ناپولېوندىن ئىبارەت ئارقا - ئارقىدىن ئۆلىشىپ كەلگەن ئىككى سۇلالە ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا، ئۇلار ئاكتىپ سىياسى پائالىيەتتىن چېكىنىپ چىققان ئىدى، ھەتتا بۇ ئەھۋالمۇ ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى قايتا ئورنىغا كەلتۈرۈپ، يەر ئىگىلىرى

بولۇۋېلىشىنىڭ شەرتى بولغان ئىدى. ئۇلار پارىژدىكى ئوردا خىراجىتى ۋە ۋەكىل بولۇش خىراجىتىنى بىكار قىلىپ، فرانسىيىنىڭ باشقا ئۆلكىلىرىدىكى ھەرقايسى بۆلۈك - پۇشقاقلاردا ئولتۇرۇۋېلا، ئۇزلىرىنىڭ قورغىنىغا ھازىرقى زامان سانائەت دەرىخىدىن توكۇلگەن ئالتۇن ئالمىلارنى تېرىۋالىدىغان بولدى، چۈنكى تومۇرىيول ئۇلارنىڭ يېرىنىڭ باھاسىنى ئۆرلەتتى، يېزا ئىگىلىك كاپىتالىستلىرى توكىيشۇپ ئۇز يەرلىرىگە قولىلىنىپ، يەرنىڭ مەھسۇلاتىنى يەنىمۇ ئۇستۇردى، تېز سۈرئەتتە ئۇسۇۋاتقان شەھەر نوپۇسىنىڭ پۇتمەس - تۈگىمەس ئېھتىياجى ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرىنىڭ كېڭىيىشىنى كاپالەتلەندۈردى. ئۇلارنىڭ ماددى بايلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان قۇلدارلار ھەسسدارلىق گۇگىسىنىڭ شېرىكى بولۇشتەك موھىم ئورنىنى قايتىدىن يۇقىرى كوتەرگەن دەل مۇشۇ ئىجتىمائى ئامىللار ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان ئىدىيىسىنى يۇقىتۇرۇۋېلىشىنى توسۇپ، ئۇلارنى يېزىلارنىڭ ھېچنىمىدىن خەۋەرسىز، نادان ھالىتىدە قالدۇرۇپ، ھېچنىمىنىمۇ ئۇنىتۇمايدىغان، ھېچنىمىنىمۇ ئۇگىنىۋالماي- دىغان قىلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. مانا مۇشۇ كىشىلەر تىيېردەك مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ جىياگۇك قىلىشىنى تەمىنلەيدىغان نوقۇل ياسىسپ ماتېرىيال. بۇ مۇدھىش پاكار ئالىۋاستى دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتى ئۇزىگە تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشتا ئۇزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىن ئېشىپ كېتىپ، ئۇزى ئۇچۇن شۇنچىلىك كوپ ئاۋازغا ئىگە بولدىكى، ھەتتا دولەت مۇداپىە ئەرباپلىرىنى ئۇزى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان خوجايىنلاردىن ئۇزىگە قايىل بولغان مالايلارغا ئايلاندۇردى.

سايلام قىلتىغى ئەنە شۇنداق تەييارلاپ قويۇلغانلىغى ئۈچۈن، پارىژ تەسلىمچىلىرى ئۈشتۈمتۈتلا فرانسىيە خەلقىغە بىر ھەپتە ئىچىدە بىر گومىن يىخۇي سايلاپ چىقىشنى تاپىلىدى، بۇ يىخۇينىڭ ۋەزىپىسى، بىسماركنىڭ ئاغزاكى قويغان 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىكى كېلىشىم شەرتلىرىگە ئاساسەن، پەقەت سۇلھى ۋە ئۇرۇش مەسىلىسىنى بەلگىلەشلا ئىدى. بۇ قېتىمقى سايلام ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە شارائىتتا ئۆتكۈزۈلدى: ئويلىشىشقا، مەسلىھەتلىشىشكە ۋاقىت بولمىدى، فرانسىيىنىڭ يېرىمى پرۇسسىيە سىداۋلىرىنىڭ ھوكۈمرانلىغى ئاستىدا تۇراتتى، قالغان يېرىمى ھوكۈمەت سۇئىقەستىنىڭ يوشۇرۇن ئىدارە قىلىشىدا ئىدى، يەنە كېلىپ، پارىژ باشقا ئۆلكىلەردىن ئايرىپ قويۇلغان ئىدى؛ فرانسىيە خەلقى گەرچە مۇشۇنداق پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ئاستىدا تۇرسىمۇ، تەبىئى ئىقتىدارى بىلەن شۇنى ھېس قىلدىكى، تەسلىمچىلەر قوبۇل قىلغان ئۇرۇش توختىتىش شەرتلىرىنىڭ ئۆزى، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن تېچلىقنى قوبۇل قىلىش لازىم، دىگەننى بەلگىلىگەندىن تاشقىرى، فرانسىيىگە ھېچقانداق ئىلغۇۋىلىش (تاللىۋېلىش) ئىمكانىيىتىنى قالدۇرمىدى، بۇ بەلگىلىمىنى تەستىقلاش ئۈچۈن بولسا فرانسىيىنىڭ ئەڭ يامان ئادەملىرى ئەڭ مۇۋاپىق ئادەملەر ھېساپلاندى. شۇڭا بوردودا پومىشىكلار يىخۇيى بارلىققا كەلدى.

لېكىن بىز كونا تۈزۈم ئاستىدىكى بەزمە بىلەن پومىششىك يىخۇي ئەزالىرىنىڭ ھەقىقى تارىخى ئىشلىرىنى يەنىلا پەرقلەندۈرۈشىمىز لازىم. پومىششىك يىخۇي ئەزالىرى ئۆزلىرىدىن ۋە ئورلېانچىلاردىن تەشكىل تاپقان غايەت كوپ سانلىق ئىچىدە (بۇنىڭ ئىچىدە بەزى بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرى ۋە ئاز ساندىكى

بوناپارتچىلارمۇ بار) ئۇزلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك گۇرۇھ ئىكەنلىكىنى توساتتىن سېزىپ قالدى-دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇزلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بۇرۇنقى ئالتۇن دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا راستلا ئىشىنىپ قالدى. دەرۋەقە، فرانسىيە يەنە تاشقى دۇشمەنىنىڭ تومۇر تاپىنى ئاستىدا قالدى، دىگو يەنە ئاغدۇ- رۇپ تاشلاندى، بوناپارت يەنە ئەسىر چۈشتى، جېكتۇگچىلار بولسا يەنە باش كوتەردى. روشەنكى، تارىخ چاقى ئارقىغا بۇرۇلۇپ، 1816-يىلدىكى «تەگدىشى يوق يىيۇەن»گە قايتىپ بارغىلى تۇردى——ئۇلارنىڭ ئىنقىلاپ كەلكۈننى ۋە ئۇنىڭ كىشنى قورقىتىدى- غان تېلەتىنى غالجىرلىق بىلەن ۋە غەزەپ بىلەن قاغىشى، ئۇلارنىڭ «پارىژنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ھەم پايتەختلىك نامىنى ئېلىپ تاشلاش»نى تەلەپ قىلىشى، ئۇلارنىڭ فېوداللار قورغىنىدىكى يەرلىك كۈچلەر بىلەن دولەت ھوكۇمرانلىق تورىنى بۇزۇپ تاشلىغان «جايلارغا بېرىلگەن ھوقۇق تۈزۈمى»، ئۇلارنىڭ دىنىي ۋەز- نەسىھتى، ئۇلارنىڭ چىرىپ چېكىگە يەتكەن سىياسى جىياۋتياۋسى، ئۇلارنىڭ شېنىشلىق كېبىرىسى ۋە شاللاق-قوپال ئىستىلى، ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ جاپاكەش كەڭ ئامىنى كەمسىتىشى ۋە ئۇلارنىڭ oeil de boeuf[1] دىن دۇنيانى كۆزىتىدىغان نۇقتىنە- زىرى ئەسلىگە كېلىدىغان بولدى. لېكىن، ئەملىيەتتە، بۇ جېكتۇگ- چىلار پەقەت ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى لۇگدۇەن قىلغۇچىلار

---

[1] سوزمۇ-سوز تەرجىمىسى: «بۇقىنىڭ كوزى». بۇ يەردە كوزدە تۇتۇلغىنى ۋېرسال ئوردىسى ئىچىدىكى بىر سوقىچاق دېرىزىسى بار دالان، ئوردا ۋەزىرلىرى مۇشۇ يەردە قوبۇل قىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. —تەھرىردىن

سۈپىتىدىلا تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ ھەسسىدارى بولالايتتى. 1848 ـ يىلدىن 1851 ـ يىلغىچە، ئۇلار پەقەت «يىخۆي تۈزۈمدىكى جۇمھۇرىيەت»تىن ئىبارەت مۇشۇ ئورنى بوش قالغان سۇلالىدىكى بىر گۇرۇھلا ئىدى، ئوخشاشمايدىغىنى شۇكى، ئەينى زاماندا، ئۇلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلار خېلى تەربىيە كۆرگەن ۋە يىخۆي كۆرۈشى تەجرىبىسىگە باي بەزى شەخسلەر (مەسىلەن، بېررىيې، فاللۇ، لا روشجاكلېن قاتارلىقلار) ئىدى، ئەمدىلىكتە ئۇلارغا يېزا پومېشچىكلىرىدىن ئىبارەت بۇنداق قولدىن ئىش كەلمەيدىغان بىر نىمىلەرنىڭ ئىچىدىن ئۆزىنىڭ ۋەكىللىرىنى تاللاشقا توغرا كەلدى، شۇڭا ئۇلار يىخۆيغا باشقا بىر خىل كەيپىيات قوشۇپ، ئۇنىڭ بۇرژۇئا رېئاللىقىنى فېئوداللىق تۈس بىلەن ياپتى. ئۇلارنىڭ خىلمۇ-خىل بىمەنە چوڭ گەپلىرى (ۋەز-نەسىھەتلىرى) ئۆزلىرىنىڭ قاراقچى ھۆكۈمىتىنىڭ زىيۇجۇيىسىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ، خالاس. ئۇلار ئېزىقتۇرۇلۇش ئارقىسىدا، سايلىغۇچىلارنىڭ ۋاكالىتىدىن ئېشىپ كېتىدىغان چوڭ ھوقۇقنى قولىغا كىرگۈزىۋالدى، ئۇلار ھېلىقى ئۆزىنى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى دەپ ئاتىۋالغانلارنىڭ چىرايىغا قاراپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالدى. گەرچە 1814 ـ يىل ۋە 1815 ـ يىلدىكى تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ بېسىپ كىرىشى[163] بۇرژۇئاز بىردىنلا بېيىغانلارنىڭ ئۇلارغا قارشى تۇرۇشتىكى ئەجەللىك قورالى بولغان بولسىمۇ، ئۇلار تولىمۇ بىلىمسىزلىكى ۋە قارغۇلارچە ئاخماقلىقى بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ بۇرژۇئا دۈشمەنلىرى بۇ قېتىم فرانسىيىنى تاشقى دۈشمەنگە ئىككى قوللاپ سۆڭلاپ بەرگەنلىكىدەك تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن تەسلىمنىڭ جاۋاپكارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. پارىژ خەلقى دەسلەپتە،

ھەممە ئالىجاناپ بوسوناكىلار بورونىلا دەپنە قىلىۋېتىلگەن، دەپ قارىغان ئىدى، بوگون ئولارنىڭ يەنە پەيدا بولغانلىقىنى كوروپ تەئەججوپلىنىشتى ۋە نوموس ھېس قىلىشتى، ئولار 19 ـ ئەسىردىكى ئىنقىلاپنى ئېلىپ بېرىش زورور بولۇپلا قالماي، بەلكى 1789 ـ يىلدىكى ئىنقىلاپنى تەلتوكوس ئورونلاش يەنى بو ھايۋانلارنى يېزىلاردىكى ھەممە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ماكانىغا ــ قوشخانىغا ھەيدەش لازىملىقىنى چوشىنىۋېلىشتى.

## (5) ئىچكى ئورۇشنىڭ باشلىنىشى. 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈندىكى ئىنقىلاپ. كىلېمون توما. لېكونت. ۋاندوم مەيدانى ۋەقەسى

پارىژنى قورالسىزلاندۇرۇش ئەگەر ئەكسلئىنقىلاۋى سۇئىقەستنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىر زورۇر شەرتىلا بولىدىغان بولسا، ئەسلىدە ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ، ئېھتىياتلىق بىلەن ئىش كورۇشكە بولاتتى؛ لېكىن پارىژنى قورالسىزلاندۇرۇش جىددى، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە مالىيە شەرتنامىسىنىڭ بىر ماددىسى بولغان ئىكەن، ئۇنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۇرگىلى بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىيېر بىر سىياسى ئۆزگىرىش قىلىپ بېقىشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى: ئۇ دىكابىرچى ئۇنسۇر ۋىنوۋانى بىر شەھەر ساقچىسى دادۇيى بىلەن بىرنەچچە تۈەن دائىمى ئارمىيىنى باشلاپ بېرىپ، مونمارتىر ئىگىزلىكىگە كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. گومىن زىۋېيجۇننىڭ قارشىلىق كورسىتىشى ۋە گومىن زىۋېيجۇن بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ ئىناقلىقى ئارقىسىدا، ئۇنىڭ بۇ جىنايى

قەستى ئەمەلگە ئاشمىدى، ئەتىسى ئۇ پارىژنىڭ تاملىرىغا چاپلانغان بىر پارچە خىتاپنامىسىدە گومىن زىۋىيېجۇنىنىڭ ئۆز قوراللىرىنى ئۆزىگە ھەدىيە قىلىشنى كەڭ قوساقلىق بىلەن قارار قىلغانلىقىنى ئېيتقان، ئۇ يەنە گومىن زىۋىيېجۇنىنىڭ بۇ قوراللار بىلەن، ھوكۇمەت ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، «توپىلاڭچىلار»غا قارشى تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنىدىغانلىقىنى ئېيتقان. 300 مىڭ كىشىلىك گومىن زىۋىيېجۇنىدىن پەقەت 300 ىلا ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى. 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى شانلىق ئىشچىلار ئىنقىلاۋى پارىژنى پۈتۈنلەي تىزگىنلىۋالدى (ئىگەللىۋالدى).

مونمارتىرنىڭ مۇداپىئە خىزمىتىگە قوماندانلىق قىلغان ھەمدە 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سەھەردە ئىنقىلاپنىڭ رەھبىرى بولغان جۇڭياڭ ۋېيۈەنخۇي ھەم بىر مەھەللىك ۋاقىتلىق ئورگان ئەمەس، ھەم مەخپىي سۇيىقەستنىڭ مەھسۇلى ئەمەس ئىدى. پارىژ، تەسلىم بولغان كۈندىن تارتىپلا، جىددى تەييار تۇرغان ئىدى، چۈنكى، دولەت مۇداپىئە ھوكۇمىتى تەسلىم بولۇش شەرتلىرى بويىچە، فرانسىيىنى قورالسىزلاندۇرۇش ۋاقتىدا، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن 40 مىڭ كىشىلىك ئارمىيە ساقلاپ قالغان ئىدى، بۇنىڭدىن مەقسىدى پارىژنى باستۇرۇش ئىدى. گومىن زىۋىيېجۇن قايتا تەشكىل قىلىنىپ، ئالىي قوماندانلىق ھوقۇق ھەرقايىسى لىيەن ۋەكىللىرى — زور كوپچىلىگى ئىشچىلار — دىن تەركىپ تاپقان جۇڭياڭ ۋېيۈەنخۇيغا تاپشۇرۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسىي كۆچى ئىشچىلار ئولتۇراقلاشقان شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدا ئىدى، لېكىن ئۇ ناھايىتى تېزلا كونا بوناپارت ئارمىيىسىدىن باشقا ھەممە گومىن زىۋىيېجۇنىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. تەسلىمچىلەر خائىنلىق قىلىپ، پرۇسسىيە

ئارمىيىسى كىرىش ئالدىدا تۇرغان كوچىلاردا ئەتەي تاشلاپ كەتكەن زەمبىرەك ۋە كوپ ئېغىزلىق زەمبىرەكلەرنى جۇڭگىياڭ ۋېيپۇەنخۇي پرۇسسىيە ئارمىيىسى پارىژغا باستۇرۇپ كىرىش ھارپىسىدا ئامال قىلىپ مونمارتىر، بېلۋىل ۋە لا-ۋىللېتكە ئېلىپ كېلىۋالغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، گومىن زىۋېيجۇن ئۆزى توپلىغان پۇلغا ياسىتىلغان زەمبىرەكلەر ساقلاپ قېلىندى. 1-ئاينىڭ 28-كۈنىدىكى كېلىشىمدە، بۇ زەمبىرەكلەرنىڭ گومىن زىۋېيجۇننىڭ مۈلكى ئىكەنلىكى رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان ئىدى، شۇڭا تاپشۇرۇلۇشقا تېگىشلىك قوراللارنىڭ ئومۇمىي سانىغا كىرگۈزۈلمىگەن ئىدى. گومىن يىخۇي بوردودا يىغىن ئۆتكۈزگەندىن تارتىپ 3-ئاينىڭ 18-كۈنىگىچە بولغان پۈتۈن بىر مەزگىلدە، جۇڭگىياڭ ۋېيپۇەنخۇي باشتىن-ئاياق پايتەختنىڭ خەلق ھوكۇمىتى بولۇپ كەلدى، ئۇ شۇنداق قۇدرەت تاپتىكى، گومىن يىخۇينىڭ ھەرقانداق ئىغۋاگەرچىلىكىگە، مەمۇرى دائىرىلەرنىڭ ھەرقانداق كەسكىن تەدبىر قوللىنىشىغا قارىماي شۇنداقلا ئارمىيىنىڭ توپلىنىشى نەقەدەر تەھدىت سېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكىگە قارىماي، باشتىن-ئاياق قەتئىي مۇداپىئەلىنىش مەيدانىدا تۇرالىدى.

9-ئاينىڭ 4-كۈنىدىكى ئىنقىلاپ جۇمھۇرىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى. مۇھاسىرە مەزگىلىدە پارىژنىڭ قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كورسىتىشى باشقا ئۆلكىلەرنىڭ مۇداپىئە ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئاساسى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنى جۇمھۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتى ۋە مەقسىدى 3-ئاينىڭ 18-كۈنىدىكى ئىنقىلاپقا كەلگەندىلا، ئاندىن نامايەن بولاتتى، بۇنداق نامايەن بولۇشىنىڭ

ئۆزى بىر قېتىملىق ئىنقىلاپ ئىدى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپ كونا دۇنيا تۈزۈمى ئۈزىگە ئاساس قىلغان سىنىپىي ھوكۇمرانلىقىنىڭ ئىجتىمائى ۋە سىياسى شەرت ـ شارائىتىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتالىدى، بۇ ئىجتىمائى ۋە سىياسى شەرت ـ شارائىت ئىككىنچى دىگونى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ھەمدە بۇ دىگونىڭ ھامىلىغى ئاستىدا پۈتۈنلەي چىرىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن ئىدى. ياۋروپا خۇددى تواك تەپكەندەك سىلكىنىپ كەتتى. ياۋروپا ئۈزىنىڭ كوز ئالدىدا يۈزبېرىۋاتقان، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ سىياسى ۋە ھەربى ئۈزگىرىشلەرنىڭ چىنلىغىغا بىر مەھەل گۇمانلانغاندەك قىلىپ، بۇ ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن ئوتكەن ئىشلارغا دائىر خىيالىي تۈيغۇ بولسا كېرەك، دەپمۇ ئويلىدى.

گومىن زىۋېيجۇنىڭ ۋىنوۋانى تارمار قىلغانلىغى ھوكۇمران سىنىپ پىلانلىغان ئەكسىلئىنقىلاۋىي سۇئىقەستنى بىر قېتىم مەغلۇپ قىلغانلىغىلا ئىدى، لېكىن، پارىژ خەلقى ئۈزلىرىنى قوغداش يولىدىكى بۇ ۋەقەنى دەرھاللا ئىجتىمائى ئىنقىلاپنىڭ بىرىنچى ھەركىتىگە ئايلاندۇردى. ئورۇن تارتىۋالغۇچىلارنىڭ پادىشالىق تەختى بوش قالغاندىن كېيىن، 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى ئىنقىلاپ جۇمھۇرىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى. مۇھاسىرە مەزگىلىدە پارىژنىڭ قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كورسىتىشى باشقا ئۆلكىلەرنىڭ مۇداپىئە ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئاساسى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنى جۇمھۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ ھەقىقى ئەھمىيىتى ۋە مەقسىدى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگە كەلگەندىلا ئاندىن نامايەن بولاتتى. 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى ئىنقىلاپ كونا دۇنيا تۈزۈمى ئۈزىگە ئاساس قىلغان

سىنىپىي ھوكۈمرانلىقنىڭ ئىجتىمائى ۋە سىياسى شەرت ـ شارائىتىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتاتتى، بۇ شەرت ـ شارائىت ئىككىنچى دىگونى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ھەمدە بۇ دىگونىڭ ھامىلىغى ئاستىدا پۈتۈنلەي چىرىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن ئىدى. ياۋروپا خۇددى توك تەپكەندەك سىلكىنىپ كەتتى. ياۋروپا ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا يۈز- بېرىۋاتقان، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ سىياسى ۋە ھەربى ئۆزگىرىشلەرنىڭ چىنلىغىغا بىر مەھەل گۇمانلانغاندەك قىلىپ، بۇ ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن ئۆتكەن ئىشلارغا دائىر قانلىق يامان چۈش بولسا كېرەك، دەپمۇ ئويلىدى. پارىژ ئىشچىلار سىنىپى يۈزىگە ئۇزاق مۇددەتلىك ئاچلىقتىن قورۇق چۈشكەن، ئۈنىڭ ئۈستىگە يەنە پرۇسسىيە ئارمىيىسىنىڭ سىداۋلىرى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ بىر سەكرەپلا ئىلغارلىق ۋاھاكازالارنى قوغدىغۇچى بايىراقدارلارنىڭ ئورنىنى تارتىۋالدى.

تارىخىي ئىجاتچانلىغى ئۇرغۇپ تۇرغان، يۈكسەك قىزغىنلىقىقا ئىگە پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ ئىنقىلاۋى، پرولېتارىيات ئۆزىنىڭ تەبىى ئاقساقاللىرى (ئېسىل زاتلار)نىڭ ئىنقىلاۋىدا بولۇپمۇ ئەكسىلئىنقىلاپتا ئىنتايىن كۆپ كورۇلىدىغان جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزمەسلىكنى ئۆزىنىڭ شان ـ شوھرىتى بىلەن ئالاقىدار ئىش، دەپ ھېساپلايدۇ.

## كلېمون توما، لېكونت ۋە باشقىلار

ھالبۇكى، بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپنى بۇلغىغان قورقۇنچاۇق «زوراۋانلىق» قانداق ئىش؟

ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇلارغا تاڭغان ھەممە زوراۋانلىق ئىچىدە پەقەت ئىككى ئىش يەنى لېكونت ۋە كلېمون توما

جياڭجۈنلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە ۋاندوم مەيدانىدىكى ۋەقەلا ۋېرسالنىڭ غەرەزلىك ھاقارەتلىرى ياكى ئەرزەن باھالىق ئەدىبىيات قەلەندەرلىرى ئويدۇرۇپ چىققان سەپسەتىلەردىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئىككى ئىش توغرىسىدا قىسقىچىلا توختىلىپ ئۆتىمىز.

لېكونت جياڭجۈن مونمارتىرغا كېچىلىك تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا (جىنايى خىزمەتكە) تاللانغان ياللانما قاتىللاردىن بىرى، ئۇ پىگال مەيدانىدا ئۆزىنىڭ 81 ـ دائىمى تۈەن ئەسكەرلىرىگە قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇغىمۇ بولمىغان ئامىنى ئوققا تۇتۇشقا ئۇدا 4 قېتىم بۇيرۇق بەرگەن؛ ئەسكەرلەر ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلغاندا، ئۇ ئەسكەرلەرنى قاتتىق ھاقارەتلىگەن. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئانا ـ باللارنى ئاتماي، 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن قىزىل ساراي باغچىسىدا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئېتىپ تاشلىغان. فرانسىيە ئەسكەرلىرى ئىشچىلار سىنىپى دۈشمەنلىرىنىڭ تەربىيىسى ئارقىسىدا ئۆزىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈۋالغان ئادەتلەر، تەبىئكى، ئۇلارنىڭ ئىشچىلار تەرىپىگە ئۆتۈشى بىلەن بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. كلېمون توماننىمۇ مۇشۇ ئەسكەرلەر ئېتىپ تاشلىغان.

كلېمون توما «جياڭجۈن» ئۆتكەندە كۆتكىنىگە يېتەلمەي يۈرگەن ھەربىي لاۋازىمات جۇڭشىسى ئىدى، لۇئى ـ فىلىپ ھۆكۈمرانلىغىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە «جۇمھۇرىيەتچىلەر»نىڭ «گومىنباۋ» گېزىتخانىسىغا قوبۇل قىلىنىپ، ئۇ يەردە قورچاقلىق (جاۋاپكار جىڭگىلىق) ۋە قولچوماقلىق قوش رول ئوينىغان ئىدى. «گومىنباۋ» گۇرۇھىدىكىلەر فېۋرال ئىنقىلاۋىدىن پايدىلىنىش، ئالدامچىلىققا تايىنىش يولى بىلەن ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىپ، بۇ

سابىق ھەربى لاۋازىمات جۇڭشىسىنى «جياڭجۈن»لۈككە كۆتەردى. بۇ ئىيۇن چوڭ قىرغىنى ھارپىسىدىكى ئىش ئىدى. كلېمون توما جۇل فافېرغا ئوخشاش، بۇ ۋەقەنى زەھەرخەندىلىك بىلەن پىلانلىغان ئادەملەردىن بىرى، شۇنداقلا بۇ چوڭ قىرغىندىكى ئەڭ ۋەھشى جاللاتلاردىن بىرى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ جياڭجۈنلۈك ئۇنۋانى تۇيۇقسىزلا تىلغا ئېلىنماس بولۇپ قالدى. ئۇ يوقاپ كېتىپ، 1870 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە كەلگەندە يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىدە قولغا چۈشۈرۈلگەن دولەت مۇداپىئە ھوكۇمىتى بۇنىڭدىن بىر كۈن بۇرۇن بىلانىكى، فلورانس ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ باشقا ۋەكىللىرىگە ئۆزى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان ھاكىمىيەتنى پارىژ ئەركىن يوسۇندا سايلاپ چىققان كۈڭشېغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە تەنتەنىلىك بىلەن ۋەدە بەرگەن ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۆز ۋەدىسىنى ئورۇنلىمىدى، بەلكى تروشۇينىڭ برىتانى بۇدۇيىنى ـــ ھازىر ئۇلار لۇئى بوناپارتنىڭ قول ئاستىدىكى كورسىكا بۇدۇيىنىڭ ئورنىنى ئالدى ـــ كۇشكۇرتۇپ، ئۇلارنىڭ قەسىمگە ئىشىنىپ قالغان خەلقنى دەپسەندە قىلدۇردى. شۇ چاغدا پەقەت تامىزىي ئەپەندىلا بۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ نامىنى بۇلغاشنى خالىماي، گومىن زىۋېيجۈننىڭ زۇڭسىلىڭلىق ۋەزىپىسىدىن دەرھال ئىستىپا بەردى؛ ئۇنىڭ ئورنىغا كلېمون توما «جياڭجۈن» چىقىرىلدى. بۇ ئادەم زۇڭسىلىك بولغان پۇتكۇل مەزگىلدە، پرۇسسىيە ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلماي، بەلكى پارىژ گومىن زىۋېيجۈنى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئۇ تىنماي بانا تېپىپ، گومىن زىۋېيجۈننىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوراللىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى، گومىن

زىۋېيجۇننى پارچىلاش ئۈچۈن، گومىن زىۋېيجۇندىكى بۇرژۇئا ئۈنسۇرلىرىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىشچىلارغا قارشى تۇرۇشقا قۇشكۇرتتى، تروشۇي «پىلانى»غا قارشى تۇرغان جۈنگۈەنلەرنى چەتكە قاقتى، پرولېتارلار يىغىلىرىغا جەڭدە قورقۇنچاقلىق قىلدى دېگەن بەدنامىنى چاپلاپ، ئۇلارنى تارقىتىۋەتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ پرولېتارلار يىغىلىرىنىڭ قەھرىمان، جەسۇر روھىدىن ھازىر ئەڭ ۋەھشى دۈشمەنلەرمۇ چوچۇمەكتە. كلېمون توما ئىلگىرى ئىيۇن قىرغىنى ۋەقەسىدە پارىژ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان چاغدىكى داڭلىق ئورنىغا شەخسەن ئۆزى يېڭىۋاشتىن ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن مەمنۇن بولۇپ كەتتى. ئۇ 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بۇجاڭى لېفلوغا ئۆزىنىڭ «پارىژ توپىلاڭچىلىرىنىڭ la fine fleur (جەۋھىرى)نى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىش» پىلانىنى سۇندى. خۇددى ئىيۇن ئەرۋاھى چاپلىشىۋالغاندەك، ۋىنوۋا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئىختىيارسىز ھالدا **ئىشتىن سىرتقى** پايلاقچىلىق سالاھىيىتى بىلەن مەيدانغا چىقتى!

جۇڭياڭ ۋېيۈەنخۇي لېكونت ۋە كلېمون توما دېگەن بۇ ئىككى جىنايەتچىنى ئەسكەرلەرنىڭ قوپاللىق بىلەن قىلغان شەخسى سودىنىڭ ھوكمىدىن قۇتقۇزۇۋېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن نەتىجە بەرمىدى. بۇ جەھەتتە، جۇڭياڭ ۋېيۈەنخۇينىڭ ۋە پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك جاۋاپكارلىغى مەلىكە ئالېكساندىرانىڭ لوندون شەھىرىگە كىرىۋاتقان چېغىدا قىستى-قىستاڭ ئىچىدە ئۆلگەنلەرگە بولغان جاۋاپكارلىغى بىلەن ئوخشاش. جۇل فافىر قاتىللارنىڭ ماكانى بولغان بۇ پارىژنى مېھرى-شەپقەت

قىلغاندەك بولۇپ قاغىدى. يومشىشكىلار يىخۆيى ئەسەبىلەرچە، «ئىچ ئاغرىتىدىغان» بىر كورۇنۇش ئويۇن ئوينىدى. پەقەت خەلقىنىڭ قېنىنى توكۆشكە بانا تېپىش ۋاقتىدىكىسىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، بۇ ئادەملەر ئەزەلدىن تىماھ يېشىنى ئاققۇزۇپ باقمىغان ئىدى. كاتتا شەخسلەرنىڭ جەسەدىنى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ قورالى قىلىش — تەرتىپچىلەر پارتىيىسى ئەزەلدىن ئىشلىتىپ كەلگەن ھىلە-مىكىر. 1848-يىلى ئۇلار پارىژ چوڭ جۇجياۋسىنى گويا ئىيۇن قوزغىلاڭچىلىرى ئولتۇرگەندەك پۇتۇن ياۋروپانى زىلزىلىگە كەلتۇرگەن تېررورلۇق غوغا چىقارمىغانمىدى! ئەمىلىيەتتە ئۇلار چوڭ جۇجياۋنىڭ ئاساسىي ياردەمچىسى جاكمې ئەپەندىنىڭ — مۇشۇ ئوز كوزى بىلەن كورگۇچىنىڭ گۇۋالىق سوزىدىن چوڭ جۇجياۋنى كاۋىنياكىنىڭ ئوز ئەسكەرلىرى ئېتىپ ئولتۇرگەنلىكىنى پۇتۇنلەي بىلگەن ئىدى! پارىژنىڭ ھازىرقى چوڭ جۇجياۋسى[1] — قىلچىمۇ شېھىتلىك خىسلىتى يوق بىر ئادەم — تىيىرغا يازغان خېتىدە ئوزىنىڭ سەزگۇرلۇك بىلەن قىلغان ئەندىشىسىنى يەنى ئوزىنى گوكشىې ئولۇمگە ھوكۇم قىلسا، بۇ ئۇنىڭ ۋېرسالدىكى دوستلىرى ئۇچۇن خوشال-لىنىدىغان ئىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدى، چۇنكى ئۇلار مۇشۇ يېقىملىق ھەركەتكە ئاساسەن، گوكشېنىڭ جىنايىتىنى بېكىتىشنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۇتۇشمەكتە ئىدى! لېكىن، تىيىر «قاتىللار» دەپ تازا ۋاقىراشتىكى مەقسىدىگە يەتكەن چاغدا، گومىن يىخۇيىنىڭ مۇنبىرىدە «قاتىللىق ئەنزىسى» «ناھايىتى ئاز ساندىكى» نامى چىقمىغان كىشىلەرنىڭ يەڭ ئىچىدە قىلغان ئىشى ئىكەن، دەپ جاكالاپ، شۇنىڭ بىلەنلا بۇ ئىشنى بولدى قىلىۋەتتى.

---

[1] داربۇۋا. — تەھرىردىن

«تەرتىپچى شەخسلەر» يەنى پارىژ ئەكسىيەتچىلىرى خەلق غەلىبىسىنىڭ خەۋىرىنى — قاس ئېلىش سىگنالىنى — ئاڭلاش بىلەنلا دىر-دىر تىترەپ كېتىشتى، ئۇلار خەلقنىڭ ھەركىتى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەزەلدىن خەلقنىڭ مەغلۇبىيىتىنى تەبرىك-لەپ كەلگەنلىگىدەك ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىغا تامامەن ئوخشىماي قالغانلىغىنى كورۇپ، ئىنتايىن ھەيران قېلىشتى. ھەتتا شەھەر ساقچىلىرىمۇ قورالسىزلاندۇرۇلماي ۋە قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلانماي، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ۋېرسالغا بىمالال چېكىنىپ چىقىشى ئۈچۈن پارىژ دەرۋازىلىرى كەڭ ئېچىپ بېرىلدى: «تەرتىپچى شەخسلەر»نىڭ بىر تال مويىغا تېگىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇلارنىڭ پارىژنىڭ مەركىزىدە توپلىنىۋېلىشى ۋە پارىژنىڭ مەركىزىدىكى بەزى موھىم جېندىلەرنى ئاسانلا ئېلىۋېلىشىغا يول قويۇلدى. ئۇلارنىڭ جوڭياڭ ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ بۇنداق كەڭچىلىك قىلىش پوزىتسىيىسىنى ۋە قوراللىق ئىشچىلارنىڭ بۇنداق كەڭ قوساقلىق قىلىشىنى ئىشچىلارنىڭ ئوز ئاجىزلىغىنى سەزگەنلىگىنىڭ ئىپادىسى دەپ چۈشەندۈرۈشى تۇرغان گەپ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا بىر پىلان كېلىپ چىقتى — بۇنىڭدىن 4 كۈن ئىلگىرى ۋىنوۋا زەمبىرەك ۋە كوپ ئېغىزلىق زەمبىرەكلەر بىلەن ئورۇنلىيالمىغان ئىشنى «قۇرۇق قول» نامايىش ئوتكۈزۈش نىقاۋى ئاستىدا ئورۇن-لىماقچى بولۇشتى. بىر توپ ۋاڭ-چۇڭ كوتەرگەن «شېنشىلار» ئەڭ باي-ئاۋات كوچىلاردىن چىقىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەر خىل-ھەر ياڭزا پۇزۇر كىيىنگەن بايۋەچچىلەر بار ئىدى، ئۇلارنىڭ باشلامچىلىرى ئېكران، كۇتلۇگۇن، ئانرى دې پېن ۋە شۇلارغا ئوخشاش دىگونىڭ چوشقا كۇچۇكلىرى ئىدى. بۇ نىملەر

تىزىلىپ كېتىۋېتىپ، يول بويى «يوقالسۇن قاتىللار! يوقالسۇن جۇڭگىياڭ ۋېيىۋەنخۇي! ياشىسۇن گومىن يىخۇي!» دەپ توۋلاشتى. ئۇلار يول ئۈستىدە ئۇچرىغان گومىن زۇڭۋېيجۇنىنىڭ تارقاق قاراۋۇللىرىنى هە دەپ هاقارەتلەشتى هەمدە قوراللىرىنى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئاخىر، ئۇلار ۋاندوم مەيدانىدا توپلىنىپ، تىل-هاقارەت، ۋاڭ-چۇڭ بىلەن گومىن زۇڭۋېيجۇنىنى ئۇزىنىڭ باش سەنمۇبۇسىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا هەمدە ئېهتىيات سېپىنى بوسۇپ ئۆتۈشكە ئۇرۇندى. گومىن زۇڭۋېيجۇن ئۇلارنىڭ تاپانچىلار بىلەن قىلغان هۇجۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، دەسلەپ ئادەتتىكى sommations (ئەنگلىيىنىڭ پاراكەندىچىلىكنى بىكار قىلىش بۇيرۇغى ئوقۇغىنىغا تەڭ كېلىدۇ) نىلا ئوتتۇرىغا قويدى، لېكىن بۇنداق قىلىش بېسىپ كىرگۈچىلەرنى توسۇشتا هېچ ئۈنۈم بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن گومىن زۇڭۋېيجۇنىنىڭ بىر جىياڭجۈنى[1] ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇق بەردى، بۇ توپىلاڭچىلار بېشىنى ئىچكە تىققان پېتى بەدەر تىكىۋەتتى. گومىن زۇڭۋېيجۇنىنىڭ 2 ئەسكىرى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، 8 ى ئېغىر يارىدار قىلىندى؛ توپىلاڭچىلار تېرى-پېرەڭ بولۇپ قاچقان كوچىلارنىڭ هەممە يېرىدە تاپانچا، خەنجەر، هاسا قىلىچلار تاشلىنىپ ياتاتتى، بۇ ئۇلارنىڭ «تېنچ» نامايىشىنىڭ «قۇرۇق قول»لۇق خاراكتېرىنى ئوچۇق ئىسپاتلاپ بېرەتتى. 1849 - يىل 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى پارىژ گومىن زۇڭۋېيجۇنى فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئۇچىغا چىققان ياۋۇزلۇق بىلەن رىمغا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ هەقىقى «قۇرۇق قول» نامايىش قىلغان چاغدا،

---

[1] بىرژىرې.—تەھرىردىن

تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ جياڭجۇنى شانگارنىي نامايىش قوشۇنىغا چېپىش، ئاتىقا دەسسىتىش ۋە ئېتىش بىلەن تاقابىل تۇرغان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا، دەرھال ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىندى، يېڭى تۇتقۇن، يېڭى سۈرگۈن، يېڭى تېرورلۇق ھوكۇمرانلىقى باشلاندى. لېكىن، ئوخشاش ئەھۋال ئاستىدا، «پەس سىنىپ»نىڭ ئۇسۇلى پۈتۈنلەي باشقىچە بولدى. 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى قاچقۇنلار ھەم قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئۇچرىمىدى، ھەم قېچىۋاتقاندا كاشىلىغا ئۇچرىمىدى، ۋەقەدىن كېيىنمۇ فايۇەن تەرگەۋچىسى (juge d’instruction) نىڭ چاقىرتىپ سوراق قىلىشىغا ئۇچرىمىدى، شۇڭا ئۇلار 2 كۈندىن كېيىن يەنە دېڭىز ئارمىيىسى شاڭجياڭى سېپىي باشچىلىقىدا «قورالىلىق» نامايىش قىلالىدى. ھەتتا ئۇلار ئىككىنچى قېتىم بولغان بۇ ماجرادا شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ، پارىژدىكى باشقا شەھەر ئاھالىلىرىگە ئوخشاشلا گۇڭشېغا ئاۋاز بېرىشكە قاتنىششقا رۇخسەت قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن سايلامدا ئېلىشىپ كوردى. ئۇلار قان توكۇلمىگەن بۇ جەڭدە يېڭىلىپ، ئاخىر پارىژدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى، ئوزلىرىنى ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراتماي، تەنناز خېنىملار، ئەبگالار ۋە پايتەختتىكى باشقا خەتەرلىك ئۇنسۇرلارنى ئەگەشتۇرۇپ كوپلەپ چىقىپ كەتتى. 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «قۇرۇق قول شەھەر ئاھالىسى» قىرغىن قىلىندى، دىگەن سوز — ئەسلىدە بىر خىل ئەپسانە، شۇڭا تىيېر ۋە ئۇنىڭ «پومىششىكلار يىغۇيى»نىڭ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سوزلەپ يۈرۈشكە پېتىنالماي، بۇنى تارقىتىشنى ياۋروپا مەتبۇئات ساھەسىدىكى مالايلىرىغىلا ھاۋالە قىلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

جۇڭياڭ ۋېيبيۇەنخۇي بىلەن پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن تا مۇشۇ «تەرتىپچى شەخسلەر» پارىژدىن كوپلەپ چىقىپ كەتكەنگە قەدەر بولغان مەزگىل ئىچىدە بۇ ئادەملەرگە مۇئامىلە قىلىش ھەركىتىدىن سەۋەنلىك ئىزلەشكە توغرا كەلسە، بۇ ئۇلارنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق موتىدىل بولغانلىقى، موتىدىللىكتە ئاجىزلىققا يېقىنلىشىپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت.

---

ئەمدى بۇ كورۇنۇشنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قاراپ باقايلى!

تەرتىپچىلەر پارتىيىسى ئۇزلىرىنىڭ مونمارتىرغا قىلغان كېچىلىك تۇيۇقسىز ھۇجۇمى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا پارىژغا مۇنتىزىم ھۇجۇم باشلىدى. پارىژدىن قېچىپ كەتكەن ۋىنوۋا دىكابىر ئۇسۇلى بىلەن ئىچكى ئۇرۇش باشلىغانلىقى، ئەسىر ئېلىنغان دائىمى ئارمىيە ئەسكەرلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغانلىقى، بىزنىڭ باتۇر دوستىمىز دۇۋالنى پەسكەشلىك بىلەن ئولتۇرگەنلىكى ئۇچۇن، تيېر تەرىپىدىن پەخرى جۇنتۇەن چوڭ كىرىست ئوردىنى بىلەن مۇكاپاتلاندى! ئىككىنچى دىگونىڭ بەزمىلىرىدە ھېچبىر ئۇيالماستىن ياسىنىش بىلەن داڭ چىقارغان خوتۇنىنىڭ دىلدارى گاللىففې بىر رەسمى خىتاپنامىسىدە، ئۇزىنىڭ قانداق قىلىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ۋە خائىنلارنى سېتۋېلىش يولى بىلەن پارىژ گومىن زىۋېيجۇنىنىڭ فۇگۇەنى ۋە دۇيجاڭىنى ئۇز ئىچىگە ئالغان بىر دۇينى پەسكەشلىك بىلەن ئولتۇرگەنلىكى بىلەن ماختاندى. شيەنىڭ دېمارېمۇ مۇكاپات لاتىسىغا ئېرىشتى، چۈنكى ئۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىش قىلغان، ھەقىقانىيەت يولىدا قەھرىمانلىق قىلغان فلورانسنى خۇددى قاساپتەك پارچە ـ پارچە

قىلىپ توغرىۋەتكەن ئىدى؛ بۇ قېتىمقى زوراۋانلىقنىڭ «كىشىنى روھلاندۇرىدىغان» تەپسىلاتلىرىنى تىيېر كورەڭلىگەن ھالدا يىخۆيغا يەتكۈزدى. تومۇرلەڭ رولىدا چىقىۋاتقان باشمالتاقچىلىك بۇ پەتەك تىيېر پۈتۈنلەي نومۇسسىزلىق بىلەن خوشاللىغىدىن خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ئۆزىگە ئوخشاش پەتەكنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە قارشى چىققان «توپىلاڭچىلار»نىڭ ئۇرۇشقۇچى بىر تەرەپ بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە ئادەتتىلەرنى زادى ئېتىراپ قىلمىدى، ھەتتا «ياردارلارنى قۇتقۇزۇش پونكىتلىرى»غا بېرىلگەن ھوقۇقلارنىمۇ رەت قىلدى.

گۈگشى 4-ئاينىڭ 7-كۈنى قىساس ئېلىش پەرمانى چىقىرىپ، گۈگشىنىڭ ئۆزىنى ۋېرسال باسمىچىلىرىنىڭ ۋەھشىلەرچە خورلىشىدىن، قىرىشىدىن قوغداش، قانغا قان، جانغا جان ئېلىش مەسئۇلىيىتى بار، دەپ ئېلان قىلدى. بۇ چاغدا، ئەسىرلەرنى ئېتىش توختىدى، لېكىن ۋېرسال ئەسىرلەرنى ۋەھشىلەرچە خورلاشنى توختاتمىدى؛ بۇ ئەسىرلەر توغرىسىدا تىيېر ئۆزىنىڭ بىر ئاخباراتىدا قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دىدى:

«ھەقىقانى زاتلارنىڭ غەمكىن كوزلىرى نومۇسسىز دېموكراتىيە تۈزۈمى ئاستىدىكى مۇنداق نومۇسسىز چىرايلارنى ئەزەلدىن كورگەن ئەمەس.»

لېكىن، تىيېر ۋە ئۇنىڭ دىكابىر سىياسى ئۆزگىرىشىدىكى جياڭجۇنلىرى گۈگشىنىڭ پەرمانى بىر خىل تەھدىتلا ئىكەنلىكىنى ھەتتا پارىژدا قولغا ئېلىنغان، گومىن زىۋپىجۇن نىقاۋىغا كىرىۋالغان شيەنبىڭ پايلاقچىلار ۋە يېنىدىن پارتلاتقۇچ بومبا چىققان شەھەر ساقچىلىرىمۇ كېچىرىم قىلىنغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، كونا ئۇسۇلنى يەنە پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە ئۇنى بۇگۈنگىچە

داۋاملاشتۇردى. گومىن زىۋېيجۇننىڭ بەزى ئەسكەرلىرى بېل ـ ئېپېندا بېسىپ چۇشىدىغان ئۇستۇنلۇككە ئىگە ئاتلىق ئەسكەرلەر دۇيىگە تەسلىم بولغان ئىدى، كېيىن ئۇلارنى ئات مىنۇالغان ئاتلىق ئەسكەرلەر دۇيجاڭى بىر ـ بىرلەپ ئېتىپ تاشلىدى؛ پارىژ ئارمىيىسى ۋە گومىن زىۋېيجۇن ئەسكەرلىرى يوشۇرۇنغان ئۇيلەرنى شيەنبىڭلار تەرەپ ـ تەرەپتىن قورشاپ، كىرىسىن چېچىپ ئوت قويۇپ كويدۇرۇۋەتتى؛ كويۇپ كومەچ بولۇپ كەتكەن جەسەتلەرنى كېيىن پارىژ قۇتقۇزۇش دۇيى يوتكەپ كەتتى؛ خائىن ساتقىنلىق قىلغانلىقتىن، مۇلىن ـ ساك كوپ تەرەپلىك قورغىنىدىكى گومىن زىۋېيجۇن ئەسكەرلىرىنىڭ تۇيۇقسىز هۇجۇمغا ئۇچراپ، ئۇخلاۋاتقاندا سىداۋ سانچىپ ئولتۇرۇلۇشى (گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئۇخلاۋاتقاندا تۇيۇقسىز هۇجۇمغا ئۇچرىشى)؛ كالاماردىكى چوڭ قىرغىن (ئېتىش)، دائىمى ئارمىيە كىيىمنى كىيگەن ئەسىرلەرنىڭ شۇ جايدىلا ئېتىپ ئولتۇرۇلۇشى، ــ تيېرنىڭ ئاخباراتىدا يېڭىلىك بىلەن خەۋەر قىلىنغان بۇ توھپىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ قېتىمقى قۇلدارلار توپىلىڭىدىكى بىرقانچە ۋەقەدىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس! لېكىن، ئۇزلىرىنىڭ ئەڭ رەزىل سىنىپي مەنپەئەتى مەجبۇرلىغان ۋېرسال سۇئىقەستچىلىرى فرانسيە خارابىسىدە كەلتۇرۇپ چىقىرىۋاتقان بۇ قېتىمقى ئىچكى ئۇرۇشنى، بىسماركىنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشى ۋە بىسمارك ئەسكەرلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا پارىژنى توپقا تۇتۇۋاتقان ئەھۋالنى كورۇپ تۇرۇپ، پەقەت بىرقانچە ئايرىم دەھشەتلىك ۋەقەنىلا مىسال كەلتۇرۇش بىمەنىلىك ۋە كۇلكىلىك بولىدۇ! تيېرنىڭ ئوز ئاخباراتىدا بۇ ئىشلارنى دوكلات قىلىشتىكى يېڭىلىك پوزىتسىيىسى

ھەتتا ئانچە سەزگۈر بولمىغان «تايمىس گېزىتى»نىمۇ چوچۇتۇۋەتتى. ھالبۇكى، خۇددى ئىسپانلارنىڭ ھەمىشە دەيدىغىنىدەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى «نورمال» ئىدى. ھوكۇمران سىنىپنىڭ ئۆز ئىمتىيازىغا تەھدىت سېلىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىدىغان سىنىپ بىلەن بولغان كۈرىشىدە ھامان مۇشۇنداق زوراۋانلىق تولۇپ ياتقان بولىدۇ، لېكىن بۇ قېتىمقى كۈرەشتىكىدەك ئېزىلگۈچىلەر ھەددىدىن ئارتۇق ئادەمگەرچىلىكنى كورسەتكەن، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى بولسا مۇنچىۋالا پەسكەش نومۇسسىزلىغىنى ئىپادىلىگەن ئەھۋال بىرەر قېتىممۇ بولۇپ باقان ئەمەس...... تىيېر ئوتتۇرا ئەسىردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئاتلىقلارنىڭ مۇنۇ قەدىمقى ھېكمەتلىك سوزىگە مەڭگۈ ئەمەل قىلىدۇ: ئاددى خەلققە قارشى ئىشلىتىلگەنلىكى قورالنىڭ ھەممىسى ھەققانى قورال بولىدۇ.

**تىيېر ھەرقايسى ئولكە شېڭجاڭلىرىغا:** «يىخۇي خاتىرجەم يىغىن ئوتكۈزمەكتە» دەپ يازدى.

## بېل-ئېپېن ۋەقەسى

ۋىلىۋۈيىف ئەتراپىدىكى بېل-ئېپېندا مۇنداق بىر ۋەقە يۈزبەردى: 4-ئاينىڭ 25-كۈنى، گومىن زىۋېيجۇننىڭ 4 ئەسكىرى بىر دۈي ئاتلىق ئەسكەرلەر تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان ھەم قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇلغان. ئۇلار قارشىلىق كورسىتىشكە ئامالسىز قالغانلىقتىن، بويسۇنغان، لېكىن ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىمىغان. بىر ئازدىن كېيىن، ئاتلىق ئەسكەرلەر دۈيجاڭى (گالىلىففېنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئېسىل جۇنگۈەن) ئۇچقاندەك كېلىپ، تاپانچا بىلەن ئەسىرلەرنى بىر-بىرلەپ ئېتىپ

تاشلىغان، ئاندىن ئۇزىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر دۈيى بىلەن كېتىپ قالغان. زىۋېيجۇننىڭ 3 ئەسكىرى قۇربان بولغان، شېففېر دىگەن ئادىمى ئېغىر ياردار بولغان بولسىمۇ، لېكىن هايات قېپقالغان، كېيىن بىسىرتتىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغان. گۇڭشې دوختۇرخانىغا بىر تەكشۇرۇش ئومىكى ئەۋەتىپ، ئۇلەر ھالەتتە ياتقان بۇ ئەسكەرنىڭ گۇۋالىق سوزىنى خاتىرىلىۋالغان ھەم ئۇنى ئوز دوكلادىدا ئېلان قىلغان. گومىن يىخۇيدىكى بىر پارتىيە يىخۇي ئەزاسى بۇ دوكلاتقا ئاساسەن، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بۇجاڭىغا سوئال قويغاندا،«پومىشىك يىخۇي ئەزالىرى» ۋاڭ-چۇڭ كوتىرىپ، ئۇنىڭ سوزىنى بېسىپ كەتكەن ھەم قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بۇجاڭىغا جاۋاپ بەرگۇزمىگەن. مۇشۇنداق قاتىللىق جىنايىتى ئوتكۇزۇلسە ھېچ گەپ يوقۇ، لېكىن بۇ ھەقتە سوزلەنسە، ئۇلارنىڭ «شەرەپلىك» ئارمىيىسىنى ھاقارەتلىگەنلىك بولارمىش.

تىيېر ئۇزىنىڭ شېڭجاڭلىرىغا تارقاتقان بىر ئاخباراتىدا مۇنداق دەيدۇ: «يىخۇي خاتىرجەم يىغىن ئوتكۇزمەكتە» (ئۇلىلىۋېيېدەك ئازادە[1])، بۇ سوز يىخۇينىڭ ئىچكى ئۇرۇشتىكى زوراۋانلىقلارغا قانچىلىك خاتىرجەملىك كەيپىياتى بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىنى تولۇق چۇشەندۇرۇپ بېرىدۇ؛ مەمۇرى دائىرىلەر ۋە ئۇنىڭ بوشتىپ تۇرۇلغان جىنايەتچىلىرى تىيېرنىڭ ئېسىل نازۇ-نېمەتلەر قويۇلغان كاتتا زىياپىتىدە، گېرمانىيە ۋاڭ-گۇڭلىرىنىڭ داستىخىنى ئۇستىدە چوڭ يەپ چوڭ ئىچىپ يۇردى، بۇ ھەقتە لېكونت بىلەن كلېمون تومانىڭ ئەرۋاھىمۇ ئۇلارنىڭ ئىشتىيىنى

---

[1] بۇ نېمىكچە شۇشياڭى ئۇلىلۇۋېيېنىڭ سوزىدىن ئېلىنغان (مۇشۇ كىتاپنىڭ 186-بېتىگە قاراڭ). — تەھرىردىن

تۇتۇلدۇرۇپ قالالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## (6) گوڭشې

سېدان مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، لىيون، مارسېل ۋە تۇلۇز ئىشچىلىرى گوڭشې قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى[164]. گامبېتتا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى. پارىژ مۇھاسىرىدە تۇرغان مەزگىلدە، ئىشچىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆتەرگەن قوزغىلاڭلىرىنىڭ (بۇلار لۇئى بوناپارتنىڭ كورسىكا ئەسكەرلىرىگە تەڭداش بولالايدىغان تروشۇينىڭ برېتانى ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن يالغان بانىلار بىلەن ئارقا-ئارقىدىن باستۇرۇلدى) ھەممىسى گوڭشېنىڭ ئالدامچى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىدىكى سىناقلىرى ئىدى. شۇ چاغدا يوشۇرۇن غۇلغۇلا قىلىنىۋاتقان گوڭشې دەل 9-ئاينىڭ 4-كۈنىدىكى ئىنقىلاپنىڭ ھەقىقىي سىرى ئىدى. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، 3-ئاينىڭ 18-كۈنى سەھەردە، ئەكسىلئىنقىلاپ مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، پارىژنىڭ «ياشىسۇن گوڭشې!» دېگەن گۈلدۈرماممىدەك ساداسى چالا ئۇيقىدا ياتقان ياۋروپانى پرۇسسىيە دىگوسىنى چۈشەۋاتقان چېغىدا ئويغىتىۋەتتى!

گوڭشې — بۇرژۇئازىيە ھەرقانچە ئويلاپمۇ تېگىگە يېتەلمەيۋاتقان بۇ غەلىتە نەرسە زادى نېمە؟

ئەڭ ئاددىي چۈشەنچە بويىچە، بۇ — ئىشچىلار سىنىپى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي قورغىنىدا — پارىژدا ۋە باشقا سانائەت مەركەزلىرىدە — ھاكىمىيەتنى قولىدا تۇتۇشىنىڭ شەكلى.

جوڭگىياڭ ۋېيىۋەنخۇي ئۆزىنىڭ 3-ئاينىڭ 20-كۈنىدىكى خىتاپنامىسىدە مۇنداق دېگەن ئىدى:

«پايتەخت پۆرولېتارلىرى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغانلىقى ۋە ساتقىنلىق قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، جامائەت ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، ۋەزىيەتنى قۇتقۇزۇشنىڭ ۋاقتى-سائىتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندى...... ئۇلار ھاكىمىيەتنى (دۆلەت ھاكىمىيىتىنى) تارتىۋېلىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇش ئۇلارنىڭ دەرھال ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسى ۋە مۇتلەق ھوقۇقى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.»

لېكىن، پۆرولېتارىيات مەۋجۇت دۆلەت ئورگانىزمىنى ئاددىي ھالدا ئىگىلىۋېلىمەيدۇ ۋە بۇ تەييار قورالنى ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئىشلىتەلمەيدۇ، خۇددى ھۆكۈمران سىنىپ ۋە ئۇنىڭ ھوقۇق تالاشقۇچى ھەرقايسى پارتىيە-گۇرۇھلىرى بۇرۇن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى غەلىبە قىلغان چاغلىرىدا قىلغىنىدەك. ھاكىمىيەتنى ئىگىلەشنىڭ بىرىنچى شەرتى ئەنئەنىۋى دۆلەت خىزمەت ماشىنىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق قورالى سۈپىتىدە يوقىتىش. بۇ ناھايىتى چوڭ ھۆكۈمەت ماشىنىسى دائىمىي ئارمىيە، تەبىقە تۈزۈمىدىكى گۇەنلياۋلار، ئىتائەتمەن ساقچىلار، راھىپلار، پەسكەش فاگۇەنلەر ئارقىلىق رېئال جەمئىيەت ئورگانىزمىنى خۇددى بوغما ئىلاندەك تەرەپ-تەرەپتىن چىرمىۋالغان. ئۇ دەسلەپ پادىشالىق مۇستەبىتلىك دەۋرىدە ئىجات قىلىنغان بولۇپ، ئۇ چاغدا ئۇ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇش يولىدىكى كۈرىشىدە قورال بولغان ئىدى. ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىنىڭ ئەركىن راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تولۇق زېمىن تەييارلاپ بېرىشنى ۋەزىپە قىلغان بىرىنچى قېتىملىق فرانسىيە ئىنقىلاۋى جايلاردىكى،

رايونلاردىكى، شەھەر-جېنلاردىكى، باشقا ئۇلكىلەردىكى فېودالىلىق تۇزۇمىنىڭ بارلىق قورغانلىرىنى پاك-پاكىز تازىلاپ، ھوقۇق جۇڭياڭغا مەركەزلەشتۇرۇلگەن دولەت ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت بۇ ئۇستقۇرۇلما ئۇچۇن ئىجتىمائى جىدى تەييارلاپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ھوقۇق جۇڭياڭغا مەركەزلەشتۇرۇلگەن بۇنداق دولەت ھاكىمىيىتىنىڭ شتۇكلار ۋە تەبىقىلەر بويىچە ئىش تەقسىم قىلىش پىرىنسىپىغا ئاساسەن قۇرۇلغان، تارماقلىرى مۇرەككەپ بولغان، ھەرقايسى جايلارغا تارقالغان ئورگانلىرى بار ئىدى.

لېكىن، ئىشچىلار سىنىپى تەييار دولەت ماشىنىسىنى ئاددى ھالدا ئىگەللىيەلمەيدۇ ۋە ئۇنى ئوز مەقسىدىگە يېتىش ئۇچۇن ئىشلىتەلمەيدۇ. ئوزىنى قۇل قىلغان سىياسى قورالنى ئوزىنى ئازات قىلىشنىڭ سىياسى قورالى قىلىپ ئىشلىتەلمەيدۇ.

ھازىرقى زامان بۇرژۇئا دولىتى يىخۇي ۋە ھوكۇمەتتىن ئىبارەت 2 چوڭ ئورگاندا گەۋدىلىنىدۇ. 1848—1851-يىللاردىكى تەرتىپچىلەر پارتىيىسى جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە، يىخۇينىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ئوز قولىدا تۇتۇشى ئوزىنىڭ ئىنكار قىلىنىشىنى — ئىككىنچى دىگونى ۋۇجۇتقا كەلتۇردى، يىخۇينى پەقەت بېزەك قىلىۋالغان دىگو تۇزۇمى ھازىر قۇرۇقلۇقتىكى كوپچىلىك ھەربى چوڭ دولەتلەردە ئەۋج ئالغان تۇزۇم. بىر قاراشتا ھوكۇمەت ئورگىنىنىڭ چاڭگىلىغا كىرگۇزۇۋالغان بۇنداق دىكتاتۇرىسى گويا جەمىيەتنىڭ ئوزىگە قارىتىلغان دىكتاتۇرىدەك، ئۇ ھەم ئوخشاشلا بارلىق سىنىپلاردىن ئۇستۇن تۇرىدىغان، ھەم ئوخشاشلا بارلىق سىنىپلارنى كەمسىتىدىغاندەك كورۇنىدۇ، ئەمىلىيەتتە، ئۇ ھازىر — كەم دىگەندە ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا — ئوزلەشتۇرگۇچىلەر سىنىپىنىڭ ئىشلەپچىقارغۇچىلار

سنىپى ئۈستىدىن داۋاملىق ھوكۇمرانلىق يۈرگۈزەلىشىنىڭ بىردىن ـ بىر مۇمكىن بولغان دولەت شەكلى بولۇپ قالدى. فرانسىيىنىڭ ھالاك بولغان ھەممە يىخۇيلىرىدىن قېپقالغان، تېخىچە ۋېرسالدا ياتقان بىر توپ ئەرۋاھلار ئىگەللىگەن ئەملىي كۈچتىن، ئىككىنچى دىگو شارائىتىدا شەكىللەنگەن ھوكۇمەت ماشىنىسىدىن باشقا ھېچنىمە قالمىدى.

گۇەنلياۋلار، ساقچىلار، دائىمى ئارمىيە، راھىپلار، فاگۇەنلەر ئارقىلىق جەمىيەت ئورگانىزىمىنى خۇددى بوغما ئىلاندەك تەرەپ ـ تەرەپتىن چىرمىۋالغان ناھايىتى چوڭ ھوكۇمەت تەييارتاپى پادىشالىق مۇستەبىتلىك دەۋردە كېلىپ چىققان. شۇ چاغدا، ھوقۇق جۇڭياڭغا مەركەزلەشتۇرۇلگەن دولەت ھاكىمىيىتى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىنىڭ فېودالىق تۈزۈمىنىڭ بويۇنتۇرۇغىدىن قۇتۇلۇش يولىدىكى كۈرەشىدە كۈچلۈك قورال بولۇشى لازىم ئىدى. لىڭجۇلارنىڭ، جايلارنىڭ، شەھەر ـ جېنلار ـ نىڭ، ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئىمتىيازلىرىدىن ئىبارەت بۇ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئەخلەتلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاشنى ۋەزىپە قىلغان 18 ـ ئەسىردىكى فرانسىيە ئىنقىلاۋى ئەينى ۋاقىتتا ھوقۇق جۇڭياڭغا مەركەزلەشتۇرۇلگەن دولەت ھاكىمىيىتىنىڭ تولۇق راۋاجلىنىشىغا توسقۇن بولۇپ كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى توسالغۇنى ئىجتىمائى جىددىن سۈپۈرۈپ تاشلىمىسا بولمايتتى، بۇنداق دولەت ھاكىمىيىتىنىڭ شىتۇڭلار ۋە تەبىقىلەر بويىچە ئىش تەقسىم قىلىش پىرىنسىپىغا ئاساسەن قۇرۇلغان، ھەرقايسى جايلارغا تارقالغان ئورگانلىرى بار ئىدى. بۇنداق دولەت ھاكىمىيىتى بىرىنچى دىگو دەۋرىدە كېلىپ چىققان ئىدى، بىرىنچى دىگونىڭ ئۆزى بولسا چىرىك، يېرىم

فېوداللىق ياۋروپانىڭ يېقىنقى زامان فرانسىيىسىگە قارشى ئېلىپ بارغان بىرنەچچە قېتىملىق ئىتتىپاقچىلار ئۇرۇشىدىن كېلىپ چىققان ئىدى. كېيىنكى تىرىلىش، ئىيۇل سۇلالىسى، تەرتىپچىلەر پارتىيىسى جۇمھۇرىيىتىنىڭ يىخۇي تۈزۈمى شارائىتىدا، كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان مەنسەپكە، پۇلغا ۋە ھوقۇق ـ كۇچكە ئىگە بۇ دولەت ماشىنىسىنىڭ ئالى باشقۇرۇش ھوقۇقى ھوكۇمران سىنىپ ئىچىدىكى ھوقۇق تالاشقۇچى ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ تالىشىدىغان دۇيشياڭغا ئايلىنىپلا قالماي، بەلكى ھازىرقى زامان جەمىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ قوشۇنىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى، تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈردى، ئۇلارنىڭ قارشىلىق كورسىتىشىنى تېخىمۇ تەشكىللىك ھالغا كەلتۈردى، ئازاتلىقنى تەلەپ قىلىش ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى، بىر ئېغىز سوز بىلەن ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان سىنىپىي كۇرىشى ــ ئەمگەك بىلەن كاپىتالنىڭ كۇرىشى ــ نىڭ تېخىمۇ روشەن شەكىل ۋە كولەمدە بولۇشىغا ئەگىشىپ، دولەت ھاكىمىيىتىنىڭ قىياپىتى ۋە خاراكتېرىدىمۇ كوزگە كورۇنەرلىك ئوزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئۇ ئەزەلدىنلا تەرتىپنى قوغدايدىغان يەنى مەۋجۇت جەمىيەت تۈزۈمىنى قوغدايدىغان، شۇنداق قىلىپ ئوزلەشتۈرگۈچىلەر سىنىپىنىڭ ئىشلەپچىقارغۇچىلار سىنىپى ئۇستىدىكى زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى قوغدايدىغان بىر خىل ھاكىمىيەت بولۇپ كەلدى. لېكىن، مۇشۇنداق تەرتىپ كىشىلەر تەرىپىدىن باشقىچە پىكىردە بولۇشقا يول قويمايدىغان، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان مۇقەررەر ھادىسە دەپ قارىلىدىغانلا بولسا، دولەت ھاكىمىيىتى ھېچقايسى تەرەپكە يان باسمايدىغان قىياپەتتە بولالايدۇ.

بۇنداق ھاكىمىيەت ئامىنىڭ ھازىرقى بويسۇنغۇچىلىق ئورنىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان قائىدە سۈپىتىدە، ئاما سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېرىدىغان لېكىن ئۇلارنىڭ «تەبىي ئاقساقاللىرى» بولسا بىمالال پايدىلىنىدىغان ئىجتىمائىي پاكىتلار سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىۋەردى. جەمىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا يەنى سىنىپىي كۈرەش باسقۇچىغا كىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ تەشكىللىك بولغان ئىجتىمائىي كۈچىنىڭ خاراكتېرى يەنى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ خاراكتېرىمۇ ئۆزگەرمەي قالمىدى (ئۇمۇ بىر قېتىملىق روشەن ئۆزگىرىشنى بېشىدىن كەچۈردى) ھەممىدە ئۆزىنىڭ سىنىپىي مۇستەبىتلىك قورال بولۇش خاراكتېرىنى، بايلىق ئۆزلەشتۈرگۈچە-لەرنىڭ بايلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى ئىجتىمائىي قۇل قىلىشىنى ۋە كاپىتالنىڭ ئەمگەك ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي ھۆكۈمرانلىقىنى زورلۇق بىلەن ئۇزاقىچە ساقلاپ قالىدىغان سىياسىي ماشىنا بولۇش خاراكتېرىنى بارغانسېرى تەرەققىي قىلدۇردى. ھەر قېتىملىق يېڭى خەلق ئىنقىلابى دۆلەت ماشىنىسىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ھامان بەزى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قولىدىن يەنە بەزى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قولىغا ئۆتكۈزدى، ھەر قېتىمقى مۇشۇنداق ئىنقىلاپتىن كېيىن، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئەزگۈچىلىك خاراكتېرى تېخىمۇ تولۇق راۋاجلاندى ھەم ئۇنىڭدىن رەھىمسىزلىك بىلەن پايدىلىنىلدى، چۈنكى ئىنقىلاپ بەرگەن، گويا كاپالەتكە ئىگە بولغان ۋەدىلەرنى زورلۇق كۈچ ئىشلەتكەندىلا بۇزۇپ تاشلىغىلى بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، كېيىن ئارقا-ئارقىدىن يۈزبەرگەن ئىنقىلابلار ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلەر كاپىتال كۈچىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي پاكىتنى

سىياسى جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن دولەت ھاكىمىيىتىنى بارغانسىرى توغرىدىن - توغرا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىۋاستە دۈشمەنلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئىيۇل ئىنقىلاۋى ھاكىمىيەتنى پومىششىكلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، زاۋۇدى بار چوڭ سودىگەرلەرگە (چوڭ كاپىتالىستلارغا) ئۆتكۈزۈپ بەردى، فېۋرال ئىنقىلاۋى يەنە ھاكىمىيەتنى بىرلەشكەن ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، بۇ پارتىيە - گۇرۇھلار ئىشچىلار سىنىپىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەرتىپلىرىنى قوغداش ئۈچۈن «تەرتىپچىلەر پارتىيىسى» بولۇپ بىرلەشتى. يىخۇي تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدە، دولەت ھاكىمىيىتى ئاخىر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر سىنىپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلق ئاممىسىغا قارشى ئاشكارا ئۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان قورالىغا ئايلىنىپ قالدى. لېكىن ئۇ ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئاشكارا قورالى بولۇش سۈپىتىدە، پەقەت ئىچكى ئۇرۇش بولغان چاغلاردىلا ئىشلىتىلەتتى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، يىخۇي تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەتنىڭ ياشاش شەرتى ئوچۇق ئېلان قىلىنىغان ئىچكى ئۇرۇش ھالىتىنى ئۇزارتىش يەنى بۇ ئىچكى ئۇرۇش تەرتىپ نامىدا يولغا قويغان «تەرتىپ»نى ئىنكار قىلىش ئىدى. بۇ پەقەت ۋاقىتلىق، مۇستەسنا ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ جەمىيەتنىڭ نورمال سىياسى شەكلى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا زور كۆپچىلىك بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا چىداپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىدىغان بارلىق ئامىللىرى يوقىتىلغاندىن كېيىن، يىخۇي تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت

ئىككىنچى دىگو ئالدىدا غايىپ بولۇشقا (ئىككىنچى دىگوغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىشكە) مەجبۇر بولدى.

دىگو، مەملىكەت بويىچە كوپچىلىكنى تەشكىل قىلغان ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا، — يەنى گويا كاپىتال بىلەن ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي كۈرەشتىن سىرت تۇرىدىغان (ئىككى چوڭ قارىمۇ-قارشى ئىجتىمائى كۈچكە پەرۋاسىزلىق ۋە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان) دىخانلارغا تاياندىم، دەيتتى؛ ئۇ دولەت ھاكىمىيىتىنى ھوكۇمران سىنىپلار بىلەن ھوكۇمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلاردىن ئۇستۇن تۇرىدىغان بىر خىل كۈچ سۈپىتىدە ئىشلەتتى؛ ئىككى سىنىپنى ۋاقتىنچە ئۇرۇش توختىتىشقا مەجبۇر قىلدى (سىياسى يەنى ئىنقىلاۋىي سىنىپىي كۈرەش شەكلىنى جىمىقتۇرۇۋەتتى)؛ يىخۇي ھاكىمىيىتىنى يەنى ئۇزلەشتۇرگۇچىلەر سىنىپىنىڭ بىۋاستە سىياسى ھاكىمىيىتىنى تارمار قىلىش ئارقىلىق دولەت ھاكىمىيىتىنىڭ سىنىپىي مۇستەبىتچىلىگىنىڭ بىۋاستە تاشقى كورۇنۇشىنى ئېلىپ تاشلىدى. بۇ دىگو كونا جەمىيەت تەرتىۋىنى بىر مەزگىل ئۇزارتالايدىغان بىردىن-بىر دولەت شەكلى ئىدى. شۇڭا، پۈتۈن دۇنيا بۇ دىگونى «تەرتىپنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى» دەپ ئالقىشلىغان ئىدى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى قۇلدار بولۇشنى ئويلايدىغان كىشلەر ئۇنى 20 يىلدىن بۇيان ئىزچىل مەدھىيىلەپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ھوكۇمرانلىغى ئاستىدا — مۇشۇ چاغدا دەل كالىفورنىيە بىلەن ئاۋستىرالىيە دۇنيا بازىرىنى ئوزگەرتىۋەتتى[165]، ئامېرىكا كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە تەرەققى قىلدى، — سانائەتنىڭ مىسلىسىز جانلىنىش دەۋرى باشلاندى، جىاۋيىو ھايانكەشلىگى، پۇل مۇئامىلە ئالدامچىلىغى، ھەسسىدارلىق گۇڭسىنىڭ تەۋەككۇلچىلىك ھەركىتى بىر

مەھەل ئەۋج ئالدى، ۋاھالەنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا سىنىپلارنى مەھرۇم قىلىش ئارقىلىق كاپىتالنى تېز مەركەزلىشىشكە ئېلىپ كەلدى ھەمدە كاپىتالىستلار سىنىپى بىلەن ئىشچىلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى خەندەكنى كۈندىن-كۈنگە كېڭەيتتى. كاپىتالىزىم تۈزۈمىنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى تولۇق راۋاجلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى، شۇنىڭ بىلەن كاپىتالىزىم تۈزۈمىنىڭ پۈتۈن رەزىل-ئىپلاسلىقلىرى توسالغۇسىز يامراپ كەتتى. بۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېكىدىن ئاشقان كەيپ-ساپالىق، ئەل ئاماندەك قىلىپ پەدەزلەنگەن بەزمە ئىدى، «ئەلا سىنىپ»نىڭ بارلىق پەس ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنىڭ ئالۋاستىلار دۇنياسى ئىدى. ھۆكۈمەت ھاكىمىيىتىنىڭ بۇنداق ئاخىرقى شەكلى ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئۇنىڭ ئەڭ بۇزۇق شەكلى ئىدى، بىر تۈركۈم تەۋەككۈلچىلەرنىڭ دۆلەت بايلىغىنى نومۇسسىزلارچە تالان-تاراج قىلىشى، دۆلەتنى كۆپلەپ قەرزدار قىلىدىغان زىمىن، ئىپپەت-نومۇسنى سېتىشقا ئوقۇلغان مەدھىيە، بىر خىل ساختا-ياسالما بىمەنە تۇرمۇش ئىدى. بېشىدىن ئايىغىچە ئېسىل تونغا ئورۇنىۋالغان ھۆكۈمەت ھاكىمىيىتى پاتقاققا پېتىپ قالدى. پرۇسسىيە ئەسلىدە بۇنداق ھەشەمەتلىك، قانلىق، ئىپلاس تۈزۈمنىڭ ياۋروپادىكى ئېغىرلىق مەركىزىنى پارىژدىن بېرلىنغا كۆچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇنىڭ سىداۋلىرى بولسا دۆلەت ماشىنىسىنىڭ ئۆزىدىكى ئۆزۈل-كېسىل چىرىكلىكنى ۋە بۇنداق تۈزۈم ئاستىدا گۈللەپ ئۆسكەن پۈتۈن جەمئىيەت ئورگانىزمىدىكى چىرىكلىكنى تولۇق ئېچىپ تاشلىدى.

پارىژ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاغدۇرماقچى بولغىنى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ بۇنداق ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ بۇزۇق شەكلى، ئۇنىڭ

ئەڭ يۇقۇرى ۋە ئەڭ رەزىل رىياللىغى ئىدى، بەلكى پەقەت مۇشۇ سىنىپلا جەمىيەتنى ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرالايتتى. يىخۇي تۇزۇمگە كەلسەك، ئۇنى ئۇزىنىڭ غەلىبىسى ۋە دىگو ئاللىقاچان دەپنە قىلىۋەتكەن ئىدى. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ قىلماقچى بولغىنى ئۇنى ئەسلىگە كەلتۇرمەسلىك ئىدى.

ئىشچىلارنىڭ پاچاقلاپ تاشلىشىغا تېگىشلىكى كونا جەمىيەتنىڭ ئانچە مۇكەممەل بولمىغان ھوكۇمەت ھاكىمىيىتى شەكلى ئەمەس، بەلكى ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ مۇكەممەل شەكلىگە ئىگە مۇشۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئۇزى يەنى **دىگو** ئىدى. **گۇڭشې — دىگو**غا توغرىدىن - توغرا قارىمۇ - قارشى نەرسە.

ئەڭ ئاددى ئۇقۇم بىلەن ئېيتقاندا، گۇڭشې كونا ھوكۇمەت ماشىنىسىنىڭ مەركىزى بولغان جايلاردا — پارىژدا ۋە فرانسىيىنىڭ باشقا چوڭ شەھەرلىرىدە — بۇ ماشىنىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەقىقى ئۇزىنى ئۇزى ئىدارە قىلىشنىڭ قويۇلغانلىغىدىن دېرەك بېرەتتى، بۇنداق ئۇزىنى ئۇزى ئىدارە قىلىش ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىجتىمائى قورغىنىدا — پارىژدا ۋە باشقا چوڭ شەھەرلەردە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھوكۇمىتى ئىدى. مۇھاسىرە قىلىنغانلىقتىن، پارىژ ئارمىيىدىن قۇتۇلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاساسەن پارىژ ئىشچىلىرىدىن تەركىپ تاپقان گومىن زىۋبېجۇن قويۇلدى. مۇشۇ ئەھۋال سەۋەبىدىنلا، 3-ئاينىڭ 18-كۇنىدىكى قوزغىلاڭغا مۇمكىنچىلىك تۇغۇلدى. بۇ پاكىتنى مۇقىم تۇزۇمگە ئايلاندۇرۇش لازىم؛ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەردىكى گومىن زىۋبېجۇننى يەنى قورالىنىپ، ھوكۇمەتنىڭ ھوقۇقنى تارتىۋېلىش ھەركىتىگە قارشى تۇرغان خەلقنى ھوكۇمەتنى قوغداپ، خەلققە قارشى تۇرىدىغان دائىمى ئارمىيە ئورنىغا قويۇش

لازىم. گومىنداڭ ھەرقايسى رايونلاردىكى ئومۇمخەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق سايلىنىپ چىققان شەھەر ۋەكىللىرىدىن تەركىپ تېپىشى لازىم (چۈنكى پارتىيە گومىنداڭنىڭ بىرىنچى تەشەببۇسچىسى ۋە نەمۇنىسى، بىز ئۇنى ئۆلگە قىلىشىمىز لازىم)، بۇ شەھەر ۋەكىللىرى سايلىغۇچىلار ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، ئۇلارنى خالىغان ۋاقىتتا ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى، تەبىئىكى، ئىشچىلار ياكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ۋەكىللىرى. ئۇ يىغىۋېلىش شەكلىدىكى ئورگان ئەمەس، بەلكى مەمۇرى ئىشنىمۇ ۋە قانۇن چىقىرىشنىمۇ بىرلا ۋاقىتتا باشقۇرىدىغان خىزمەت ئورگىنى بولۇشى كېرەك. ساقچى ئەمدى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قورالى بولماسلىقى، بەلكى باشقا بارلىق مەمۇرى ئورۇنلاردىكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىگە ئوخشاش، گومىنداڭ تەرىپىدىن تەيىنلىنىدىغان بەلكى خالىغان ۋاقىتتا ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان گومىنداڭ خىزمەتكارى بولۇشى لازىم؛ بارلىق ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى، گومىنداڭ ۋەكىللىرىگە ئوخشاش، ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىگە باراۋەر كېلىدىغان مۇئاشىنىلا ئېلىشقا تېگىشلىك. قاگوۋەنلەرمۇ سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلىشى ھەم خالىغان ۋاقىتتا ئالماشتۇرۇلۇشى شۇنداقلا سايلىغۇچىلار ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى لازىم. جەمىيەتنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق تەشەببۇس ھوقۇقى گومىنداڭغا قالدۇرۇلىدى. قىسقىسى، بارلىق ئىجتىمائى جامائەت خىزمەتلىرى ھەتتا ئەسلى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە مەنسۇپ بولۇشقا تېگىشلىك ئازغىنا بىرنەچچە خىل جىزنېگىنىمۇ گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئىجرا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ. جۇڭگودا جىزنېڭ — ھۆكۈمەتنىڭ خەلقنى تىزگىنلەيدىغان

نوپۇزى ئەمەس، بەلكى دولەتنىڭ ئومۇمى ئورتاق ئېھتىياجى
تۇپەيلىدىن ئىجرا قىلىش شەرت بولغان جژنبكى كوزدە تۇتۇلىدۇ—
قالمايدۇ، دەپ تۇرۇۋېلىش ئىنتايىن بىمەنىلىك. بۇ جژنبكىلار
مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ بىراق، بۇ جژنبكىلارنى يۇرگۇزىدىغان
كىشىلەر كونا ھوكۇمەت ماشىنىسىدىكىدەك ئۇزىنى رىيال
جەمىيەتتىن ئۇستۇن قويالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، چۇنكى بۇ
جژنبكىلارنى **گۇگشى ئەمەلدارلىرى** يۇرگۇزىدۇ، شۇڭا ھامان
ھەقىقى نازارەت ئاستىدا بولىدۇ. ئىجتىمائى جامائەت خىزمەتلىرى
ئەمدى جۇڭياڭ ھوكۇمىتى ئۇز چاپارمەنلىرىگە ئىنئام قىلغان خۇسۇسى
مۇلۇك بولمايدۇ. دائىمى ئارمىيە ۋە ھوكۇمەت ساقچىلىرىنىڭ بىكار
قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، زۇلۇم سالىدىغان ماددى كۇچ بىتچىت قىلى-
نىدۇ. جىياۋخۇينىڭ دولەتتىن ئايرىۋېتىلىدىغانلىقى ھەمدە بارلىق
جىياۋخۇيلار ئىگىلىۋالغان مال-مۇلۇكنىڭ تارتىۋېلىنىدىغانلىقى؛
ھوكۇمەت باشقۇرغان بارلىق مەكتەپلەردىن دىنىي تەربىيە چىقىرىپ
تاشلىنىدىغانلىقى (شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەقسىز مائارىپ يولغا
قويۇلىدىغانلىقى)، شۇنىڭ بىلەن دىندارلار ئۇزلىرىنىڭ دەرۋىشلىك
تۇرمۇش دائىرىسىگە قايتۇرۇلۇپ، مۇرىتلىرىنىڭ خەيرى-ساخاۋىتى-
لىرى بىلەن قامدىلىدىغانلىقى؛ بارلىق مەكتەپلەر ھوكۇمەتنىڭ
نازارىتى ۋە تۇل قىلىشىغا ئۇچرىمايدىغانلىقى جاكالاندى، — مانا
بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇقەررەر ھالدا مەنىۋى زۇلۇم كۇچلىرىنى
بىتچىت قىلىپ، ئىلىم-پەننى ھەممە ئادەمنىڭ ئۇلۇشى بار نەرسىگە
ئايلاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى ھوكۇمەتنىڭ بېسىمى ۋە سىنىپىي
ئاداۋەتنىڭ سىرتىمىغىدىنمۇ قۇتۇلدۇرىدۇ. شەھەر بېجى گۇگشى
تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ھەم ئېلىنىدۇ، پۇتۇن مەملىكەت خاراكتېرلىق

جامائەت ئېھتىياجى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان باج پۇلىنى گۇڭشې خىزمەتچىلىرى ئالىدۇ ھەم گۇڭشېنىڭ ئۆزى تۈرلۈك جامائەت ئېھتىياجلىرىغا ئاجرىتىپ بېرىدۇ (تۈرلۈك جامائەت ئېھتىياجى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان چىقىمنى گۇڭشې ئۆزى نازارەت قىلىدۇ).

ھۆكۈمەتنىڭ باستۇرۇش كۈچى ۋە جەمئىيەتنى تىزگىنلەيدىغان نوپۇزى ئۆزىنىڭ نوقۇل زۇلۇم سېلىش خاراكتېرىدىكى ئورگانلىرىنىڭ بىكار قىلىنىشىغا ئەگىشىپ بىتچىت قىلىنىدۇ، ھۆكۈمەت ھاكىمىيىتىگە مەنسۇپ بولۇشقا تېگىشلىك جژنېڭنى بولسا جەمئىيەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئورگانلار ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ مەسئۇل خىزمەتكارلىرى يۈرگۈزۈشى لازىم.

## (7) خاتىمە

جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىۋاتقان، تىرىشىپ ئەمگەك قىلىۋاتقان، كوڭۇل قويۇپ پىكىر قىلىۋاتقان پارىژ تارىخىي ئىجاتچانلىق روھىنىڭ قىزغىنلىقىدىن ئىلھام ئېلىپ، رىيال قەھرىمانلىق جاسارەتكە تولۇپ تاشماقتا، بۇ — تۇغۇلۇش ئالدىدىكى تولغاق ئۈستىدە تۇرغان يېڭى جەمئىيەت؛ ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي قارىمۇ-قارشى بولغىنى ۋېرسالنىڭ كونا جەمئىيىتى، يەنى پۈتۈنلەي ساختا، يالغان سوز بىلەن تولغان دۇنيا. بۇ دۇنيانىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى پومېشچىكلار يىخۇيى، ئۇ يەرگە فرانسىيىنىڭ ئۆتكەن دەۋرلەردىكى سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بارلىق كونا تۈزۈملىرىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، دۇدۇقلاپ سوزلەيدىغان جەسەتخور ئالۋاستىلار توپلانغان بولۇپ، بۇلارنىڭ باشلامچىسى تازا چىرىپ كەتكەن

بىر يىخۇي مەلئۇنى، ئۇلارنىڭ قىلىچى ئۇزلىرىنىڭ پرۇسسىيىلىك بويسۇندۇرغۇچىلىرىنىڭ ئالدىدا پارىژنى توپقا تۇتقان بىر توپ دىگو تەسلىمچىلىرىنىڭ قولىدا.

فرانسىيە ئىككىنچى دىگو يىمرىلگەندە دوۋىلىگەن زور خارابە، ئۇلار ئۇچۇن ئىپتىقاندا، بۇرۇنقى پۇتۇن خارابە — ئەخلەتلەرنى يەنى جىبكتۇكچىلار ياكى ئورلىانچىلاردىن ئىبارەت ئەخلەتنى قىزىش ھەم ئۇنى يەر ئۇستىگە چىقىرىشنىڭ ياخشى پۇرستى ئىدى.

ئۇلار ئوتمۇشتىكى بارلىق قاچقۇنلار گۇرۇھىنىڭ جەسەت سىپىقچىلىغى ئىچىدە ھاياتلىق ئوتىنى تۇتاشتۇرۇشقا تىرىشاتتى. (ئۇلار نەپەس ئالغان ھاۋا ئوتمۇشتىكى بارلىق قاچقۇنلار گۇرۇھىنىڭ سىپىغان جەسەت ھىدى ئىدى.)

ئۇلار بىرلىكتە ھاياتقا قەست قىلدۇ، ئوزلىرىنىڭ سىنىپىي خۇسۇسى مەنپەئەتىنىلا كوزلەيدۇ، فرانسىيە جەمىيىتىنىڭ جەسىدىنى تىتىپ - تىتىپ يەۋىتىش خام خىيالىدا بولىدۇ، قولدارلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ، ھازىرغا ئوچمەنلىك قىلىدۇ، پارىژغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ — بۇلاردىن باشقا، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھىچقانداق ھەقىقى نەرسە يوق.

ئۇلارنىڭ لۇئى - فىلىپ ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋرىدىكى ھىلىقى كونا مۇتەئەسسىپ جوبىر بوجۇپىدىن تارتىپ، — بۇ ئادەم لۇئى XIV نىڭ ئوردىسىدا چاقىرىلغان گومىن يىخۇيىدا: «بىز دولەت» («دولەت دىگەن بىز»)[166] دەپ چۇقان كوتەرگەن (ئۇلار ھەقىقەتەن جەمىيەتتىن ئايرىلغان دولەتنىڭ ئەرۋاھلىرى)، — تاكى تىيېرغا ئىگىلىپ تىز پۇككەن جۇمھۇرىيەتچىلەرگىچە قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسى كۇلكىلىك، بۇ جۇمھۇرىيەتچىلەر *Jeu de Paume*

(ۋاگچيۇ زالى)دا يىغىن ئېچىپ، 1789 ـ يىلدىكى پېشقەدەملىرىگە قارىغاندا ئۇزلىرىنىڭ چۇشكۈنلىشىپ قانداق دەرىجىگە يېتىپ قالغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

ئۇلارنىڭ باشلامچىسى تىيېر، ئۇلارنىڭ زور كوپچىلىگى جېگىتۇگچىلار ۋە ئورلېانچىلار دىگەن ئىككى گۇرۇھقا بولۇنگەن، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشكىنى «كونىچە» جۇمھۇرىيەتچىلەر. بۇ ئىككى گۇرۇھ ئۇزلىرىنىڭ تىرىلىشىنى ئۇز ئالدىغا پىلانلىماقتا؛ جۇمھۇرىيەتچىلەر بولسا يىخۇي تۇزۇمىدىكى جۇمھۇرىيەتنى تىرىلدۇرۇش قەستىدە بولماقتا، ئۇلار ئۇمىتلىرىنى تىيېرنىڭ مويىسپىتلىق شوھرەتپەرەسلىگىگە باغلىدى، بەلكى ۋاقتىنچە تىيېرنىڭ ھوكۇمرانلىغى ئۇچۇن جۇمھۇرىيەت بېزىگى بولۇپ بەردى ھەمدە پۇتۇن كۇچى بىلەن پارىژنى ئالداپ تىيېرنىڭ قۇچىغىغا كىرگۇزۇشىدىن، سېسىغا بۇيرۇق بېرىپ پارىژنى قورالسىزلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشىدىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، ئۇزى شۇ مەيداندا بولۇشى بىلەن بوناپارت جياگجۇنلىرىنىڭ پارىژغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىنى ماقۇل كوردى! تازىمۇ غەمكىن چىراي ئاتلىقلار! ئۇلارنىڭ رازىمەنلىك بىلەن چىداپ كەلگەن خورلۇغى سىنىپىي ھوكۇمرانلىقنىڭ بىر خىل ئالاھىدە شەكلى بولغان جۇمھۇرىيەت تۇزۇمىنىڭ چۇشكۇنلىشىپ قانداق دەرىجىگە يەتكەنلىگىنى كورسىتىدۇ. تىيېر دەل مۇشۇ كىشىلەرگە قارىتىپ، توپلىنىپ مەجلىس ئېچىۋاتقان سېنا ۋە ۋازا ئولكىلىرىنىڭ چۇيجاگلىرىدىن: ئۇلارغا يەنە نىمە كېرەككىن، «ماگا ئوخشاش ئاددى گۇگمىن دولەت باشلىغى بولۇۋاتامدۇ؟» دەپ سورىدى. 1830 ـيىلدىن 1870 ـ يىلغىچە بولغان ئىلگىرىلەش شۇ يەردە: بۇرۇن لۇئى ـ فىلىپ ئەڭ ياخشى جۇمھۇرىيەت ئىدى،

هازىر لۇئى ـ فىلىپپىنىڭ داچىنى ــ پەتەك تىيىرنىڭ ئۆزى ئەڭ ياخشى جۇمھۇرىيەت بولۇپ قالدى.

ئۇلار دەم ئېلىشقا چىقىرىلغان بوناپارت جىياگجۇنلىرى قوماندانلىق قىلغان دىگو ئەسكەرلىرى، شيەنبىڭلىرى ۋە ساقچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقى ئىشلىرىنى يەنى پارىژغا قارشى ئۇرۇشنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى، ئۇلار ئۇلاردىن ــ 1848 ــ 1851 ـ يىللاردا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان چاغدىكىگە ئوخشاش ــ دىگونىڭ يەنە تىرىلىشىنى پەيدا قىلىدىغان قورالدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ گۇمانلانغىنىدا، يەنە دىر ـ دىر تىترەپ كېتىشتى. جياۋخۇاڭنىڭ زۇئاۋ ئەسكەرلىرى، كاتېلىنونىڭ ۋاندى ئەسكەرلىرى، شارېتنىڭ برېتانى ئەسكەرلىرى ئەملىيەتتە ئۇلارنىڭ «يىخۇي» ئارمىيىسى بولۇپ، دىگونىڭ رىيال كۈچى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پەقەت ئارمىيىنىڭ خىيالىي كولەڭگىسىلا ئىدى. «جۇمھۇرىيەت» دىگەن نامنى ئاڭلىشى بىلەنلا ئۇلارنىڭ قەھرى ـ غەزىۋى ئۇرلەپ تاشاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار شۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ نامى بىلەن بىسمارك ئاغزاكى قويغان شەرتلەرنى قوبۇل قىلىشتى، ئۇنىڭ نامى بىلەن فرانسىيىنىڭ ئېشىپ قالغان بايلىقىنى ئىچكى ئۇرۇشقا قالايمىقان ئىشلىتىشتى، ئۇنىڭ نامى بىلەن پارىژنى ھاقارەتلەشتى، ئۇنىڭ نامى بىلەن كەلگۈسىدە توپلاڭچىلارنىڭ جىنايىتىنى بېكىتىدىغان قانۇن تۈزۈشتى، ئۇنىڭ نامى بىلەن فرانسىيىگە بۇيرۇق چۈشۈرىدىغان ھوقۇقنى تارتىۋېلىشتى.

ئۇلارنىڭ ھوكۇمرانلىقىنىڭ ئاساسى ئومۇمى سايلام تۈزۈمى ئىدى. لېكىن ئۇلار 1815 ـ يىلدىن 1848 ـ يىلغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان چاغلىرىدا ئومۇمى سايلامغا ئىزچىل قارشى تۇرۇپ

كەلگەن ئىدى؛ جۇمھۇرىيەت ئۇلارغا قارشى ئومۇمى سايلام تۈزۈمنى تىكلىگەندىن كېيىن، ئۇلار 1850 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بۇ تۈزۈمنى بىكار قىلغان ئىدى؛ ئەمدى بولسا ئۇلار يەنە ئۇنى دىگونىڭ ئېپلاس مىراسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشتى، بۇنداق قىلىشنىڭ ئومۇمخەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن دىگونى قوبۇل قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشتى! بۇ ئادەملەر ئومۇم سايلامدىن پايدىلانغاندىمۇ ئاياق بېسىپ تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇلار پارىژنى مىللى بىرلىككە ئاسىلىق قىلدى دەپ ئەيىپلەشتى، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرىنچى جۈملە سوزى پارىژنىڭ پايتەختلىك نامىنى ئېلىپ تاشلاش ئارقىلىق مىللى بىرلىكنىڭ **كاللىسىنى ئېلىش** بولدى. پارىژ قىلغان ئىشلارغا ئۇلارمۇ ئېھتىياجلىقتەك تۇرىدۇ، بىراق ئۇنىڭ قىلغىنى ئۇلارنىڭ ئۈمىت قىلغىنىغا ئەكسىچە ئۇتتۇرىغا ئەسلىگە كەلتۈرۈش خام خىيالدا بولغىنىغا ئوخشمايتتى، بەلكى ئىنقىلاپنىڭ كېلەچىكىنى قوغداش ئىدى. تىيېر دېگەن بۇ شوۋىنىزىمچى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن بۇيان «پرۇسسىيە ئارىلىشىدۇ» دەپ پارىژغا تەھدىت سېلىپ كەلدى، بوردودا «پرۇسسىيىنىڭ ئارىلىشىشى»نى قەتئى تەشەببۇس قىلدى، ئەمەلىيەتتە، ئۇمۇ پەقەت پرۇسسىيە ئۇنىڭغا ئىنئام قىلغان قورالدىن پايدىلىنىپ، پارىژغا قارشى تۇردى. بۇ شوۋىنىزىمچى مەلئۇنغا سېلىشتۇرغاندا، بوربونچىلارنى ھەتتا ئىززەت ـ ھۆرمەتنىڭ سۈرىتى دىسىمۇ بولىدۇ.

ئالىمادىس ئۇلارنىڭ مەقسىدى ئىشقا ئاشسا، مەيلى ئۇلار قانداق نام بىلەن تىرىلسۇن، مەيلى تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ مۇۋەپپەقىيەت

قازانغان قايسىبىر ئۇرۇن تارتىۋالغۇچى باشلىق بولسۇن، ئۇلارنىڭ تىرىلىشى ئەمەلىيەتتە دىگونى ئەسلىگە كەلتۈرۈشلا يەنى بۇ چىرىك سىنىپلارنىڭ ھوكۇمرانلىغىنىڭ ئاخىرقى، كەم بولسا بولمايدىغان سىياسى شەكىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشلا بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار دىگونى ئەسلىگە كەلتۈرسە، — ئۇلارنىڭ تىرىلىش يولىدىكى ھەرقانداق پىلانى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىققان ھامان، ئۇلار مۇقەررەر ھالدا دىگونى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، — پەقەت ئۇلار ئۆزلىرى ۋەكىللىك قىلغان كونا جەمىيەتنىڭ چىرىشىنى تېزلىتىدۇ، ئۆزلىرى قارشى تۇرغان يېڭى جەمىيەتنىڭ يېتىلىشىنى تېزلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ خىرە كوزلىرى ئەشۇ كونا تۈزۈملەرنىڭ سىياسى تاشقى كورۈنۈشىنىلا كورىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلار بۇ تۈزۈملەرنىڭ بېشىغا ھېنرى Vنى ياكى پارىژ بوجۇيسىنى ئولتۇرغۇزۇپ، بۇ تۈزۈملەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خام خىيالىدا بولىدۇ. ئۇلار بۇ سىياسى ئۈستقۇرۇلمىغا ئاساس بولغان جەمىيەت ئورگانىزىمىنىڭ ئاللىقاچان يوقالغانلىغىنى، بۇ تۈزۈملەر پەقەت ھازىر ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن شەرت ـ شارائىتتا، فرانسىيە جەمىيىتىنىڭ ئىلگىرىكى باسقۇچلىرىدا بىر مەھەل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىغىنى؛ فرانسىيە جەمىيىتى ھازىر ياكى ئۆزىنىڭ چىرىپ كەتكەن ھالىتى بولغان دىگو تۈزۈمىگىلا ياكى ئۆزىنىڭ يېڭىدىن تورەلگەن ھالىتى بولغان ئەمگەكچىلەر جۇمھۇرىيىتىگىلا يول قويالايدىغانلىغىنى كورەلمەيدۇ. ئۇلار سىياسى شەكىلنىڭ ئالمىشىشى جەمىيەتنىڭ ئۆزى باشتىن كەچۈرگەن رىيال ئۆزگىرىشلەرنىڭ سىياسى ئىپادىسىلا ئىكەنلىگىنى كورەلمەيدۇ.

پرۇسسىيىلىكلەر ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە بولغان سەۋدايىلارچە شاتلىق كەيپىياتى بىلەن فرانسىيە جەمىيىتىنىڭ ئازاپ بىلەن جان

تالىشىشىغا نەزەر سېلىشىۋاتىدۇ ھەم شېيلوكچە رەزىل ئاچكۆزلۈك، كونىلىقتا ئۆلگۈدەك يېپىشىۋالغان يۈنكەر پومېششىكلارچە قوپال نومۇسسىزلىق بىلەن توپىلاڭدا توقاچ ئوغرىلىماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە دىگونى گېرمانىيە تۇپرىقىغا كۆچۈرۈش ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر خىل جازا بولۇپ قالدى. ئۇلار چوقۇم فرانسىيىنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى ئازات قىلىدۇ، بۇ كۈچلەر ئۇلارنى كونا تەرتىپ بىلەن قوشۇپ چوقۇم تامامەن يوقىتىۋېتىدۇ. پارىژ گۇڭشېسى يېقىلىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ ئىجات قىلغان ئىجتىمائىي ئىنقىلاپ چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ. پۈتۈن يەر شارىنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇنىڭ ئوچىغى بار.

---

## * پارچىلار

## تىيېرنىڭ ئاخباراتىدىكى يالغان گەپلەر

ۋېرسالنىڭ چوڭ ئالدامچىلىقى ۋە ئۇنىڭ ساختا خاراكتېرى تىيېر دېگەن بۇ كەسىپىي يالغانچىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىپادىلەنگىنى ۋە مەركەزلەشكىنىدىنمۇ تولۇق بولماس، ئۇنىڭغا نىسبەتەن «شەيئىلەرنىڭ چىنلىقى» پەقەت ئۇنىڭ «يىخۇي ئەھمىيىتى»دىن ئېيتقاندىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، يەنى يالغان سۆز سۈپىتىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

ئۇ چوڭ جۇجياۋغا جاۋابەن يازغان خېتىدە: «ۋېرسال ئارمىيە-سىگە تېگىلىۋاتقان، ئۇيدۇرۇپ چىقىلغان ئۆلتۈرۈش ۋە **قىساس ئېلىش ھەركىتى** (!)»نى توڭلۇق بىلەن ئىنكار قىلدى ھەمدە

ئۇنىڭ «پومېشچىكلار يىخۇيى» بۇ نومۇسسىز يالغان گەپنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مەخسۇس بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتتى. ئۇ بوناپارت جياڭجۇنلىرىنىڭ كورەڭلىگەن ھالدا ئېلان قىلغان خىلمۇ - خىل زوراۋانلىقلىرىنى بىلەتتى، ئەلۋەتتە. بىراق، «يىخۇي ئەھمىيىتى»دىن ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئويدۇرما.

**ئۇ پارىژنىڭ توپىقا تۇتۇلغانلىقى توغرىسىدا 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئېلان قىلغان ئومۇمى ئۇقتۇرۇشىدا مۇنداق دەيدۇ:**

«ئەگەر بىرنەچچە پاي زەمبىرەك ئوقى ئېتىلغان بولسا، ئۇنى ۋېرسال ئارمىيىسى ئاتمىغان، بەلكى بەزى توپىلاڭچىلار ئۆزىنى جەڭ قىلىۋاتقان كىشى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاتقان، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلار بېشىنى چىقىرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.»

ئەلۋەتتە، پارىژ دۇنيانى ئۆزىنىڭ ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنى توپىقا تۇتتۇۋاتىدۇ - دە!

سەل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە مۇنداق دىدى: «**بىزنىڭ توپچىلىرىمىز توپىقا تۇتقىنى يوق، لېكىن، راستلا ئوق چىقاردى.**»

**تىيېرنىڭ مۇئامىن - ساق توغرىسىدىكى ئاخباراتى (5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى): «پارىژ ئۆزىنى ئېزىۋاتقان يىرگىنىشلىك زالىم پادىشانىڭ چاڭگىلىدىن ئازات بولىدۇ»** (ئۇخلاۋاتقان كومىن زىۋېيجۈن ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈش ۋاستىسىنى قوللىنىپ).

ھەر خىل نامدا ئاتىلىدىغان بىر ئارمىيە — بۇ بىسماركنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن تۈرمىدىن بوشىتىلىپ قايتىپ كەلگەن بوناپارت ئارمىيىسىنىڭ قالدۇق قىسمى بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتىن شيەنبىڭلىرى بىلەن پېتېرنىڭ شەھەر ساقچىلىرىنى خېشىن قىلغان، جياۋخۇاڭ- نىڭ زۇئاف ئەسكەرلىرى، شارېتنىڭ شۇئان ئەسكەرلىرى،

كاتىپلىنونىڭ ۋاندى ئەسكەرلىرى بىلەن بىزەلگەن، بۇنىڭ ھەممە-سىگە جەڭدىن باش تارتقان دىكابىرچى تەسلىمچى جياڭجۇنلەر قوماندانلىق قىلاتتى، — مۇشۇنداق ئارمىيىنى ئۇ **«فرانسىيىدە ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان ئەڭ خىللانغان ئارمىيە»** دەپ مەدھىيىلىدى. ئەلۋەتتە، پرۇسسىيە ئارمىيىسى ھازىرغىچە سىپ-دىندا تۇرىۋەردى، دېمىسە، بۇ پەقەت تىيېرنىڭ مۇشۇ «خىللانغان ئارمىيە ئىچىدىكى ئەڭ خىللانغان ئارمىيە»نىڭ سۇرى بىلەن ئۇلارنى قورقىتىپ قويماقچى بولغانلىقىدىن بولغان.

ئەگەر «ئەڭ خىللانغان ئارمىيە» مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ۋېرسالنىڭ دەۋرنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن يىغىنىمۇ «فرانسىيىدە ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان، ئەڭ تەرەققىي-پەرۋەر ۋە ئەڭ ئەركىن سايلانغان يىغىن» بولغان بولىدۇ. لېكىن، تىيېرنىڭ ئاستىن-ئۈستۈن قىلىشتا يەتكەن ئەڭ يۇقۇرى پەللىسى چۈيجاڭلارغا ئۆزىنى «ھېچقاچان سوزىدىن تېنىۋالمايدىغان ئادەم» دېگەنلىكى بولىدى، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ لەۋزىدە تۇرۇشى يىغىن ئەھمىيىتىدىكى لەۋزىدە تۇرۇش ئىدى.

ئۇ ئەڭ سادىق جۇمھۇرىيەتچى، لېكىن «يىغىن ئۇنىڭ ئۆزىدىنمۇ تەرەققىپەرۋەر» (4-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى يىغىن).

ئۇ **چۈيجاڭلار**غا مۇنداق دېدى: «سىلەر مېنىڭ سوزۇمگە ئىشەنسەڭلار بولىدۇ، مەن ھېچقاچان سوزۇمدىن تېنىۋالغان ئەمەسمەن»، — لېكىن غەيرى يىغىن ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا، مەن ھېچقاچان لەۋزىمدە تۇرغان ئەمەس. «بۇ نۆۋەتتىكى يىغىن فرانسىيىدە سايلانغان ئەڭ تەرەققىپەرۋەر يىغىنلاردىن بىرى.»

ئۇ ئۆزىنى لىنكولنغا، پارىژلىقلارنى جەنۇپتا توپىلاڭ كوتەرگەن

قولدارلارغا ئوخشتىدۇ. جەنۇپاۋقلار ئەمگەكنى قول قىلىش تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوشما شتاتلاردىن ئايرىلىپ چىقماقچى بولغان ئىدى. پارىژ بولسا ئەمگەكنىڭ ئازاتلىغى ئۈچۈن ھاكىمىيەتنى تىيىر ئەپەندى ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلغان مەنپەئەتتىن قۇتۇلدۇرماقچى.

بوناپارت جياگجۇنلىرى، شيەنبىڭلىرى ۋە زۇئاف ئەسكەرلىرىنىڭ پارىژدىن قىساس ئېلىش ھەركىتى ئەمگەككە قارشى سىنىپى ئۆرۈشتىكى بىر خىل مۇقەررەر ھەركەت ئىدى. لېكىن، تىيىر ئۆزىنىڭ ئاخباراتىدىكى قىستۇرمىسىدا بۇنداق زوراۋانلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى كۆلكىلىك ھالدا ئۆزىنىڭ مەبۇتىغا ـــ ناپولېون I گە ئوخشاتتى ھەم پۈتۈن ياۋروپادا كۆلكىگە قالدى، چۈنكى ئۇ نومۇسسىزلىق بىلەن، فىرانسىيە ئارمىيىسى پارىژلىقلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغاچقا، پرۇسسىيە ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇشتا يوقاتقان شوھرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، دەپ جاكالىدى. شۇڭا، بۇ پاكار ئالۋاستى گودەكلەرچە شوھرەتپەرەسلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، پۈتۈن ئۇرۇشنى گويا باللار ئويۇنى قىلىۋالدى، **ئۇ ئۆزىنىڭ** ئارمىيىسى **ئۆزىنىڭ** مەخپى قوماندانلىغىدا **ئۆزىنىڭ** جەنيىسىنى ئېلىپ بارغانلىغىنى تەسۋىرلىيەلىگەنلىكىنى ئويلىغىنىدا٠خۇدىنى بىلەلمەي قالدى.

پارىژ ۋە باشقا ئۆلكىلەر مەسىلىسىدە ئۇنىڭ يالغانچىلىغى يۇقۇرى پەللىگە يەتتى.

پارىژ ئەمىلىيەتتە «فرانسىيىدە ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان ئەڭ خىللانغان ئارمىيە»گە 2 ئاي زەربە بەردى، گەرچە بۇ ئارمىيە پرۇسسىيىلىكلەرنىڭ مەخپى ياردىمىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ؛ ئەسلىدە

بۇ پارىژ تىيېر ئارقىلىق «ياۋۇز زالىم پادىشا»دىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرماقچى ئىدى، شۇڭا تىيېرغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ باردى، گەرچە بىر ئوچۇم جىنايەتچىلەرلا بولسىمۇ.

تىيېر ھارماستىن گۇڭشېنى، بىر ئوچۇم جىنايەتچىلەر، بوشتىپ تۇرۇلغان جىنايەتچىلەر، داشقاللار، دېدى. پارىژ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ باردىكى، پارىژ ئۇ ئارقىلىق «ئۆزىنى ئېزىۋاتقان يىرگىنىشلىك زالىم پادىشا»دىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرماقچى ئىدى. ۋاھالەنكى، دەل مۇشۇ «بىر ئوچۇم» جېنىدىن تويغانلار ھەممە جەڭدە غەلىبە قىلىدىغان مېكماخون قوماندانلىق قىلغان، تىيېرنىڭ ئۆزىنىڭ ناپولېونچە تالانتىدىن ئىلھام ئېلىپ تۇرغان «فرانسىيىدە ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان ئەڭ خىللانغان ئارمىيە»گە 2 ئاي زەربە بېرەلىدى!

پارىژنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى گويا راست ئەمەسمىش، تىيېرنىڭ پارىژ ھەققىدىكى يالغان گەپلىرى بولسا راستىمىش.

پارىژنىڭ بارلىق جانلىق كۈچلىرى ئۇلۇغ ھەرىكىتى بىلەن ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمىدى، يەنە ئۇنى سۆز بىلەن قايىل قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ يالغانچىلىق دۇنياسىدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولدى، لېكىن بۇ ئاخىر ئۈنۈم بەرمىدى.

«پارىژنىڭ ھەرىكىتىنى مونمارترنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقى بىلەن ھەرگىز ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك، كېيىنكىسى پەقەتلا بۇ ھەرىكەتنىڭ سەۋەبچىسى ۋە باشلىنىش نۇقتىسى؛ بۇ ھەرىكەت — ئومۇميۈزلۈك بولغان، پارىژلىقلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ھەرىكەت؛ ھەتتا مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن بۇ ھەرىكەتتىن سىرت تۇرغان (بۇنىڭغا ئارىلاشمىغان) زور كۆپچىلىك كىشىلەرمۇ بۇ ھەرىكەتنىڭ ئىجتىمائى قانۇنىيلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ.»

بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭغا كىم دېگەن؟ **سودا - سانائەتچىلەر جەمىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى**، يەنى 7 - 8 مىڭ سودا - سانائەتچىگە ۋاكالىتەن سوز قىلغان كىشىلەر. ئۇلار ۋېرسالغا بېرىپ، ئوز ئاغزى بىلەن ئۇنىڭغا مۇشۇ گەپلەرنى دېگەن. يەنە **جۇمھۇرىيەتچىلەر ئىتتىپاقى**، ھەرقايسى **گۇڭجىخۇي شوبىلىرىمۇ**[167] ۋەكىل ئەۋەتىپ، نامايىش ئوتكۈزۈپ، ئوخشاش ئىپادە بىلدۈرۈشتى. لېكىن ئۇ ئاخىرغىچە جاھىللىق قىلدى.

ئۇ مۇلىن - ساك توغرىسىدىكى ئاخباراتىدا مۇنداق دېگەن (5 - ئاينىڭ 4 - كۇنى):

«300 كىشى ئەسىر ئېلىندى، قالغان توپىلاڭچىلار يارىدار بولغان ۋە ئولگەن 150 ئادىمىنى جەڭ مەيدانىدا تاشلاپ بەدەر تىكىۋەتتى..... مانا بۇ — گۇڭشېنىڭ ئوز ئاخباراتىدا تەبرىكلەيدىغان غەلىبىسى. پارىژ پات ئارىدا ئوزىنى ئېزىۋاتقان ياۋۇز زالىم پادىشادىن ئازات بولىدۇ.»

لېكىن، بۇ جەڭگىۋار پارىژ، ھەقىقى پارىژ **ئۇنىڭ** ھېلىقى پارىژى ئەمەس. ئۇنىڭ پارىژىنىڭ ئوزى بىر يىخۇي يالغانچىلىقى. «بايلار، بىكار تەلەپلەر، كاپىتالىستلارنىڭ پارىژى»، دۇنيا پاھىشىخانىسى — مۇشۇلا ئۇنىڭ پارىژى، مۇشۇلا قايتىدىن تىپىرغا مەنسۇپ بولىدىغان پارىژ. ھەقىقى پارىژ بولسا «پەس خەلق»نىڭ پارىژى. «تېچ نامايىش» ۋە سېپىنىڭ ئالاقزادە بولۇپ تىكىۋېتىشى بىلەن ئوزىنىڭ جاسارىتىنى كورسەتكەن پارىژ، ھازىر ۋېرسال، رۇئېي، سېن - دېنىدا، لېخې دەرياسى بويىدىكى سېن - جېرمېندا جەم بولغان شۇ كىشىلەرنىڭ پارىژى ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ بارغان، «ئائىلە، دىن، تەرتىپچى شەخسلەر»گە بېقىندا بولغان، ئالدى بىلەن «مۇلۇكدار شەخسلەر»گە بېقىندا بولغان تەنناز خېنىملارنىڭ

پارىژى، چۈشكۈن سىنىپنىڭ پارىژى، جەڭنىڭ بىرىنچى دەۋرىدە پارىژنى تاشلاپ قاچقان francs-fileurs[77] لارنىڭ پارىژى، — مانا شۇلا تىيېر ئەپەندىنىڭ پارىژى. خۇددى كوبلېنتس شەھىرىدىكى جىنىدىن تويغانلار كالون ئەپەندىنىڭ فرانسىيىسى بولغىنىغا ئوخشاش، ۋېرسالدىكى جىنىدىن تويغانلار تىيېر ئەپەندىنىڭ فرانسىيىسى.

ئەگەر، پارىژنىڭ تىيېرغا ۋە ئۇنىڭ «پومېشچىكلار يىغىنى»غا، دىكابىرچى ئۇنسۇرلار ۋە شىەنبىگلارغا تايىنىپ كۈرەشتىن قۇتۇلالماقچى بولۇشى بىمەنىلىك، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ «باشقا ئۆلكىلىرى»نىڭ ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ «پومېشچىكلار يىغىنى»غا تايىنىپ پارىژدىن قۇتۇلماقچى بولۇشمۇ ئوخشاشلا بىمەنىلىك.

سۈلھى شەرتنامىسى فرانكفۇرتتا تېخى ئاخىرقى قېتىم ئىمزالىنىشتىن بۇرۇن[168]، ئۇ ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ كومىن زىۋېيجۇنلىرىنىڭ جەڭگىۋار يىغلىرىنى ۋە پىدائى قىسىملىرىنى ۋېرسالغا ئەۋەتىپ پارىژغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى مۇراجەت قىلدى. ھەرقايسى ئۆلكىلەر بۇنى قەتئىي رەت قىلدى. پەقەت برېتانى ئۆلكىسىلا بىر ئوچۇم شۇئان ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتتى، «ئۇلار جەڭ قىلغاندا ئاق بايراق كوتىرىپ، ھەر بىرى مەيدىسىگە ئەيسانىڭ ئاق لاتىدىن ياسالغان مۇقەددەس يۈرىكىنى تاقاپ چىقىشاتتى، "ياشىسۇن پادىشاھ!" دەپ تووۋلاپ تۇراتتى».

فرانسىيىنىڭ باشقا ئۆلكىلىرى ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئەنە شۇنداق ئاۋاز قوشتى. شۇڭا، ئۇ ئەسىر ئېلىنغان فرانسىيە ئەسكەرلىرىنى بىسماركتىن قايتۇرۇۋېلىشقا، جياۋخۇاڭنىڭ زۇئاۋ ئەسكەرلىرىنى

(بۇ ئۇنىڭ فىرانسىيىدىكى باشقا ئۆلكىلەردىكى ھەقىقى قوراللىق ۋەكىلى ئىدى) ئىشقا سېلىشقا ھەمدە 20 مىڭ شىيەنبىڭ ۋە 12 مىڭ شەھەر ساقچىسىنى ئۆز ئارمىيىسىنىڭ خېشىنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

گەرچە ئۇ يالغان گەپ سېپىلى، ئىدىيىۋى قامال ۋە ساقچىلار قامىلى بىلەن پارىژنى ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن ئايرىۋېتىشكە (بولۇۋېتىشكە) كۆچىنىڭ بىرىچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسى ئۆلكىلەر پارىژغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا جەڭگىۋار يېڭىلارنى ئەۋەتمەيلا قالماي، يەنە ئۇنىڭغا پارىژ بىلەن سۈلھى قىلىشنى قەتئى قوۋۋەتلەيدىغان ۋەكىللەر ئومەكلىرىنى شۇنچىلىك كوپ ئەۋەتتىكى، ئۇ بۇلارنى ئەمدى ئۆزى قوبۇل قىلماسلىق قارارىغا كەلدى. ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا سۇنغان خەتلىرىنىڭ كوپچىلىگىدە، پارىژ بىلەن دەرھال ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزۈش، «مۇددىتى توشقانلىقتىن»، گومىن يىغىنىنى تارقىتىۋېتىش، پارىژ تەلەپ قىلغان شەھەر مەمۇرىيىتى ھوقۇقىنى بېرىش تەكلىپ قىلىنغان؛ بۇ خەتلەرنىڭ سوزلىرى شۇنچە ئاگلىغۇسىز ئىدىكى، ھەتتا دۇفور ئۆزىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكە شېڭجاڭلىرىغا تارقاتقان «سۈلھى قىلىشقا قارشى ئومۇمى ئۇقتۇرۇشى»دا ئۇنى بولۇشچە ھاقارەتلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، «پومىششىكلار يىغىنى» ۋە تيېر باشقا ئۆلكىلەردىن ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان بىرەر خەتمۇ تاپشۇرۇۋالمىدى.

لېكىن، باشقا ئۆلكىلەرنىڭ تيېرنىڭ باشقا ئۆلكىلەر توغرىسىدا ئويدۇرۇپ چىققان «يالغان گەپلىرى»نى ئېچىپ تاشلىغان ئەڭ چوڭ **ئېلىشىشى** 4-ئاينىڭ 30-كۈنىدىكى شەھەر-جېنلار سايلىمى بولدى.

بۇ قېتىمقى سايلام ئۇنىڭ يىخۇيىنىڭ بىر پەرمانىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ هوكۇمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. پارچىلانغان فرانسىيە تەۋەسىدە قېپقالغان 35 مىڭ شەھەر ـ جېزدا سايلانغان 700 مىڭ (پۈتۈن سانىلا ئېلىنىدى) شەھەر ـ جېزا سەنىيخۇي ئەزاسى ئىچىدە جېكتوۇچىلار، ئورلىيانىچىلار ۋە بوناپارتىچىلاردىن سايلانغانلار ھەممىسى بولۇپ 8 مىڭغىمۇ يەتمىدى! تولۇق لاپ سايلاش نەتىجىسى ئۇلار ئۇچۇن تېخىمۇ پايدىسىز بولۇپ چىقتى! بۇ ئەھۋال تاسادىپىلىقتا ۋە ساختا بانىلارغا تايىنىپ سايلانغان گومىن يىخۇيىنىڭ فرانسىيىگە، باشقا ئۆلكىلەر فرانسىيىسىگە، پارىژنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان فرانسىيىگە قانچىلىك دەرىجىدە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق كورسىتىپ بەردى!

لېكىن، باشقا ئۆلكىلەردىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ بوردودا شەھەر-جېزا سەنىيخۇي ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئېچىش پىلانىنى تىيىر 1834 ـ يىلى ئۆزى ئېلان قىلغان بىر پەرمانغا ۋە 1855 ـ يىلدىكى دىگو پەرمانغا169 ئاساسەن مەنئى قىلدى، بۇ پىلان تىيېرنى «ئۆزەمنىڭ باشقا ئۆلكىلىرىم» دىگىنىنىڭ، خۇددى «ئۆزەمنىڭ» پارىژىم دىگىنىگە ئوخشاش، ئەسلى بىر يالغان گەپ ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ باشقا ئۆلكىلەرنى، ئۇلارمۇ «ۋاپاسىز» پارىژغا ئوخشاش، «كوممۇنىزىم ۋە توپىلاڭغا ھۇل سېلىش»نى بەكمۇ ئۈمىت قىلىدۇ، دەپ ئەيىپلىدى. نانت، ۋېنىن، شامبېرى، لىمۇ، كاركاسون، ئانژې، كارپانترا، مونپېللىې، پرىۋا، گرېنوبىل قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ شەھەر-جېزا سەنىيخۇيلىرى يېقىندا ماقۇللىغان قارار ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم جاۋاپ بەردى؛ بۇ قارار پارىژ بىلەن سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلغان ھەم ئۇنىڭدا چىڭ تۇرغان،

«جۇمھۇرىيەت مۇتلەق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى، گۇڭشې ھوقۇقى ئېتراپ قلنشى كېرەك»، خۇددى ۋېنن شەھەر-جېن سەنيخۇيى ئېيتقاندەك، «سايلانغۇچلار بۇنداق ھوقۇقتا 2-ئاينڭ 8-كۈنى ئۆزلرنڭ سايلام رقابتى ئېلاندا ۋەدە قلغان. تاشقرغا قاراتقان ئۇرۇشنى ئاياقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ (گومن يخۇي) ئككى ئولكنى بولۇپ بەرگەن، پرۇسسيگە 5 مليارت فرانك بېرشكمۇ ماقۇل بولغان تۇرۇقلۇق، ئچكى ئۇرۇشنى ئاياقلاشتۇرۇش ئۈچۈن يەنە نېمسنى ئايايدكەن؟»

(دەل ئۇنڭ ئەكسچە، بۇ ئككى ئولكە ئۇلارنڭ «خۇسۇسى» مۇلكى ئەمەس؛ 5 مليارت فرانكنى تولەش ھوججتگە كەلسەك، ھەممە گەپ بۇنى ئۇلار تولمەي، بەلكى فرانسيە خەلقنڭ تولشى لازم بولغانلغدا.)

شۇڭا، گەرچە پارژ، باشقا ئولكلەر تېچلق تەلۋى قويۇش بلەنلا بولۇپ، پارژنڭ ھوكۇمەتنڭ پۈتۈن كۈچگە قارشى تۇرۇشغا ياردەم بەرمدى، دەپ ئورۇنلۇق ئاغرنالغان بولسمۇ...... باشقا ئولكلەر يەنلا تيېر ۋە گومن يخۇينڭ ئۆزلرنى باشقا ئولكلەرنڭ ۋەكلى قلپ كورسەتكەن يالغانچلغنى ئېنق ئېچپ تاشلدى، باشقا ئولكلەر ئۇلارنڭ باشقا ئولكلەر دگننڭ خۇددى ئۇلارنڭ تۇرغان-پۈتكننڭ ھەممسى ئالدامچلق ۋە ساختپەزلك بولغننغا ئوخشاش يالغان گەپ ئكەنلكنى ئېلان قلدى.

---

باش ۋېييۈەنخۇي شۇنڭ بلەن پەخرلنندۇكى، **ئنتېرناتسونالنڭ** پارژدكى جزبۇلرى پارژنڭ بۇ قېتمقى شانلق ئنقلاۋدا كارامەت رول ئوينندى. پاكت بەزى دوتلەرنڭ تەسەۋۋۇر قلغنندەك، گويا پارژ ياكى ئنتېرناتسونالنڭ باشقا

ھەرقانداق جىزبۇسى بىر مەركەزدىن بۇيرۇق ئېلىپ تۇرىدۇ، دېگىنىدەك ئەمەس. پاكىت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بارلىق مەدىنى دۆلەتلەردىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ جەۋھەرلىرى **ئىنتېرناتسىونالغا** مەنسۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنتېرناتسىونال ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان، شۇنداق ئىكەن، ئۇلار ھەرقايسى جايلاردىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەرىكىتىدە چوقۇم ئەڭ ئالدىدا ماڭىدۇ.

---

پارىژ①، تەسلىم بولغان كۈندىن تارتىپلا، جىددىي تەييار تۇرغان ئىدى، چۈنكى، بىسماركقا ئەسىر بولغان ھۆكۈمەت تەسلىم بولۇش شەرتلىرى بويىچە، فرانسىيىنى بىسماركقا ساتقان چېغىدا، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن بىر ئارمىيە ساقلاپ قالغان ئىدى، بۇنىڭدىن مەقسىدى، روشەنكى، پارىژنى باستۇرۇش ئىدى. گومىن زىۋېيجۈن قايتا تەشكىل قىلىنىپ، ئالىي قوماندانلىق ھوقۇق پايتەختتىكى بارلىق لېيەن، يىڭ، توپچىلار دۈيلىرى (كونا بوناپارت ئارمىيىسىنىڭ بەزى قالدۇق قىسمىنى ھېساپقا ئالمىغاندا) ئورتاق سايلىغان جۇڭياڭ ۋېيۋەنخۇيغا تاپشۇرۇلغان ئىدى. تەسلىمچىلەر خائىنلىق قىلىپ، پرۇسسىيە ئارمىيىسى كىرىش ئالدىدا تۇرغان كوچىلاردا ئەتەي تاشلاپ كەتكەن زەمبىرەك ۋە كۆپ ئېغىزلىق زەمبىرەكلەرنى جۇڭياڭ ۋېيۋەنخۇي پرۇسسىيە ئارمىيىسى پارىژغا باستۇرۇپ كىرىش ھارپىسىدا ئامال قىلىپ مۇنمارتىر، بېلۋىل

---

① ئەسلى نۇسخىسىدا مۇشۇ جايىدىن باشلاپ 3 بەتكە بەت نومۇرى قويۇلمىغان، ئىككىنچى ئابزاسنىڭ بېشىغا «9 - بەت» دېگەن خەت يېزىلغان. — تەھرىردىن

ۋە لا ـ ۋىللېتكە ئېلىپ كېلىۋالغان ئىدى.

---

قوراللانغان پارىژ ئەكسىلئىنقىلاۋىي سۇئىقەستىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بىردىن ـ بىر قاتتىق توسالغۇ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پارىژنى قورالسىزلاندۇرۇش كېرەك ئىدى. بۇ ھەقتە بوردو يىخۇيى ناھايىتى ئېنىق ئېيتتى. ئەگەر «پومېشچىك يىغۇيى ئەزالىرى»نىڭ دەھشەتلىك ۋاڭ ـ چۇڭ كوتىرىشلىرىدىن كىشىلەر تېخى بىرەر نىمىنى ئاڭقىرالمىغان بولسا، تيېر پارىژنى دىكابىرچى ئۇنىسۇر ۋىنوۋا، بوناپارتىنىڭ شيەنبىڭى ۋالېنتىن ۋە ئىيېزۇئىت ئورېل دې پالادىن جياڭجۈندىن ئىبارەت 3 كىشىنىڭ ئىلكىگە تاپشۇرغان پاكىت ئۇلارنىڭ پارىژنى قورالسىزلاندۇرماقچى بولغانلىقىدەك ئاخىرقى مەقسىدىگە نىسبەتەن كىشىدە قىلچە گۇمان قالدۇرمىدى. لېكىن، بۇ ئۈچىغا چىققان ياۋۇز جىنايەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەقسىدىنى قىلچە يوشۇرماي ئېيتتى، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش بانىسى ئىنتايىن نومۇسسىز، ئىنتايىن رەزىل (ئىنتايىن يالىڭاچ) يالغان سوز. تيېر، پارىژ گومىن زىۋېيجۈنىنىڭ زەمبىرەكلىرى دولەت مۈلكى، شۇڭا دولەتكە قايتۇرۇپ بېرىلىشى كېرەك، دىدى. لېكىن پاكىت مۇنداق ئىدى: پارىژ، تەسلىم بولغان كۈندىن تارتىپلا، جىددى تەييار تۇرغان ئىدى، چۈنكى، بىسماركقا ئەسىر بولغانلار تەسلىم بولۇش شەرتلىرى بويىچە، فرانسىيىنى بىسماركقا ساتقان چېغىدا، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن خېلىلا كوپ ئارمىيە ساقلاپ قالغان ئىدى، بۇنىڭدىن مەقسىدى، روشەنكى، پارىژنى باستۇرۇش ئىدى. گومىن زىۋېيجۈن قايىتا تەشكىل قىلىنىپ، ئالى قوماندانلىق

هوقۇق گومىن زىۋېيجۇنىنىڭ بارلىق جۇنگۇەن ـ ئەسكەرلىرى (كونا بوناپارت ئارمىيىسىنىڭ بەزى قالدۇق قىسمىنى ھېساپقا ئالمىغاندا) ئورتاق سايلىغان جۇڭگىياڭ ۋېيىۋەنخۇيغا تاپشۇرۇلغان ئىدى. تەسلىمچىلەر خائىنلىق قىلىپ، پرۇسسىيە ئارمىيىسى كىرىش ئالدىدا تۇرغان كوچىلاردا ئەتەي تاشلاپ كەتكەن زەمبىرەك ۋە كوپ ئېغىزلىق زەمبىرەكلەرنى بۇ جۇڭگىياڭ ۋېيىۋەنخۇي پرۇسسىيە ئارمىيىسى پارىژغا باستۇرۇپ كىرىش ھارپىسىدا ئامال قىلىپ مونمارتىر، بېلۋىل ۋە لا ـ ۋىللېتكە ئېلىپ كېلىۋالغان ئىدى. بۇ زەمبىرەكلەر گومىن زىۋېيجۇن ئوزى توپلىغان پۇلغا ياستىلغان ئىدى. 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۇنىدىكى كېلىشىمدە، بۇ زەمبىرەكلەرنىڭ گومىن زىۋېيجۇنىنىڭ مۇلكى ئىكەنلىكى رەسمى ئېتىراپ قىلىنغان ئىدى، شۇڭا بويسۇندۇرغۇچىلارغا تاپشۇرۇلۇشقا تېگىشلىك ھوكۇمەت قوراللىرىدىنىڭ ئومۇمى سانىغا كىرگۇزۇلمىگەن ئىدى. لېكىن تىيېر، گومىن زىۋېيجۇنىنىڭ زەمبىرەكلىرى دولەت مۇلكى، دېگەن ئويدۇرما بانا بىلەن ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشقا پېتىندى!

بۇ زەمبىرەكلەرنى تارتىۋېلىش، روشەنكى، پارىژ گومىن زىۋېيجۇننى ئومۇميۇزلۇك قورالسىزلاندۇرۇشنىڭ يەنى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۇنىدىكى ئىنقىلاپنى قورالسىزلاندۇرۇشنىڭ بىر تەييارلىق تەدبىرىلا ئىدى. لېكىن، بۇ ئىنقىلاپ فرانسىيىنىڭ قانۇنىي ۋەزىيىتى بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ئىنقىلاپ ۋۇجۇتقا كەلتۇرگەن جۇمھۇرىيەتنى غەلىبە قىلغۇچىلار تەسلىمنامىدە ئېتىراپ قىلغان ئىدى. تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئۇنى يەنە ھەرقايسى تاشقى كۇچلۇك دولەتلەر ئېتىراپ قىلغان ئىدى؛ شۇنىڭدەك ئۇنىڭ نامىدىن گومىن يىغىۋي چاقىرىلغان ئىدى. پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ 9 ـ ئاينىڭ

4 ـ كۈنىدىكى ئىنقىلاۋى بوردو گومىن يىخۇيى ۋە ئۇنىڭ مەمۇرى دائىرىلىرىنىڭ بىردىن ـ بىر قانۇنىي ئاساسى ئىدى. ئەگەر 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى ئىنقىلاپ بولمىغان بولسا، بۇ گومىن يىخۇي ئۆز ئورنىنى دەرھال ئومۇمى سايلام يولى بىلەن سايلانغان، كېيىن ئىنقىلاپ مەجبۇرى تارقىتىۋەتكەن قانۇن چىقىرىش ئومىگىگە چوقۇم بەرگەن بولاتتى. تىيېر ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بوشتىپ تۇرۇلغان جىنايەتچىلەر خۇجاۋ ۋە قوغداش كۈۋانامىسىگە ئىگە بولۇۋېلىپ، كەيىنكىگە ساياھەتكە بېرىشتىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن جەزمەن تەسلىم بولغان بولاتتى. تولۇق ھوقۇقلۇق ئىگە بولۇپ پىرۇسسىيە بىلەن سۈلھى قىلغان گومىن يىخۇي بۇ ئىنقىلاپتا بىر قىستۇرمىلا ئىدى. ئىنقىلاپنىڭ ھەقىقى گەۋدىلەندۇرگۈچىسى قورالانغان پارىژ ئىدى، چۈنكى بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپنى پارىژ قوزغىغان ئىدى، ئۇ بۇ ئىنقىلاپنى دەپ، 5 ئايلىق مۇھاسىرە ۋە ئاچارچىلىق ئازاۋىغا چىداشلىق بەرگەن ئىدى، ئۇ تروشۇي «پىلانى»غا قارىماي ئۇزاققىچە قارشىلىق كورسىتىپ، باشقا ئولكىلەرنىڭ كەڭ كولەمدە قوغدىنىش ئۇرۇشى قىلىشىغا ئىمكانىيەت بەرگەن ئىدى. ھازىر بولسا، بۇ پارىژ ياكى بوردودىكى ھېلىقى ئاسى قۇلدارلارنىڭ شەرمەندە بۇيرۇغىغا بىنائەن ئۆز ئۆزىدىن قورالسىزلىنىشقا مەجبۇر بولۇپ، 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ بىردىن ـ بىر مەقسىدى ھاكىمىيەتنى لۇئى بوناپارتنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق ۋەزىرلىرىنىڭ قولىدىن ئۇنىڭ رىقابەتچىسى باۋخۇاڭداڭچىلارنىڭ قولىغا ئېلىپ بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشى؛ ياكى فرانسىيە ئىشى ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن كۈرەش ئېلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى، ئۇ چاغدا فرانسىينى پۈتۈنلەي ھالاك بولۇش خەۋپىدىن

قوتۇلدۇرۇش ۋە يېڭى ھاياتقا ئىگە قىلىشنىڭ بىردىن-بىر يولى ئىككىنچى دىگونى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ۋە مۇشۇ دىگونىڭ ھامىلىغى ئاستىدا پۈتۈنلەي چىرىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن سىياسى ۋە ئىجتىمائى شەرت-شارائىتنى ئىنقىلاپ يولى بىلەن يىمىرىپ تاشلاش ئىدى. 5 ئايلىق ئاچارچىلىق دەستىدىن پۈچۈلىنىپ كەتكەن پارىژ بىر دەم-يېرىم دەممۇ ئىككىلىنىپ تۇرمىدى. ئۇ فرانسىيە سۇئىقەستچىلىرى بىلەن بولىدىغان كۈرەشنىڭ بارلىق خەتىرىنى سېپىل تۈۋىدىكى پرۇسسىيە ئارمىيىسى نازارەت قىلىپ تۇرغان شارائىتتا بېشىدىن كەچۈرۈشكە قەھرىمانلىق بىلەن بەل باغلىدى. لېكىن، پارىژ خەلق ھوكۇمىتى — گومىن زىۋېيجۇنىنىڭ جۇڭيالڭ ۋېيىۋەنخۇيى ئىچكى ئۇرۇشقا يىرگىنىش پوزىتسىيىسىدە بولدى، شۇڭا ئۇ گومىن يىخۇيىنىڭ ھەرقانداق ئىغۋاگەرچىلىگىگە، مەمۇرى دائىرىلەرنىڭ ئۆز ھوقۇق دائىرىسىدىن ھەرقانداق ئېشىپ كېتىشىگە شۇنداقلا ئارمىيىنىڭ پارىژ شەھىرى ئىچىدە ۋە پارىژ ئەتراپىدا توپلىنىشى نەقەدەر تەھدىت سېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىگىگە قارىماي، باشتىن-ئاخىر نوقۇل مۇداپىئەلىنىش مەيدانىدا تۇرىۋەردى.

3-ئاينىڭ 18-كۈنى سەھەردە، پارىژنى «ياشىسۇن گوڭشې!» دىگەن گۈلدۈرمامىدەك سادا ئويغاتتى. گوڭشې — بۇرژۇئازىيە ھەرقانچە ئويلاپمۇ تېگىگە يېتەلمەيۋاتقان بۇ غەلىتە نەرسە زادى نىمە؟

جۇڭيالڭ ۋېيىۋەنخۇي ئۆزىنىڭ 3-ئاينىڭ 18-كۈنىدىكى خىتاپنامىسىدە مۇنداق دىگەن ئىدى: «پايىتەخت پۇرولېتارلىرى ھوكۇمران سىنىپنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغانلىغى ۋە ساتقىنلىق قىلغانلىغىنى ئۆز كوزى بىلەن

كورگەندىن كېيىن، جامائەت ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، ۋەزىيەتنى قۇتقۇزۇشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندى...... ئۇلار ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇش ئۆزلىرىنىڭ دەرھال ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسى ۋە مۇتلەق ھوقۇقى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.»

لېكىن، ئىشچىلار سىنىپى تەييار دۆلەت ماشىنىسىنى ئاددى ھالدا ئىگەللىيەلمەيدۇ ۋە ئۇنى ئۆز مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن ئىشلىتەلمەيدۇ، خۇددى ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر سىنىپىنىڭ ھەرقايسى ھوقۇق تالاشقۇچى پارتىيە ـ گۇرۇھلىرى غەلىبە قىلغان چاغلىرىدا قىلغىنىدەك.

ھوقۇق جۇڭگىياگغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەت ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ ھەممە يەرگە تارقالغان ئورگانلىرى ــ دائىمى ئارمىيىلىرى، ساقچىلىرى، گۈەنلىياۋلىرى، راھىپلىرى ۋە فاگۈەنلىرى (بۇ ئورگانلار شتۇگلار ۋە تەبىقىلەر بويىچە ئىش تەقسىم قىلىش پىرىنسىپىغا ئاساسەن قۇرۇلغان) پادىشالىق مۇستەبىتلىك دەۋردە كېلىپ چىققان بولۇپ، شۇ چاغدا ئۇ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىنىڭ فېوداللىق تۈزۈمنىڭ بويۇنتۇرۇغىدىن قۇتۇلۇش يولىدىكى كۈرەشىدە كۈچلۈك قورال بولغان ئىدى. 18 ـ ئەسىردىكى فرانسىيە ئىنقىلاۋى لىگجۇلارنىڭ، جايلارنىڭ، شەھەر ـ جېنلارنىڭ، ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئىمتىيازلىرىدىن ئىبارەت ئەخلەتلەرنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن، دۆلەت ئۈستقۇرۇلمىسىنى ئاخىرقى ھېساپتا قۇرۇشقا توسقۇن بولۇپ كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى ئوتتۇرا ئەسىر توسالغۇلىرىنى ئىجتىمائى جىددىن تازىلىدى. بىرىنچى دىگو دەۋرىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ

ئاخىرقى شەكلىگە ئېرىشتى، بىرىنچى دىگونىڭ ئۆزى بولسا چىرىك، يېرىم فېودالىق ياۋروپانىڭ يېقىنقى زامان فرانسىيسىگە قارشى بىرلىشىپ ئېلىپ بارغان بىرنەچچە قېتىملىق ئۇرۇشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىخۇي ھوكۇمرانلىغى دەۋرلە-رىدە، ھوكۇمەت كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان مەنسەپكە، پۇلغا ۋە ھوقۇق-كۇچكە ئىگە بولغانلىغى ئۇچۇن، ھوكۇمەت ھاكىمىيىتىنى ئىگەللەش ھوكۇمران سىنىپ ئىچىدىكى ھوقۇق تالاشقۇچى ھەرقايسى پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ تالىشىدىغان دۇيشياڭىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ سىياسى خاراكتىرى جەمىيەتتىكى ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ باردى. سانائەتنىڭ ئالغا بېسىشى كاپىتال بىلەن ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى، كېڭەيتتى ۋە چوڭقۇرلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھوكۇمەت ھاكىمىيىتى بارغانسىرى كاپىتالنىڭ ئەمگەكنى ئېزىدىغان مەملىكەتلىك ھاكىمىيەت خاراكتىرىنى، زورلۇق كۈچ بىلەن ئىجتىمائى قۇللۇقنى كاپالەتلەندۇرۇش ئۇچۇن ئۇيۇشتۇرۇلغان سىياسى كۈچ خاراكتىرىنى، ساپ سىنىپىي ھوكۇمرانلىق ماشىنىسى خاراكتىرىنى ئالدى. ھەر قېتىملىق خەلق ئىنقىلاۋىدىن كېيىن — بۇ ئىنقىلاپلار سىنىپىي كۇرەشنىڭ جەريانى (راۋاجلىنىش جەريانى)دىكى يېڭى ئىلگىرىلەش باسقۇچىدىن دېرەك بېرىدۇ — دولەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئەزگۇچىلىك خاراكتىرى تېخىمۇ رەھىمسىز، تېخىمۇ قىپ-يالىڭاچ بولۇپ ئىپادىلىنىۋەردى. ئىيۇل ئىنقىلاۋى دولەت ماشىنىسىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى پومىشچىكلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، كاپىتالىستلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، يەنى ئىشچىلارنىڭ بىر قەدەر يىراق دۇشمىنىنىڭ

قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئىشچىلارنىڭ بىۋاستە دۈشمىنىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. دەل شۇنىداق بولغانلىقى ئۈچۈن، دولەت ھاكىمىيىتى ئىشچىلار سىنىپىغا نىسبەتەن تېخىمۇ ئاشكارا دۈشمەنلىك قىلىش ۋە باستۇرۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. فېۋرال ئىنقىلاۋى «سوتسىيال جۇمھۇرىيەت» بايرىقىنى چىقاردى، شۇنداق قىلىپ، ئۇ دەسلەپتىلا مۇنۇلارنى ئىسپاتلىدى: دولەت ھاكىمىيىتىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئاشكارىلاندى؛ ئۇ جامائەت مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان قوراللىق كۈچ قىياپىتىگە كىرىۋالغان، جەمىيەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى ئىپادىلەش نىقاۋىغا ئورىنىۋالغان — بىر بىرى بىلەن دۈشمەنلەشكەن شەخسى مەنپەئەت ئۈستىدە تۇرۇش ھەم ئۇلارنى ئوزىنىڭ ھەركەت دائىرىسىدە ساقلاش — چۇمپەردە يىرتىپ تاشلاندى؛ ئۇنىڭ سىنىپىي مۇستەبىتلىكنىڭ قورالى ئىكەنلىك سىرى تونۇۋېلىندى؛ ئىشچىلار جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى تەلەپ قىلىپ، ئەمدى ئۇنى كونا سىنىپىي ھوكۇمرانلىق تۈزۈمىنىڭ بىر خىل ئوزگەرگەن سىياسى شەكلى قىلماي، بەلكى ئۇنى سىنىپىي ھوكۇمرانلىقنىڭ ئوزىنى يوقىتىشنىڭ ئىنقىلاۋىي ۋاستىسى قىلىدىغان بولدى. ھوكۇمران سىنىپ «سوتسىيال جۇمھۇرىيەت»نىڭ تەھدىدى ئالدىدا، تەبىي ئىقتىدارى بىلەن شۇنى سەزدىكى، بۇرۇنقى سۇلالىلەرنىڭ ناملىرىنىڭ ئوزى بىر گۇرۇھنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ۋە يەنە بىر گۇرۇھنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن، ھوكۇمران سىنىپنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرىنىڭ مەنپەئەتى يەنە بىر قىسىم كىشىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى بېسىپ كەتكەنلىكىدىن، يەرنىڭ كاپىتالىنى بېسىپ كەتكەنلىكى ياكى كاپىتالنىڭ يەرنى بېسىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ نامسىز يىخۇي تۈزۈمدىكى جۇمھۇرىيەت ھوكۇمرانلىقى

بولسا ھوكۇمـران سىنىپـىنىڭ بىر بىرى بىلەن دۈشـمەنـلەشكەن
ھەممە گۇرۇھىنىڭ ھەسسىدارلىق گۇڭگىسىغا ئايلىنالايدۇ. ئىشچىلار
سىنىپى بىلەن قارىمۇ ـ قارشى بولغان، ھازىرغـىچە ھوكۇمـرانلىق
ئورۇندا تۇرۇۋاتـقان سىنىپلار، مەيـلى قانداق ئالاھـىدە شەكىل
بىلەن ئامـمىنىڭ ئەمـگىكىنى ئىگىلىـۋالـغان بولـسۇن، ئۇلارنىڭ
بىردەك ئورتاق **ئىقتىسادىي** مەنـپەئەتـى بار، ئۇ بولسـمۇ ياكـى
پومىششىك ۋە كاپىتالىست بولۇش سۈپىتى بىلەن بىۋاستە يوسۇندا
ياكى پومىشـشىكلار بىلەن كاپىتالىستلارنىڭ دولەت تەيـيارتاپلىرى
بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋاستىلىك يوسۇندا ئەمگەكنىڭ قول قىلىنىش
ئورنـىنى ساقـلاپ قېلىش، ئەمـگەك مىۋىـسىنى يېـتىپ يېيىشتىن
ئىبارەت؛ يەنى ئىشلەپچىقارغۇچى ئاممىنى، «پەس خەلق»نى ئېسىل
زاتلارنىڭ بايلىق شىلىۋېلىشىنىڭ ۋە ھوكۇمرانلىق يۇرگۈزۈشىنىڭ
مەنبەسىگە ئايلاندۇرىدىغان «تەرتىپ»نى مەجبۇرى يولغا قويۇشتىن
ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالـدى بىلەن مال ـ مۈلۈكـنى ھەدەپ
تالان ـ تاراج قىلىش ئارقىلىق ئوزىنى مال ـ مۈلۈكنى قوغدىغۇچى
قىلىپ ئىسپاتلاشقا ئالدىرىغان جېكتوكچىلار، ئورلېانچىلار، بۇرژۇئا
جۇمھۇرىـيەتچىـلىرى ۋە بوناپارتـچى تەۋەككۇلچىـلەر توپـلىنىپ،
**«تەرتىپچىلەر پارتىيىسى»** بولۇپ ئۇيۇشـتى ـــ بۇ، پرولېتارىيات
**«سوتسىيال جۇمھۇرىيەت»**كە تەنـتەنە قىلىش ساداسى ئىچـىدە
ئېـلىـپ بارغان بۇ قېتىمـقى ئىنقىلاپـنىڭ ئەمـىلىي نەتـىجىسى.
تەرتىپـچىلەر پارتىيىسـىنىڭ يـىخۇي تۈزۈمـىدىكى جۇمھۇرىـيىتى
ھوكۇمران سىنىپنىڭ تېرورلۇق ھوكۇمرانـلىغىلا بولۇپ قالمىدى.
دولەت ھاكىمـىيىتى ئۇلارنىڭ قولىغا ئوتۇش بىلەن كاپىتالىستلار،
پومىششىكلار ۋە ئۇلارنىڭ دولەت تەييارتاپلىرى ئىشلەپچىقارغۇچە-

لارنىڭ ئىنقىلاۋىي ئارزۇسىنى باسىدىغان **ئاشكارا ئىچكى ئۇرۇش قورالىغا** ئايلىنىپ قالدى.

پادىشالىق تۇزۇمىدە، ھوكۇمران سىنىپىنىڭ ھاكىمىيەت سىرتىدىكى گۇرۇھلىرى، كوپىنچە خەلق ئالدىدا، ھوقۇق تۇتقان ھوكۇمەتنىڭ باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى ۋە ئۇ ئېلان قىلغان پىرىنسىپلارنى ئەيىپلەپمۇ قويىدۇ؛ ھوكۇمران سىنىپىنىڭ قارشى گۇرۇھلىرى خەلق مەنپەئەتى ئۇچۇن مۇراجەت قىلىش، خەلقنى قوغدىغۇچى قىياپەتكە كىرىۋېلىش، خەلقنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىنى قوغداشنى تەلەپ قىلىش ئۇسۇللىرى بىلەن خەلقنى ئوزلىرىنىڭ گۇرۇھۋازلىق تالاش-تارتىشلىرىغا كوڭۇل بولىدىغان قىلىدۇ. لېكىن، نامسىز جۇمھۇرىيەت تۇزۇمىدە، ھوكۇمران سىنىپىنىڭ ھەرقايسى گۇرۇھلىرى بۇرۇنقى كونا تۇزۇمنىڭ بارلىق باستۇرۇش ۋاستىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ (بۇرۇنقى تۇزۇمنىڭ ھەممە قورال ئىسكىلاتىدىكى بارلىق باستۇرۇش قوراللىرىنى ئېلىپ چىقىپ)، رەھىمسىز تۇردە ئىشقا سالىدۇ، ئاسىلىقنى تەبرىكلەش زىياپىتىنى بىرلىكتە ئوتكۇزىدۇ. ئۇلار ئوزلىرىنىڭ بۇرۇنقى بايانات ۋە ۋەدىلىرىنى رەزىل نومۇسسىزلىق بىلەن ئىنكار قىلىدۇ، ئوزلىرىنىڭ «ئاتالمىش» پىرىنسىپلىرىنى دەپسەندە قىلىدۇ، مۇشۇ پىرىنسىپلار نامى بىلەن ئوزلىرى قوزغاتقان ئىنقىلاپنى قاغايدۇ ھەمدە جۇمھۇ-رىيەت دىگەن مۇشۇ نامنىڭ ئوزىنىمۇ قاغايدۇ، گەرچە مۇشۇنداق جۇمھۇرىيەتنىڭ نامسىز ھوكۇمرانلىغىلا ئۇلارنىڭ خەلققە قارشى ئەھلى سەلىب ئارمىيىسىگە ئورتاق قاتنىششىنى كەڭ كولەمدە قوبۇل قىلالايدىغان بولسىمۇ.

بۇنىڭدىن كورگىلى بولىدۇكى، بۇ ئەڭ دەھشەتلىك سىنىپىي

ھۆكۈمرانلىق شەكىل — ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئەڭ يىرگىنىشلىك، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى تازا ئېلىشتۇرىدىغان شەكىل. ئۇ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشىنىڭ قورالى قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ ئىچكى ئۇرۇشنى ئۇزارتىشقا تايانغاندىلا، بۇنداق ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قالالايدۇ. تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈم-رانلىقى يېخۇيىدىكى ھۆكۈمەتسىزلىك ھالەتنى باش قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ھەرقايسى گۇرۇھلىرى ئۇزلۇكسىز سۇيئە-قەستلىك ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىپ، ھەرقايسى ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تار دائىرىسىدىن سىرت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان پۈتۈن جەمىيەتكە قارشى ئاشكارا ئۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ، شۇڭا تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى كىشىلەرنىڭ يول قويۇشى بەكمۇ تەس بولغان تەرتىپسىزلىكنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بولۇپ قالدى. تەرتىپچىلەر پارتىيىسى خەلق ئاممىسىغا قارىتىلغان ئۇرۇشتا خەلق ئاممىسىنىڭ ھەممە قارشىلىق كۆرسىتىش ۋاستىلىرىنى تارمار قىلىپ، ئامالسىز قالغان خەلق ئاممىسىنى مەمۇرى دائىرىلەرنىڭ قىلىچى ئاستىغا قويغان چاغدا، تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ يېخۇيى تۈزۈمىمۇ مەمۇرى دائىرىلەرنىڭ قىلىچى تەرىپىدىن سەھنىدىن قوغلاندى. شۇڭا، تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ يېخۇيى تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيىتى ئورنى بوش قالغان سۇلالىلا بولالىدى. ئۇنىڭ تەبىئى نەتىجىسى، ئۇنىڭ نەچچىنچى دىگو بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، **دىگو تۈزۈمى** بولىدۇ. دىگو شەكلىنى قوللانغان، قىلىچنى پادىشالىق تاياق قىلغان دۆلەت ھاكىمىيىتى، دېخانلار سىنىپىغا يەنى گويا ئەمگەك بىلەن كاپىتال ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپى

كۆرەشتىن سىرت تۇرغان كەڭ ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئاممىسىغا
تاياندىم، دەيتتى؛ ئۇ، يىخۇي تۈزۈمىنى بۇزۇش، دولەت
ھاكىمىيىتىنىڭ ھوكۈمران سىنىپقا بىۋاستە تىز يۆكۈش ئەھۋالىنى
بۇزۇش يولى بىلەن، ئىشچىلار سىنىپىنى قۇتقۇزدۇم، دەيتتى؛ ئۇ،
ئىشچىلار سىنىپىغا ھاقارەت كەلتۈرمەي، لېكىن ئىشچىلار سىنىپىنى
بويسۇندۇرۇش يولى بىلەن ھوكۈمران سىنىپنى قۇتقۇزدۇم،
دەيتتى؛ ئۇ، بىزنىڭ كوزلىگىنىمىز جامائەت پاراۋانلىغى بولمىغان
تەقدىردىمۇ، ھېچ بولمىغاندا دولەت شوھرىتى، دەيتتى. شۇنىڭ
ئۈچۈن، ئۇ «تەرتىپنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى» دەپ ئېلان قىلىندى.
گەرچە ئۇ ھوكۈمران سىنىپنىڭ ۋە ئۇنىڭ دولەت تەييارتاپلىرىنىڭ
سىياسى غۇرۇرىغا زىيان كەلتۈرسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقە-
تەن بۇرژۇئازىيە «تەرتىۋى»نىڭ ئەڭ مۇۋاپىق تۈزۈمى ئىكەن-
لىگىنى كورسەتتى، ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ بارلىق سانائەت ئارزۇسى،
رەزىل-ئىپلاس ھايانكەشلىگى، پۈتۈن ئەيش-ئىشرەتلىك،
كەيپ-ساپالىق تۇرمۇشىنىڭ تولۇق راۋاجلىنىشىنى ھەركەت
دائىرىسى بىلەن تەمىنلىدى. كورۈنۈشتە شەھەر ئاھالىسى جەمىيە-
تىدىن ئۈستۈن تۇرغان دولەت، ئەمىلىيەتتە، دەل مۇشۇ جەمىيەت-
تىكى ھەممە ئىپلاس شەيئىلەرنىڭ زىمىنى. پرۇسسىيە سىداۋلىرى
بۇ دولەتنىڭ تەلتوكۈس چىرىكلىگىنى ۋە گويا مۇشۇ دولەت
قۇتقۇزۇشى كېرەك بولغان جەمىيەتنىڭ پۈتۈن چىرىكلىگىنى ئېچىپ
تاشلىدى، لېكىن، بۇنداق دىگو تۈزۈمى «تەرتىپ»نىڭ يەنى
بۇرژۇئازىيە جەمىيتى «تەرتىۋى»نىڭ شۇنداق مۇقەررەر سىياسى
شەكلى ئىدى، پرۇسسىيىنىڭ بۇ تۈزۈمىنىڭ مەركىزىي ئورنى بولغان
پارىژنى ئاغدۇرماقچى بولۇشى ئۇنى بېرلىنغا كوچۈرۈش ئۈچۈنلا

ئىدى.

دىگو ئۇزىنىڭ پېشۋاسى بولغان جېكتوك سۇلالىسى، ئاساسى قانۇنلۇق سۇلالە، يىخۇي تۇزۇمىدىكى جۇمھۇرىيەتلەردەك، بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىنىڭ بىر خىل سىياسى شەكلىلا ئەمەس ئىدى، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا يەنە بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىنىڭ ئەڭ بۇزۇق، ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئاخىرقى سىياسى شەكلى ئىدى. ئۇ **بولسا** يېقىنقى زامان سىنىپى ھوكۇمرانلىقىنىڭ دولەت ھاكىمىيىتى ئىدى، ھېچ بولمىغاندا ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا شۇنداق ئىدى.

# ئىزاھلار

1 بۇ مۇقەددىمىنى ئېنگېلس بېرلىن «ئالغا گېزىتى» نەشرىياتى 1891-يىلى پارىژ كوممۇنىسىنىڭ 20 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن نەشر قىلغان ماركسنىڭ ئەسىرى «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ نېمىسچە ئۈچىنچى نەشرى (خاتىرىگە بېغىشلانغان نەشرى) ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن. ئېنگېلس بۇ مۇقەددىمىدە پارىژ كوممۇنىسىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ۋە ماركسنىڭ «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»تا مۇشۇ تەجرىبىلەرنى نەزىرىيە جەھەتتىن يىغىنچاقلىغانلىقىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارىژ كوممۇنىسىنىڭ تارىخى جۈملىدىن كوممۇنىغا قاتناشقان بلانكىزىمچىلار بىلەن پرۇدونىزىمچىلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئۈستىدىمۇ بىر قاتار قوشۇمچىلارنى قىلغان. ئېنگېلس خاتىرىگە بېغىشلانغان نەشرىگە يەنە، ماركس يازغان خەلقارا ئىشچىلار جەمئىيىتى باش ۋېيىيۈەنخۇيىنىڭ پرۇسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشى توغرىسىدىكى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىتابنامىسىنى كىرگۈزگەن. شۇنىڭدىن كېيىن تۈرلۈك تىللاردا نەشر قىلىنغان «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ كىتابچىلىرىغا ئومۇمەن ئېنگېلسنىڭ مۇقەددىمىسى كىرگۈزۈلگەن.

دەسلەپتە، ئېنگېلسنىڭ مۇقەددىمىسى ئۇنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن ماۋزۇدا «يېڭى دەۋر» ژورنىلىنىڭ 1890—1891-يىللاردىكى ئىككىنچى توپلىمىنىڭ 28-سانىدا ئېلان قىلىنغان. ئېلان قىلىش ۋاقتىدا تەھرىر بولۇمى ئەسلى نۇسخىسىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن: ئاخىرقى ئابزاستا ئەسلى نۇسخىدىكى «سوتسىيال-دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى چاكىنىلار» دېگەن سۆزلەر «گېرمانىيىدىكى چاكىنىلار» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. فىشېرنىڭ 1891-يىل 3-ئاينىڭ 17-كۈنى ئېنگېلسقا يازغان خېتىدىن ئېنگېلسنىڭ بۇنداق

ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىۋېتىشكە قوشۇلمايدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، لېكىن، ئېنگېلس كىتاپچىدا ئۆزگەرتىلگەن سۆزلەرنى ساقلاپ قالغان، ئېھتىمال، ئۆز ئەسىرىنىڭ ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئېلان قىلىنغان بىرنەچچە تىلدىكى نۇسخىلىرى ئوخشاش بولماي قالمىسۇن دېگەن بولسا كېرەك. مۇشۇ نەشرىدە ئەسلى نۇسخىدىكى سۆزلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ئېنگېلسنىڭ مۇقەددىمىسى ماركسنىڭ «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش» دېگەن ئەسىرى بىلەن بىللە رۇس تىلىدا بىرىنچى قېتىم 1893 - يىلى جەنۋەدە ئېلان قىلىنغان. 1905 - يىلى «بوران قۇشى» نەشرىياتى (ئودېسسا) 1891 - يىلدىكى نېمىسچە ئۈچىنچى نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان ھەمدە ۋ. ئى. لېنىن سېلىشتۇرۇپ بېكىتكەن «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نى ۋە ئېنگېلسنىڭ مۇقەددىمىسىنى نەشر قىلغان. لېنىن تەرجىمىسىنى سېلىشتۇرۇپ بېكىتكەندە، 1905 - يىلى شۇ نەشرىيات نەشر قىلغان ئالدىنقى نەشرىدىكى ئەسلى مەنىسى بۇرمىلانغان ۋە توغرا چىقمىغان كۆپ جايلارنى تۈزەتكەن ھەمدە «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش» ۋە مۇقەددىمىدىن چار پادىشانىڭ گېزىت - ژۇرناللارنى تەكشۈرۈش ئورگىنى ئىلگىرى چىقىرىۋەتكەن سۆز - جۈملىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. كېيىن ۋ. ئى. لېنىن ئۆزىنىڭ «دۆلەت ۋە ئىنقىلاپ» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە مۇقەددىمىدىن نەقىل كەلتۈرگەن چېغىدا، ئۇنىڭدىكى بىرمۇنچە ئابزاسلارنى قايتىدىن تەرجىمە قىلغان. — 1 - بەت.

2 «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 8 - توم، 121 — 227 - بەتلەرگە قارالسۇن. — 1 - بەت.

3 1813 — 1814 - يىللاردا گېرمانىيە خەلقىنىڭ ناپولېئون ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان مىللىي ئازاتلىق ئۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — 2 - بەت.

4 گېرمانىيە بىلەن ناپولېئون فرانسىيىسى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، گېرمانىيىدە ھۆكۈمەتكە قارشى ھەركەت قانات

يېيىپ كەتكەن، بۇ ھەركەتكە قاتناشقانلار گېرمانىيىنىڭ ھەرقايسى شتاتلىرىدىكى ئەكسىيەتچىل تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، گېرمانىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن سىياسى نامايىش ئۇيۇشتۇرغان. بۇ ھەركەت زىيالىلار ساھەسىدە ۋە داشۆي ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا بولۇپمۇ داشۆي ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ گىمناستىكا تەشكىلاتلىرى ئىچىدە ئومۇملىشىپ كەتكەن. ئۇلارنى گېرمانىيىدىكى ئەكسىيەتچى گۇرۇھ ئېزىقتۇرغۇچىلار دەپ ئاتاشقان. ئەكسىيەتچى دائىرىلەر «ئېزىقتۇرغۇچىلار»غا زىيانكەشلىك قىلغان. — 2 ـ بەت.

5 ك. ماركس. «خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتى باش ۋېيۈەنخۇيىنىڭ پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشى توغرىسىدىكى ئىككىنچى خىتابنامىسى». — 2 ـ بەت.

6 1870 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 — 2 ـ كۈنلىرى سېدان ئەتراپىدا پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشى بويىچە بىر قېتىم ھەل قىلغۇچ جەڭ بولغان، نەتىجىدە فرانسىيە ئارمىيىسى تامامەن تارمار بولغان. فرانسىيە ئارمىيىسى سىلىگبۇسى 1870 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىمزا قويغان تەسلىمنامە بويىچە، ناپولېون III باشچىلىقىدىكى 80 نەچچە مىڭ ئەسكەر، جۇنگۇەن ۋە جىياڭجۈن ئەسىر بولغان. ناپولېون III 1870 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 1871 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىگىچە ۋىلگېلم قورغىنى (كاسېل ئەتراپىدا، پرۇسسىيە پادىشاسىنىڭ قەلئەسى) غا قاماپ قويۇلغان. سېداننىڭ پاجىەلىك مەغلۇبىيىتى ئىككىنچى دىگونىڭ ھالاكىتىنى تېزلەتكەن، نەتىجىدە 1870 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى فرانسىيە جۇمھۇرىيەت دەپ جاكالانغان. — 9 ـ بەت.

7 تىيېر بىلەن جۇل فافېر بىر تەرەپ، بىسمارك بىر تەرەپ بولۇپ، 1871 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ۋېرسالدا ئىمزالىغان فرانسىيە ـ گېرمانىيە دەسلەپكى سۈلھى شەرتنامىسى كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ شەرتنامىدىكى شەرتلەر بويىچە، فرانسىيە ئالساسنى ۋە لوررېننىڭ شەرقىي قىسمىنى گېرمانىيىگە بولۇپ بەرگەن ھەم 5 ملىيارت فرانك ئۇرۇش چىقىمى

تولـگەن؛ ئۇرۇش چـقمـنى تولەپ بولۇشـتىن بۇرۇن، گېرمانىيە ئارمىيسى فرانسىيىنىڭ قسمەن زىمىنىنى داۋاملىق ئىشغال قىلىپ تۇرغان. ئاخىرقى سۈلھى شەرتنامىسى 1871 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ماين دەرياسى بويىدىكى فرانكفۇرتتا ئىمزالانغان. — 11 ـ بەت.

8 بۇ نەقىل گۈگـشې سايـلام ۋېيىۋەنـخۇيىنىڭ دوكـلادىدىن ئېلىنـغان. بۇ دوكـلات گۈگـشېنىڭ ئورگـان گېزىـتى «فرانـسىيە جۇمـھۇرىيـتى ئاخباراتى»نىڭ 1871 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىكى 90 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. — 12 ـ بەت.

9 ئېنـگېلـسنىڭ دىگىنى ئېھتىمال پارىـژ گۈگـشېسى مائارىـپ ۋەكـىلى ئې. ۋايانىنىڭ 1871 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى بۇيرۇغىنىڭ مەزمۇنى بولـسا كېرەك، بۇ بۇيـرۇق «فرانـسىيە جۇمـھۇرىيىتى ئاخباراتى»نىڭ 1871 ـ يـىـل 5 ـ ئايـىنـىڭ 12 ـ كـۈنـىدـىكى 132 ـ سانـىدا ئېـلان قىلىنغان. — 13 ـ بەت.

10 پرۇدونـنىڭ «19 ـ ئەسىردىكى ئىنقىلاپـنىڭ ئومۇمى ئىدىيىسى» دىگەن ئەسـىرى كـوزدە تـۇتـۇلىدۇ، پارىژ، 1851 ـ يىل نەشرى («*Idée générale de la Révolution au XIX siècle*», *Paris*, 1851). ماركـس 1851 ـ يىـل 8 ـ ئايـنىڭ 8 ـ كۈنى ئېنـگېلسقا يازغان خېتىدە ۋە ئېنـگېلس «پرۇدونـنىڭ "19 ـ ئەسىردـىكى ئىنقىلاپـنىڭ ئومۇمـى ئىدىيىسى" دىـگەن كـىتاۋـىغا پىچەن ۋە تەھلىل» دىـگەن ئەسـىرىدە («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى غەزنىسى»، 10 ـ توم، 13 — 17 ـ بەتلەر) پرۇدوننىڭ بۇ ئەسىردىكى نۇقتىنەزەرلەرنى پىچەن قىلغان. — 20 ـ بەت.

11 «خەلـقارا ئىشچىلار جەمىيتى باش ۋېيىۋەنـخۇيىنىڭ پرۇسسىيە ـ فـرانـسـىيە ئـۇرۇشى توغـرىسىدىكى بىرىـنچى خـىتـاپـنـامـىسى» («*The General Council of the International Working-Men's Association on the War*») نى ماركـس 1870 ـ يىـل 7 ـ ئايـنىڭ 19 — 23 ـ كۈنـلـىرى يازغان. 1870 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى يەنى پرۇسـسىيە ـ فرانـسىيە ئۇرۇشى پارتـلىغان كۈنى باش ۋېيىۋەنـخۇي ماركـقا مۇشۇ قېتىملـىق ئۇرۇش

توغرىسىدا خىتاپنامە تەييارلاشنى تاپشۇرغان. خىتاپنامە 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى باش ۋېيۈەنخۇينىڭ چاڭۋېيخۇي يىغىنىدا ماقۇللانغان، ئارقىدىنلا 1870 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى باش ۋېيۈەنخۇينىڭ يىغىنىدا بىر ئېغىزدىن تەستىقلانغان. خىتاپنامە ئاۋال لوندوندا «پال - مال خەۋىرى»نىڭ 1870 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىكى 1702 - سانىدا ئىنگلىز تىلىدا بېسىلغان، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن چۈەندەن شەكلىدە مىڭ نۇسخا بېسىلغان. ئەنگلىيىنىڭ نۇرغۇن يەرلىك گېزىتلىرىمۇ خىتاپنامىنىڭ تولۇق تېكىستىنى ياكى قىسقارتىلمىسىنى كۆچۈرۈپ باسقان. خىتاپنامە «تايمس گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتىلگەن، لېكىن بۇ گېزىت ئېلان قىلىشنى رەت قىلغان.

خىتاپنامىنىڭ بىرىنچى نەشرىنىڭ ناھايىتى تېز سېتىلىپ بولغانلىقىنى، بېسىلغان سانى ئېھتىياجنى زادىلا قاندۇرالمىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، باش ۋېيۈەنخۇي 1870 - يىل 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى يەنە مىڭ نۇسخا بېسىشنى قارار قىلغان. بىرىنچى خىتاپنامە بىلەن باش ۋېيۈەنخۇينىڭ پرۇسسىيە - فرانسىيە ئۇرۇشى توغرىسىدىكى ئىككىنچى خىتاپنامىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، 1870 - يىل 9 - ئايدا ئىنگلىز تىلىدا قايتا نەشر قىلىنغان؛ بۇ نەشرىدە ماركس بىرىنچى خىتاپنامىنىڭ بىرىنچى نەشرىدىكى باسما خاتالىقلىرىنى تۈزەتكەن.

8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، باش ۋېيۈەنخۇي بىرىنچى خىتاپنامىنى نېمىسچىغا ۋە فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىشقا ھەم ئۇنى تارقىتىشقا مەسئۇل بولۇشقا بىر ۋېيۈەنخۇي قۇرغان. بۇ ۋېيۈەنخۇيغا ماركس، يۇنگ، سېرراي ۋە ئېككارىئۇسلار قاتناشقان. خىتاپنامە تۇنجى قېتىم لېيپسىگدا چىقىدىغان «خەلق دۆلىتى گېزىتى»نىڭ 1870 - يىل 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىكى 63 - سانىدا نېمىس تىلىدا ئېلان قىلىنغان، تەرجىمىسىنى ۋ.لىبكنېخت ئىشلىگەن. ماركس خىتاپنامىنىڭ مۇشۇ نېمىسچە نۇسخىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تەرجىمىسى ئۈستىدە تولۇق ئىشلەپ، يېرىمىنى دېگۈدەك قايتا تەرجىمە قىلغان. خىتاپنامىنىڭ

مۇشۇ نېمىسچە يېڭى نۇسخىسى 1870 ـ يىل 8 ـ ئايدا «شيەنچۈي» ژورنىلىنىڭ 8 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چۆەندەن شەكلىدە ئايرىم نەشر قىلىنغان. 1891 ـ يىلى پارىژ كۇڭشېسىنىڭ 20 يىللىغىنى خاتىرىلەش ۋاقتىدا، ئېنگېلس بېرلىن «ئالغا گېزىتى» نەشرىياتى نەشر قىلغان «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ نېمىسچە نەشرىدە باش ۋېييۈەنخۇيىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىتابنامىسىنى ئېلان قىلغان. بۇ نەشرى ئۈچۈن بىرىنچى، ئىككىنچى خىتابنامىسىنىڭ تەرجىمىسىنى لۇئىسا كائۇتسكى خانىم ئىشلىگەن، ئۇ تەرجىمە قىلىش ۋاقتىدا ئېنگېلسنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولغان.

خىتابنامە 1870 ـ يىل 8 ـ ئايدا «باراۋەرلىك گېزىتى»دە، 1870 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى «ئىنتېرناتسونال گېزىتى»نىڭ 82 ـ سانىدا ۋە 1870 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى «مىرابو گېزىتى»نىڭ 55 ـ سانىدا فرانسۇز تىلىدا ئېلان قىلىنغان. خىتابنامە باش ۋېييۈەنخۇيى تەسىس قىلغان ۋېييۈەنخۇيى تەرىپىدىن فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، چۆەندەن شەكلىدىمۇ نەشر قىلىنغان.

بىرىنچى خىتابنامە 1870 ـ يىل 8 ـ 9 ـ ئايلاردا جەنۋەدە نەشر قىلىنىدىغان «خەلق ئىشلىرى»نىڭ 6 ـ 7 ـ سانلىرىدا تۇنجى قېتىم رۇس تىلىدا ئېلان قىلىنغان؛ 1905 ـ يىلى بىرىنچى، ئىككىنچى خىتابنامە لېنىن تەكشۈرۈپ بېكىتكەن، «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ 1891 ـ يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىغا كىرگۈزۈلگەن (ئىزاھ 29 غا قارالسۇن). كېيىن، پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشى توغرىسىدىكى بۇ ئىككى خىتابنامە يەنە «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش» بىلەن بىللە كوپ قېتىم رۇس تىلىدا ئېلان قىلىنغان.

«خەلق دۆلىتى گېزىتى» (*«Der Volksstaat»*) گېرمانىيە سوتسىيال ـ دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى (ئېيزىناخچىلار) جۇڭياڭىنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇپ، 1869 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 1876 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگىچە لېيپسىگدا چىقىرىلغان (ھەپتىدە 2 قېتىم

چىقىرىلاتتى، 1873 ـ يىل 7 ـ ئايدىن تارتىپ ھەپتىدە 3 قېتىم چىقىرىلىدىغان بولغان). بۇ گېزىت گېرمانىيە ئىشچىلار ھەركىتىدىكى ئىنقىلاپچىلارنىڭ نۇقتىسىنەزىرىگە ۋەكىللىك قىلغان. بۇ گېزىت يۈرەكلىك ئىنقىلاۋىي سوزلەرنى ئېلان قىلىپ تۇرغاچقا، دائىم ھوكۇمەت ۋە ساقچىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ تۇرغان. تەھرىرلىرى تۇتقۇن قىلىنغانلىقتىن، بۇ گېزىتنىڭ تەھرىر بولۇمىنىڭ ئەزالىرى ئۇزلۇكسىز ئۇزگىرىپ تۇرغان، شۇنداقتىمۇ گېزىتنىڭ باش رەھبەرلىكى يەنىلا ۋ.لىبكنېختنىڭ قولىدا بولغان. «خەلق دولىتى گېزىتى»نى چىقىرىش خىزمىتىنى باشقۇرغان ئا.بېبېل بۇ گېزىتتە ئالاھىدە رول ئوينىغان. ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇ گېزىت چىقىرىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپلا ئۇنىڭغا ماقالا يېزىپ كەلگەن، دائىم تەھرىر بولۇمىگە ياردەملىشىپ كەلگەن ھەم گېزىتنىڭ لۇشيەنىسىنى ئىزچىل تۈزىتىپ بارغان. «خەلق دولىتى گېزىتى»نىڭ بەزى كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرى بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىكى مۇنەۋۋەر ئىشچىلار گېزىتلىرىدىن بىرى بولۇشقا مۇناسىپ.

«شيەنچۈي» (*«Der Vorbote»*) ئايلىق ژورنىلى ئىنتېرناتسىو-نالنىڭ شۋېيتسارىيىدىكى نېمىسلار جۈبۇسىنىڭ رەسمى ئورگان ژورنىلى بولۇپ، 1866 ـ يىلدىن 1871 ـ يىلغىچە جەنۋەدە نېمىس تىلىدا نەشر قىلىنغان؛ باش تەھرىرى ج. پ. بېككېر ئىدى. ژورنال، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ماركس ۋە باش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ لۇشيەنىنى ئىجرا قىلغان، ئىنتېرناتسىونالنىڭ ھوججەتلىرىنى شتۇكلۇق ئېلان قىلىپ تۇرغان ۋە جەمىيەتنىڭ ھەرقايسى ئەللەردىكى جۈبۇلىرىنىڭ پائالىيەت ئەھۋاللىرىنى خەۋەر قىلىپ تۇرغان.

«باراۋەرلىك گېزىتى» (*«L'Égalite»*) شۋېيتسارىيىدە چىقىدىغان ھەپتىلىك گېزىت بولۇپ، ئىنتېرناتسىونالنىڭ رومان تىلى رايونى بىرلەشمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى ئىدى؛ 1868 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1872 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە جەنۋەدە فرانسۇز تىلىدا چىقىرىلغان. بۇ

گېزىتنىڭ تەھرىر بولۇمىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان باكۇنىنچى ئۇنسۇر پېررون، روبېن قاتارلىقلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، 1869-يىل 11-ئايدىن 1870-يىل 1-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىنتېرناتسونال باش ۋېيىۋەنخۇيىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنغان. لېكىن 1870-يىل 1-ئايدا رومان تىلى رايونى بىرلەشمىسى ۋېيىۋەنخۇيى ئامال قىلىپ تەھرىر بولۇم ئەزالىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى باكۇنىنچى ئۇنسۇرلارنى تازىلاپ چىقارغان، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ گېزىت قايتىدىن باش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ لۇشيەنىنى قوللاشقا باشلىغان.

«ئىنتېرناتسونال گېزىتى» («L'Internationale») بېلگىيىدە چىقىدىغان ھەپتىلىك گېزىت بولۇپ، ئىنتېرناتسونالنىڭ بېلگىيە جۇبۇسىنىڭ ئورگان گېزىتى ئىدى؛ د. پاپنىڭ بىۋاستە قاتنىشىشى بىلەن 1869-يىلدىن 1873-يىلغىچە بىريۇسسېلدا چىقىرىلغان. بۇ گېزىت دائىم ئىنتېرناتسونالنىڭ ھوججەتلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇرغان.

«مىرابو گېزىتى» («Le Mirabeau») — 1868-يىلدىن 1874-يىلغىچە فېرۋېيدا چىقىرىلغان بېلگىيە ھەپتىلىك گېزىتى؛ ئىنتېرناتسونالنىڭ بېلگىيە جۇبۇسىنىڭ ئورگان گېزىتى.

«خەلق ئىشلىرى» («Народное дело») بىر تۈركۈم روسىيە ئىنقىلاۋىي سەرگەردانلىرى 1868-يىلدىن 1870-يىلغىچە جەنۋەدە چىقارغان گېزىت (1870-يىل 4-ئايدىن بۇرۇن ژورنال ئىدى)؛ بىرىنچى سانى باكۇنىننىڭ باش تەھرىرلىكىدە چىققان، 1868-يىل 10-ئايدىن باشلاپ، تەھرىر بولۇمى (بۇنىڭدا ن. ئۇتىن قاتارلىقلار بار ئىدى) باكۇنىن بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈل-كېسىل ئۈزگەن ھەم ئۇنىڭ ئۇقتىنەزەرلىرىگە قارشى تۇرغان؛ ئۇ 1870-يىل 4-ئايدىن باشلاپ، خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتى روسىيە جۇبۇسىنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇپ، ماركس ۋە باش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ لۇشيەنىنى ئىجرا قىلغان، ئىنتېرناتسونالنىڭ ھوججەتلىرىنى باسقان. — 27-بەت.

13 ــ 14 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. ــ 28 ـ بەت.

13 ناپولېون IIIنىڭ ھوكۇمىتى كەڭ خەلقنىڭ نارازىلىغىنى قوزغىغان، ئۇرۇلۇپ كېتەي دەپ قالغان ئىككىنچى دىگو ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش غەرىزىدە، 1870 ـ يىل 5 ـ ئايدا كۆكمىنلار ئاۋاز بېرىشىنى (ئومۇمخەلق ئاۋاز بېرىشىنى) ئېلىپ بارغان. ئاۋازغا قويۇلغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى، ئىككىنچى دىگو سىياسىتىگە قوشۇلمايدىغانلىغىنى بىلدۈرگەنلىك بارلىق دېموكراتىك ئىسلاھاتلارغا قارشى تۇرغانلىق بولىدۇ، دىگەن شەكىلدە قويۇلغان. ھوكۇمەت بۇنداق ئېزىقتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ھىلىلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، كۆكمىنلارنىڭ ئاۋاز بېرىشى يەنىلا ھوكۇمەتكە قارشى كۆچلەرنىڭ ئۆسكەنلىكىنى كورسەتكەن: بىر مىليون 500 مىڭ كىشى ھوكۇمەتكە قارشى ئاۋاز بەرگەن، بىر مىليون 900 مىڭ كىشى ئاۋاز بېرىشكە قاتنىششىنى رەت قىلغان. ھوكۇمەت كۆكمىنلارنىڭ ئاۋاز بېرىشىنى تەييارلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەڭ تۈردە ئىشچىلار ھەركىتىنى باستۇرىدىغان تەدبىرلەرنى قوللانغان، ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىنى بولۇشىچە پىتنە ـ پاسات توقۇپ چىقىپ ھاقارەتلىگەن، ئۇلارنىڭ مەقسىدىنى بۇرمىلىغان، «قىزىل تېرورلۇق» دىگەن نىمە بىلەن ئارىلىقتىكى تەبىقىلەرنى قورقۇتقان.

ئىنتېرناتسىونالنىڭ پارىژ بىرلەشمىسى بىلەن پارىژ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۇيۇشمىسى بىرلەشمىسى 1870 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى خىتاپنامە ئېلان قىلىپ، بوناپارتچىلارنىڭ كۆكمىنلارنىڭ ئاۋاز بېرىشى دىگەن نەيرىڭىنى ئېچىپ تاشلىغان ھەم ئىشچىلارنى ئاۋاز بېرىشكە قاتنىششىنى رەت قىلىشقا چاقىرغان. كۆكمىنلار ئاۋاز بېرىش ھارپىسىدا، ھوكۇمەت ساقچىلار ئويدۇرۇپ چىقارغان ناپولېون IIIنى ئۆلتۈرمەكچى دىگەن بەتنام بىلەن پارىژ بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرىنى قولغا ئالغان؛ ھوكۇمەت يەنە مۇشۇ بەتنام بىلەن فرانسىيىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە ئىنتېرناتسىونال ئەزالىرىغا كەڭ كولەمدە زىيانكەشلىك قىلىش ھەركىتىنى قوزغىغان. پارىژ بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرى ئۈستىدە

1870 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە بولغان سوتتا بۇ بەتنامىنىڭ ساختىلىقى تامامەن ئېچىپ تاشلانغان؛ لېكىن بوناپارت فاتىڭى پەقەت خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتىگە مەنسۇپ دېگەن بەتنام بىلەنلا ئىنتېرناتسىونالنىڭ فرانسىيەدىكى نۇرغۇن ئەزالىرىنى قاماق جازاسىغا هوكۇم قىلغان.

فرانسىيەدە ئىنتېرناتسونالغا قىلىنغان زىيانكەشلىك ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كەڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان. — 28 ـ بەت.

14 لۇئى بوناپارتنىڭ 1851 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىكى سىياسى ئۆزگىرىشى كوزدە تۇتۇلىدۇ، ئىككىنچى دىگونىڭ بوناپارت هاكىمىيەت تىجرىسى شۇنىڭ بىلەن باشلانغان. — 29 ـ بەت.

15 «ئويغان گېزىتى» (*«Le Réveil»*) فرانسىيە سول جۇمهۇرىيەتچىلىرىنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇپ، ئەسلى هەپتىلىك گېزىت ئىدى، 1869 ـ يىل 5 ـ ئايدىن باشلاپ كۈنلۈك گېزىتكە ئۆزگەرتىلگەن، 1868 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1871 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە ش . دېلېكلۈزنىڭ باش تەهرىرلىكىدە پارىژدا چىقىرىلغان. 1870 ـ يىل 10 ـ ئايدىن باشلاپ دولەت مۇداپىئە هوكۇمىتىگە قارشى چىققان. — 29 ـ بەت.

16 «مارسېل كۈيى گېزىتى» (*«La Marseillaise»*) فرانسىيەدە چىقىدىغان كۈنلۈك گېزىت، سول جۇمهۇرىيەتچىلەرنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇپ، 1869 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1870 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە پارىژدا چىقىرىلغان. بۇ گېزىتتە دائىم ئىنتېرناتسىونالنىڭ پائالىيىتى ۋە ئىشچىلار هەركىتىگە دائىر ماتېرىياللار بېسىلىپ تۇرغان. — 30 ـ بەت.

17 10 ـ دېكابىر جەمىيىتى (بۇ نام بۇ جەمىيەتنىڭ هامىسى لۇئى بوناپارتنىڭ 1848 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى فرانسىيە جۇمهۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى بولۇپ سايلانغانلىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن قويۇلغان) كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ بوناپارتچىلارنىڭ مەخپى تەشكىلاتى بولۇپ، 1849 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئۇ، ئاساسەن، چۈشكۈنلەشكەن ئۇنسۇرلار، سىياسى تەۋەككۈلچىلەر، جۇنفالار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردىن تەركىپ

تاپقان. 1850 ـ يىل 11 ـ ئايدا بۇ جەمىيەت كورۇنۇشتە تارقىتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى بوناپارتىزىمنى يەنە داۋاملىق تەشۋىق قىلغان ھەمدە 1851 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۇنىدىكى سىياسى ئوزگىرىشكە پائال قاتناشقان. ماركس «لۇئى بوناپارتىنىڭ تۇمانلىق ئېيىنىڭ ئون سەككىزى» دىگەن كىتاۋىدا («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەر ـ لىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 8 ـ توم، 173 — 176 ـ بەتلەرگە قارالسۇن) 10 ـ دىكابىر جەمىيىتىگە تەپسىلى باھا بېرىپ ئوتكەن.

لۇئى ناپولېوننىڭ تالان ـ تاراج قىلىش پىلانىنى قوللىغان شوۋىـ نىزىملىق نامايىشنى 1870 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۇنى ساقچىلارنىڭ ماسلىشىپ بېرىشى ئارقىسىدا بوناپارتچىلار ئويۇشتۇرغان. — 31 ـ بەت.

18 سادوۋا جەنىيسى 1866 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۇنى چېختا بولغان، ئۇرۇشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئاۋستىرىيە بىلەن ساكسونىيە ئارمىيە ـ سى، بىرى پرۇسسىيە ئارمىيىسى. ئۇ پرۇسسىيىنىڭ ئاۋستىرىيىنى يېڭىشى بىلەن ئاياقلاشقان 1866 ـ يىلدىكى پرۇسسىيە ـ ئاۋستىرىيە ئۇرۇشى بويىچە بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەنىيى بولدى. بۇ قېتىمقى جەنىيى تارىختا كۇنىگگرېتس (ھازىرقى ھېرادېتز ـ كرالوف) جەنىيسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. — 32 ـ بەت.

19 1870 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۇنى برانشۋىكتا ۋە 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۇنى كېمنىتستا ئوتكۇزۇلگەن ئىشچىلار يىغىنىنى گېرمانىيە سوتسىيال ـ دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى (ئېيزىناخچىلار) ھوكۇمران سىنىپنىڭ تالان ـ تاراج قىلىش سىياسىتىگە ئېتىراز بىلدۇرۇش ئۇچۇن چاقىرغان.

ماركس 1870 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۇنىدىكى برانشۋىك يىغىنىنىڭ قارارىنى «خەلق دولىتى گېزىتى»نىڭ 1870 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۇنىدىكى 58 ـ سانىدىن ئالغان. — 34 ـ بەت.

20 «خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتى باش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشى توغرىسىدىكى ئىككىنچى خىتاپنامىسى»

(*«Second Address of the General Council of the International Working-Men's Association on the War»*) نى ماركس 1870 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 6 ــ 9 ـ كۈنلىرى يازغان.

1870 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئىنتېرناتسىونال باش ۋەيىيۇەنخۇيى ئىككىنچى دىگونىڭ ھالاك بولۇشى ۋە پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكى بىلەن شەكىللەنگەن يېڭى ۋەزىيەتنى مۇھاكىمە قىلىپ، پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشى توغرىسىدا ئىككىنچى خىتاپنامە ئېلان قىلىشنى قارار قىلغان ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن بىر خىتاپنامە تەييارلاش ۋەيىيۇەنخۇيى قۇرغان. بۇنىڭ ئەزالىرى ماركس، يۇنگ، مىلنېر ۋە سېررايې ئىدى.

ماركس بۇ خىتاپنامىنى يازغان چېغىدا ئېنگېلس ئەۋەتكەن تۈرلۈك ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان، بۇ ماتېرىياللاردا پرۇسسىيە جۇنفاللىرى، يۇنكېر پومېششىكلىرى ۋە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ھەربىي جەنلۇي ئېھتىياجىنى بانا قىلىپ، فرانسىيە زېمىنىنى يۇتۇۋېلىش قارا نىيىتى ئېچىپ تاشلانغان. باش ۋەيىيۇەنخۇي 1870 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چاقىرغان مەخسۇس يىغىنىدا ماركس تەييارلىغان بۇ خىتاپنامىنى بىر ئېغىزدىن ماقۇللىغان ھەم ئۇنى لوندوندىكى ھەرقايسى بۇرژۇئا گېزىتلىرىغە ئەۋەتىپ بەرگەن. بۇ گېزىتلەرنىڭ ھەممىسى سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقان، پەقەت «پال ـ مال خەۋىرى» 1870 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى خىتاپنامىنىڭ قىسقارتىلمىسىنى باسقان. خىتاپنامە 9 ـ ئاينىڭ 11 ــ 13 ـ كۈنلىرى ئىنگلىز تىلىدا چۈەندەن شەكلىدە نەشر قىلىنىپ، مىڭ نۇسخا بېسىلغان. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا يەنە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىتاپنامىنىڭ قوشۇلۇپ بېسىلغان يېڭى نەشرى چىقىرىلغان. بۇ نەشرىدە بىرىنچى نەشرىدىكى باسما خاتالىقى تۈزىتىلگەن ھەمدە ئەدەبىي جەھەتتىن ئايرىم تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈلگەن.

ئىككىنچى خىتاپنامىنىڭ نېمىسچىسىنى ماركس تەرجىمە قىلغان، ئۇ تەرجىمە قىلىش ۋاقتىدا، گېرمانىيە ئىشچىلىرىغا قارىتىپ بىرنەچچە

جۇملە سوز قوشقان ھەم ئايرىم جايلىرىنى قىسقارتىۋەتكەن. ئىككىنچى خىتاپنامىنىڭ بۇ تەرجىمە نۇسخىسى «خەلق دولىتى گېزىتى»نىڭ 1870 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۇنىدىكى 76 - سانىدا ۋە «شيەنچۇي» ژورنىلىنىڭ 1870 - يىل 10 — 11 - ئايلاردىكى 10 — 11 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان ھەمدە چۇەندەن شەكلىدە جەنۋەدە نەشر قىلىنغان. 1891 - يىلى ئېنگېلس ئىككىنچى خىتاپنامىنى «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ نېمىسچە نەشرىدە ئېلان قىلغان؛ بۇ نەشرى ئۇچۇن خىتاپنامىنىڭ تەرجىمىسىنى لۇئىسا كائۇتسكى خانىم ئىشلىگەن، ئۇ تەرجىمە قىلىش ۋاقتىدا ئېنگېلىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولغان.

ئىككىنچى خىتاپنامىنىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسى «ئىنتېرناتسونال گېزىتى»دە (1870 - يىل 10 - ئاينىڭ 23 - كۇنىدىكى 93 - سانىدا) بېسىلغان، بىر قىسمى (تولۇق تېكىستى بېسىلىپ بولالمىغان) «باراۋەرلىك گېزىتى»دە (1870 - يىل 10 - ئاينىڭ 4 - كۇنىدىكى 35 - سانىدا) بېسىلغان.

ئىككىنچى خىتاپنامىنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ لېنىن تەكشۇرۇپ بېكىتكەن، 1891 - يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىدا 1905 - يىلى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغان. — 38 - بەت.

21 1618 - يىلى براندېنبۇرگ كىنەزلىگى 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تياۋدۇن ئاتلىقلىرى تۇەنىنىڭ لىگدىلىرىدىن تەركىپ تاپقان ھەم پولشا ئاقسۇ-ئەكلىرى جۇمھۇرىيىتىگە بېقىندىغان پرۇسسىيە بەگلىكى (شەرقىي پرۇسسىيە) بىلەن قوشۇلغان. براندېنبۇرگ كىنەزى پرۇسسىيە لىگجۇسى سۇپىتى بىلەن پولشىنىڭ فەنچېنى بولغان. مۇنداق مۇناسىۋەت 1657 - يىلغىچە داۋاملاشقان، شۇ چاغدا براندېنبۇرگ كىنەزى پولشىنىڭ شۋېتسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىكى قىينىچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇزىنىڭ پرۇسسىيە لىگدىسىغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇۋالغان. — 42 - بەت.

22 1795 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پرۇسسىيىنىڭ فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن تەنھا تۈزگەن باسېل سۈلھى شەرتنامىسى كوزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ سۈلھى شەرتنامىسى ياۋروپا ئەللىرىنىڭ فرانسىيىگە قارشى بىرىنچى قېتىملىق ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان. ـــ 43 ـ بەت.

23 1865 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، بىسمارك بىاررىتتا ناپولېئون III بىلەن كورۈشكەندە، فرانسىيىگە پرۇسسىيە بىلەن ئىتالىيە ئىتتىپاقىنى ھەمدە پرۇسسىيىنىڭ ئاۋستىرىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشىنى ئەمەلىي ئېتىراپ قىلدۇرغان؛ ناپولېئون IIIنىڭ بۇنداق ئېتىراپ قىلىشى، پرۇسسىيە مەغلۇپ بولغان چاغدا، ئاندىن بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قول تىقىپ، نەپ ئېلىش ئۈچۈن ئىدى.

1870 ـــ 1871 ـ يىللىرى پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشى باشلانغان چاغدا، چار پادىشا ھوكۇمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار داچېنى گورچاكوپ بېرلىندا بىسمارك بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزگەندە، روسىيىنىڭ ئۇرۇشتا ياخشى نىيەت بىلەن بىتەرەپ تۇرىدىغانلىقىنى ھەم ئاۋستىرىيىگە دىپلوماتىك بېسىم ئىشلىتىدىغانلىقىنى جاكالىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پرۇسسىيە ھوكۇمىتى بولسا چار روسىيىنىڭ شەرق مەسىلىسىدىكى سىياسىتى ئۈچۈن توسالغۇ كەلتۈرۈپ چىقارماسلىققا ماقۇل بولغان. ـــ 47 ـ بەت.

24 ماركس گېرمانىيە فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ ناپولېئوننىڭ ھوكۇمرانلىقى گۇم بولغاندىن كېيىن قولىغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىنى كوزدە تۇتىدۇ.

گېرمانىيىدىكى كەڭ خەلق ياۋروپادىكى نۇرغۇن ئەللەرنىڭ خەلقى بىلەن بىرلىكتە ناپولېئون I نىڭ ھوكۇمرانلىقىغا قارشى ئازاتلىق ئۇرۇشقا قاتناشقان، لېكىن بۇ ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ مېۋىلىرىنى ياۋروپادىكى فېئودال مۇستەبىت دولەتلەردە ئەكسىيەتچى ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىغا تايانغان ھوكۇمرانلار تارتىۋالغان. ئاۋستىرىيە، پرۇسسىيە ۋە چار روسىيىنى خېشىن قىلغان ئەكسىلئىنقىلاۋىي پادىشالار ئىتتىپاقى ـــ مۇقەددەس

ئىتتىپاق ياۋروپا دۆلەتلىرى تەقدىرىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالغان. گېرمانىيە لىيەنباڭىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، گېرمانىيە فېوداللىق گېجۇي ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالغان، گېرمانىيىنىڭ ھەرقايسى شىتاتلىرىدا فېودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنى مۇستەھكەملىگەن، ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ بارلىق ئىمتىيازلىرىنى ساقلاپ قالغان، دېخانلار ئۈستىدىكى يېرىم نۇگنۇلۇق ئېكسپىلاتاتسىيىنى كۈچەيتكەن. — 49 ـ بەت.

25 «سوتسىيال ـ دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى ۋېيۈەنخۇيىنىڭ خىتاپنامىسى. پۈتۈن گېرمانىيە ئىشچىلىرىغا!» («Manifest des Ausschusses der social-demokratischen Arbeiterpartei. An alle deutschen Arbeiter!») خىتاپنامە 1870 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۇەندەن شەكلىدە ئېلان قىلىنغان ھەمدە «خەلق دۆلىتى گېزىتى»نىڭ 1870 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈندىكى 73 ـ سانىغا بېسىلغان. — 50 ـ بەت.

26 1848 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 23 — 26 ـ كۈنلىرىدىكى پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ قەھرىمانانە قوزغىلىڭى كوزدە تۇتۇلىدۇ. — 51 ـ بەت.

27 ماركس ئەنگلىيە ئىشچىلىرى 1870 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قۇرۇلغان فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشنى ھەم دىپلوماتىيە جەھەتتە قوللاشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوزغىغان ھەركەتنى كوزدە تۇتىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن باشلاپ، لوندون، بىرمىنھام، خيوكاسىل ۋە باشقا چوڭ شەھەرلەردە كەڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسى قاتناشقان يىغىن ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈلگەن؛ ئىشچىلار بىرلەشمىسى بۇنىڭدا ئاكتىپ رول ئوينىغان. يىغىن ۋە نامايىشقا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى فرانسىيە خەلقىغە ھېسداشلىق بىلدۈرگەن ھەم ئۇلارنىڭ قارار ۋە تەلەپنامىلىرىدە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنى دەرھال ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

ئىنتېرناتسونال باش ۋېيۈەنخۇيى فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ھەركىتىنى ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىگە بىۋاستە

قاتناشقان. — 53 ـ بەت.

28 ماركس بۇرژۇئازىيە ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئەنگلىيىسىنىڭ 1792 ـ يىلدىن باشلاپ ئىنقىلاۋىي فرانسىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان فېئودال مۇستەبىت دۆلەتلەرنى ئىتتىپاق تۈزدۈرۈش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشقانلىقىنى (بۇ ئۇرۇشقا ئەنگلىيىنىڭ ئۆزى 1793 ـ يىلى قاتناشقان)؛ شۇنىڭدەك ئەنگلىيىدە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان گۇاتۇلارنىڭ فرانسىيىدە 1851 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى لۇئى بوناپارتنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغانلىقى ئارقىسىدا قۇرۇلغان بوناپارت تۈزۈمىنى ياۋروپادا ئەڭ ئاۋۋال ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئىما قىلىدۇ. — 53 ـ بەت.

29 «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش» ئىلمىي كوممۇنىزىم ھەققىدىكى ئەڭ مۇھىم ئەسەرلەردىن بىرى؛ ئۇ پارىژ كوممۇنىسىنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، ماركسىزىمنىڭ سىنىپىي كۈرەش، دۆلەت، ئىنقىلاپ ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى توغرىسىدىكى تەلىماتىنىڭ تۈپ قائىدىلىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرغان. بۇ ئەسەر خەلقارا ئىشچىلار جەمئىيىتى باش ۋېيۈەنخۇيىنىڭ ياۋروپا قىتئەسىدىكى ۋە ئامېرىكىدىكى بارلىق ئەزالىرىغا چىقارغان خىتابنامىسى سۈپىتىدە يېزىلغان.

پارىژ كوممۇنىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكالىنىش بىلەنلا، ماركس كوممۇنىنىڭ پائالىيىتىگە ئائىت بارلىق خەۋەرلەرنى، مەسىلەن، فرانسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە گېزىتلىرىدىكى ماتېرىياللارنى، پارىژدىن كەلگەن خەتلەردىكى ئەھۋاللارنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن توپلاشقا ۋە تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن. ماركس 1871 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى باش ۋېيۈەنخۇيىنىڭ يىغىنىدا فرانسىيىدىكى «كۈرەشنىڭ ئومۇمىي يۆزلىنىشى» ھەققىدە ئىنتېرناتسىونالنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا بىر خىتابنامە ئېلان قىلىشنى تەكلىپ قىلغان. باش ۋېيۈەنخۇي خىتابنامە تەييارلاش خىزمىتىنى ماركسقا تاپشۇرغان. ماركس بۇ خىزمەتنى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن كېيىن باشلاپ، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرغان. ئۇ ئاۋۋال «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ

بىرىنچى ۋە ئىككىنچى نۇسخىلىرىنى يازغان (مۇشۇ كىتاپنىڭ 161 — 395-بەتلىرىگە ۋە ئىزاھ 96گە قارالسۇن)؛ ئارقىدىنلا خىتاپنامىنى بېكىتىش خىزمىتىگە كىرىشكەن. 1871-يىل 5-ئاينىڭ 30-كۈنى يەنى پارىژنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كوچا ئىستىھكامى قولدىن كېتىپ 2 كۈندىن كېيىن، باش ۋېييۇەنخۇي ماركس ئوقۇپ بەرگەن «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ بېكىتىلگەن نۇسخىسىنى بىردەك تەستىقلىغان.

«فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش» دەسلەپ 1871-يىل 6-ئاينىڭ 13-كۈنى ئوپچۆرىسىدە لوندوندا ئىنگلىزچە 35 بەتلىك كىتاپچە قىلىپ ئېلان قىلىنىپ، مىڭ نۇسخا بېسىلغان. بىرىنچى نەشرى ناھايىتى تېز سېتىلىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە ئىنگلىزچە ئىككىنچى نەشرى چىقىرىلغان، 2 مىڭ نۇسخا بېسىلىپ، ئىشچىلار ئارىسىدا باھاسى چۈشۈرۈپ سېتىلغان. ماركس بىرىنچى نەشرىدىكى بىرنەچچە باسما خاتالىقنى مۇشۇ نەشرىدە تۈزەتكەن ھەمدە «قوشۇمچىلار»غا ئىككىنچى ھۆججەتنى قوشقان. خىتاپنامىنىڭ ئاخىرىدىكى باش ۋېييۇەنخۇي ۋېييۇەنلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى تۆۋەندىكىچە ئۆزگەرتكەن: گۇڭلىيەنجۈيىچى لۇكرافت بىلەن ئودجېرنىڭ ئىسمىنى چىقىرىۋەتكەن (ئۇلار بۇرژۇئا گېزىت-ژۇرناللىرىدا خىتاپنامىگە قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەم باش ۋېييۇەنخۇيدىن چېكىنىپ چىققان)، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باش ۋېييۇەنخۇينىڭ يېڭى ئەزالىرىنىڭ ئىسمىنى كىرگۈزگەن. 1871-يىل 8-ئايدا «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ ئىنگلىزچە ئۈچىنچى نەشرى چىقىرىلغان، ماركس بۇ نەشرىدە ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق نەشرىدىكى توغرا بولمىغان ئايرىم جايلارنى چىقىرىۋەتكەن.

1871 — 1872-يىللىرى «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش» فرانسۇز، نېمىس، رۇس، ئىتالىيان، ئىسپان ۋە گوللاند تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ۋە ئامېرىكىنىڭ گېزىت-ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان ھەم كىتاپچە قىلىپ نەشر قىلىنغان.

نېمىسچە نۇسخىسى ئېنگېلس تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ،

1871-يىل 6 — 7-ئايلاردا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، «خەلق دۆلىتى گېزىتى» (6-ئاينىڭ 28-كۈنى، 7-ئاينىڭ 1-، 5-، 8-، 12-، 16-، 19-، 22-، 26- ۋە 29-كۈنلىرىدىكى 52 — 61-سانلىرى)دە ئېلان قىلىنغان؛ 1871-يىل 8 — 10-ئايلاردا «شيەنچۈي» ژۇرنىلىدا بىر قىسمى ئېلان قىلىنغان، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە لېيپسىگدا كىتابچە قىلىپ نەشر قىلىنغان. تەرجىمىسىگە ئېنگېلس ئانچە چوڭ بولمىغان بىرقانچە ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن. 1876-يىلى، پارىژ گۇڭشېسىنىڭ 5 يىللىغىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ نېمىسچە يېڭى نۇسخىسى نەشر قىلىنغان، ئۇنىڭغا ئەدەبىي جەھەتتە بەزى تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈلگەن.

1891-يىلى، پارىژ گۇڭشېسىنىڭ 20 يىللىغىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ خاتىرىگە بېغىشلانغان نېمىسچە نەشرى چىقىرىلماقچى بولغاندا، تەرجىمىسىنى ئېنگېلس يېڭىۋاشتىن سېلىشتۇرۇپ بېكىتكەن ھەم بۇ نەشرىگە مۇقەددىمە يازغان؛ ئۇ مۇقەددىمىسىدە پارىژ گۇڭشېسى تەجرىبىلىرىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى ۋە ماركسنىڭ «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»تا گۇڭشېي ھەققىدە چىقارغان نەزەرىيىۋى يەكۈنىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەن؛ بۇنىڭدىن باشقا، يەنە گۇڭشېغا قاتناشقان بلانكىزىمچىلار بىلەن پرۇدونىزىمچىلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئائىت بەزى قوشۇمچىلارنى قىلغان. ئېنگېلس ماركس يازغان خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتى باش ۋېيىۋەندىخۇيىنىڭ پرۇسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشى توغرىسىدىكى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىتاپنامىسىنى مۇشۇ نەشرىگە كىرگۈزگەن؛ شۇنىڭدىن كېيىن تۈرلۈك تىللاردا چىققان كىتابچىلاردا بۇ ئىككى خىتاپنامىمۇ ئومۇمەن «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»قا قوشۇپ بېسىلغان.

«فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسى دەسلەپ 1871-يىل 7 — 9-ئايلاردا بىريۇسسېلدا چىقىدىغان «ئىنتېرناتسونال گېزىتى»دە بېسىلغان. 1872-يىلى بىريۇسسېلدا فرانسۇزچە

كىتابچىسى چىقىرىلغان، تەرجىمىسىنى ماركس سېلىشتۇرۇپ بېكىتكەن. ئۇ ئۇزىگە ئەۋەتىلگەن كوررېكتور نۇسخىسىغا ناھايىتى كوپ تۇزىتىش كىرگۇزگەن، نۇرغۇن جايلىرىنى يېڭىۋاشتىن تەرجىمە قىلغان.

1871 ـ يىلى، «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ رۇسچە بىرىنچى نەشرى تۇنجى قېتىم سىۋرىختا چىقىرىلغان. كېيىن مىق مەتبەدە بېسىلغان ۋە جياۋىيىندا كوپەيتىپ بېسىلغان نۇرغۇن نۇسخىلىرى مۇشۇ نەشرىنى ئاساس قىلغان. 1905 ـ يىلى، «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ ۋ. ئى. لېنىن سېلىشتۇرۇپ بېكىتكەن رۇسچە نۇسخىسى نەشر قىلىنغان (ئودېسا «بوران قۇشى» نەشرىياتى نەشر قىلغان)، بۇ قېتىمقىسى 1891 ـ يىلدىكى نېمىسچە نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان. لېنىن «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نى سېلىشتۇرۇپ بېكىتكەندە، تەرجىمىسىدە توغرا ئىقتىسادىي، سىياسى ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىپ، 1905 ـ يىلى چىققان ئالدىنقى نەشرىدىكى بۇرمىلانغان ۋە مۇۋاپىق بولمىغان كوپ جايلارنى چىقىرىۋەتكەن، ئالدىنقى نەشرىدىكى چار پادىشانىڭ گېزىت ـ ژورناللارنى تەكشۇرۇش ئورگىنى چىقىرىۋەتكەن جايلارنى ئەسلىگە كەلتۇرگەن، لېنىن «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش» نىڭ 3 ـ بابىنىڭ تەرجىمىسىنى تەكشۇرۇپ بېكىتكەندە، ئالاھىدە چوڭ ئوزگەرتىش كىرگۇزگەن. كېيىن، لېنىن ئوزىنىڭ «دولەت ۋە ئىنقىلاپ» ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»تىن نەقىل كەلتۇرگەن چېغىدا، نەقىل كەلتۇرگەن نۇرغۇن جايلارنى يەنە يېڭىۋاشتىن تەرجىمە قىلغان (1876 ـ يىلى ۋە 1891 ـ يىلدىكى نېمىسچە نەشرلىرىگە ئاساسەن). — 57 ـ بەت.

30 ئالفونس سىمون گىونىڭ سوزانىغا يازغان خېتى «ئاخبارات»نىڭ 1871 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى 115 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

«ئاخبارات» (*«Journal Officiel»*) «فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ئاخباراتى» (‹Journal Officiel de la République Française›)نىڭ قىسقارتىلمىسى. بۇ گېزىت 1871 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ

24 ـ كۈنىگىچە چىقىرىلغان بولۇپ، پارىژ كوممۇنىسىنىڭ رەسمىي ئورگان گېزىتى ئىدى؛ ئۇ 1870 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن باشلاپ پارىژدا چىقىرىلغان فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئاخباراتىنىڭ نامىنى قوللانغان (پارىژ كوممۇنىسى مەزگىلىدە تىيېر ھۆكۈمىتىنىڭ گېزىتىمۇ ئەشۇ نام بىلەن ۋېرسالدا چىقىرىلغان). 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى گېزىت «پارىژ كوممۇنىسى ئاخباراتى» («Journal Officiel de la Commune de Paris») دېگەن نام بىلەن چىقىرىلغان. — 62 ـ بەت.

31 1871 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، بىسمارك دولەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى فاۋېر بىلەن «ئۇرۇش توختىتىش ۋە پارىژنىڭ تەسلىم بولۇش كېلىشىمى»نى ئىمزالىغان. — 62 ـ بەت.

32 تەسلىمچىلەر (*Capitulards*) 1870 — 1871 ـ يىللاردا پارىژ مۇھاسىرىدە تۇرغان مەزگىلدە پارىژنىڭ تەسلىم بولۇشىنى تەشەببۇس قىلغان كىشىلەرنىڭ كەمسىتىلگەن نامى؛ كېيىن فرانسۇزچىدا بۇ سۆز ئومۇمەن تەسلىمچىلەرگە ئىشلىتىلگەن. — 63 ـ بەت.

33 خىتاپنامە «ئىنتىقامچىلار گېزىتى»نىڭ 1871 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىكى 30 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. — 63 ـ بەت.

34 «تۇغ گېزىتى» (*«L'Étendard»*) بوناپارتچىلارنىڭ فرانسىيىدە چىقىدىغان گېزىتى بولۇپ، 1866 ـ يىلدىن 1868 ـ يىلغىچە پارىژدا چىقىرىلغان. بۇ گېزىت ئالدامچىلىق ھەركىتىنى مالىيە مەنبەسى قىلغانلىقى ئېچىپ تاشلانغانلىقتىن توختىتىلغان. — 64 ـ بەت.

35 كوچمە مۈلۈك ئامانەت ـ قەرز گوۋگىسى (*Société Générale du Crédit Mobilier*) فرانسىيىدىكى چوڭ ھەسسىدارلىق بانكىسى بولۇپ، 1852 ـ يىلى ئېچىلغان. ئۇ ئۆزى باشقۇرغان ھەسسىدارلىق گوۋگىسىنىڭ قىممەتلىك قەغەز بېلەتلىرى ئارقىلىق ھايانكەشلىك قىلىشنى كىرىمنىڭ ئاساسىي مەنبەسى قىلغان. بۇ بانكىنىڭ ئىككىنچى دېگو ھۆكۈمىتى بىلەن قويۇق ئالاقىسى بولغان.

بۇ بانكا 1867 ـ يىلى ۋەيران بولۇپ، 1871 ـ يىلى تاقالغان. ماركس «نيۇ ـ يورك كۈنلۈك مۇنبەر گېزىتى»دە ئېلان قىلغان نۇرغۇن ماقالىسىدا بۇ بانكىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغان («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 12 ـ توم، 23 ـــ 40 ـ، 218 ـــ 227 ـ، 313 ـــ 317 ـ بەتلەرگە قارالسۇن). ـــ 65 ـ بەت.

36 «ئەركىن سايلىغۇچىلار» (*«L'Électeur libre»*) ھەپتىلىك گېزىت (پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدىن تارتىپ كۈنلۈك گېزىتكە ئۆزگەرتىلگەن) بولۇپ، جۇمھۇرىيەتچىلەر ئوڭ قانىتىنىڭ ئورگان گېزىتى ئىدى، ئۇ 1868 ـ يىلدىن 1871 ـ يىلغىچە پارىژدا چىقىرىلغان؛ 1870 ـ يىلدىن 1871 ـ يىلغىچە دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتىنىڭ مالىيە بۇسى بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرغان. ـــ 65 ـ بەت.

37 1831 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ۋە 15 ـ كۈنى پارىژدا يۈزبەرگەن جېزۇئىتچىلارغا ۋە جياۋخۇيغا قارشى ھەركەت كوزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ ھەركەت باشقا ئولكىلەرنىڭ ئاۋاز قوشۇشىغا مۇيەسسەر بولغان. جېزۇئىتچىلارنىڭ بىرى گۇڭجۇيىنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا نامايىش ئوتكۈزگەنلىكىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن، مۇراسىمغا قاتناشقان ئامما ئوسېرۋادىكى سېن ـ جېرمېن چىركوۋىنى ۋە جېزۇئىتچىلارغا خەيرىخاھلىق قىلىش بىلەن نام چىقارغان چوڭ جۇجياۋ كېلاننىڭ ئوردىسىنى بۇزۇپ تاشلىغان. ئورلېانچىلار ھوكۇمىتى ئۆزىگە دۈشمەنلىك پوزىتسىيە تۇتقان جېزۇئىتچىلارغا زەربە بېرىش كويىدا بولغاچقا، ئاممىنىڭ ھەركىتىگە ئارىلىشىش يۈزىسىدىن تەدبىر قوللانمىغان؛ چىركوۋنى ۋە چوڭ جۇجياۋنىڭ ئوردىسىنى بۇزۇپ تاشلىغان چاغدا شۇ يەردە بار تىيېر گومىن زىۋېيجۈنگە ئاممىنىڭ ھەركىتىنى توسماسلىقنى ئۇقتۇرغان.

1832 ـ يىلى، شۇ چاغدىكى ئىچكى ئىشلار داچېنى تىيېر بۇيرۇق چىقىرىپ، جېزۇئىتچىلارنىڭ فرانسىيە پادىشالىق تەختىنىڭ تاماخورى شامبور بوجۇيىنىڭ ئانىسى بېرى گۇڭجۇي خانىمىنى قولغا ئالغان.

ئارقىدىنلا ئۇنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالغان ھەمدە ھاقارەت خاراكتېرلىق بەدەن تەكشۈرۈشى ئېلىپ بارغان، بۇنىڭدىن مەقسىدى ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئەرگە تەككەنلىكىنى چىتقا يېيىپ، سىياسى ئابرويىنى تۆكۈش ئىدى. — 67 - بەت.

38 ماركس تىيېر (ئۇ چاغدا ئىچكى ئىشلار داچېنى ئىدى) نىڭ 1834 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 — 14 - كۈنلىرى ئىيۇل سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭنى باستۇرۇشتا ئوينىغان رەزىل رولىنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى پارىژ ئىشچىلىرى ۋە ئىشچىلارغا بېقىندىغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە تەبىقىلىرى جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ مەخپى تەشكىلاتى — كىشىلىك ھوقۇقى جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بارغان. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ۋاقتىدا جۇنفالار نۇرغۇن زوراۋانلىقلارنى قىلغان، مەسىلەن، ئۇلار ترانسنونان كوچىسىدىكى بىر ئۆيلۈك ئادەمنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىغان. تىيېر قوزغىلاڭ مەزگىلىدە ۋە قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن، دېموكراتلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان دەھشەتلىك باستۇرۇشنىڭ ئاساسىي كۈشكۈرتكۈچىسى.

سىنتەبىر پەرمانى فرانسىيە ھۆكۈمىتى 1835 - يىل 9 - ئايدا چىقارغان ئەكسىيەتچىل پەرمان. بۇ پەرمان پېيشىن خادىملىرىنىڭ سوت قىلىش پائالىيەتلىرىنى چەكلىگەن، مەتبۇئاتقا قاتتىق تەدبىر قوللانغان. مەتبۇئات جەھەتتە قەرەللىك ژورناللارنىڭ كاپالەت پۇلىنى ئاشۇرۇشنى بەلگىلىگەن، خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك ۋە مەۋجۇت دۆلەت تۈزۈمگە قارشى سۆز قىلغانلارنى قاماققا ئالغان ۋە ئۇلارغا كۆپلەپ جەرىمانە قويغان. — 67 - بەت.

39 1841 - يىل 1 - ئايدا، تىيېر جۇكىيېۋەندە پارىژنىڭ توت ئەتراپىدا شەھەر مۇداپىئە كۈكشىلىرى (قورول تاملىرى ۋە مۇستەقىل قورغانلار) قۇرۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىنقىلاۋى دېموكراتلار بۇنى، پارىژ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش بانىسى بىلەن خەلق ھەركىتىنى باستۇرۇشنىڭ تەييارلىق تەدبىرى، دەپ قاراشقان. شۇ چاغدا، بەزىلەر،

دەل مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن، تيېرنىڭ پىلانىدا پارىژنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە شەرقىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان ئىشچىلار رايونلىرىنىڭ يېنىدا ئالاھىدە پۇختا بولغان زور تۈركۈمدە قورغانلار قۇرۇش بەلگىلەنگەن، دەپ كورسىتىشكەن. — 67 ـ بەت.

40 1848 ـ يىل 1 ـ ئايدا، ناپلېس پادىشاسى فېردىناند II نىڭ ئارمىيىسى خەلق قوزغىلىڭىنى (بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ 1848 — 1849 ـ يىللاردا ئىتالىيە بەگلىكلىرىدە بولغان بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ سىگنالى بولۇپ قالغان) باستۇرۇش غەرىزىدە پالېرمو شەھرىنى توپقا تۇتقان. شۇ يىلى كۈزدە، فېردىناند II مېسسىنانى ۋەھشىلەرچە توپقا تۇتقان، شۇنىڭ بىلەن توپ ئوقى پادىشاسى دىگەن لەقەم ئالغان. — 68 ـ بەت.

41 1849 ـ يىل 4 ـ ئايدا، فرانسىيە بۇرژۇئا ھوكۈمىتى ئاۋستىرىيە ۋە ناپلېس بىلەن بىرلىشىپ، رىم جۇمھۇرىيىتىگە مۇداخىلە يۈرگۈزگەن، بۇنىڭدىن مەقسىدى رىم جۇمھۇرىيىتىنى يوقىتىپ، جياۋخۇاڭنىڭ ئومۇمى ھاكىمىيە-تىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. رىم جۇمھۇرىيىتى گەرچە قەھرىمانانە قارشىلىق كورسەتكەن بولسىمۇ، قوراللىق مۇداخىلە ۋە رىمنىڭ مۇھاسىرە قىلىنىشى ھەم فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ دەھشەتلىك توپقا تۇتۇشى ئارقىسىدا، ئاخىر ئاغدۇرۇلغان، رىمنىمۇ فرانسىيە ئارمىيىسى ئىشغال قىلىۋالغان. — 68 ـ بەت.

42 ماركس بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرى ھوكۈمىتىنىڭ پارىژ پرولېتارىياتىنىڭ 1848 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 23 — 26 ـ كۈنلىرىدىكى قوزغىلىڭىنى رەھىمسىز باستۇرغانلىقىنى كوزدە تۇتىدۇ. قوزغىلاڭنىڭ باستۇرۇلۇشى ئەكسىلئىن-قىلاۋىي كۈچلەرنى غالىجىرلاشتۇرۇپ، باۋشۇ پادىشالىق تۈزۈم تەرەپدارلىرىنى ئوز ئورۇنلىرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. — 69 ـ بەت.

43 تەرتىپچىلەر پارتىيىسى 1848 ـ يىلى قۇرۇلغان باۋشۇ چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ پارتىيىسى بولۇپ، فرانسىيىدىكى ئىككى باۋخۇاڭپەي يەنى جېڭتۇڭچىلار (بوربون سۇلالىسىنىڭ ھىمايىچىلىرى) بىلەن

ئورلېانچىلار (ئورلېان سۇلالىسىنىڭ ھىمايىچىلىرى)نىڭ بىرلەشمىسى. 1849 ـ يىلىدىن 1851 ـ يىل 12 ـ ئايىنىڭ 2 ـ كۈنىدىكى سىياسى ئۆزگىرىشكىچە، بۇ پارتىيە ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ قانۇن چىقىرىش يىغىنىدا رەھبەرلىك ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن. لۇئى بوناپارت گۇرۇھى تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ خەلققە قارشى سىياسىتىنىڭ بەربات بولغانلىغىدىن پايدىلىنىپ، ئىككىنچى دىگو تۈزۈمىنى ئورناتقان. ــ 69 ـ بەت.

44 1840 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئەنگلىيە، روسىيە، پرۇسسىيە ۋە ئاۋستىرىيىلەر تۈركىيە بىلەن، فرانسىيە قاتناشمىغان ئەھۋالدا، لوندوندا تۈركىيە سۇلتانىنىڭ فرانسىيە قوللىغان مىسىر ھوكۈمرانى مۇھەممەت ئالىغا قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش كېلىشىمى ئىمزالىغان. نەتىجىدە فرانسىينىڭ ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئىتتىپاقى بىلەن ئۇرۇش قىلىش خەۋپى كېلىپ چىققان، لېكىن پادىشا لۇئى ـ فىلىپپ ئۇرۇش قوزغاشقا جۈرئەت قىلالمىغان ھەم مۇھەممەت ئالىنى قوللاشتىن ۋازكەچكەن. ــ 71 ـ بەت.

45 تىيېر ۋېرسال ئارمىيىسىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئىنقىلاۋىي پارىژنى باستۇرۇش غەرىزىدە بىسماركتىن ئۇز بۇدۇيىنىڭ ئادەم سانىنى كوپەيتىشكە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان (1871 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئىمزالانغان دەسلەپكى سۇلھى شەرتنامىسىگە ئاساسەن، تىيېرنىڭ بۇدۇيىنىڭ ئومۇمى ئادەم سانى 40 مىڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى). تىيېر ھوكۇمىتى بىسماركقا ئارمىيىنى پارىژ قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىدىغانلىغى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن 1871 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئىمزالانغان رۇئان كېلىشىمىگە ئاساسەن، ۋېرسال ئارمىيىسىنىڭ ئادەم سانىنى 80 مىڭغا يەتكۈزۈشكە رۇخسەت ئالغان، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، يەنە 100 مىڭغا يەتكۈزگەن. گېرمانىيە سىلىگبۇسى بۇ كېلىشىملەرگە ئاساسەن، ئالدىراپ ـ تېنەپ فرانسىيە ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى (ئاساسەن سېدان ۋە

مېتتا تەسلىم بولغان بۇدۇينى) مەملىكەتكە قايتۇرغان. ۋېرسال ھۆكۈمىتى بۇ بۇدۇينى مەخپى لاگېرلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىدىيە جەھەتتىن پارىژ كوممۇنىغا ئۇچ قىلىپ تەربىيىلىگەن. — 71 - بەت.

46 جىگىتوگچىلار فرانسىيىدە 1792 - يىلى ئاغدۇرۇلغان، چوڭ يەر ئاقسۆڭەكلىرى ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك راھىپلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بوربون سۇلالىسىنىڭ ھىمايىچىلىرى. 1830 - يىلى، بۇ سۇلالە ئىككىنچى قېتىم ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاندىن پارتىيە بولۇپ شەكىللەنگەن. ئىككىنچى دىگو دەۋرىدە، جىگىتوگچىلار ئاھالىنىڭ ھېچقانداق قوللىشىغا مۇيەسسەر بولالماي، پەقەت پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇش سىياسىتىنى قوللانغان، بەزى تەنقىدىي خاراكتېرلىق كىتابچىلارنى نەشر قىلغان، پەقەت 1871 - يىلى ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەرنىڭ پارىژ كوممۇنىغا قارشى چوڭ ھەربى يۈرۈشكە قاتناشقاندىن كېيىنلا، ئاندىن جانلىنىشقا باشلىغان. — 75 - بەت.

47 «تەگدىشى يوق پەيۋەن» («*Chambre introuvable*») 1815 — 1816 - يىللاردا (تېرىلىش دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە) ئىنتايىن ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلاردىن تەركىپ تاپقان فرانسىيە جۇڭگىيۋەنى. — 75 - بەت.

48 ماركسنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدا «assembly of rurals» («rurals») فرانسۇزچە «les ruraux» دىگەن سۆزگە تەڭ كېلىدۇ) دىيىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى «يېزا شېنشىلىرى يىغىنى»، «پومېششىكلار يىغىنى» دىگەن بولىدۇ. بۇ — 1871 - يىلدىكى گومىن يىغىنىنىڭ كەمسىتىلگەن نامى. بۇ يىغىنىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك ئەزالىرى ئەكسىيەتچى باۋخۇاڭداڭچىلار يەنى يېزا سايلام رايونلىرىدىن سايلانغان باشقا ئۇلكە پومېششىكلىرى، ئەمەلدارلىرى، سۇتخورلىرى ۋە سودىگەرلىرى. 630 يىغىنى ئەزاسىنىڭ تەخمىنەن 430 ى باۋخۇاڭداڭچىلار. — 76 - بەت.

49 بىسمارك ئوتتۇرىغا قويغان دەسلەپكى سۇلھى شەرتنامىسىدىكى شەرتلەرنىڭ بىرى بولغان ئۇرۇش چىقىمى تۆلەش تەلىۋى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سۇلھى شەرتنامىسىنى تىيېر ۋە جۇل فاۋرلار بىسمارك ۋە جەنۇبىي گېرمانىيە شتاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن 1871 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ۋېرسالدا ئىمزالىغان. بۇ سۇلھى شەرتنامىگە ئاساسەن، فرانسىيە ئالساسنى ۋە لوررېننىڭ شەرقىي قىسمىنى گېرمانىيىگە بۆلۈپ بەرگەن، 5 مىليارت فرانك ئۇرۇش چىقىمى تۆلىگەن؛ ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلەپ بولۇشتىن بۇرۇن، گېرمانىيە ئارمىيىسى ئىشغال قىلىۋالغان فرانسىيىنىڭ بىر قىسىم زېمىنىنى گېرمانىيە ئارمىيىسى داۋاملىق ئىشغال قىلىپ تۇرغان. رەسمىي سۇلھى شەرتنامىسى 1871 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى فرانكفۇرتتا ئىمزالانغان (مۇشۇ كىتاپنىڭ 137 ـ بېتىگە قاراڭ). — 76 ـ بەت.

50 1871 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى گومىن يىغىنى «قەرزنى كېچىكتۈرۈپ تۆلەش توختىمى ھەققىدە» دېگەن پەرماننى ماقۇللىغان. بۇ پەرمانغا ئاساسەن، ئومۇمەن 1870 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا تۈزۈلگەن توختاملاردىكى قەرز توختام تۈزۈلگەندىن كېيىنكى 7 ئاي ئىچىدە تۆلىنىپ بولۇشى؛ 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن كېيىن تۈزۈلگەن توختاملاردىكى قەرزنىڭ كېچىكتۈرۈلمەيدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. پەرمان ئەمەلىيەتتە كۆپ قىسىم قەرزدارلارنىڭ قەرزنى كېچىكتۈرۈپ تۆلىشىگە رۇخسەت قىلمىغان، بۇ ئىشچىلار ۋە ئاھالىلەر ئىچىدىكى نامرات تەبىقىگە قاتتىق زەربە بولغان ھەمدە نۇرغۇن ئۇششاق سودا ـ سانائەتچىلەرنى ۋەيران قىلغان. — 77 ـ بەت.

51 دېكابىرچى ئۇنسۇرلار (*Décembriseur*) 1851 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىكى بوناپارتنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشىگە قاتناشقانلارنى ۋە بۇ سىياسىي ئۆزگىرىش ھەركىتىنى ھىمايە قىلغانلارنى كۆرسىتىدۇ. ۋىنوۋا سىياسىي ئۆزگىرىشكە بىۋاسىتە قاتنىشىپ، فرانسىيىنىڭ بىر ئۆلكىسىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ قوزغىلىڭىنى ئارمىيە بىلەن

باستۇرغان. — 78 ـ بەت.

52 گېزىت خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، تىيېر ھوكۇمىتى چىچىشنى قارار قىلغان ئىچكى قەرزدىن تىيېرنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ ھوكۇمىتىنىڭ باشقا ئەزالىرى ئېلىشقا تېگىشلىك «شىرىنكانە» 300 نەچچە مىليون فرانك بولغان. تىيېر كېيىن ئۆزى بىلەن پۇل قەرز بېرىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشكەن پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكىلەر ۋەكىللىرىنىڭ پارىژ ئىنقىلاۋىنى تېزدىن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان. 1871 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۇنى ۋېرسال ئارمىيىسى پارىژ كوممۇنىسىنى باستۇرغاندىن كېيىن، ئىچكى قەرز چىچىش پەرمانى ماقۇللانغان. — 78 ـ بەت.

53 كەيئېن فرانسىيىگە قاراشلىق گۇئىئانا (جەنۇبىي ئامېرىكا)نىڭ شەھىرى، سىياسىي مەھبۇسلار ئېغىر ئىشقا سېلىنىدىغان ۋە سۈرگۈن قىلىنىدىغان جاي. — 82 ـ بەت.

54 «گومىنىباۋ» گېزىتى (*«Le National»*) — 1830 — 1851 ـ يىللاردا پارىژدا چىقىرىلغان فرانسىيىنىڭ كۈنلۈك گېزىتى، موتىدىل بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرىنىڭ ئورگان گېزىتى. — 85 ـ بەت.

55 1870 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى مېتسىنىڭ تەسلىم بولغانلىقى، لې ـ بۇرژېنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ۋە تىيېرنىڭ دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتىنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن پرۇسسىيىلىكلەر بىلەن تەنپەن قىلىشقا باشلىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، پارىژ ئىشچىلىرى ۋە بىر قىسىم ئىنقىلاۋىي گومىن زىنۋېيجۇن قوزغىلاڭ كوتىرىپ، شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىنى ئىگىلىۋېلىپ، بلانكى باشچىلىقىدىكى ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەت ئورگىنىنى — كۆكئەن ۋېييۇەنخۇينى قۇرغان. ئىشچىلارنىڭ بېسىمى ئاستىدا، دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتى ئىستىپا بېرىشكە نائىلاج ماقۇل بولغان ھەمدە 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كۆكئىشى سايلىمى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلغان. لېكىن، پارىژنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈچلىرى تولۇق تەشكىللىنىپ بولمىغانلىقى، قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچى

بلانكىچىلار بىلەن ئۇششاق بۇرژۇئا دېموكراتلىرى بولغان ياكوبىنچىلار ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھوكۇمەت بۇ ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى تېخىچە ھىمايە قىلىۋاتقان بىرنەچچە يىلك گومىن زىۋېيجۇنىڭ ياردىمى بىلەن، ئۇزىنىڭ ئىستىپا بېرىش ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ، شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. — 86 ـ بەت.

56 «بىرېتانى بۇدۇيى» يەنى بىرېتانى ئالاھىدە ھەركەت بۇدۇيى، تروشۇي ئۇنىڭدىن شيەنبىڭ بۇدۇي ئورنىدا پايدىلىنىپ، پارىژنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتىنى باستۇرغان.

كورسىكا بۇدۇيى — ئىككىنچى دىگو شيەنبىڭ دۇيىنىڭ موھىم تەركىۋىي قىسمى. — 86 ـ بەت.

57 *1871* ـ يىل *1* ـ ئاينىڭ *22* ـ كۈنى، پارىژ پۇرولېتارىياتى بىلەن گومىن زىۋېيجۇن بلانكىچىلارنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا، ئىنقىلاۋىي نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ھوكۇمەتنى تارقىتىۋېتىشنى، گۇڭشې قۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتى شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىنى ساقلاپ تۇرغان بىرېتانى ئالاھىدە ھەركەت دۇيىگە نامايىشچى ئاممىنى قىرىش، نامايىشچىلارنى قولغا ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن، پارىژدىكى ھەممە كۇلۇپنى تاقاش، ئاممىۋى يىغىنلارنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن، نۇرغۇن گېزىتلەرنى توختىتىشقا بۇيرۇغان. ھوكۇمەت ئىنقىلاۋىي ھەركەتنى قانلىق باستۇرغاندىن كېيىن، دەرھال پارىژنىڭ تەسلىم بولۇشىغا تەييارلىق قىلغان. — 88 ـ بەت.

58 *Sommations* ھوكۇمەتنىڭ نامايىش ۋە يىغىلىشلارنى تارقىتىۋېتىش يولىدا قوللانغان بىر خىل ئاگاھلاندۇرۇش شەكلى. 1831 ـ يىلىدىكى پەرمانغا ئاساسەن، بۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش داقا ـ دۇمباق ياكى كاناي ئاۋازى ئىچىدە 3 قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ھوكۇمەت قوراللىق كۈچ ئىشلىتىشكە ھەقلىق ئىدى.

(*Riot act*) پاراكەندىچىلىكنى بىكار قىلىش بۇيرۇغى

1715 ـ يىلى ئەنگلىيەدە كۆچكە ئىگە بولغان، 12 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان بارلىق «پاراكەندىچىلىك خاراكتېرىدىكى يىغىلىشلار»نى مەنئى قىلغان. مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچكەلگەندە، ھوكۇمەت دائىرىـ لىرىنىڭ ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇش مەسئۇلىيىتى بار ئىدى، ئەگەر يىغىلغانلار بىر سائەت ئىچىدە تارقىلىپ كەتمىسە، قورال كۈچى ئىشلىتىلەتتى. — 89 ـ بەت.

59 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈندىكى ۋەقە يۈزبەرگەن چاغدا (ئىزاھ 55كە قارالسۇن)، دولەت مۇداپىئە ھوكۇمىتى ئەزالىرى شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىدە تۇتۇپ تۇرۇلغان، قوزغىلاڭچىلاردىن بىرەيلەن ئۇلارنى ئېتىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن، لېكىن فلورانس توسۇپ قويغان. — 92 ـ بەت.

60 ۋولتېر ھېكايىسى «مۇلايىم ئادەم»نىڭ 22 ـ بابىغا قارالسۇن. — 93 ـ بەت.

61 ماركس بۇ نەقىلنى «ئاخبارات»نىڭ 1871 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈندىكى 96 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان پارىژ كوممۇنىنىڭ 1871 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈندىكى ئومۇمى ئۇقتۇرۇشىدىن ئالغان.

ماركس ئېغىزغا ئېلىپ ئۆتكەن گورۇگە ئېلىش پەرمانى كوممۇنا تەرىپىدىن 1871 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ماقۇللىنىپ، 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈندىكى «ئاخبارات»تا ئېلان قىلىنغان (ماركسنىڭ كورسەتكىنى ئەنگلىيە گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان كۈنى). مۇشۇ پەرمانغا ئاساسەن، ۋېرسال بىلەن تىل بىرىكتۇرگەن دەپ شىكايەت قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى، جىنايىتى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، گورۇگە ئېلىنغانلار قاتارىدا تۇتۇپ تۇرۇلغان. پارىژ كوممۇنىسى مۇشۇ تەدبىر بىلەن ۋېرسال ئارمىيىسىنىڭ كوممۇنا ئەزالىرىنى قىرىشىنى توسماقچى بولغان. — 93 ـ بەت.

62 ماركس بۇ نەقىلنى «فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ئاخباراتى»نىڭ 1871 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈندىكى 80 ـ سانىدىن ئالغان. — 96 ـ بەت.

63 خىزمەت بېرىش تۈزۈمى (*investiture*) ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېوداللارنىڭ ئۆز بېقىندىلىرىغا يەر موھۇرلەپ بېرىش ياكى روھانىي خىزمەت بېرىش چارىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۈزۈمنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر يۇقۇرى تەبىقىلىك دەھرى فېودالىلار ۋە جىاۋخۇي فېوداللىرىنىڭ خالىغانچە ئىدارە قىلىشىغا پۈتۈنلەي بويسۇنىدۇ. — 106 ـ بەت.

64 ژىروندىچىلار 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بولغان فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى چوڭ سودا ـ سانائەت بۇرژۇئازىيىسى بىلەن ئىنقىلاپ دەۋرىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن يومشىشلىك ـ بۇرژۇئازىيە پارتىيىسى. بۇ پارتىيىنىڭ بىرمۇنچە رەھبەرلىرى قانۇن چىقىرىش يىغىنىدا ۋە گومىن گۇڭخۇيىدا ژىروندى ئۆلكىسىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ نامنى ئالغان. ژىروندىچىلار، ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئۆزىنى‌ئۆزى ئىدارە قىلىشىنى يولغا قويۇش ۋە ليەنباڭ قۇرۇش ھوقۇقىنى قوغدايمىز، دىگەننى بانا قىلىپ، ياكوبىن ھوكۇمىتىگە ۋە ھوكۇمەتنى ھىمايە قىلىدىغان ئىنقىلاۋىي ئاممىغا قارشى تۇرغان. — 107 ـ بەت.

65 «شاۋقۇن» (*«Kladderadatsch»*) قىستۇرما رەسىملىك، كىنايە خاراكتىرلىق ھەپتىلىك ژورنال بولۇپ، 1848 ـ يىلدىن باشلاپ بېرلىندا نەشر قىلىنغان.

«دوت» (*«Punch»*) ئەنگلىيە بۇرژۇئا ھورسىيەتچىلىرىنىڭ يۇمۇرلۇق ھەپتىلىك ژورنىلى بولۇپ، «دوت، ياكى لوندون شاۋقۇنى» (‹Punch, or the London Charivari›)نىڭ قىسقارتىلمىسى، 1841 ـ يىلىدىن باشلاپ لوندوندا نەشر قىلىنغان. — 108 ـ بەت.

66 1871 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى پارىژ گۇڭشېسى چىقارغان بارلىق قەرزلەرنى 3 يىل كېچىكتۈرۈپ تولەش ھەم ئۆسۈمنى ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدىكى پەرمان كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ پەرمان ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى يېنىكلەشتۈرگەن، ئۆسۈمگە قەرز بەرگۈچى چوڭ كاپىتالىستلارغا بولسا پايدىسىز بولغان. — 113 ـ بەت.

67 ماركس 1848 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى يىغىنى رەت قىلغان «دوستلۇق توختىمى» (‹concordats à l'amiable›) فائىدىسىنى كۆزدە تۇتىدۇ، بۇ فائىدىدە، ئىنقىلاپ سەۋەبىدىن ئىشى توختاپ ۋەيران بولغانلىقى ئىسپاتلانغانلىقى قەرزدارلارنىڭ قەرزىنى كېچىكتۈرۈپ تۆلىسە بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى تەلتۆكۈس ۋەيران بولۇپ، چوڭ بۇرژۇئا قەرز ئىگىلىرىنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىغا ئۇچراشقا مەجبۇر بولغان. — 113 ـ بەت.

68 نادان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى (*Frères ignorantins*) — 1680 ـ يىلى رېيمستا ۋۇجۇتقا كەلگەن بىر دىنىي تەشكىلاتنىڭ لەقىمى، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى ئۆزلىرىنى كەمبەغەللەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشكە بېغىشلاش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان؛ بۇ تەشكىلات ئاچقان مەكتەپلەردە، ئوقۇغۇچىلار، ئاساسەن، دىنىي تەربىيىلا ئالغان، باشقا جەھەتتىن ھېچقانداق بىلىم ئالالمىغان. ماركس بۇنىڭ بىلەن بۇرژۇئازىيە فرانسىيىدىكى باشلانغۇچ مائارىپ سەۋىيىسىنىڭ تولىمۇ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دىنىي ھوقۇقچىلىق خاراكتېرىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىما قىلىدۇ. — 114 ـ بەت.

69 باشقا ئۆلكىلەرنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر ئىتتىپاقى باشقا ئۆلكىلەرنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق ئۇششاق بۇرژۇئا زاتلىرىدىن تەركىپ تاپقان سىياسى تەشكىلات. ئۇ ھەرقايسى ئۆلكىلەرنى پارىژ كوممۇنىنى قوللاپ، ۋېرسال ھۆكۈمىتىگە ۋە باۋخۇاڭپەيلەرنىڭ گومىن يىغىنىغا قارشى تۇرۇشقا چاقىرغان. — 114 ـ بەت.

70 پارىژ كوممۇنىنىڭ «يېزا ئەمگەكچىلىرىگە» (‹Aux travailleurs des campagnes›) دېگەن ھۆججىتى كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك، بۇ ھۆججەت 1871 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە كوممۇنىنىڭ ھەرقايسى گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان ھەمدە جۇەندەن شەكلىدە ئايرىم ئېلان قىلىنغان. — 115 ـ بەت.

71 ماركس چارس X نىڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى 1825 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چىقارغان بىر پەرمانىنى كوزدە تۇتىدۇ، بۇنىڭدا فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە يەر مۈلكى تارتىۋېلىنغان بۇرۇنقى قاچقۇنلارغا تولەم بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. تولەمنىڭ ئومۇمى مىقتارى تەخمىنەن بىر مىليارت فرانك بولۇپ، بۇ 3 لى ئوسۇم بېرىلىدىغان قەرەلسىز زايوم بىلەن تولەنگەن، بۇ تولەم پۇلنىڭ كوپ قىسمى فرانسىيە چوڭ پومېششىكلىرى، يۇقۇرى دەرىجىلىك ئوردا ئاقسوڭەكلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. — 115 ـ بەت.

72 بۇ يەردە فرانسىيىنى بىرقانچە جۇڭچۇيگە بولۇش بۇيرۇغى ۋە ھەرقايسى جۇڭچۇينىڭ سىلىڭلىرىغا يەرلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن كەڭ ھوقۇق، جۇمھۇرىيەت زۇڭتۇڭىغا بېرىلگەن چۇيجاڭلارنى خىزمەتكە تەيىنلەش ۋە خىزمىتىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى، يېزا ئوقۇتقۇچىلىرىنى شېڭجاڭنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىغا قويىدىغان يېزا ئوقۇتقۇچىلىرى قانۇنى، راھىپلارنىڭ مائارىپقا بولغان رەھبەرلىكى جەھەتتىكى تەسىرىنى كۈچەيتىدىغان خەلق مائارىپى قانۇنى كوزدە تۇتۇلىدۇ. ماركس «فرانسىيىدە 1848 ـ يىلدىن 1850 ـ يىلغىچە بولغان سىنىپىي كۈرەش» دىگەن كىتاۋىدا بۇ قانۇن ۋە بۇيرۇقلارنى ئاز ـ تولا شەرھىلىگەن («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 7 ـ توم، 99 — 100 ـ بەتلەرگە قارالسۇن). — 117 ـ بەت.

73 ۋاندوم تۈۋرۈكى ناپولېون فرانسىيىسىنىڭ غەلىبىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن 1806 — 1810 ـ يىللىرى پارىژنىڭ ۋاندوم مەيدانىغا ئورنىتىلغان. پارىژ كۇڭشېسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، 1871 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئېلىپ تاشلانغان. — 119 ـ بەت.

74 1871 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «كۇلىڭباۋ» گېزىتى («Mot d'Ordre») دەرۋىشخانىنىڭ تۈرلۈك جىنايەتلىرىنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىياللارنى ئېلان قىلغان. سېن ـ ئانتۇن شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى پىكپۇس دەرۋىشخانىسى ئاختۇرۇلغاندا ئايال دەرۋىشلەرنىڭ دەرۋىش ھوجرىلىرىغا

كوپ يىل قاماپ قويۇلغانلىغى سېزىلگەن ھەمدە ئۇرۇپ قىينايدىغان جازا قوراللىرى تېپىلغان. سېن ـ لاۋرېنت چىركوۋىدا بىر مەخپى قەۋرە تېپىلغان، بۇ قاتىللىق جىنايىتىنىڭ دەلىلى ئىدى. كۆڭۈلنى دىنغا قارشى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن نەشر قىلغان «دىندارلارنىڭ جىنايەتلىرى خاتىرىسى» («Les Crimes des congrégations religieuses») دىگەن كىتاپچىدىمۇ بۇ ماتىرىياللار ئىشلىتىلگەن. ــ 122 ـ بەت.

75 ۋىلگېلىم قورغىنى (كاسېلگە يېقىن يەر) پرۇسسىيە پادىشاسىنىڭ قەلئەسى بولۇپ، سابىق فرانسىيە پادىشاسى ناپولېون III پرۇسسىيلىكلەر تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغاندىن كېيىن، 1870 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 1871 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىگىچە مۇشۇ جايغا قاماپ قويۇلغان. ــ 122 ـ بەت.

76 سىرتتا تۇرىدىغان پومېششىكلار ــ («absent» ــ «يوقلار» دىگەن سوزدىن كەلگەن) ئادەتتە ئۆز يېرىدە تۇرمايدىغان چوڭ پومېششىكلار، بۇ يەردە كوزدە تۇتۇلغىنى ئىرلاندىيىدىكى يەر ـ زېمىنلىرىدىن كىرگەن كىرىمىنى ئەنگلىيىدە بۇزۇپ چاچىدىغان پومېششىكلار، ئۇلار يەرلىرىنى يەر گۇماشتىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇتكۇزۇپ بەرگەن، ياكى ھايانكەشلىككە تايىنىپ جان باقىدىغان دەللاللارغا ئىجارىگە بەرگەن، بۇلار بولسا قاتتىق شەرتلەر بىلەن ئۇششاق ئىجارىكەشلەرگە ئىجارىگە بەرگەن. ــ 123 ـ بەت.

77 *Francs-fileurs* (سوزمۇ ـ سوز تەرجىمىسى «ئەركىن قاچقۇنلار») پارىژ مۇھاسىرىدە تۇرغان چاغدا شەھەردىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن بۇرژۇئازلارغا قويۇلغان مەسخىرە خاراكتىرلىق لەقەم. francs-fileursنىڭ ئوقۇلۇشى francs-tireurs (ئەركىن مەرگەن يەنى پرۇسسىيىگە قارشى كۆرەشكە ئاكتىپ قاتناشقان فرانسىيە پارتىزانى)قا ئوخشاپ كېتىدۇ، شۇڭا بۇ لەقەم يۇمۇر خاراكتىرىنى ئالغان. ــ 126 ـ، 141 ـ، 203 ـ، 379 ـ بەتلەر.

78 كوبلېنتس گېرمانىيىنىڭ شەھرى بولۇپ، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى

فرانسيه بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە ئاقـوگەك باۋخۇاگـداگچىلارنىڭ قىچىپ بارىدىغان ۋە ئىنقىلاۋىي فرانسىيىگە مۇداخىلە يۇرگۈزۇشنى تەييارلايدىغان مەركىزى بولغان ئىدى. فىودال مۇستەبىت دولەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئىرىشكەن، لۇئى XVI نىڭ ئەڭ ئەكسىيەتچى داچىنى كالون باش بولغان قاچقۇنلار ھوكۇمىتى مۇشۇ كوبلىنتستا ئىدى. — 127 ـ بەت.

79 پارىژ گۇگىشىسى مەزگىلىدە، برىتانىدىن ئىلىنغان، باۋخۇاگلىق كەيپىياتتا بولغان ۋىرسال بۇدۇيىنى گۇگىشى ئەزالىرى «شۇئان ئەسكەرلىرى» دەپ ئاتاشقان، بۇ ئۇلارنى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە فرانسىيىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا بولغان ئەكسىل-ئىنقىلاۋىي توپىلاڭغا قاتناشقانلارغا ئوخشىتىش ئىدى. — 128 ـ بەت.

80 پارىژنىڭ پۇرولىتارىيات ئىنقىلاۋى پارىژ گۇگىشىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۇر-گەن، بۇ ئىنقىلاپنىڭ تەسىرى ئاستىدا، لىون، مارسىل ۋە فرانسىيىنىڭ باشقا نۇرغۇن شەھەرلىرىدىمۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركەتلىرى بارلىققا كەلگەن. 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۇنى، لىوندىكى گومىن زىۋىيجۇن بىلەن ئەمگەكچىلەر شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىنى تارتىۋالغان. 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۇنى پارىژ ۋەكىللىرى ئومگى يىتىپ كەلگەندىن كىيىن، لىوندا گۇگىشىنىڭ قۇرۇلغانلىغى جاكالانغان، لىكىن، گۇگىشى سايلىمىغا تەييارلىق قىلىش ئۇچۇن قۇرۇلغان ۋاقىتلىق ۋىيىۇەنخۇي گەرچە ئاز ـ تولا قورالىق كۇچكە ئىگە بولسىمۇ، خەلق ئاممىسى ۋە گومىن زىۋىيجۇن بىلەن كەم ئالاقە باغلىغانلىغى تۇپەيلىدىن، ئاخىر ئۇز ھوقۇقىدىن ۋازكەچكەن. لىون ئەمگەكچىلىرىنىڭ 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۇنىدىكى يىڭى قوزغىلىشى ئارمىيە بىلەن ساقچىلارنىڭ دەھشەتلىك باستۇرۇشىغا ئۇچرىغان.

مارسىلدا قوزغىلاڭ كوتەرگەن ئاھالە شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمە-سىنى ئىگىلىۋىلىپ، شىگجاگىنى قولغا ئالغان، ئۆلكىلىك ۋىيىۇەنخۇي قۇرغان، 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۇنى گۇگىشى سايلىمى ئوتكۇزۇشنى قارار قىلغان. مارسىلنىڭ ئىنقىلاۋىي قوزغىلىشى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۇنى مۇشۇ شەھەرنى

توپقا تۇتقان ھوكۇمەت ئارمىيىسى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان.—131-بەت.

81 دۇفورنىڭ 1839-يىل 5-ئايدا، توت پەسىل جەمىيتى قوراللىق قوزغىلاڭ كوتەرگەن مەزگىلدە ئىيۇل سۇلالىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قىلغان پائالىيىتى ۋە 1849-يىل 6-ئايدىكى ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت مەزگىلدە ھاكىمىيەت سىرتىدا تۇرغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ تاغ پارتىيىسىگە قارشى تۇرغاندا ئوينىغان رولى كوزدە تۇتۇلدۇ.

1839-يىل 5-ئاينىڭ 12-كۈنى بلانكى ۋە باربېس باشچىلىغىدىكى مەخپىي جۇمھۇرىيەتچى سوتسىيالىستلار تەشكىلاتى — توت پەسىل جەمىيتى — نىڭ ئىنقىلاۋىي قوزغىلىشى ئاممىغا تايانمىغان، بەلكى مەخپىي قەست قىلىش خاراكتېرىدا بولغان؛ بۇ قېتىمقى قوزغىلىش ھوكۇمەت ئارمىيىسى بىلەن گۋاردىيە ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان. [?]

ئىنقىلاپ خەۋپىگە قارشى كۇرەش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بىر يېڭى نىيىگي تەشكىل قىلىنغان، دۇفور بۇ نىيىگىغا قاتناشقان.

1849-يىل 6-ئايدا، تاغ پارتىيىسىنىڭ جۇمھۇرىيەت زۇڭتۇڭى لۇئى بوناپارتقا قارشى ھەركىتى كەلتۇرۇپ چىقارغان سىياسى ۋېجى كۇنساناپ ئېشىپ بېرىۋاتقان ئەھۋالدا، شۇ چاغدا ئىچكى ئىشلار بۇجاڭى بولغان دۇفور بىر قىسىم ئىنقىلاۋىي گومىن زىۋېيجۇن، دېموكراتىزىمچىلار ۋە سوتسىيالىزىمچىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار پەرمانلارنى يولغا قويۇشنى تەكلىپ قىلغان. — 132-بەت.

82 گومىن يىخۇي ماقۇللىغان «گېزىت-ژورناللارنىڭ قانۇنىغا خىلاپ ھەركەتلىرىنى جازالاش پەرمانى» كوزدە تۇتۇلدۇ، ئۇ بۇرۇنقى ئەكسىيەتچىل مەتبۇئات قانۇنىنىڭ (1819- ۋە 1849-يىللاردىكى) ماددىلىرىنى يېڭىۋاشتىن كۇچەيتىپ ئىگە قىلغان، ھوكۇمەتكە قارشى سوزلەرنى ئېلان قىلغان مەتبۇئاتلارنى قاتتىق جازالاش ھەتتا پىچەتلەشنى بەلگىلىگەن؛ بۇ يەردە يەنە، بۇرۇن ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلانغان ئىككىنچى دىگو ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەمەلىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش؛ گۇڭشېي مۇسادىرە قىلغان مال-مۈلۈكنى سۇرۇشتۇرۇپ قايتۇرۇۋېلىش

رەسمىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئالاھىدە قانۇن؛ شۇنىڭدەك مال-مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىشنى جىنايى ئىشلار جىنايىتى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى بەلگىلىمە كوزدە تۇتۇلىدۇ. — 133-بەت.

83 دۇفورنىڭ گومىن يىغۇيغا قويغان ھەربى فاتىگىنىڭ سوت قىلىش تەرتىۋى توغرىسىدىكى پەرمانى 1857-يىلدىكى ھەربى ئىشلار فادىيەنىدە بەلگىلەنگەن سوت قىلىش تەرتىۋىنى تېخىمۇ قىسقارتىۋەتكەن. پەرمانىدا بۇدۇي سىلىڭى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى داچېنىنىڭ تەييارلىق سوراقتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا ئەدلىيە جەھەتتىن سۈرۈشتۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن؛ بۇنداق ئەھۋالدا، 48 سائەت ئىچىدە ئەرزىنى بېكىتىپ بولۇش (يۇقۇرىغا سۇنۇلغان ئەرزنى كورۇپ چىقىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە ھوكۇمنى ئىجرا قىلىپ بولۇش شەرت قىلىنىدۇ. — 133-بەت.

84 1860-يىل 1-ئاينىڭ 23-كۈنى ئىمزالانغان ئەنگلىيە-فرانسىيە سودا شەرتنامىسى كوزدە تۇتۇلىدۇ. سودا شەرتنامىسىدە، فرانسىيە قوغدىنىش چېگرا بېجى سىياسىتىدىن ۋازكېچىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مالنىڭ ئۆز باھاسىنىڭ 30 پىرسەنتىدىن ئاشمايدىغان جىنكۇ بېجىنى قويۇش بەلگىلەنگەن. سودا شەرتنامىسى فرانسىيىگە فرانسىيىنىڭ كوپ قىسىم ماللىرىنى باج تولىمەي ئەنگلىيىگە كىرگۈزۈش ھوقۇقىنى بەرگەن. سودا شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە ماللىرىنىڭ كوپلەپ فرانسىيىگە ئېقىپ كىرىشى، ئىچكى بازار رىقابىتىنىڭ زور دەرىجىدە كەسكىنلىشىشى فرانسىيە سانائەتچىلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. — 135-بەت.

85 مىلادىدىن بۇرۇنقى بىر ئەسىردە، قەدىمقى رىمدىكى ئىجتىمائى سىياسى كۆرەش كەسكىنلەشكەن مەزگىلدە، رىم قۇلدارلار جۇمھۇرىيىتىدە بولغان ۋېيجىنىڭ تۇرلۇك باسقۇچلىرىدا بارلىققا كەلگەن قانلىق زىيانكەشلىك ۋە تېررورلۇق ۋەزىيىتى كوزدە تۇتۇلىدۇ.

سۇللا دىكتاتۇرىسى (مىلادىدىن بۇرۇن 82 — 79-يىللار) — سۇللا

قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ غالچىسى، ئۇ دىكتاتۇرا يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، ئۆزى بىلەن دۈشمەنلەشكەن قۇلدارلار گۇرۇھىنىڭ ۋەكىللىرىنى كەڭ كۆلەمدە قىرغان. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىدا، بىرىنچى قېتىم ئومۇمى دۈشمەن ئىسىملىكى ئېلان قىلىنغان، ئىسىملىككە كىرگۈزۈلگەنلىكى ئادەمنى سوت قىلمايلا، ھەممە ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ھەقلىق ئىدى.

رىمنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئۈچلەر ھاكىمىيىتى (مىلادىدىن بۇرۇن 60 — 53 - يىللار، مىلادىدىن بۇرۇن 43 — 36 - يىللار) رىم ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ ئابرويلۇق 3 تۇڭشۇەيى بولۇشۇپ ھاكىمىيەت تۇتقان دىكتاتۇرا. بۇرۇنقى ئۈچلەر ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزگەنلەر پومپېي، كايزا ۋە كراسۇ، كېيىنكى ئۈچلەر ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزگەنلەر ئوكتاۋىيان، ئانتونى ۋە لېپتۇسلار ئىدى. ئۈچلەر ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىغى — رىم جۇمھۇرىيىتىنى يوقىتىش ۋە بىر پۈتۈن رىم پادىشالىق ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنىڭ بىر باسقۇچى. ئۈچلەر ھاكىمىيىتى ئۆز دۈشمەنلىرىنى جىسمانى جەھەتتىن يوقىتىش ۋاستىلىرىنى كەڭ تۈردە قوللانغان. بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئۈچلەر ھاكىمىيىتى يىقىلغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا ئۆز ئارا قىرغىن قىلىدىغان قانلىق ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىپ كەتكەن. — 140 - بەت.

86 «پارىژ گېزىتى» («*Journal de Paris*») 1867 - يىلدىن تارتىپ پارىژدا تارقىتىلغان ھەپتىلىك گېزىت بولۇپ، باۋخۇاڭداڭچى ئورلېانچىلارنى قوللىغان. — 141 - بەت.

87 بۇ ئىككى نەقىلنى ماركس فرانسىيە جېڭلۇنجياسى ئېرۇۋېنىڭ «پارىژ گېزىتى»نىڭ 1871 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىكى 138 - سانىدا ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىسىدىن ئالغان، مۇشۇ ماقالىدا تاستۇنىڭ «تارىخ» دېگەن كىتاۋىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزلەر شۇ كىتاپنىڭ 3 - بۆلۈم 83 - بابىدىن ئېلىنغان. — 141 - بەت.

88 1814 - يىل 8 - ئايدا، ئەنگلىيە - ئامېرىكا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئەنگلىيە ئارمىيىسى ۋاشىنگتوننى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، كوڭخۇي بىناسى،

ئاق سارای ۋە پايتەختتىكى باشقا جامائەت قۇرۇلۇشلىرىنى ئوت قويۇپ كويدۇرۇۋەتكەن.

1860 ـ يىل 10 ـ ئايدا، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە جۇڭگودا تالان ـ تاراج خاراكتېرىدىكى مۇستەملىكىچىلىك ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان چاغدا، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى بېيجىڭ ئەتراپىدىكى يۈەنمىڭ ـ يۈەن باغچىسىنى ـــ جۇڭگونىڭ بىناكارلىق ۋە سەنئەت جەۋھىرىنى بۇلاپ تالىغان ۋە كويدۇرۇۋەتكەن. ـــ 143 ـ بەت.

89 قەدىمقى رىمدا خان ـ پادىشا ياكى لەشكەر بېشى ـ ۋەزىرلەرنىڭ خۇسۇسى، ئىمتىيازلىق جىنۋېيجۇنلىرى قولچوماق ئارمىيە دەپ ئاتالغان، رىم دىگوسى دەۋرىدە، قولچوماق ئارمىيە ھەمىشە ئىچكى ماجىرالارغا ئارىلاشقان ھەم دائىم ئۇز تەرىپىنىڭ ئادىمىنى يولەپ، پادىشالىق تەختىگە چىقارغان. كېيىن «قولچوماق ئارمىيە» دىگەن سوز ياللانما ئەسكەر ۋە جۇنفالارنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرىغا مەنداش سوز بولۇپ قالغان. ـــ 147 ـ بەت.

90 ماركس پرۇسسىيە 1849 ـ يىل 1 ـــ 2 ـ ئايلاردا پرۇسسىيە پادىشاسى 1848 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۇنى ـــ ئەكسىلئىنقىلاۋىي سىياسى ئوزگىرىش بولغان كۇنى ئېلىتىپات قىلغان ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن سايلىغان يىخۇيىنى پرۇسسىيىنىڭ «تەڭدىشى يوق يىيۈەنى» (‹chambre introuvable›) دەپ ئاتىغان، چۇنكى ئۇ 1815 ـــ 1816 ـ يىللاردىكى فرانسىيىنىڭ ئۇچىغا چىققان ئەكسىيەتچىل «تەڭدىشى يوق يىيۈەنى»گە تولىمۇ ئوخشاپ كەتكەن. ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن، بۇ يىخۇي ئىمتىيازلىق بولغان «ئاقسوڭەكلەر يىيۈەنى» بىلەن ئىككىنچى يىيۈەندىن تەركىپ تاپقان، پەقەت ئاتالمىش «مۇستەقىل پرۇسسىيىلىك ـ لەر»لا ئىككىنچى يىيۈەننىڭ ئىككى دەرىجىلىك سايلىمىغا قاتنىشالىغان، بۇ يۈنكىر پومېشچىك ـ گۈەنلياۋ گۇرۇھىنىڭ ۋە ئوڭ قانات بۇرژۇئا ئۇنسۇرلارنىڭ ئىككىنچى يىيۈەندە ئۇستۇنلۇكنى ئىگەللىشىگە كاپالەت ـ لىك قىلغان. ئىككىنچى يىيۈەنگە سايلانغان بىسمارك مۇشۇ يىيۈەندىكى

ئىنتايىن ئوڭچى يۆنىلىشتىكى پومېششىكلار گۇرۇھىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى ئىدى. — 148 ـ بەت.

91 «تۇغ كەچلىك گېزىتى» («The Evening Standard») 1827 ـ يىلى لوندوندا چىقىرىلغان ئەنگلىيە باۋشۇپەيلىرىنىڭ كۆنلۈك گېزىتى «تۇغ گېزىتى» («The Standard») نىڭ كەچلىك سانى بولۇپ، 1857 ـ يىلدىن 1905 ـ يىلغىچە لوندوندا تارقىتىلغان. — 157 ـ بەت.

92 ماركس بىلەن ئېنگېلس تەييارلىغان ئىنتېرناتسونال باش ۋېيۋەنخۇيىنىڭ جۇل فافىرنىڭ 1871 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى ھەققىدە چىقارغان باياناتى «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ ئىنگلىزچە 2 ـ ، 3 ـ نەشرلىرىگە ۋە 1871 ـ ، 1876 ـ ، 1891 ـ يىللاردىكى نېمىسچە نەشرلىرىگە كىرگۈزۈلگەن. بايانات نۇرغۇن گېزىتلەردىمۇ ئايرىم ئېلان قىلىنغان («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 17 ـ توم، 393 — 395 ـ بەتلەرگە قارالسۇن). — 157 ـ بەت.

93 «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 16 ـ توم، 16 ـ بەتكە قارالسۇن. — 157 ـ بەت.

94 ماركس تەييارلىغان «خەلقارا ئىشچىلار جەمئىيىتى ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» دېگەن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش خېتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 16 ـ توم، 382 — 384 ـ بەتلەرگە قارالسۇن). — 158 ـ بەت.

95 «چەتتە قاراپ تۇرغۇچىلار» («The Spectator») ئەنگلىيە ھورىيەتچىلىرىنىڭ ھەپتىلىك گېزىتى بولۇپ، 1828 ـ يىلدىن تارتىپ لوندوندا چىقىرىلغان. — 160 ـ بەت.

96 «"فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش"نىڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرى»نى ماركس 1871 ـ يىل 4 — 5 ـ ئايلاردا يازغان. 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى ئىنقىلاپتىن كېيىنكى دەسلەپكى بىرنەچچە كۈندە، ماركس پارىژ ۋەقەسىگە ئائىت بارلىق ماتېرىياللارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن، گېزىتلەرنى كۆپ توپلىغان، ئەنگلىيە، فرانسىيە

گېزىتلېرىدىن نۇرغۇن ماتېرىياللارنى يېزىۋالغان. 4 ـ ئاينىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، ماركس بىرىنچى نۇسخىنى يېزىشنى باشلاپ، تەخمىنەن 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە يازغان، ئارقىدىنلا «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ ئىككىنچى نۇسخىسىنى يېزىپ، 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاياقلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نى بېكىتىش ئىشىنى باشلاپ، ئۇنى خەلقارا ئىشچىلار جەمئىيىتى باش ۋېييۈەنخۇيىنىڭ خىتابنامىسى شەكلىدە يېزىپ چىققان. پارىژ گوڭشېسىنىڭ ئاخىرقى بىر ھەپتىسىگە ئالاقىدار گېزىتتىن كېسىۋېلىنغان ۋە خاتىرىسىگە يېزىۋالغان ماتېرىياللارنى ماركس ئىككىنچى نۇسخىغا كىرگۈزمەي، توپ ـ توغرا خىتابنامىدە پايدىلانغان.

«فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى نۇسخىلىرىنىڭ قولىيازمىسى چوڭ تاختا قەغەزگە يېزىلغان. بەت سانى ئەڭ كوپ بىرىنچى نۇسخىنىڭ قولىيازمىسى ئەھۋالىدىن قارىغاندا مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان، ئۇ جەمئى 11 تاختا قەغەز بولۇپ، ئىككى بېتىگە يېزىلغاچقا، جەمئى 22 بەت، 6 ـ ۋە 13 ـ بەتلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، 1 ـ بەتتىن 22 ـ بەتكىچە ھەممىسىگە ماركس ئۆزى بەت نومۇرى قويغان. ئىككىنچى نۇسخىنىڭ قولىيازمىسى ماركس قويغان بەت نومۇرلىرىغا قارىغاندا (بەت نومۇرىنى تاختا قەغەزنىڭ ھەممىسىگە قويمىغان) جەمئى 13 تاختا بولۇپ، ساقلىنىپ قالغىنى 11 تاختا (بۇنىڭ 8 تاختىسىنىڭ بىر بېتىگە، 3 تاختىسىنىڭ ئىككى بېتىگە يېزىلغان). ساقلىنىپ قالغان 5 ـ بولۇم «ئىچكى ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى. 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى ئىنقىلاپ. كلېمون توما. لېكونت. ۋاندوم مەيدانى ۋەقەسى»نىڭ ئالدىدىكى 4 ـ بولۇم، ئەھۋالدىن قارىغاندا، قولىيازمىنىڭ يۈتۈپ كەتكەن قىسمى بولسا كېرەك. بەت نومۇرى قويۇلمىغان ئاخىرقى 3 بەت (مۇشۇ كىتاپنىڭ 383 ـــ 395 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن)، ئاساسەن، ئىككىنچى نۇسخىنىڭ ئايرىم جايلىرىغا كىرگۈزۈلگەن تۈزىتىش. ماركس «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نى بېكىتىش

خىزمىتىنى ئىشلىگەن ۋاقىتدا، كوپىنچە، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىپ بولغان جايلارنى تىك ۋە يانتۇ سىزىقلار بىلەن سىزىۋەتكەن، شۇڭا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى نۇسخىلىرىنىڭ قولىيازمىسىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا تىك ۋە يانتۇ سىزىقلار بار. پەقەت ماركس توغرا سىزىق بىلەن سىزىۋەتكەن سوز-جۇملىلەر مۇشۇ نەشرىگە كىرگۈزۈلمىدى. ئىككى قولىيازمىدا ئىشلەش ۋاقتىدا قويۇلغان نۇرغۇن بەلگە، تىرناق، ئوتتۇرا تىرناقلار بۇ نەشرىگە كىرگۈزۈلمىدى.

ماركس ئوزىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرىدا گۈگشىنىڭ بۇيرۇغى ۋە ئومۇمى ئۇقتۇرۇشلىرىدىن نەقىل ئالغان ياكى ئۇ ھەقتە توختالغاندا، ئومۇمەن، بۇلارنىڭ ئېلان قىلىنغان ياكى لوندوندا گېزىتكە چىققان ۋاقتىنى ئاساس قىلغان.

«"فرانسىيدىكى ئىچكى ئۇرۇش"نىڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرى» ماركس، ئېنگېلس ھايات چاغدا ۋە ماركسىزمنىڭ بۇ ئىككى ئاساسچىسى ۋاپات بولۇپ ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئېلان قىلىنمىغان. بىرىنچى نۇسخىنىڭ بەزى پارچىلىرى دەسلەپ «ھەقىقەت گېزىتى»نىڭ 1933-يىل 3-ئاينىڭ 14-، 18-كۈنلىرىدىكى 72-، 76-سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى نۇسخىلىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى (ئىنگلىزچە) ۋە رۇسچە تەرجىمىسى تولۇق تېكىستى بىلەن بىرىنچى قېتىم 1934-يىلى نەشر قىلىنغان «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى غەزنىسى»نىڭ 3 (8)-تومىدا ئېلان قىلىنغان. — 161-بەت.

97 بۇزانۋال جېڭى (مونترېت جېڭى ياكى مۇن ۋالېرىن جېڭى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) پارىژ مۇھاسىرە قىلىنىپ 4 ئايدىن كېيىن، 1871-يىل 1-ئاينىڭ 19-كۈنى بولغان. بۇ تروشۇي ئۇيۇشتۇرغان، مۇھاسىرىدىكى پارىژنىڭ ئاخىرقى ھۇجۇمى ئىدى، بۇنىڭ مەقسىدى گومىن زىۋېيجۇننىڭ كۈچلىرىنى تەلتوكۇس تارمار قىلىش. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ روھىنى چۈشۈرۈش ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئاھالىلەر بىلەن ئارمىيىنى پارىژنى داۋاملىق قوغداشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىگىگە ئىشەندۈرۈش ئىدى.

بۇ قېتىمقى ھۇجۇمغا تېگىشلىك تەييارلىق كۆرۈلمىگەن، ھۇجۇمغا ئۆتكەندە ھۇجۇم قىلغۇچى بۇدۇيلەرنىڭ ھەرىكىتى ماسلاشمىغان، زورۇر يۈيېيدۇيىمۇ بولمىغان. فرانسىيە ئارمىيىسى تازا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھۇجۇم ھەممىلا يەردە چېكىندۈرۈلگەن. — 163 ـ بەت.

98 1870 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، گ. فلورانسنىڭ رەھبەرلىكىدە، گومىن زۇېيجۈننىڭ ئىشچىلار يىگىتلىرى پارىژ شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتىدىن گۇگۇشې سايلىمى ئۆتكۈزۈش، تەدبىر قوللىنىپ جۇمھۇرىيەتنى مۇستەھكەملەش ھەم تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۈشمەنلەرگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ھۆكۈمەت بۇ تەلەپلەرنى رەت قىلغان ھەمدە گومىن زۇېيجۈننىڭ بۇيرۇق ئالماي تۇرۇپ، يىغىن ئۆتكۈزۈشكە ۋە قوراللىق نامايىش ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن.

*1870* ـ يىل *10* ـ ئاينىڭ *31* ـ كۈندىكى قوزغىلاڭ ھەققىدە ئىزاھ 55كە قاراڭ. — 164 ـ بەت.

99 1850 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈندىكى پەرمانغا ئاساسەن يولغا قويۇلغان يېڭى سايلام لاياقىتى چەكلىمىسى كوزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ پەرماننى فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى قانۇن چىقىرىش يىغىنى تىبىر باشچىلىقىدىكى تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن ماقۇللىغان، تەرتىپچىلەر پارتىيىسى دېموكراتلار بىلەن سوتسىيالىزىمچىلارنىڭ 1850 ـ يىل 3 ـ ئاي ۋە 4 ـ ئايدىكى يىغىنىنى تولۇق سايلاشتا ئېرىشكەن غەلىبىسى ئالدىدا قورقۇپ كەتكەن. يېڭى سايلام قانۇنى شەھەر ـ يېزا ئىشچىلىرى ۋە نامرات دېھقانلارغا زەربە بەرگەن، ئۇنىڭدا ئولتۇراقلاشقىنىغا 3 يىل توشقان ھەم بىۋاستە باج تاپشۇرىدىغان كىشىلەرنىڭلا سايلامغا قاتنىشالايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. فرانسىيە سايلىغۇچىلىرى شۇنىڭ بىلەن 3 مىليوندەك ئازىيىپ كەتكەن.

1850 ـ يىلى سايلام قانۇنى ماقۇللىنىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، يىغىۋي جۇمھۇرىيەت زۇڭتۇڭى لۇئى بوناپارتنىڭ 1850 ـ يىلدىكى

يىللىق مۇئاشىنى 600 مىڭ فرانكتىن 3 مىليون فرانكقا كۆپەيتكەن. — 174 ـ بەت.

100 نورماندىيىدىكى زاۋۇت ئىگىلىرى ئەنگلىيە زاۋۇت ئىگىلىرى بىلەن ئۇتۇشلۇق رىقابەتلىشىش ئۈچۈن، توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ ئىش ھەققىنى ئازايتىشقا ئۇرۇنغان، بۇ 1868 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1869 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە سوتۋىل ـ لې ـ رۇئان توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ چوڭ ئىش تاشلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىش تاشلىغان ئىشچىلار ئىنتېرناتسونالدىن ياردەم سورىغان، ئىنتېرناتسونال باش ۋېيىۋەنخۇيى لوندوندىكى ئىشچىلار بىرلەشمىسى ۋە فرانسىيىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئارقىلىق ئىش تاشلىغان ئىشچىلار ئۈچۈن ئىئانە پۇل توپلىغان. خۇددى ماركس «باش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ خەلقارا ئىشچىلار جەمئىيىتى تۆتىنچى قېتىملىق يىللىق قۇرۇلتىيىغا دوكلادى»دا كۆرسەتكىنىدەك، گەرچە ئىش تاشلاش مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نورماندىيىدىكى توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ تەشكىللىنىشىنى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن، رۇئان، ئېلبېف، دارنېتال قاتارلىق جايلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ھەمدە ئەنگلىيە، فرانسىيە ئىشچىلىرى ئارىسىدىكى قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقنى مۇستەھكەملىگەن («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 16 ـ توم، 421 — 424 ـ بەتلەرگە قارالسۇن). — 174 ـ بەت.

101 «چاقىرىق گېزىتى» («Le Rappel») ۋ. يۇگو ۋە ئا. روشفورلار چىقارغان سول قانات جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ كۈنلۈك گېزىتى بولۇپ، 1869 ـ يىلدىن 1928 ـ يىلغىچە چىقىرىلغان. ئۇ ئىككىنچى دىگوغا كەسكىن زەربە بەرگەن، پارىژ كوممۇنىسى مەزگىلىدە كوممۇنىنى قوللاشنى تەشەببۇس قىلغان. — 175 ـ بەت.

102 1839 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى بلانكىچىلار توت پەسىل جەمئىيىتىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — 177 ـ بەت.

103 ماركسنىڭ قوليازمىسىدىكى قەلەم خاتالىقى: دۇفور بىلەن ۋۇيېنىنىڭ

كاۋنىياك ھوكۇمىتىگە قاتنىشىپ، ئىچكى ئىشلار بۇجاكىي ۋە جامائەت قۇرۇلۇشى بۇجاكى بولغان ۋاقتى 1848 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى. دۇفور 1849 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئودىلون باررو نېيگېدا بۇجاك بولغان. — 177 ـ بەت.

104 پۇۋاتىي كوچىسى ۋېيىزەنخۇيى يەنى ئاتالمىش تەرتىپچىلەر پارتىيىسىنىڭ رەھبىرىي ئورگىنى كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ۋېيىۋەنخۇيدا تىيېر باشچىلىغىدىكى ئورلىيانچىلار ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. — 178 ـ بەت.

105 ماركس *1847* ـ يىلدىكى«ئەركىنلىك ئىتتىپاقى» ئۈستىدە توختالغىنىدا، 1846 ـ يىلدىكى سايلامدىن كېيىن فرانسىيە جۇڭيىۋەنىدە شەكىللەنگەن ئاتالمىش «تەرەققىيپەرۋەر باۋشۇپەيلەر»نى كوزدە تۇتىدۇ. بۇ مەزھەپنىڭ ئاساسىي ئەرباپلىرى ئورلىيانچى ئۇنسۇر ژىراردېن، توكۋىل، دۇفور قاتارلىقلار ئىدى. «تەرەققىيپەرۋەر باۋشۇپەيلەر» گىزو ھوكۇمىتىدىن چوڭ سانائەت بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بىر قاتار ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىشنى ۋە بەلگىلىك دەرىجىدە سايلام ھوقۇقىنى كېڭەيتىپ، ئىيۇل سۇلالىسىنى مۇستەھكەملەشنى تەلەپ قىلغان. ئۇلار گىزوغا قارشى تۇرۇپ، گىزو ھوكۇمىتى ئەزالىرىنىڭ رەزىل شۇملۇقلىرىنى ئېچىپ تاشلىغان.

ئەركىنلىك ئىتتىپاقى — 1863 ـ يىلى قانۇن چىقىرىش ئومىگىنى سايلاش ۋاقتىدا دىگوغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئاساسىدا شەكىللەنگەن بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرى، ئورلىيانچىلار ۋە قىسمەن جېكتۇكچىلارنىڭ ئىتتىپاقى. ئۇلار 1869 ـ يىلى سايلام رىقابىتى ۋاقتىدا ئەركىنلىك ئىتتىپاقىنى قايتا تەشكىل قىلىشقا ئۇرۇنغان ئىدى، لېكىن 1863 ـ يىلى بۇ ئىتتىپاققا قاتناشقان ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يۇزبەرگەنلىكتىن مەغلۇپ بولغان. موتىدىل بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرى (ج. فافېر، ج. سىمون قاتارلىقلار) 1869 ـ يىلى باۋخۇاكپەيلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنى تەشەببۇس قىلغان، ئۇلار ئورلىيانچى ئۇنسۇر دۇفورنىڭ نامزات بولۇشىنى قوللىغان، لېكىن،

دۇفور سايلانمىغان. — 179 ــ بەت.

106 شۇ چاغدا ئىچكى ئىشلار داچىنى بولغان تىيېرنىڭ 1834 ــ يىل 4 ــ ئاينىڭ 13 — 14 ــ كۈنلىرى پارىژدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر قوزغىلىڭىنى دەھشەتلىك باستۇرۇشتا بولۇپمۇ ترانسنونان كوچىسىدىكى ئاھالىلەرنى قانلىق قىرغىن قىلىشتا ئوينىغان رولى ئىما قىلىنىدۇ (ئىزاھ 38گە قارالسۇن). — 183 ــ بەت.

107 بوناپارتنىڭ 1851 ــ يىل 12 ــ ئاينىڭ 2 ــ كۈنى سىياسى ئۆزگىرىش قىلغان ئۇسۇلى بويىچە ئىش قىلىنغانلىغى كوزدە تۇتۇلىدۇ. — 184 ــ بەت.

108 «فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ئاخباراتى»نىڭ 1871 ــ يىل 4 ــ ئاينىڭ 6 ــ كۈندىكى 96 ــ سانى. — 185 ــ بەت.

109 «فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ئاخباراتى»نىڭ 1871 ــ يىل 4 ــ ئاينىڭ 6 ــ كۈندىكى 96 ــ سانى. — 185 ــ بەت.

110 15 كىشىلىك ۋىيىۋەنخۆي — گومىن يىخۆي تىيېر ھوكۈمىتىگە ماسلىشىپ، ئىنقىلاۋىي پارىژغا قارشى كۆرەش قىلىش ئۈچۈن 1871 ــ يىل 3 ــ ئاينىڭ 20 ــ كۈنى قۇرغان تەشكىلات. ۋىيىۋەنخۆيغا قاتناشقانلار، ئاساسەن، باۋخۇاڭداڭچىلار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تىيېرنى قوللايدىغان بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرىمۇ بار ئىدى. ۋىيىۋەنخۆي باشقا ئولكىلەرنى پىدائى قوشۇن تەشكىللەپ، گۇڭشېغا قارشى كۆرەش قىلىشقا چاقىرغان، لېكىن قوللاشقا ئېرىشەلمىگەن. گۇڭشې مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ۋىيىۋەنخۆي ئۆز پائالىيىتىنى توختاتقان. — 186 ــ بەت.

111 ماركىس «فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش» دىگەن كىتاپتا باۋخۇاڭداڭچىلارنىڭ ۋېرسال گومىن يىخۆيىدىكى سۇئىقەستىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بۇ مىساللاردىن پايدىلانماقچى بولغان بولسا كېرەك. مۇشۇ مەزگىلدە ماركسنىڭ گېزىتلەردىن يېزىۋالغانلىرى ئىچىدە، ئومال گۇڭجۇي ۋە ئۇنىڭ ئىنسى ژۇئانۋىل چىنۋاڭنىڭ ۋېرسالدا ئېلىپ بارغان سۇئىقەستلىك ھەركەتلىرىگە، بوربون گۇرۇھى بىلەن ئورلېئان گۇرۇھىنىڭ قوشۇلىدىغانلىغى ھەققىدىكى خەۋەرلەرگە شۇنىڭدەك

فرانسيه پادىشالىغىنى ئومال گۈڭگىجۈيگە ئوتتۇنۇپ بېرىش پىلانى ۋە باشقىلارغا ئائىت ماتېرىياللار بار. — 189 - بەت.

112 «پارىژ گۈڭشېي ئاخباراتى»نىڭ 1871 - يىل 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى 1 - سانى. — 190 - بەت.

113 شۇئان توپىلىڭى *(Chouannerie)* 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بولغان فرانسيه بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى مەزگىلىدىكى باۋخۇاڭپەيلەرنىڭ توپىلىڭىنى كورسىتىدۇ. بۇ قېتىمقى توپىلاڭ 1793 - يىل 3 - ئايدا ۋاندى ئولكىسىدە باشلانغان، كېيىن بىرېتانى ۋە نورماندى ئولكىلىرىگە كېڭەيگەن. توپىلاڭچىلار، ئاساسەن، ئەكسىلئىنقىلاپچى پوپ ۋە ئاقسوڭەكلەر كۈشكۈرتكەن ۋە قولىغا كىرگۈزۈۋالغان بىر قىسىم يەرلىك دىخانلار ئىدى. 1795 — 1796 - يىللىرى ۋاندى ۋە بىرېتانىدىكى توپىلاڭ جىمىقتۇرۇلغان، لېكىن 1799 - يىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە بەزىلەر يەنە توپىلاڭ كوتىرىشكە ئۇرۇنغان. — 193 - بەت.

114 «شەھەر جەڭچىپىدۇيى» (1871 - يىلدىن تارتىپ جۇمھۇرىيەت جىنۋېيجۈنى دەپ ئاتالغان) 1830 - يىلى ئىيۇل سۇلالىسى ھوكۇمىتى ئىنقىلاۋىي ھەركەتنى باستۇرۇش ئۇچۇن پارىژدا قۇرغان ھەربىلەشكەن ساقچىلار (پىيادە ئەسكەرلەر بىلەن ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ ئۇ 1871 - يىلى ۋېرسال ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئارمىيىسىنىڭ بىر زەربىدار كۈچى ئىدى.

زۇئاف فرانسىيىنىڭ بىر خىل يېنىك پىيادە ئەسكەرلىرى («زۇئاف» دىگەن نام ئالجىرىيەدىكى بىر قەبىلىنىڭ نامىدىن كەلگەن). زۇئاف ئەسكەرلىرى دەسلەپ 19 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا ئالجىرىيىنىڭ يەرلىك ئاھالىسىدىن تەركىپ تاپقان مۇستەملىكە بۇدۇي بولۇپ، كېيىن فرانسۇزلاردىن تەركىپ تاپقان، لېكىن ئەسلىدىكى شەرقچە كىيىملىرىنى ساقلاپ قالغان. جياۋخۇاڭنىڭ زۇئاف ئەسكەرلىرى جياۋخۇاڭنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر تۇەنىنى كورسىتىدۇ. ئۇ زۇئاف ئەسكەرلىرىنىڭ تەقلىتىدە تەشكىل قىلىنغان ۋە تەربىيىلەنگەن ھەمدە فرانسىيىنىڭ

ئاقــوڭەك ياش پىدائىلارىــدىن تەركىپ تاپــقان. ئىتالىيە ئارمىيىسى رىمنى ئىشغال قىلىغان ھەم جياۋخۇاڭنىڭ ئومۇمى ھاكىمىيىتىنى بىكار قىلىغانــدىن كېيىن، جياۋخۇاڭــنىڭ زۇئاۋ ئەســكەرلــرى 1870 ـ يىل 9 ـ ئايدا فرانــسىيىگە يوتــكەپ كېلىنىپ، «غەرپ پىدائىلار جۇنــتۇەنى» قىلىپ ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن ھەمدە لۇۋارنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى جۇنتۇەنلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە كىرگۈزۈلۈپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلغان. ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، بۇ جۇنتۇەن پارىژ كوممۇنىنى باستۇرۇشقا قاتناشقان، كېيىن تارقىتىۋېتىلگەن.

شۇئان ئەسكەرلىرى توغرىسىدا ئىزاھ 79غا قارالسۇن.

— 193 ـ بەت.

115 1840 ـ يىلى، روسىيە، ئەنگلىيە، ئاۋستىرىيە ۋە پرۇسسىيىلەر تۈركىيە بىلەن تۈركىيە سۇلتانىنىڭ مىسىر پادىشاسى مۇھەممەت ئالىغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغان لوندون ئەھدىنامىسىنى ئىمزالىغان. مۇھەممەت ئالىنى قوللايدىغان فرانسىيە دىپلوماتىيە جەھەتتە يېتىم قالغان ۋە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ فرانسىيىگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈش تەھلىكىسىگە دۇچكەلگەن. فرانسىيە ھوكۇمىتى نائىلاج مۇھەممەت ئالىنى قوللاشتىن ۋازكەچكەن، بۇ بولسا فرانسىيە سىياسىتىنىڭ يېقىن شەرقتە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. مۇشۇنداق يول قويۇش سەۋەبىدىن، فرانسىيە ھوكۇمىتى تېچلىق مەزگىلىدە چەتئەل ھەربى پاراخوتلىرىنىڭ قارا دېڭىز بوغۇزىغا كىرىشىنى مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى 1841 ـ يىل لوندون ئەھدىنامىسىنى ئىمزالاشقا قاتنىشالىغان. بۇ ئەھدىنامىنى 1841 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى روسىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئاۋستىرىيە ۋە پرۇسسىيە ۋەكىللىرى بىر تەرەپ، تۈركىيە ۋەكىللىرى بىر تەرەپ بولۇپ بىرلىكتە ئىمزالىغان.

ماركس «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»نىڭ ئىنگلىزچە 3 ـ نەشرىدە يۇقۇرىدا ئېيتىلغان بىرىنچى قېتىملىق لوندون ئەھدىنامىسىنى (يەنى 1840 ـ يىل ئەھدىنامىسىنى) فرانسىيىنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى

مەغلۇبىيىتىنىڭ مىسالى قىلىپ كورسەتكەن. — 195 ـ بەت.

116 «ۋەزىيەت گېزىتى» (*«La Situation»*) — 1870 ـ يىل 9 ـ ئايدىن
1871 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە لوندوندا فرانسۇز تىلىدا چىقىرىلغان
بوناپارتچىلارنىڭ كۈنلۈك گېزىتى؛ ئۇ دولەت مۇداپىە هوكۇمىتى بىلەن
تىيېر هوكۇمىتىگە قارشى پوزىتسىيە تۇتقان. — 197 ـ بەت.

117 ۋېنا شەرتنامىسى ناپولېونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان هەرقايسى
ئەللەر ۋېنا يىغىنى (1814 — 1815) نەتىجىسىدە 1815 ـ يىل
5 — 6 ـ ئايلاردا ۋېنادا ئىمزالىغان شەرتنامە. هەرقايسى جېڭتۈك
سۇلالىلەرنىڭ هوكۇمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ۋېنا
شەرتنامىسى مىللى بىرلىككە ۋە مىللەتلەر مۇستەقىللىقى مەنپەئەتىگە
خىلاپلىق قىلىپ، ياۋروپا خەرىتىسىگە خالىغانچە تۈزىتىش كىرگۈزگەن.
پارىژ شەرتنامىسى 1871 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى فرانسىيە
بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان دەسلەپكى سۇلھى شەرتنامە-
سىنى كورسىتىدۇ. — 205 ـ بەت.

118 1814 ـ يىلى ناپولېون دىگوسى هالاك بولغاندىن كېيىن ۋە 1815 ـ يىلى
ناپولېون يېڭىۋاشتىن قىسقا ۋاقىت هاكىمىيەت تۇتۇپ يەنە ئاغدۇرۇل-
غاندىن كېيىن، فرانسىيە نائىلاج فرانسىيىگە قارشى ئىتتىپاققا ئالتىنچى
ۋە يەتتىنچى قېتىملىق قاتناشقان دولەتلەر — ئەنگلىيە، ئاۋستريىيە،
پرۇسسىيە ۋە روسىيە بىلەن ئىمزالىغان ئىككى شەرتنامە كوزدە تۇتۇلىدۇ.
1814 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تۈزۈلگەن پارىژ سۇلهى
شەرتنامىسىگە ئاساسەن، فرانسىيە شىمالىي، شەرقىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي
چېگرىلىرىدىكى پارچە ـ پۇرات زېمىنلىرىنى هېساپقا ئالمىغاندا، جۇمهۇرد-
يەت ۋە دىگو دەۋرىدە بويسۇندۇرغان هەممە زېمىنىنى دىگۇدەك قولدىن
بېرىپ قويۇپ، 1792 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى چېگرىسىغا قايتقان.
1815 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تۈزۈلگەن پارىژ سۇلهى
شەرتنامىسىگە ئاساسەن، فرانسىيە 1814 ـ يىلى پارىژ سۇلهى شەرتنا-
مىسىدە ساقلاپ قېلىنغان شىمالىي، شەرقىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي

چېگرىلىرىدىكى موھىم جەنلۇبىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە جۇيدىيەنلىرىنى قولدىن بېرىپ قويغان. تىرىلگەن بوربون سۇلالىسىنىڭ پادىشالىق تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، فرانسىيىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېگرىسىدىكى قورولىنى 150 مىڭ كىشىلىك ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيىسى 1818 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلاپ ياتقان. — 206 ـ بەت.

119 ماركس پرۇسسىيە 1806 ـ يىلى ناپولېون فرانسىيىسىگە قارشى ئۇرۇشتا مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن (بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت پرۇسسىيىدىن ئىبارەت فېودال نۇكىنۇلۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي تۈزۈمىنىڭ چىرىكلىكىنى كۆرسەتتى)، 1807 — 1811 ـ يىللاردا قىلىنغان تەلتوكۇس بولمىغان بۇرژۇئا ئىسلاھاتىنى كۆزدە تۇتىدۇ. مۇشۇ ئىسلاھاتلار ئارقىسىدا، نۇكىنۇلارنىڭ جىسمانىي بېقىندىلىقى بىكار قىلىنغان، لېكىن بارلىق فېوداللىق مەجبۇرىيەتلەر يەنىلا ساقلاپ قېلىنغان، ئۇلارنى پومېشىكلارنىڭ ماقۇللۇغىنى ئالغاندىلا ئاندىن سېتىۋالغىلى بولغان؛ پرۇسسىيە چەكلىك بولغان جايلار ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشنى يولغا قويغان، ئارمىيىنى ۋە جۇڭياڭ دۆلەت باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى ئۆزگەرتىپ قۇرغان. — 207 ـ بەت.

120 سېۋاستوپولدىكى قەھرىمانانە مۇداپىئە جېڭىدە روسىيە ئارمىيىسىنىڭ تۈركىيە قورولى كارسنى ئالغانلىقى ۋە بىرلەشكەن ئارمىيىنىڭ بالتىق دېڭىزىدا ئۇتۇقسىزلىققا ئۇچرىغانلىقى روسىيىنى پارىژ سۈلھى كېڭىشىدە (1856 ـ يىل 2 — 3 ـ ئايلار) دىپلوماتىيە نەيرىڭىنى ئىشلىتىپ، ئەنگلىيە، ئاۋستىرىيە ۋە فرانسىيىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، چار روسىيىنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان قىرىم ئۇرۇشىنى ئاياقلاشتۇرىدىغان تېچلىق شەرتلىرىنى زور دەرىجىدە يەڭگىللىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان: روسىيە تۈركىيىگە بولۇپ بەرگەن زېمىن دائىرىسىنى زور دەرىجىدە چەكلىگەن، ئۆزىنىڭ كاپكازدىكى ھوكۇمرانلىقىنى، ئازوپ دېڭىزىدا جىيەندۇي تۇرغۇزۇش ۋە قورول قۇرۇش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالغان. سۈلھى كېڭىشى ئاۋستىرىيىنىڭ مولداۋىيە

ۋە ۋالاكىيىگە بولغان ئىشغالىيىتنى ئاياقلاشتۇرۇشنى قارار قىلغان، بۇ ئاۋسترىيىنىڭ بالقاندا كېڭەيمىچىلىك قىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپ بەرگەن.

ماركس ئېيتقان چار پادىشا ھوكۇمىتى قىرىم ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن يولغا قويغان ئىسلاھات 1861 ـ يىلدىكى نۇكىنۇلۇق تۈزۈم ئىسلاھاتى، يەرلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئىسلاھات (1864 ـ يىلدىكى جايلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ئىدارىسى ئىسلاھاتى ۋە 1870 ـ يىلدىكى شەھەر مەمۇرىيىتى ئىسلاھاتى)، 1864 ـ يىلى قوللانغان يېڭى ئەرز ـ شىكايەت قانۇنى ۋە مالىيە تۈزۈمى ئىسلاھاتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇش روسىيىنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىيە تۈزۈمىگە ئۆتۈشىدە موھىم باسقۇچ بولغان. — 207 ـ بەت.

121 «مۇئاشسىز فاگوەنلەر» («Great Unpaid») — ئەنگلىيىدىكى كېلىشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئامانلىقنى ساقلىغۇچى فاگوەن، لېكىن بىر يارماق مۇئاش ئالمايدىغان كىشىلەرمۇ كەمسىتىلىپ مۇشۇنداق ئاتىلىپ كەلگەن. — 217 ـ بەت.

122 «كۈلىڭباۋ» گېزىتى («Le Mot d'Ordre») جۇمھۇرىيەتچىلەر سول قانىتىنىڭ كۈنلۈك گېزىتى بولۇپ، 1871 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن تارتىپ پارىژدا ئا. روشفورنىڭ تەھرىرلىكىدە چىقىرىلغان. 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى پارىژ زۇڭدۇسى ۋىنوۋا بۇيرۇق بېرىپ توختىتىۋەتكەن، پارىژ گۇڭشېسى مەزگىلىدە، 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 1871 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە چىقىرىلغان. بۇ گېزىت ۋېرسال ھوكۇمىتى ۋە گومىن يىغىندىكى باۋخۇاڭپەي كوپ سانلىقلارغا كەسكىن زەربە بەرگەن، لېكىن گۇڭشې تەرەپتە تولۇق تۇرۇپ كېتەلمىگەن، ئۇ پارىژدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش تەدبىرلىرىگە قارشى تۇرغان. — 218 ـ بەت.

123 گۇڭشې ئەۋەتكەن ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ گومىن زىۋبىجۇنىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى توغرىسىدىكى خەۋىرى «فرانسىيە

جۇمھۇرىيىتى ئاخباراتى»نىڭ 1871 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى 119 ـ سانىغا ۋە «كۆلنىڭباۋ» گېزىتىنىڭ 65 ـ سانىغا بېسىلغان. ماركسنىڭ نەقىل كەلتۈرگىنى «كۆلنىڭباۋ» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ۋېيىيۇەنخۈينىڭ دوكلادى ھەققىدىكى خەۋەر. — 219 ـ بەت.

124 «نيۇ ـ يورك كۈنلۈك مۇنبەر گېزىتى» («*New-York Daily Tribune*») ئامېرىكا گېزىتى بولۇپ، 1841 — 1924 ـ يىللاردا چىقىرىلغان، 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇن ئامېرىكا خۇيگ پارتىيىسى سول قانىتىنىڭ ئورگان گېزىتى ئىدى، كېيىن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇپ قالغان. ماركس 1851 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1862 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە بۇ گېزىتكە ماقالا يېزىپ تۇرغان. بۇ گېزىتكە يېزىلغان ماقالىلارنىڭ ناھايىتى كوپ قىسمىنى ماركسنىڭ تەكلىۋى بىلەن ئېنگېلس يازغان. ياۋروپانىڭ ئەكسىيەتچىل دەۋرىدە، ماركس بىلەن ئېنگېلس شۇ چاغدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان بۇ ئىلغار گېزىتتىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، كونكرېت ماتېرىياللار ئارقىلىق كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ تۇرلۇك كېسەللىكلىرىنى ئېچىپ تاشلىغان. ئامېرىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ماركس ئۇنىڭغا ماقالا يېزىشنى تامامەن توختاتقان. ماركسنىڭ «نيۇ ـ يورك كۈنلۈك مۇنبەر گېزىتى» بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈشتىكى ئەڭ چوڭ سەۋەپ شۇكى، تەھرىر بولۇمى ئىچىدە قۇلدارلار بىلەن مۇرەسسە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلارنىڭ تەسىرى كۈچەيگەن ۋە گېزىت ئىلغار مەيداندىن چەتلەپ كەتكەن. كېيىن بۇ گېزىتنىڭ يونۇلۇشى بارغانسىرى ئوڭغا بۇرۇلۇپ كەتكەن. — 219 ـ بەت.

125 ماركس سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋەكىللىرىنىڭ باياناتىدىن ئالغان نەقىلنى «چاقىرىق گېزىتى»نىڭ 1871 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى 669 ـ سانىدىن ئالغان.

پارىژ ھوقۇقى جۇمھۇرىيەتچىلەر بىرلەشمە ئىتتىپاقى — 1871 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا پارىژدا قۇرۇلغان بۇرژۇئازىيە تەشكىلاتى. ئۇ

ۋېرسال بىلەن پارىژنى كېلىشتۈرۈش غەرىزىدە، تېچ يول بىلەن گۇڭشېنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىچكى ئۇرۇشنى ئاياقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، جۇمھۇرىيەتنى ۋە پارىژ شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ئاساسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىشنى تەكلىپ قىلغان.

گۇڭجىڭخۇي ئەزالىرىنىڭ نامايىشى 1871-يىل 4-ئاينىڭ 29-كۈنى پارىژ گۇڭجىڭخۇي ئەزالىرىنىڭ شەھەر مۇداپىئە گۇڭشېسى باشقارمىسىغا بېرىپ، ۋېرسال ئارمىيىسىنىڭ ھەربى ھەرىكىتىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىپ ئۆتكۈزگەن نامايىشنى كۆرسىتىدۇ. گۇڭشې ئوتتۇرا، ئۇششاق بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرىنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، 4-ئاينىڭ 26- ۋە 29-كۈنلىرى شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىدە گۇڭجىڭخۇينىڭ ئەزالىرى (ئۇلار ئوتتۇرا ۋە ئۇششاق بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرىنىڭ سىياسى نۇقتىنەزىرىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى) بىلەن ئۇچراشقان. تىيېر گۇڭجىڭخۇي ئەزالىرىنىڭ ئۇرۇش توختىتىش تەكلىۋىنى رەت قىلغانلىقتىن، ئۇلار بۇ ئىككى قېتىملىق ئۇچرىشىشتا گۇڭشېنى قوللايدىغانلىقلىرىنى جاكالىغان. 4-ئاينىڭ 29-كۈندىكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان نامايىشنى ئۆتكۈزگەن، بۇ نامايىشقا گۇڭشې ۋەكىللەر ئۇمۇمىي ئەۋەتىپ قاتناشتۇرغان. — 221-بەت.

126 ماركس بۇ نەقىلنى «چاقىرىق گېزىتى»نىڭ 1871-يىل 4-ئاينىڭ 17-كۈنى چىققان 673-سانىدىكى پارىژ ھوقۇقى جۇمھۇرىيەتچىلەر ئىتتىپاقىنىڭ قارارىدىن ئالغان. — 222-بەت.

127 ماركس «شەھەر-جېنلار تۇڭباۋسى» گېزىتى («Moniteur des communes»)نى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ گۇڭشې مەزگىلىدە ۋېرسالدا چىقىرىلغان فرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ گېزىتى بولۇپ، تىيېر ھۆكۈمىتى «ئاخباراتى»نىڭ كەچلىك سانىنىڭ قوشۇمچە بېتى شەكلىدە چىقىرىلغان. — 223-بەت.

128 ماركس 1871-يىلى لىموژدا چىقىرىلغان فرانسىيە جۇمھۇرىيەتچىلىرىنىڭ گېزىتى «جۇمھۇرىيەتنى قوغداش گېزىتى»

(«La Défense républicaine»)نى كوزدە تۇتىدۇ. ــ 224 ـ بەت.

129 1871 ـ يىل 5 ـ ئاپرېلدىكى 6 ـ كۈنىدىكى «ئىنتىقامچىلار گېزىتى»نىڭ 1871 ـ يىل 4 ـ ئاپرېلنىڭ 30 ـ كۈنىدىكى شەھەر ـ جېبىن سەنىيخۆيلىرى سايلىمىنىڭ نەتىجىسىگە بەرگەن باھاسى كوزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك.

«ئىنتىقامچىلار گېزىتى» («Le Vengeur») ــ جۇمھۇرىيەتچىلەر سول قانىتىنىڭ كۈندىلىك گېزىتى. 1871 ـ يىل 2 ـ ئاپرېلنىڭ 3 ـ كۈنىدىن باشلاپ پارىژدا چىقىرىلغان؛ 3 ـ ئاپرېلنىڭ 11 ـ كۈنى پارىژنىڭ زوڭدۇسى ۋىنوۋا بۇيرۇق بېرىپ پېچەتلىتىۋەتكەن. پارىژ گۇڭشېسى مەزگىلىدە، 3 ـ ئاپرېلنىڭ 30 ـ كۈنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، تاكى 1871 ـ يىل 5 ـ ئاپرېلنىڭ 24 ـ كۈنىگىچە چىقىرىلغان. بۇ گېزىت گۇڭشېنى قوللىغان، ئۇنىڭ رەسمى هوججەتلىرىنى ۋە ھەر قېتىمقى يىغىنىنىڭ خەۋەرلىرىنى باسقان. ــ 224 ـ بەت.

130 ماركس قانۇن چىقىرىش ئۇمىگى 1858 ـ يىل 2 ـ ئاپرېلنىڭ 19 ـ كۈنى ماقۇللىغان «گۇمانلىقلارنى بىر ياقلىق قىلىش قانۇنى»نى كوزدە تۇتىدۇ. بۇ قانۇن هوكۇمەتنى ۋە پادىشانى ئىككىنچى دىگو تىجۇشىغا دۇشمەنلىك بىلەن قارىغان بارلىق گۇمانلىق ئۇنسۇرلارنى فرانسىيە ۋە ئالجىرىيىنىڭ ھەرقانداق يېرىگە سۈرگۈن قىلىش ھەتتا فرانسىيە زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىشتەك چەكسىز هوقۇقنى ئىگە قىلغان. ــ 224 ـ بەت.

131 يىخۋي ئەزاسى گرېپپو گومىن يىخۋينىڭ لىون شەھەرلىك سەنىيخۆيىغا سۇنغان خېتىدە ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىشنى ۋە ۋېرسالنىڭ پارىژ بىلەن سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭدا يىخۋي بىلەن پارىژ گۇڭشېسىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى ئېنىق ئايرىش، گۇڭشېنىڭ پائالىيىتىنى شەھەر مەمۇرىيىتى مەسىلىسى بىلەن چەكلەش تەكلىپ قىلىنغان. ــ 225 ـ بەت.

132 دىگو دەۋرىدە ھوكۇمەت دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا 1865 ـ يىلى سايلانغان شەھەر ـ جېبىن سەنىيخۆيلىرى كوزدە تۇتۇلىدۇ. ــ 226 ـ بەت.

133 شەھەرلەر ئىتتىپاقى (تولۇق ئىسمى جۇمھۇرىيەت شەھەرلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىتتىپاقى) پارىژ كوممۇنىسى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، سۇلالىلەرنىڭ تىرىلىشىدىن قورققان بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلىرى 1871-يىل 4 — 5-ئايلاردا غۇلغۇلا قىلىپ قۇرغان تەشكىلات. ئىتتىپاقنىڭ ۋاقىتلىق ۋېيىۋەنخۆيى ئامال قىلىپ ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىش، جۇمھۇرىيەتنى مۇستەھكەملەش ھەم ئىتتىپاقنى رەسمى قۇرۇش ئۈچۈن، پارىژ ھوقۇقى جۇمھۇرىيەتچىلەر بىرلەشمە ئىتتىپاقىنىڭ پائال قاتنىشىشى بىلەن، 1871-يىل 5-ئاينىڭ 9-كۈنى بوردودا شەھەر-جەن سەنيىخۆيلىرى ئەزالىرىنىڭ قۇرۇلتىيىنى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلغان. لېكىن ۋېرسال ھوكۇمىتى شەھەرلەر ئىتتىپاقى قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىلىشىنى مەنئى قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ۋاقىتلىق ۋېيىۋەنخۆي پائالىيىتىنى توختاتقان.

1871-يىل 5-ئاينىڭ 6-كۈنى «چاقىرىق گېزىتى»دە ئەسلى چاقىرىلماقچى بولغان شەھەرلەر ئىتتىپاقى قۇرۇلتىيىنىڭ گاڭلىڭى ئېلان قىلىنغان. — 227-بەت.

134 «فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ئاخباراتى»نىڭ 1871-يىل 4-ئاينىڭ 13-كۈندىكى 103-سانى. — 239-بەت.

135 ماركس بۇ نەقىلنى «فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ئاخباراتى»نىڭ 1871-يىل 3-ئاينىڭ 31-كۈندىكى 90-سانىدا ئېلان قىلىنغان كوممۇنا سايلام ۋېيىۋەنخۆيىنىڭ خۇلاسىسىدىن ئالغان. — 239-بەت.

136 «فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ئاخباراتى»نىڭ 1871-يىل 4-ئاينىڭ 5-كۈندىكى 95-سانى. — 240-بەت.

137 سېداننىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى، پارىژدا ئىنقىلاپ بولغانلىقى ۋە دىگوننىڭ 1870-يىل 9-ئاينىڭ 4-كۈنى ھالاك بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تارقالغانلىقتىن، فرانسىيىنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىدە ئىشچىلارنىڭ ئىنقىلاۋىي قوراللىق قوزغىلىڭى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە لىون، مارسېل، تۇلۇز قاتارلىق شەھەرلەردە خەلق ھاكىمىيەت ئورگىنى — كوممۇنا قۇرۇلغان. ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى كوممۇنىلار بولۇپمۇ لىوندىكى

كۈڭشىلار ناھايىتى قىسقا ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر قاتار موھىم ئىنقىلاۋىي تەدبىرلەرنى قوللانغان (ساقچى گۇەناياۋ ئورگانلىرىنى بىكار قىلغان، سىياسى مەھبۇسلارنى قويۇۋەتكەن، غەيرى دىنىي مائارىپنى يولغا قويغان، چوڭ بۇرژۇئاز-لاردىن باج ئالغان، گوروخانىلارغا گوروگە قويۇلغان ئۇششاق-چۈشەك نەرسىلەرنى ھەقسىز قايتۇرۇپ بەرگەن ۋە باشقىلار). دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتى بۇ يەرلىك كۈڭشىلارنى دەھشەتلىك باستۇرغان. — 245-بەت.

138 1870-يىل 10-ئاينىڭ 31-كۈنىدىكى ئىنقىلاۋىي ۋەقە دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتىنىڭ ئورنىنىڭ لىڭشىپ قالغانلىقىنى كورسەتكەن، دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتى ئوز ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، 1870-يىل 11-ئاينىڭ 3-كۈنى پارىژدا ئىشەنچ بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئاۋاز بېرىش ئوتكۈزگەن. گەرچە پارىژنىڭ ناھايىتى كوپ بىر قىسىم ئاھالىسى ھوكۇمەت سىياسىتىگە قارشى ئاۋاز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن دولەت مۇداپىە ھوكۇمىتى ئاھالىگە بېسىم ئىشلەتكەنلىكى، ئېزىقتۇرۇش خاراكتېرىدىكى تەشۋىقاتلارنى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بارغانلىقى، ئەمىلىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەربىي ھالەتتىن پايدىلانغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەپلەر ئارقىسىدا يەنىلا كوپچىلىك ئاۋازغا ئېرىشكەن. — 246-بەت.

139 ماركس بۇ نەقىلنى گومىن زىۋېيجۇن جۇڭيائ ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ 3-ئاينىڭ 22-كۈنى پارىژ شەھەر ئاھالىسىگە چىقارغان چاقىرىقنامىسى-دىن ئالغان، بۇ چاقىرىقنامە ئېلان شەكلىدە ئېلان قىلىنغان ھەم «فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ئاخباراتى»نىڭ 1871-يىل 3-ئاينىڭ 25-كۈندىكى 84-سانىغا بېسىلغان. — 263-بەت.

140 ماركس بۇ سوز ئارقىلىق گومىن زىۋېيجۇن جۇڭيائ ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ ئۇرۇش چىقىمىنى تولەش مەسىلىسىدىكى مەيدانىنى ئەكس ئەتتۇرۇر-دىغان بىر پارچە ماقالىنىڭ مەزمۇنىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ؛ بۇ ماقالا «فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ئاخباراتى»نىڭ 1871-يىل 3-ئاينىڭ 24-كۈندىكى 83-سانىغا بېسىلغان. — 270-بەت.

141 ئىزاھ 71 گە قارالسۇن. — 271 ـ بەت.

142 1848 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ۋاقىتلىق ھوكۇمىتى بىر فرانك بىۋاستە باجغا 45 سانتىم قوشۇمچە باج قوشۇپ ئېلىشنى بەلگىلىگەن. بۇ قوشۇمچە باجنىڭ پۈتۈن ئېغىرلىغى دېخانلار ـ نىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، دېخانلار ئارىسىدا ئىنتايىن قاتتىق نارازىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان، چوڭ پومېشىك ۋە كاتولىك دىندارلىرى بۇنداق نارازىلىق كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، دېخانلارنى پارىژ دېموكراتلىرى ۋە ئىشچىلىرىغا قارشى قۇترىتىپ، ئۇلارنى ئەكسىلئىنقىلاۋىي زاپاس ئارمىيىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان. — 271 ـ بەت.

143 ئىزاھ 72گە قارالسۇن. — 273 ـ بەت.

144 باشقا ئۆلكىلەرنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر ئىتتىپاقىنى كوزدە تۇتسا كېرەك (ئىزاھ 69غا قارالسۇن). — 278 ـ بەت.

145 «دوستلۇق توختىمى» توغرىسىدا ئىزاھ 67گە قارالسۇن. — 279 ـ بەت.

146 1789 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، لۇئى XVI ھوكۇمىتىنىڭ ئۇزلۇكىدىن گومىن يىغىۋي دەپ جاكالىغان 3 دەرىجىلىك يىغىننىڭ يىغىن ئېچىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولغانلىغىغا قارىتا، ئۈچىنچى تەبىقىدىن بولغان يىغىۋي ئەزالىرى ۋېرسال ۋاڭچيۇ زالىغا توپلىنىپ، ئاساسىي قانۇن تۈزۈلمىگىچە ھەرگىز تارقىلىپ كەتمەيدىغانلىغى ھەققىدە قەسەم ئىچىشكەن. ۋاڭچيۇ زالىدىكى قەسەم 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان ۋەقەلەردىن بىرى بولۇپ قالغان. — 283 ـ بەت.

147 پارىژ پۈرولېتارلىرى ـ شېجېڭلۇنچىلىرى جەمىيىتى كوزدە تۇتۇلىدۇ. جەمىيەت گاڭلىگىدا ئا. كونتىنىڭ بۇرژۇئا پەلسەپىسىنىڭ خاھىشى بار ئىدى. 1870 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، باش ۋېيىۋەنخۇي جەمىيەتنىڭ ئىشچىلار تەركىۋىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى ئىنتېرناتسىونالنىڭ بىر جىژبۇسى قىلىپ قوبۇل قىلغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمىيەتنىڭ گاڭلىگىنى كەسكىن پىپەن قىلغان. — 284 ـ بەت.

148 فالانستېر — فرانسىيە خىيالىي سوتسىيالىزىمچىسى ش. فۇرىيېنىڭ تەلىماتى

بويىچە، غايىۋى سوتسىيالىزىم جەمىيىتىدە ئىشلەپچىقىرىش ـ ئىستىمال
ھەمكارلىق كوپېراتىۋىنىڭ ئەزالىرى ئۇلتۇراقلىشىدىغان ۋە ئىشلەيدىغان
ئورۇن.

ئىكارىيە ــ خىيالىي كوممۇنىزىمنىڭ ۋەكىلى ئې. كابېې ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپە ھېكايىسى «ئىكارىيىگە ساياھەت»تە تەسۋىرلىگەن خىيالىي كوممۇنىزىم دۆلىتى. ــ 287 ـ بەت.

149 ماركس بۇ نەقىلنى «فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ئاخباراتى»نىڭ 1871 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى 80 ـ سانىدىن ئالغان. ــ 289 ـ بەت.

150 ماركس بۇ نەقىلنى «فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ئاخباراتى»نىڭ 1871 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى 91 ـ سانىنىڭ باشماقالىسىدىن ئالغان. ــ 295 ـ بەت.

151 بۇ نەقىل 1871 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى پارىژ كۇڭشېسىنىڭ خىتاپنامىسى «فرانسىيە خەلقىغە مۇراجىئەت»تىن ئېلىنغان، خىتاپنامە «فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ئاخباراتى»نىڭ 1871 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىكى 110 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. ــ 295 ـ بەت.

152 ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە خىتاپنامە توغرىسىدا ئىزاھ 151گە قاراڭ. ــ 302 ـ بەت.

153 ئىزاھ 151 گە قاراڭ. ــ 303 ـ بەت.

154 جۇمھۇرىيەتنى قوغدىغۇچىلار باش جەمىيىتى 1871 ـ يىل 2 ـ ئايدا پارىژدا قۇرۇلغان بۇرژۇئا دېموكراتىك تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ نىشانى جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىدى. جەمىيەت كۇڭشېنى قوللىغان ھەم ۋېرسال ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتىنى ئەيىپلىگەن. بۇ يەردە نەقىل ئېلىنغان مەزكۇر جەمىيەتنىڭ قارارى «فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ئاخباراتى»نىڭ 1871ـ يىل 5ـ ئاينىڭ 9ـ كۈنىدىكى 129ـ سانىغا بېسىلغان. ــ 304ـ بەت.

155 ش. مونتېسكيۇ. «قانۇن روھى توغرىسىدا»، 1748 ـ يىل جەنۋە نەشرى، 2 ـ توم، 165 ـ بەت (Ch. Montesguieu. ‹De l'esprit des loix›. Genève, 1748. Tome second, p. 165).

— 304 ـ بەت.

156 «فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ئاخباراتى»نىڭ 1871 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈندىكى 79 ـ سانى. — 307 ـ بەت.

157 ش. مونتېسكيۇ. «قانۇن روھى توغرىسىدا»، 1748 ـ يىل جەنۋە نەشرى، 1 ـ توم، 204 — 206 ـ بەتلەر. — 310 ـ بەت.

158 *1793* ـ يىل ئاساسىي قانۇنى — فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى جەريانىدا ياكوبىن ئىنقىلاۋىي دىكتاتۇرىسى مەزگىلىدە گومىن كۆڭخۇي ماقۇللىغان فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى. بۇ — 18 ـ ۋە 19 ـ ئەسىرلەردىكى بۇرژۇئا ئاساسىي قانۇنلىرى ئىچىدە ئەڭ دېموكراتىك ئاساسىي قانۇن. — 310 ـ بەت.

159 ماركس بۇ نەقىلنى 1871 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىكى گۆڭشې ئىجرائىيە ۋېييۈەنخۈيىنىڭ خىتاپنامىسى «پارىژ گومىن زىۋېيجۇنىگە مۇراجىئەت»تىن ئالغان، بۇ خىتاپنامە «فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ئاخباراتى»نىڭ 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈندىكى 93 ـ سانىغا بېسىلغان ھەم ئېلان شەكلىدە ئېلان قىلىنغان. — 316 ـ بەت.

160 مىللىېرنىڭ سوزى «ئىنتىقامچىلار گېزىتى»نىڭ 1871 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈندىكى 6 ـ سانىدىن ئېلىنغان. — 316 ـ بەت.

161 «ئىنتىقامچىلار گېزىتى»نىڭ 1871 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈندىكى 30 ـ سانى. — 322 ـ بەت.

162 جۇمھۇرىيەتچىلەرنى ترانسنونان كوچىسىدا قىرىش ۋە سىنتەبىر پەرمانى توغرىسىدا ئىزاھ 38 گە قارالسۇن. — 328 ـ بەت.

163 1814 ـ ۋە 1815 ـ يىللىرى ئەنگلىيە، ئاۋستىرىيە، پرۇسسىيە، روسىيە باشچىلىقىدىكى ئالتىنچى ۋە يەتتىنچى قېتىملىق فرانسىيىگە قارشى ئىتتىپاقنىڭ فرانسىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكى كوزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇنىڭ مەقسىدى ناپولېون I نىڭ دىكوسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھەم بوربون جېمەتىنىڭ سۇلالىسىنى تىرىلدۇرۇش ئىدى. — 337 ـ بەت.

164 لىون، مارسېل، تۇلۇزلاردىكى گۆڭشېلار توغرىسىدا ئىزاھ 137 گە قارالسۇن. — 355 ـ بەت.

165 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كالىفورنىيە ۋە ئاۋستىرالىيەدە تېپىلغان ئالتۇن كانىنىڭ خەلقارا سودىنىڭ راۋاجلىنىشىغا بولغان تەسىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — 362 ـ بەت.

166 ماركس فرانسىيە پادىشاسى لۇئى XIV نىڭ پادىشالىق مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنىڭ دەستۇرى بولۇپ قالغان «مەن — دۆلەت» دېگەن داڭلىق سۆزىگە مەسخىرە بىلەن دارتىملايدۇ. — 368 ـ بەت.

167 ئىزاھ 125كە قارالسۇن. — 378 ـ بەت.

168 1871 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تۈزۈلگەن فرانكفۇرت سۈلھى شەرتنامىسى فرانسىيىنىڭ گېرمانىيە بىلەن سۈلھى تۈزۈشىنىڭ ئاخىرقى شەرتلىرىنى بەلگىلىگەن. بۇ شەرتنامە 1871 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىكى دەسلەپكى سۈلھى شەرتنامىسىدىكى فرانسىيىنىڭ ئالساسنى ۋە لوررېننىڭ شەرقىي قىسمىنى گېرمانىيىگە بولۇپ بېرىش ھەققىدىكى بەلگىلىمىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. فرانكفۇرت شەرتنامىسىگە ئاساسەن، فرانسىيىنىڭ ئۇرۇش چىقىمى تۆلىشى توغرىسىدىكى شەرتلەر ئېغىرلاشقان، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ فرانسىيە زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ تۇرۇش ۋاقتى ئۇزارتىلغان، — بۇ بىسماركنىڭ ۋېرسال ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىپ، گۇڭشېنى باستۇرغانلىقىنىڭ بەدىلى ئىدى. فرانكفۇرت سۈلھى شەرتنامىسى فرانسىيىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، گېرمانىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ كەلگۈسىدىكى ھەربىي توقۇنۇشىنى ساقلانغىلى بولمايدىغان قىلىپ قويغان. — 379 ـ بەت.

169 شەھەر ـ جېن سەنىيەخۇيلىرىنىڭ ھوقۇقىنى قاتتىق چەكلەيدىغان 1831 ـ يىلىدىكى «شەھەر ـ جېنلار تەشكىللىي قانۇنى» ۋە جايلاردىكى شەھەر ـ جېن سەنىيەخۇيلىرىنىڭ ئالاقە باغلىشىنى مەنئى قىلىدىغان 1855 ـ يىلىدىكى «شەھەر ـ جېنلار تەشكىللىي قانۇنى»نى كۆزدە تۇتۇش كېرەك.

بوردودا شەھەر ـ جېنلار قۇرۇلتىيىنى چاقىرىش پىلانى توغرىسىدا ئىزاھ 133 كە قارالسۇن. — 381 ـ بەت.

本书根据中共中央马克思、恩格斯、列宁、斯大林著作编译局翻译的，人民出版社1971年6月出版的汉文版本翻译出版。

بۇ كىتاپ جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرى تەھرىر-تەرجىمە ئىدارىسى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان، خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1971-يىل 6-ئايدا نەشر قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

ماركس

فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تەرجىمە ۋە

نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ

1972-يىل 8-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى

1972-يىل 8-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى

0.48 يۈەن

KARL MARX
THE CIVIL WAR
IN FRANCE

马 克 思
法 兰 西 内 战
（维吾尔文）
民族出版社翻译出版 新华书店发行
民族印刷厂印刷
1972年8月第一版
1972年8月北京第一次印刷
书号M1049（4）171 每册 0.48元

本书根据中共中央马克思、恩格斯、列宁、斯大林著作编译局翻译的，人民出版社1971年6月出版的汉文版本翻译出版。

بۇ كىتاپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرى تەھرىر-تەرجىمە ئىدارىسى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان، خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1971-يىل 6-ئايدا نەشر قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

ماركس

فرانسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تەرجىمە ۋە
نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ

1972-يىل 8-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى

1972-يىل 8-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى

0.48 يۈەن

KARL MARX

THE CIVIL WAR

IN FRANCE

马克思

法兰西内战

（维吾尔文）

民族出版社翻译出版 新华书店发行

民族印刷厂印刷

1972年8月第一版

1972年8月北京第一次印刷

书号M1049（4）171 每册0.48元